ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

# - كىشىلىك تەرەققىيات ھەققىدىكى يازمىلار

## 3- قىسىم



ئەركىن سىدىقنىڭ
قىسقىچە تەرجىمھالى

Qraf

# ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

## (3 ـ قىسىم)

Qraf

# ئەركىن سدىق يازمىلىرى

## ـ كىشىلىك تەرەققىيات ھەققىدىكى يازمىلار

### 3 ـ قىسىم

يازغۇچى:
ئەركىن سدىق ( ئامېرىكا )
ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق
مۇقاۋا: كامال يولداش
بەتچىك: پىداكار
ئالاقىلاشقۇچى : تەدبىر شىركىتى www.tedbirltd.com

مەتبەئە ۋە نەشرىيات: تۈنچەل رىزىنكە باسما مەتبەئەچىلىك نەشرىيات
سانائەت تىجارەت چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى
Tunçel Ofset Matbaacılık Yay. San. Tic. Ltd. Şti. Davutpaşa Cad. Güven Sanayi Sitesi B.blok 369-370 Topkapı / İstanbul Tel:(0212) 501 95 85 - (0212) 565 37 00

**ISBN:** 978-605-9078-73-3 تۇنجى نەشرى: **2016** ـ يىل فېۋرال

ئاغاچ كىتاپخانا نەشرىيات ئىنشائات / قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك غىزا ۋە تىببى بۇيۇملار
سانائەت تىجارەت چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى

AĞAÇ KİTABEVİ YAY. İNŞ. TAAH.
GIDA VE MEDİKAL ARAÇLAR. SAN. TİC. LTD. ŞTİ.
**Fevzi Paşa Cad. Şehit Kubilay Sk. No:6 Fatih/İstanbul**

« ئاراف نەشرىيات » « ئاغاچ كىتاپخانىسى » ماركىسىدۇر.
مەنبەسى ئەسكەرتىلگەن ھالدا پايدىلانسا بولىدۇ.
رۇخسەتسىز كۆپەيتىشكە ، بېسىشقا بولمايدۇ.
Araf Yayınları” bir “Ağaç Kitabevi” markasıdır.
Kaynak gösterilerek alıntı yapılabilir
İzinsiz çoğaltılamaz, basılamaz

Araf

# مۇندەرىجە


**ئەركىن سىدىقنىڭ سۆز ـ ئۆزۆندىلىرى ........................ 1**

**ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ........................ 3**

**ئەركىن ئاكامغا يېزىلغان بىر پارچە خەت ........................ 7**

**بىر دادىنىڭ «سۆھبەت» تىن تەسىراتى ........................ 13**

**ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........................ 16**

1. كىرىش سۆز........................ **16**

2. ئەركىن سىدىقنىڭ بالىلىق دەۋرى........................ **26**

3. باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ **35**

4. ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ **50**

5. يېزىدىكى قايتا تەربىيە ........................ **65**

6. ئالىي مەكتەپ ........................ **77**

7. شاڭخەيدىكى بىلىم ئاشۇرۇش........................ **107**

8. شاڭخەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ........................ **122**

9. ياپونىيىدىكى ئوقۇش........................ **132**

10. جەنۇبىي كالىفورنىيەدىكى ماگىستىرلىق ئوقۇشى........................ **145**

11. شىمالىي كالىفورنىيەدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشى ........................ **157**

12. شىمالىي كالىفورنىيەدىكى پوست ـ دوكتورلۇق تەتقىقاتى .... **167**

13. ئامېرىكا يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلىرىدىكى خىزمەت .... **175**

14. خۇلاسە ........................ **208**

NASA دىكىلەرنىڭ بىر ئۇيغۇرغا بەرگەن باھالىرى ............... 211

ھاياتنىڭ مەقستى ۋە قىممىتى ھەققىدە ...................... 250

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇئەللىم بىلەن ياپوندا بىللە بولغان ۋاقىتلار .... 273

ئەركىن سىدىققا 2005 ـ ۋە 2006 ـ يىللىرى يېزىلغان ئىنكاس ۋە ئېلخەتلەردىن تاللانمىلار ................................. 301

# ئەركىن سىدىقنىڭ سۆز - ئۇزۇندىلىرى

- ئۇيغۇر دېھقان بالىلىرىمۇ ئالىم بولالايدۇ.
- ئارزۇ ئىقتىدارغا تەڭ ئەمەس. چوڭ ئىشقا يۈرۈش قىلىشنى ئۆزىڭىز قىلالايدىغان كىچىك ئىشتىن باشلاڭ.
- ئادەملەرنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئىقتىدارى ئوخشىمايدۇ. سىز ئۆز غايىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇيىڭىز بىلەن ئىقتىدارىڭىزنىڭ بىرىكمىسى ئاساسىدا تىكلەڭ.
- ئۆز-ئۆزىنى بايقاش ئۆمۈرلۈك ئىش. سىز بىر ئىشنى ياخشى قىلالىغان بىلەن، يەنە بىر ئىشنى ياخشى قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. شۇڭا سىز ئۆز ئالاھىدىلىكىڭىزنى تولۇق بايقاپ، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىڭ.
- ئادەم ھاياتلا بولسا، ئۆگىنىشنى توختاتماسلىقى كېرەك. بىلىم ئارقىلىق يېڭى پۇرسەت ياراتقىلى بولىدۇ، ھەمدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلىمۇ بولىدۇ.
- پۇرسەت ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ. پەقەت بىر يولنى ئىككى قىلالايدىغان، كىچىك يولنى چوڭايتالايدىغان ئادەملەرلا ئەڭ ئاخىرى ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇنداق قىلالمايدىغان ئادەملەر قولىدىكى نەرسىلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ.
- قولغا چۈشكەن پۇرسەتلەرنى قوغداپ قېلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ مېڭىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ھەممە ئىشنى تەلەپتىن يۇقىرى قىلىش.
- سىز كەسپتە ئاجىزراق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن باشقىلار سىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئورۇن تۇتۇپ ياشايمەن دېسىڭىز، كەم دېگەندە ئۆز كەسپىڭىزنى باشقىلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇكەممەل قىلىڭ.
- باشقىلار قىلالمىغان ئىشنى قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم باشقىلاردىن

بەكرەك تىرىشىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

- ئادەم جاپاغا ئۆلۈپ قالمايدۇ. ئادەم ياش ۋاقتىدا توغرا ئىشلار ئۈچۈن چەككەن ئېغىر جاپا ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر بەخت ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

# تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن توختاۋسىز تىرىشچانلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا كەم بولسا بولمايدۇ

— ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى—




مېنىڭ ھازىر ئامېرىكىدىكى ئالەم قاتناش ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغىنىمنى بىلىدىغانلار خېلى كۆپ. ئەمما، مېنىڭ قاچان ۋە نەدە تۇغۇلۇپ، قەيەرلەردە ئوقۇپ، بۇرۇن قەيەرلەردە ئىشلەپ باققانلىقىمنى، ئاشۇ جەرياندا قانداق ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىشىمغا، قانداق جاپالارنى يېڭىشىمگە، ۋە قانداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىمگە توغرا كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

مەن 2005- 2006-يىللىرى «Biliwal.com» تور بېتى بىلەن ئىككى قېتىملىق يازما سۆھبەتنى ئۆتكۈزۈپ تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ سۆھبەتلەرنى تەھرىرلەش، ئۇلارنى ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) دىن ھازىرقى

ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆزگەرتىش، ۋە ئۇلارنى تورلارغا چىقىرىش ئىشلىرىنى قىلىپ بەرگەن ئىككى نەپەر ئىنىمىز ماڭا ۋەتەندىكى ياشلارنىڭ مېنىڭ هاياتىي سەرگۈزەشتلىرىمنى بىلىپ بېقىشنى ئىستەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، مەندىن ئۆزۈمنىڭ بىر پارچە قىسقا تەرجىمھالىنى تەييارلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، 2006-يىلى 12-ئايدىن 2007-يىلى 4-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزۈمنىڭ ماتېرىياللىرىنى يىغىپ يېزىپ چىقىپ، ئۇنى هېلىقى ئىككى ئىنىمىزغا ئەۋەتىپ بەردىم. ئۇلار مېنىڭ يازغىنىمنى تەھرىرلەپ، ۋە ئۇنى ULY دىن هازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆزگەرتىپ، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» دېگەن هۆججەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇ ئىككى ئىنىمىز 2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن ئۆز ئەركىنلىكلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. مەن ئۇلارنى داۋاملىق ئەسلەيمەن، ئۇلارنى سېغىنىمەن. هەر قېتىم ئۇلارنى ئېسىمگە ئالغاندا مەن ئۆز هالىتىمىزگە ئېچىنىمەن، ئازابلىنىمەن، هەمدە ئۇلارنىڭ مېھنىتىگە تولۇق جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن يەنىمۇ تىرىشىش ئۈچۈن قايتىدىن بەل باغلايمەن. ئەگەر ئاشۇ ئىككى ئىنىمىز تۆرتكە بولمىغان بولسا، هەمدە Biliwal.com تور بېتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىنىمىز قۇربانجان روزى هېلىقى ئىككى قېتىملىق يازما سۆھبەتنى ئۆزى ئويلاپ چىقىپ تەشكىللىمىگەن بولسا، مەزكۇر كىتابتىكى مېنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىم ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولاتتى. مەن بۇ 3 نەپەر ئىنىمىزغا قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ.

مېنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىم biliwal.com تور بېتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى قېتىملىق يازما سۆھبەتتىن كېيىن تەييارلانغان. مەن ئۆزۈم توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئاشۇ سۆھبەتلەردە بايان قىلىپ بولغانلىقىم، هەمدە تەرجىمھالىمنى بىر «قىسقا تەرجىمھال» قىلىپ تەييارلىماقچى بولغانلىقىم ئۈچۈن، «تەرجىمھال» غا پەقەت ئۆزۈم ھەققىدىكى چوڭ-چوڭ ۋەقەلەر، باسقۇچلار، ۋە ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىرىنىلا كىرگۈزگەن بولۇپ، ئۆزۈم ھەققىدىكى يەنە نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا كىرگۈزمىگەن ئىدىم. شۇنداق بولسىمۇ بۇ قېتىم «تەرجىمھال» غا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى تولۇقلاشنى ئۆزۈم خالىمىدىم. سەۋەبى، هېلىقى ئىككى قېتىملىق يازما سۆھبەت ۋە تەرجىمھالنى تەييارلاش ۋە ئۇلارنى تورلاردا ئېلان قىلىش جەريانلىرى مېنىڭ هاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ قىممەتلىك ئەسلىمىلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەن ئۇلارنى ئەينەن ساقلاپ قېلىشنى،

بولۇپمۇ باشقىلار كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىگەن نەرسىلەرنى ئەينەن ساقلاپ قېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەن كېلەر قېتىم ئىككى قېتىملىق يازما سۆھبەت خاتىرىسىنىمۇ ھېچ قانداق ئۆزگەرتمىگەن ھالدا بىر ئايرىم كىتاب قىلىپ چىقىرىمەن.

مەن ئۆزۈم تەييارلىغان ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش ياكى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئۆزۈم ھەققىدىكى بىر قىسىم تەپسىلىي ۋە كىچىك ئەھۋاللارنى ماقالىلەرگە ئازراقتىن قىستۇرۇپ ماڭغان ئىدىم. بۇ قېتىم ئۆزۈم توغرىسىدىكى ئەھۋاللار كۆپرەك يېزىلغان ماقالىدىن 3 پارچىنى تاللاپ، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزدۈم. ئاشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر كىتابتىكى ئۆزۈم ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بىر ئاز تولۇقلىدىم.

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى قوشقاندىمۇ كىتابنىڭ بەت سانى 300 گە بارمايدىكەن. مەن كېلەر قېتىم چىقىرىدىغان كىتابقا يالغۇز ئىككى قېتىملىق يازما سۆھبەت خاتىرىسىنىلا كىرگۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بەت سانى 330 بەت ئەتراپىدا بولىدىكەن. شۇڭلاشقا مەن مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرىغا 2005-ۋە 2006-يىللىرى تورلاردىكى ئىككى قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ ئاستىغا چۈشكەن بىر قىسىم ئىنكاسلارنى، ۋە مەن شۇ يىللىرى تاپشۇرۇپ ئالغان بىر قىسىم ئېلخەتلەرنى قوشۇپ قويدۇم. ئۇ ئىنكاسلار ۋە ئېلخەتلەر يالغۇز ماڭا بېرىلگەن باھا ۋە مەدھىيەلەرلا ئەمەس. ئەگەر يالغۇز باھا ۋە مەدھىيەلەرلا بولغان بولسا، ئۇلارنى مەن بۇ كىتابقا كىرگۈزمەيتتىم. ئۇ ئىنكاس ۋە ئېلخەتلەردە دىيارىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدىكى تەھلىللەر، ۋەتەندىكى ياشلارغا بېرىلگەن تەكلىپ-تەۋسىيەلەر، ۋە پۈتۈن خەلققە قارىتىلغان بىر قىسىم تەشەببۇسلارمۇ بار. شۇڭلاشقا ئۇ مەزمۇنلار ھەم مەن ئۈچۈن ھەم باشقا ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن بىر ناھايىتى ياخشى ئوقۇش ماتېرىيالى بولالايدىغان بولۇپ، مەن ئۇ مەزمۇنلارنى مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق ساقلاپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش سەمىمىي سۆزلىرى ماڭا ئىنرچىل تۈردە زور مەدەت، زور مەنىۋى ئوزۇق، ۋە ئۆزۈم ئۆزۈمنى توغرا چۈشىنىپ تۇرۇشتىكى قىممەتلىك «ئەينەك» بولۇپ كەلدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېنى قوللاپ ۋە ماڭا مەدەت بېرىپ كەلگەن بارلىق قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئەسلىدە مەن ئۇ ئىنكاس ۋە ئېلخەتلەرنى ئىككى قېتىملىق يازما سۆھبەتنى مەزمۇن قىلغان كىتابقا كىرگۈزگەن بولسام تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئەمما، مەن يۇقىرىدا

چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇنداق قىلسام ئۇ كىتاب بەك قېلىن بولۇپ كېتىدىكەن، ھەممە مەزكۇر كىتاب بەك نېپىز بولۇپ قالىدىكەن.

مەن تورلاردا ئېلان قىلغان ماقالىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە بۇ كىتابنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەجرى سىڭگەن بولۇپ، مەن بىر قىسىم قېرىنداشلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزۈمنىڭ بىرىنچى كىتابىنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىدا قىسقىچە تىلغا ئالدىم. مەن ئۇ «كىرىش سۆز» نى تېخى ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇرمەنلەردىن ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى سورايمەن. مېنىڭ ماقالە تەييارلىشىم ۋە كىتاب چىقىرىشىمغا ھازىرمۇ چەت ئەلدىكى خېلى كۆپ قېرىنداشلار روھىي ۋە ئەمەلىي ياردەملەرنى قىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىپ بولالمايمەن. ئەمما ئىسمىنى چوقۇم تىلغا ئالمىسام بولمايدىغان ئىككى ئۇكىمىز بار. ئۇلارنىڭ بىرى مېنىڭ كۆپىنچە ماقالىلىرىمنى تورغا چىقىرىشتىن بۇرۇن تەھرىرلەپ بەرگەن، ۋە ئۇلارنى قايتا بىر قېتىم يۇقىرى تەلەپ بىلەن تەھرىرلەپ، كىتاب ئۈچۈن تەييار قىلغان، ۋە كىتابنىڭ ھۆججىتىنى بىر قوللۇق تەييارلاپ چىققان قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» دىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ يەنە بىرى بولسا مېنىڭ كىتابلىرىمنى باستۇرۇش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر قوللۇق قىلىپ بېرىۋاتقان قەدىرلىك ئىنىم ئابدۇلئەزىز بەشتوغراقتىن ئىبارەت. مەن بۇ ئىككى ئۇكىمىزغا قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىتابتىكى «ئەركىن سىدىقتا 2005 - ۋە 2006 - يىللىرى يېزىلغان ئىنكاس ۋە ئېلخەتلەردىن تاللانمىلار» دېگەن مەزمۇننىڭ بىر قىسمىنى تۇرسۇن ئەرتۇنا ئۇكىمىز تەھرىرلەپ بەردى. مەن بۇ يەردە تۇرسۇن ئىنىمىزغىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابنىمۇ مىللەتنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن-تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

**ئەركىن سىدىق**

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى

2016 - يىلى 2 - يانۋار

# ئەركىن ئاكامغا يېزىلغان بىر پارچە خەت

ئاپتورى: ناخشا سابا

بىلىۋال تور بېتى، 2005 ـ 6 ـ 24

ئەسسالام ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا، سۆيۈملۈك خانىمىڭىزغا ۋە ئەقىللىق پەرزەنتلىرىڭىزگە مەندىن ۋە بىزدىن ھۆرمەت ئىچىدە سالاملار بولسۇن!

ئاۋۋال مەن ۋاقتىڭىزنى ئالماسلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزۈمنى قىسقىچىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. مەنمۇ سىز بىلەن يۇرتداشمەن. بىز يۇرتتا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا سىزنىڭ نامىڭىزنى سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن بىر ئىدارىدە ئولتۇرۇشلۇق خىزمەتداشلىرىم ھەم باشقىلاردىن كۆپ ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلىناتتىم، ۋە بىزنىڭ يۇرتتىنمۇ مۇشۇنداق ئېسىل ئالىم چىقىپتۇ دەپ يالغۇز مەنلا ئەمەس، ھەممەيلەن قاتتىق پەخىرلىنەتتۇق. بىر يىللىرى سىزنىڭ ئاقسۇ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خاتىرە كۈنىگە ئاتاپ يېزىپ ئەۋەتكەن تەبرىكنامىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆپ تەسىرلەنگەن ئىدىم. سىزنىڭ ئاجايىپ غەيرەت ئىچىدە تىرىشىشىڭىز ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى. خېلى يىللاردىن كېيىن بىزمۇ ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ كەلگەن ئۇلۇغ ئارزۇلارنىڭ ئىستىكىدە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ۋەتەندىن، ئاتا ـ ئانىدىن، قېرىنداشلاردىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە چىقتۇق. بۇ دۆلەتكە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىشكە باشلىغىنىغا ئاران بەش ـ ئالتە يىل بوپتۇ. بىز كەلگىلىمۇ ئۈچ يىل بولاي دەپ قالدى. مەن بۇ دۆلەت ھەققىدە ھازىرچە بىزنىڭ ھاياتىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئىنتايىن قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ دۆلەتتە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ نوپۇسىغا قانۇنلۇق ئۆتكەنلىكى كىشىنىڭ پاراۋانلىقى ئۆز پۇقرالىرى بىلەن ئوخشاشكەن. بۇ دۆلەتتە يەرلىك تىل دۆلەت تىلى بولغان بىلەن، باشلانغۇچتىن تارتىپلا باللارغا ئىنگلىز تىلىنى، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا فىرانسۇز ياكى نېمىس تىلى ۋە ياكى ئىسپان تىلىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللىغىنى بويىچە

ئۆگىتىدىكەن. ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئىنگلىز تىلىدا ئۆتۈلىدىكەن. ھۆكۈمەت ئالاقىسىدە ھەم نورۋېگ تىلى ھەم ئىنگلىز تىلى قوللىنىلىدىكەن. بىز دەسلەپتە كەلگەندە ھېچ قاچان ئاڭلاپ باقمىغان بۇ تىلنىڭ گىراماتىكىسى بەك قىيىن بىلىندى. بىز ۋەتەندە قانداقلا بولمىسۇن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ، مەقسىتىمىزنى يېرىم-يارتا بولسىمۇ چۈشەندۈرگۈدەك بولغان ئىدۇق. بۇ يەرگە كەلگەندە ئىككى خىل تىل چەلگەش بولۇپ بەك قىينالدۇق. بىزدە بۇ تىل ھەققىدە ھەم ھېچقانداق ماتېرىيال بولمىغاچقا، نورۋېگچە-ئىنگلىزچە -ئۇيغۇرچە بولۇپ بىرىنى يەنە بىرىگە تەرجىمە قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا، يەنى كەسپىي دەرسلەرنى ئالالىغۇدەك ئەھۋالغا يەتتۇق. بۇ دۆلەتتە ئىنگلىزچە چىققان ھەر قانداق ئېسىل ئەسەر ھەپتە قالماي نورۋېگ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بولۇنىدىكەن. بىز بۇ يەردە قانچىلىك ئۆگىنەيلى دېسەك شۇنچىلىك پۇرسەت بار. ھەم ئوقۇشلىرىمىز پۈتۈنلەي ھەقسىز. ئەگەر بىز ئىنگلىز تىلىنى سۇدەك بىلگەن بولساق، باشقا دۆلەتلەرگىمۇ چىقىپ ئوقۇيالايتتۇق. بۇ دۆلەتتە قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز پۇقرالىرى بولسىلا، باشقا دۆلەتكە چىقىپ ئوقۇماقچى بولسا بېرىپ كەلگەن قاتناش پۇلى بىلەن قوشۇپ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجىتىنى پۈتۈنلەي دۆلەت تەرىپىدىن كۆتۈرىدىكەن. بۇ دۆلەت باي بولغاچقا بۇ يەرنىڭ ياشلىرى ئارىسىدا شىددەتلىك رىقابەت دېگەن نەرسە يوقكەن. ئۇلارنىڭ خالىغىنىنى ئوقۇپ، خالىغان يېرىدە خىزمەت قىلىشىغا تولۇق پۇرسەت باركەن. مۇشۇ ياخشى پۇرسەتتە تېخىمۇ ياخشى ئوقۇش پىلانلىرىمىز بار.

ئەمدى ئۆز گېپىمگە كەلسەم، مەن يېقىندا كومپيۇتېرىمدا مەشغۇلات قىلىپ ئولتۇرۇپ باشقا بىر تور بېتىگە ئۇلانما قىلىپ قويغان «بىلىۋال» تور بېتىنى ئېچىپ يازمىلىرىڭىزنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالدىم، ۋە ھەر بىرىنى ھاياجان ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. بۇ بەتتە يازغانلىرىڭىزنى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئوقۇپ قاتتىق تەسىرلەندى، ۋە سىزدىن پەخىرلەندى. ئىلگىرى سىز بىز ئۈچۈن بىر غايىۋى سۈپەت ئادەم ئىدىڭىز، بىز سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ ئۆزىڭىزنى كۆرەلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتۇق. مانا ئەمدى ئۆزىڭىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ، يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمىز. خۇدا بۇيرۇسا بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئامېرىكىغا بېرىپ سىزنى زىيارەت قىلىپ كېلىش ئويىمىز بار. ئاكا، سىز ۋەتەن ئىچى ۋە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە غالىبىيەتنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى سىز! مەن

يازمىلىرىڭىزنى بىردىن-بىردىن كۆچۈرۈپ ئېلىپ ساقلاپ قويۇۋاتىمەن. سەۋەبى ئۇنى كىتابچە قىلىۋالماقچى ئىدىم. ئەگەر «Biliwal.com» دىكىلەر ئۇنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرسا، مەن چوقۇم تونۇشلار ئارقىلىق بۇ كىتابنى ئەكەلدۈرىمەن. ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا، مەن سىزنىڭ «بىلىۋال» تور بېتىدىكى قىستۇرمامغا قارىتا يازغان جاۋاب خېتىڭىزنى كۆرۈپ، خۇددى «Biliwal.com» دا يازغىنىڭىزدەك سەمىمىي ۋە ئېسىل بىر ئالىم ئىكەنلىكىڭىزدىن بەك تەسىرلەندىم. بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز ئىچىدە ئۆزىنى زىيالىي ئاتاپ پەخىرلىنىپ يۈرۈيدىغانلار كۆپ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەملىك پەزىلىتىنى تولۇق يېتىلدۈرگەنلەر ئۇنچە كۆپ ئەمەس. ئەگەر سىزدەك ئىلىم ۋە پەزىلەتتە تەڭ يېتىشكەن ئالىم ۋە زىيالىيلىرىمىز مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ مەيدانغا كەلگەن بولسىدى، بىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىمىز تېخىمۇ يۈكسەلگەن بولار ئىدى. ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا، مېنىڭ بىلىشىمچە بىز ياشاۋاتقان بۇ چەت ئەلدە ئۇيغۇرلاردىن دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ئۆز كەسپى دائىرىسىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋە ياخشى ياشاپ يۈرگەنلەر خېلى بار. لېكىن سىزگە ئوخشاش ئالىملىق ئورنىدا تۇرۇپ، «مەن خەلقىمگە نېمە قىلىپ بەرسەم بولار، دېگەن مەسىلە ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم» دەۋاتقانلارنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى ھەممىمىز ئۈمىد قىلىمىز. مەن سىزنىڭ مىللىتىمىز ئۇچۇن تۆھپە قوشۇشقا ئىزدىنىۋاتقانلىقىڭىز ھەققىدە يېزىلغان تەسىرلىك جۈملىلەرنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقىي ئالىملىرى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ مەرىپەت يولىنى مەشئەل بولۇپ يورۇتۇشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالايدىكەن، دېگەن زور ئۈمىدكە كەلدىم. ھازىر ۋەتەندە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بەزىلىرى ھاراق، خېروئىن بىلەن زەھەرلىنىپ ئەيش-ئىشرەت بىلەن ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ، ئۆز روھىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشكە باشلاۋاتقاندا، سىزنىڭ دۇنيا ۋە ئىلىم ھەققىدە ئۇيغۇر ياشلىرىغا بەرگەن تەربىيىڭىز ۋە بېشارەتلىرىڭىز ئۆز نىشانىدىن ئادىشىپ قېلىۋاتقانلارنىڭ، چىقىش يولى تاپالماي قايمۇقۇپ يۈرگەنلەرنىڭ، ۋە بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ئۆزىگە قېيداپ يۈرگەنلەرنىڭ قاراڭغۇ قەلبىگە چاقماق بولۇپ چېقىلدى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئالىيجاناب ئىزدىنىش ۋە نەتىجە يارىتىش روھىڭىز بىلەن ئۇلارغا جاپالىق، ئەمما پارلاق بىر مەنزىلنى كۆرسىتىپ بەردىڭىز!

بىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ چەت ئەل ئالىملىرى، كەشپىياتچى ۋە

يازغۇچىلىرىنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى دوراپ، ئۇلارنىڭ ھايات تارىخىدىن تەسىرلىنىپ ۋە ھاياجانلىنىپ كەلگەنمىز. مېنىڭ بەكمۇ پەخىرلىنىش ئىچىدە دەيدىغىنىم، بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنى، غەلىبىسىنى، ئارزۇسىنى، روھىنى ۋە زور تىرىشچانلىقىنى ئۆزى ئۈچۈن تىرىك قىبلىنەما، ئۆرنەك ۋە ئابىدە قىلىدىغان بولدى. ھۆرمەتلىك ئاكا، خەلقىمىز سىزدىن ۋە سىزگە ئوخشاش باشقا بارلىق زىيالىيلاردىن بەكمۇ، بەكمۇ كۆپ ئۈمىد كۈتىدۇ! ئۇيغۇرلىرىمىز ئىچىدە تەبىئىي پەن ئالىملىرى يوق دېيەرلىكلا. بىزدىكى نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلى، تەبىئىي پەندە بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، بىر باشقا چىقىرىشقا جىنىنى تىكىپ قويىدىغان كىشىلەر بەك ئاز. يەنە تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكىنى ئەلا بىلىش بىزنىڭ ئېڭىمىزغا سىڭىپ كەتكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىز تەكىتلىگەن ۋە مەن چوقۇنىدىغان يەھۇدىي روھى بىزنىڭ ئېڭىمىزدىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئاكا، ئۇيغۇرنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسى بەكمۇ ئۇزۇن. ئەپسۇسكى بۇ كارۋان سەپىرىدە ماڭىدىغانلار بەك ئاز، ئۇنى قوغلاپ، قاۋاپ يۈرىدىغان ئىتلار كۆپ. لېكىن ئىشىك كىرگۈچىلەر ئۈچۈن ئېچىلىدۇ، يول ماڭغۇچىلار ئۈچۈن داغدام بولىدۇ... سىزنىڭ ھازىرقى نەتىجىلەرگە قانچىلىك جاپا-مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ ئېرىشكىنىڭىزنى ھازىر ھەر بىر ئۇيغۇر بىلىدى. ئادەم مەيلى قانداقلا جايدا ياشىمىسۇن، نەتىجە، غەلىبە دېگەن بۇ بۈيۈك ئەمگەك مېۋىسى جاپالىق كۈرەشسىز ھېچ قاچان ئاسماندىن چۈشۈپ قالمايدىغانلىقىنى باشقىلار سىزنىڭ ئەمەلىي ھاياتلىق جەريانىڭىزدىن تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندى. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب چەت ئەل ھاياتىنى (بولۇپمۇ ئامېرىكىنى) ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تولۇق چۈشەنمەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر، چەت ئەلگە چىقسىلا ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. ھاياتنىڭ بارلىق قىسمىنى نۆلدىن باشلايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىشلەرنىڭ كېرەكلىكىنى تازا يېتەرلىك چۈشەنمەيدۇ. سىزنىڭ يازمىلىرىڭىز مانا شۇنداق چۈشىنىشمەسلىككە يېتەرلىك جاۋاب بولدى.

شۇنداقلا ئۇ سىز سېغىنغان ۋەتەنىنىڭ تاغ-دەريالىرى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، تۇپراق ۋە ھاۋالىرىنى ھىدلاپ، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئاتا-ئانا،ئۇرۇق-تۇغقان ۋە بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىڭىزغا سىزنىڭ

نامىڭىزدىن سالام بەردى.
هۆرمەتلىك ئاكا، سىز يالغۇز يېتىۋاك تەبىئىي پەن ئالىمى بولۇپلا قالماي يەنە ياخشى ئەر، ئېسىل دادا بولۇش مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئىنتايىن جايىدا ئادا قىلىپ كېلىۋېتىپسىز. بۇ دۇنيادا ئالىم بولماقتىن ئادەم بولماق بەك تەس. جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيىلەشتە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ بېرىشكە سەل قارايدۇ. كىچىككىنە بىر مىسال ئالساق، ئۇلار تاماكا چېكىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى پەرزەنتلىرىگە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىدۇ. هاراق ئىچىشنىڭ ئەخلاقىي بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى سۆزلەپ تۇرۇپ ئۆزلىرى توختىماي ئولتۇرۇشلارغا قاتراپ ئۆيلىرىگە مەست پېتى كېلىدۇ. سىز ۋە سىزنىڭ هۆرمەتلىك خانىمىڭىز پەرزەنتىڭلارنى تەربىيىلەشتە ئىنتايىن كۆپ كۈچ چىقىرىپسىلەر. ئۇلارنىڭ پىسخولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئېلىپ بارغان تەربىيەڭلار پەرزەنتلىرىنى ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان هەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسى ئۈچۈن بىر ياخشى تەجرىبە ۋە دەرسلىك بولالايدۇ. هۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا، نەتىجە قازانغان هەر بىر ئەرنىڭ كەينىدە چوقۇم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز بەدەل تۆلىگەن ئېسىل بىر ئايال بولىدۇ. سىزنىڭ هۆرمەتلىك خانىمىڭىز ئامانگۈلمۇ مانا شۇنداق ئايالدۇر. دۇنيادا ئانا ئەڭ ئۇلۇغدۇر، شۇ سەۋەبتىن ۋەتەن نامىنىڭ ئالدىغا ئانا قوشۇلۇپ «ئانا ۋەتەن» دېيىلىدۇ، ئانا يۇرت دەپ ئېيتىلىدۇ ۋە «ئانا تىل» دەپ يېزىلىدۇ. بۇ مۇقەددەس ئۈچ سۆزگە هەر قاچان ئانا نامى قوشۇلۇپ ئېيتىلىدۇ. هەر بىر دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى هەم تەقدىرى ئانىلارنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ روهىي سۈپىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. نادان، قارا قورساق، ئويۇن-تاماشا، پۇل ۋە كىيىم-كېچەكنىڭلا قورچىقىغا ئايلىنىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئانىلارنىڭ كىچىك ئائىلىسىنى جاهالەت قاپلايدۇ. بۇنداقلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئاخىرقى هېسابتا مىللەتنىڭ تەقدىرىنى هەم زاۋاللىققا باشلايدۇ. ئامانگۈل خانىمنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنى سىز بىلەن بىللە بېسىپ جاپا-مۇشەققەتلىڭىزدە يېنىڭىزدا تەڭ كۈچەپ تۇرۇشى، هەم غالىبىيىتىڭىز ئۈچۈن پەخىرلىنىش ئىچىدە چاۋاك چالالىشى ۋە ئاخىرى ئۆزىمۇ ئىلىم-پەن يولىدىكى مەنزىللەرنى سىز بىلەن تەڭ تاماملاپ مېھرىبان ئانا، ۋاپادار ئايال ۋە زامانىۋى ئىلىم ئىگىلىگەن بىلىم ئىگىسى بولالىشى بارلىق ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ئۈرنەكتۇر. ئىزىڭىزنى بېسىپ مېڭىۋاتقان ئەقىللىق پەرزەنتلىرىڭىز دىلنارە ۋە دىلشاتجانلار ۋەتەن ئىچى-سىرتىدىكى

ياش-ئۆسمۈرلەر ئۇچۇن ھەم ئېسىل ئۆرنەكتۇر. سىز ئىلىم سۆيەر كىشىلەرنىڭ قەلبىنى قانچىلىك لەرزىگە سالغان بولسىڭىز پەرزەنتلىرىڭىزمۇ بىلىم يولىدا تىرىشىۋاتقان كىچىك دوستلارنىڭ قەلبىنى شۇنچىلىك لەرزىگە سالدى.

ھۆرمەتلىك ئاكا، يازىدىغانلىرىم كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا سىلەرگە چەكسىز بەخت ۋە نەتىجە تىلەپ، چەكسىز تىلەكلىرىم ئىچىدە بۇ خەتنى ئاياغلاشتۇرماقچىمەن.

# بىر دادىنىڭ «سۆھبەت» تىن تەسىراتى

ئاپتورى: قانات

بىلىۋال تور بېتى، 2005 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

مەن ئالدى بىلەن «بىلىۋال» ، «ئىزدىنىش» تور بەتلىرىنى قۇرغان، ياخشى نىيەتلىك، ئەلسۆيەر قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە مۇشۇ ئاددىي خېتىم ئارقىلىق، ئۆز ھاياتىنىڭ جاپالىق، ئەگرى ـ توقاي تۇرمۇش يولىدا قەتئىي ئىرادە بىلەن مىنۇت ۋاقتىنىمۇ قولدىن بەرمەي، ئۆزىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق جاسارىتى بىلەن ئېسىل ئەمگەك مېۋىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن، مىللىتىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە سەمىمىي ھۆرمىتىمنى، ئۇنىڭ مىللىتىمىز كەلگۈسى ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر بىباھا يول كۆرسەتمىلەرنى بىزگە تەقدىم ئەتكىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا چىن يۈرەكتىن تەشەككۈرۈم ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدىكى رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ھۆرمەتلىك ئەركىن ئەپەندى، سىز ئامېرىكا قىتئەسىدە، يەنى پەن ـ تېخنىكىدا ئەڭ ئىلغار، ئەڭ زامانىۋىلاشقان دۆلەتتە ئىلىم ـ پەننىڭ پايانسىز دېڭىزىدا ئۈزۈپ مېڭىۋاتقان سەركەردىلەرنىڭ سەردارى بولۇپ تۇرۇپمۇ يەنە قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ، ئانا ـ يۇرت خەلقىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بىر ماتېرىيالنى، مۇھىم بىر دەرسلىكنى سوۋغا قىلدىڭىز. بۇ بىر قەدىرلەشكە تېگىشلىك ياخشى باشلىنىش. ياخشى نىيىتىڭىزگە بارىكاللا! تور بېتىدىن بىلىشىمچە نەچچە ئونمىڭلىغان جىگەرلىك ياشلىرىمىز بۇ سۆھبەت خاتىرىسىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇلار يەنە نەچچە ئونمىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزغا تەشۋىق ـ تەربىيە قىلالايدۇ. بىز ھەممىمىز ئەمەلىي ئۈنۈمىنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ «سۆھبەت خاتىرىسى» نىڭ ياشلىرىمىز، جۈملىدىن بارلىق خەلقىمىز ئۈچۈن بىر ياشاش دەستۇرى بولۇپ قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

بۇ يەردە مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى مۇنۇ تەپەككۇر

جەۋھەرلىرىنى ئەسلەپ قالدىم: «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغانلار ھەقىقىي غالىبلاردۇر، باشقىلارنى قۇتقۇزغانلار ئالىيجانابلاردۇر، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ھەقىقىي تۇردە قۇتقۇزالايدىغانلار ئارىمىزدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەردۇر.»، «ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئالىملار ۋە ساتقۇنلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ.»

ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا رەھىمسىز رىقابەت دۇنياسى تۇرۇپتۇ. ھەرقانداق بىر ھايات ئىنسان رىقابەت خىرىسىغا ئۇچرىماقتا. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، دۇنيا ئىلىم-پەن سانائەت ئىنقىلابى، ئۇچۇر ئىنقىلابى، دۇنيادىكى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال سېلىشتۇرما ھالىتى، مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداق قىلىپ ساقلىيالىشى، كېيىنكى ئەۋلادلارنى قانداق تەربىيىلەش، يېتەكلەش ناھايىتى مۇھىم بىر زىددىيەت ۋە مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. «تاشقى سەۋەب ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسى، ئىچكى سەۋەب ئۆزگىرىشنىڭ شەرتى» دېگەن بۇ قانۇنىيەتكە ئاساسلانغاندا، بىزدە يۈكسەك ئىرادە، چىداملىق غەيرەت ۋە ھارماي-تالماي ئۆگىنىدىغان روھىيەت بولۇشى بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئاشۇ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان ۋە توغرا نىشانغا يېتەكلەيدىغان بىلىملىك ئۇستازلار، مەسئۇلىيەتچان ئائىلە ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. سىز ئېيتقاندەك ھازىرقى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئىلىم-بىلىم ئېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان غەيرىي، تۇتۇرۇقسىز «ھەرىكەت» ياكى «ئىنقىلاب» مۇ يوق. قانچىلىك ئۆگەنسىڭىز شەرت-شارائىت بار. ھازىرقى گەپ قانداق ئۆگىنىش، ئۆگىنىشكە قانداق ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ماھىيەتلىك بولغان تونۇش ۋە ئۇنۇملۇك ئۇسۇلنى تاللاش مەسىلىسىدە بولماقتا. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا قېرىنداشلىرىمىز ۋە ئاتا-ئانىلاردا بىلىم ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئىدىيىسى تېخى ئىنتايىن كەمچىل، ھەرخىل يوللار ئارقىلىق ۋاقتىلىق كۈن ئۆتكۈزۈش ئىدىيىسى قويۇق ھالەتتە، بەزى بىلىم ئالغۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىم ئېلىشتىكى مۇددىئاسى تازا ئېنىق ئەمەس دەپ قارايمەن. ئىلىم-پەننى ئۆگىنىش يۈكسەك ئەقىدىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ھارماي تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا، ئۇلارنى روھى جەھەتتىن قۇتقۇزۇش، توغرا نىشانغا يېتەكلەش ناھايىتى مۇھىم بولۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە مۇشۇنداق بىر سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ ئوتتۇرىغا

چىقىشى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بوپتۇ. ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە تېخىمۇ مول ئۆگىنىش تەجرىبىلىرى ۋە يېڭىچە ئۇسۇللار بولسا بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە ئوخشاش بىز بىلەن ئورتاقلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەركىن سىدىق ئەپەندى، سىزنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ كەلگەن ئامانگۈل خانىمغا يەنە بىر قېتىم بارىكاللا ئېيتىمىز. مۇشۇنداق ياخشى نىيەت بىلەن مىللىتىمىزنى تەربىيىلەش بىز بارلىق ئاتا-ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.

# ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى



ئەركىن سىدىق

## 1. كىرىش سۆز

ئامېرىكىنىڭ ئىنگلىزچە «NASA» دەپ ئاتىلىدىغان ھاۋا قاتناش ۋە ئالەم بوشلۇق تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تارمىقىدا، پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر خىل مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان ئادەمدىن 5000 كىشى بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 1700 دەك تېخنىكىلىق خادىمنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار، ئىنگلىزچە ئىسمى «Jet Propulsion Laboratory» بولۇپ، قىسقارتىلىپ «JPL» دەپ ئاتىلىدىغان دۇنياغا تونۇلغان بىر تەتقىقات مەركىزى بار. بۇ ئىدارىنى 1930 - يىللىرى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شىتاتىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپ ـــ كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى قۇرغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن JPL ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى سۈنئىي ھەمراسىنى ياساپ چىقتى. تۇنجى قېتىملىق ئالەم ئۇچقۇرىنى ئايغا چىقاردى. ھەمدە قۇياش سىستېمىسىدىكى 8 پلانېتانىڭ ھەممىسىگە ئالەم ئۇچقۇرى ئەۋەتتى. ئاشۇ ئىدارىدە ھازىر بىر

ئۇيغۇر ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ مۇشۇ ئىدارىدىكى تۈركىي مىللەتلىرىدىن كېلىپ چىققان بىردىنبىر يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەركىن سىدىق.

ئەركىن سىدىق 1950-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى جۇڭگودا باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قالايمىقانچىلىقى ھەممە يەرنى قاپلىغان مەزگىللەردە ئاقسۇدا تۇغۇلغان. بالىلىق دەۋرىنى ئۇيغۇر دىيارىنى ئاچارچىلىق بېسىپ كەتكەن مەزگىلدە قوسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەي ئۆتكۈزگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاقسۇ شەھەرلىك 4-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان (بۇ مەكتەپ ھازىر خەنزۇ مەكتەپ قىلىۋېتىلگەن — مۇھەررىردىن). ئوتتۇرا مەكتەپنى «دېڭ شياۋپىڭنى كۆرەش قىلىپ، ئىشكىنى ئېچىپ قويۇپ مەكتەپ باشقۇرۇش» ھەرىكەتلىرى بولۇۋاتقان دەۋردە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. نۇرغۇن ۋاقىتلىرى سىياسىي ھەرىكەتكە قاتنىشىش ۋە يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، يېزا - زاۋۇتلارغا بېرىپ ئىشلەش بىلەن ئۆتكەن. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى (ھازىر ئونسۇ ناھىيىسى دېيىلىدۇ — مۇھەررىردىن) بىر يېزىغا «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن بېرىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ يەردە بىر يېرىم يىل دېھقان بولۇپ ئىشلىگەن. دەل شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ دۆلەت رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق 1977-يىلى 12-ئايدا تۇنجى قېتىملىق ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئېلىنغان ئىمتىھاندا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى بويىچە 2-بولغان. ھەمدە 1978-يىلى 2-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رادىئو-ئېلېكترونىكا كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1-يىلىدىكى پەقەت خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىدىغان «تەييارلىق باسقۇچى» نى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق بىر تەرەپتىن باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش كەسپىي دەرسلەرنى ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ھەر خىل ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلۈكىدىن چەت ئەل تىلىنى ئۆگەنگەن. ھەمدە ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى (ئۇ

چاغدا ھازىرقىدەك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى دېيىلمەيتتى ــــ مۇھەررىردىن) نىڭ رەئىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون (ئۇ ئا ر) لۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەندىن سىرت، دەسلەپكى 2 يىل ئىچىدە ئىنگلىز تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ تۈگەتكەن. ئاخىرقى 2 يىل ياپون تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ بارلىق گىراماتىكىلىرىنىمۇ تاماملىغان. شۇنداق قىلىپ ئالىي مەكتەپتىكى 5 يىللىق ھاياتى جەريانىدا، ئەركىن سىدىق خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە ياپون تىلىدىن ئىبارەت 3 تىلنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ بولغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئېلىپ قېلىنغان. 1983 ـ يىلى ئەركىن سىدىق شاگىخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئېلېكترو ـ ماگنېتىكىسى ۋە مىكرو ـ دولقۇن تېخنىكىسى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ياپونىيىدە ئوقۇشقا ئەۋەتىش ئۈچۈن تاللىغان ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىگە ئەركىن سىدىق 1 ـ بولۇپ تاللىنىپ، ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان. ھەمدە ئۇ يەردە 1988 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئىككى يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1991 ـ يىلى چىققان «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ بىر سانىدا ئەركىن سىدىقنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى مۇنداق خۇلاسىلەنگەن:

*«ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ 77 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدىلا خەنزۇ تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن. كېيىن ئاقسۇدا شىنجاڭ بويىچە ئىككىنچى (ئۇيغۇرچە قوبۇل قىلىش نومۇر ئۆلچىمىدە) نەتىجە بىلەن ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن. رادىئو ـ ئېلېكترونىكىسى كەسپىدە ئوقۇغان. ئۆگىنىش جەريانىدا جاپاغا چىداپ، ئىخلاس بىلەن تىرىشىپ ئەلا ئوقۇغانلىقتىن، مەملىكەت بويىچە ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئۈلگىسى بولۇپ باھالانغان. مەكتەپتە ئېلىپ قېلىنغاندىن كېيىن، ياپون تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئىمتىھان بېرىپ ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان. تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 72 دۆلەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە تۆتىنچىلىككە ئېرىشكەن. ھازىر ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئىككى يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ياپون، ئىنگلىز تىللىرىدا 19 پارچە دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى ئېلان قىلدى. بەزى دىسسېرتاتسىيە ماقالىلىرى*

*ئامېرىكىدىكى دۇنيانىڭ ئالىي قاتلىمىغا مەنسۇپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى ...»* (1991-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بېسىپ تارقاتقان «دەۋر ئىلھاملىرى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى، بەزى سۆزلۈكلەر تۈزىتىلدى.)

ئەركىن سىدىق 1988- يىلى كۈزدە ئامېرىكىغا بېرىپ، ئامېرىكىدىكى ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، يەنى 90- يىللاردا، ئەركىن سىدىقنىڭ يۇقىرىدا خۇلاسىلەپ تىلغا ئېلىنغان نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ئەركىن سىدىقتىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان، ھەمدە بۇ پائالىيەتنى «ئەركىن سىدىق ھادىسىسى» دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى «ھادىسە» بىر ئۇيغۇرنىڭ تەبىئىي-پەن ساھەسىدە خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا تۇنجى بولۇپ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغانلىقى، ھەمدە قىسقىغىچە 2 يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ئىلمىي تەتقىقاتتا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ بىرسى بولغان ياپونلۇقلارنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىك ھادىسىسىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا «ئەركىن سىدىق ھادىسىسى» پائالىيىتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ قورۇسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگىمۇ كېڭەيتىلگەن. 1991-يىلى ئۇيغۇر دىيارىدىكى داڭلىق شائىر، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئەركىن سىدىقنى مەدھىيىلەپ تۆۋەندىكى شېئىرنى يازغانىدى:

## تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدى پەرۋاز

تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەي! ئەركىن سىدىق،
بەستىڭدە چۆل، بوستان ھارارىتى بار.
تېنىڭدە ئاقسۇنىڭ گۈل-گىياھلىرى،
ۋە تارىم توپىسىنىڭ خۇش بۇي ھىدى بار.

ئۈچتۈگسەن، ھالقىدىڭ تەگرىتاغدىن ھەم،
ئىگىلىك كۈچەيگەن بىر ئەلگە بارلىقىڭ،
تىنچ ئوكيان ئۈستىدىن سەن ئۆتۈپ شۇدەم.

سەن كىچىك بالىلىق چاغلىرىڭدىلا،
كۆرگەنسەن شېرىن ۋە گۈزەل چۈش بەلكى.
شۇ چۈشلەر ئەمەستى ئاساسسىز خىيال،
ئەمەستى گىرىمسەن قاقاس چۆلدىكى.

ئۇ ئىدى مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە،
قۇرۇلغان ئىشەنچ، كۈچ، ئەجىر-ئەقىدە.
مۇقامنىڭ كۈيىدىن ياڭرىغان بەلەن،
ۋە «قۇتادغۇبىلىك» پەلسەپىسىدىن،
قەمبەرخان ئوينىغان ئۇسسۇلدىن لېۋەن،
ئويلاندىڭ قايتىلاپ، ھايات ھەققىدە،
ھېس قىلدىڭ نېمىمىز كەملىكىنى سەن.

غىچىرلاپ ماگىدۇ ئېشەك ھارۋىسى،
بېسىلغان كەبى كۆپ ئەسىرلەر يۈكى،
يۈرىكىڭنى ئېزىپ ئۆتتى ئىز سېلىپ.
ئېلىپنى تاياقتىن ئايرىيالمىغان،
بالىلار كۆزىنىڭ خىرە نۇرلىرى،
ئاغرىتتى قەلبىڭنى گويا سانجىلىپ.

مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىك تالانتلىرىنىڭ،
ھېس قىلدىڭ مىللىتىمىزدە كەملىكىنى سەن،
ئۇلارسىز خام-خىيال بىرەر مىللەتنىڭ،
گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىشى جەزمەن.

بايقىدىڭ ۋە تاللاپ ئالدىڭ نىشانىنى،
شۇ ياققا ماگدىڭ چىڭ قەدەملەر تاشلاپ.

تۇنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگىنىڭنى،
تەسەۋۋۇر قىلىمەن سېنىڭ قانچىلاپ.

قانچىلاپ سۈبھى كۆز ئاچاي دېگەندە،
ياتقاندا تارىم جىم غەپلەتتە ئۇخلاپ،
خورازلار بىلەن تەڭ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ،
كىتابلار ئوقۇدۇڭ ئۇيقۇنى قوغلاپ.

مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ چېگرىسى يوقتۇر،
بىلىمدە-ئىرپاندا ئەزەلدىن ئەبەد.
بىلىمنىڭ دېڭىزىدا ئۈزدۈڭ توختىماي،
ئىنسانلار مەدەنىيتى جەۋھەرلىرىنى،
سۈمۈردۈڭ قانماس زور ھەۋەستە پەقەت.

ئەمگىكىڭ، ئەقلىڭدە ئاچتىڭ ئاخىرى —
ئىشكىن سەن ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ،
بار ئىزلار مەكتەپنىڭ ھەممە يېرىدە،
بېسىلغان تەپتىدە ئىشق ئوتۇڭنىڭ.

يېڭى بىر مۇھىتتا ئۆگەندىڭ شۇنداق،
يۈكسەلدى ئوبرازىڭ ھارماس ئىخلاسمەن.
ئارزۇيۇڭ، ئىستىكىڭ، خىيالى چۈشۈڭ،
ئاقىۋەت ئەمەلگە ئاشتىغۇ ئەينەن.

ھالقىدىڭ شىنجاڭدىن، جۇڭگودىنمۇ سەن،
ماقالەڭ يورۇقا چىقتى دۇنيانىڭ —
ئەڭ ئالىي قاتلىمىنىڭ ژۇرنىلىدا ھەم.
مەغرۇرلۇق ھېس قىلار خەلقىڭ، ئىپتىخار -
ھېس قىلار يۇرتداش ياش دوستلىرىڭ ھەردەم.

سەن ئۇلار قەلبىدە ئۈلگە، نەمۇنە،

سەن ئۇلار قەلبىدە چوڭ ئوبراز جەزمەن.
نەزەرىڭ ھالقىسى پۈتۈن دۇنيادۇر،
قەلبىڭگە ئورنىغان ئۇلۇغۋار ۋەتەن.

تەۋرەنمەس ئىشەنچىڭ، سۇنماس غەيرىتىڭ،
ئىزدىنىش، ئىلگىرىلەش دىلىڭغا ھەمدەم.
چەت ئەللىك ئادەملەر بىلەن بەسلىشىش،
مىللەتنىڭ گۈللىنىشنى كۆزلەشتەك روھىڭ،
قەلبىمىز قېتىغا ئورنىدى مەھكەم.

تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدىڭ پەرۋاز،
جۆر بولۇپ تەمبۇرغا، ياڭراق مۇقامغا.
پامىرنىڭ ھەيۋەتلىك مۇزلۇق چوققىسى،
تەڭرىتاغ تىزمىسى قالدى ئارقاڭدا.

نەزەرىڭ ئاستىدا ئاقىدۇ تارىم،
ئەبەدىي توختىماي دولقۇنلار ئۇرۇپ.
قايناملار ياسالغان شىددەتلىك ئېقىم،
غايەت زور ئادەمدەك تىنار تولغىنىپ.

چاقىرار ئىلغارلىق ۋە مەرىپەتنى،
كۆتۈرۈپ توختىماس شاۋقۇن چۇقاننى.
چاقىرار ئىلىم ـ پەن مەدەنىيەتنى،
چاقىرار قابىللار تولغان زاماننى.

تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدىڭ پەرۋاز،
بىللە ئېپ ئۇچۇپسەن مىليون قەلبنى،
ھەر مىللەت تىلىگەن تىلەك ـ ئارماننى.

ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپتىكى ھاياتىغا ئاساسەن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تۆۋەندىكى بىر

فورمۇلسىنى خۇلاسىلەپ چىققان ئىدى:

**مۇۋەپپەقىيەت = تالانت + تىرىشچانلىق + پۇرسەت**

ئەركىن سىدىقنىڭ هاياتى يۇقىرىقى فورمۇلىنىڭ ئىسپاتى بىلەن لىق توشقان. بۇ فورمۇلىدىن باشقا، ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى كۆيۈمچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان پولاتتەك ئىرادە، هېچ قانداق جاپا-مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان غەيرەت-شىجائەت، توختىماي بىلىم ئۆگىنىدىغان، ئۆزىگە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان ۋە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىزچىل ئىپادىسى بىلەن، ئەركىن سىدىق پۈتۈن دۇنيا جامائىتىگە يەنە بىر نەرسىنى ئىسپاتلىدى: باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ.

ئەركىن سىدىق بۇ بىر پاكىتنى هازىرمۇ داۋاملىق ئىسپاتلىماقتا. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان كەسپى تەبىئىي-پەن ۋە ئىنژېنېرلىق ساهەسىدىكى ئەڭ قىيىن كەسىپلەرنىڭ بىرسى تۇرۇپمۇ، ئۇ هازىرغىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خەلقئارا ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى ۋە ژۇرناللىرىدا 60 پارچىدىن كۆپ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇ هازىر JPL ـ NASA دە شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئامېرىكا دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە ياتىدىغان ئىشلار بولۇپ، ئۇلار توغرىسىدا ئىدارە سىرتىدا سۆزلەشكە، ياكى ئۇ توغرىسىدا ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان بولسىمۇ، دۇنياۋى تېخنىكا ساهەسىدە ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋاقتىنىڭ پەقەت 20 پىرسەنتىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە، 2006-يىلى بىر يىل ئىچىدىلا، خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا ئۇ جەمئىي 3 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. NASA نىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى پروگراممىسى» (ئىنگلىزچە Origins Program) دەپ ئاتىلىدىغان بىر پروگراممىسى بار بولۇپ، بۇ پروگراممىنىڭ نىشانى تۆۋەندىكى 3 سوئالغا جاۋاب تېپىش ئىكەن:

1. بىز (ئىنسانلار) نەدىن كەلدۇق؟
2. بىز كائىناتتا يالغۇزمۇ؟
3. بىز نەگە بارىمىز؟

ئەركىن سىدىق هېلىقى 3 ئىلمىي ماقالىسىنى يازغان تەتقىقات يۇقىرىقى 2-سوئالغا جاۋاب تېپىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتنىڭ بىر

قىسمى بولۇپ، يېقىندا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 2013-يىلى ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىلىدىغان «James Webb ئالەم تېلېسكوپى» نىڭ تەتقىقاتىغىمۇ قاتنىششقا باشلىغان.

ئەركىن سىدىق بىر كەمبەغەل، ئاددىي ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئەڭ جاپالىق تۇرمۇشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان. ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئەڭ جاپالىق ئىشلارنى قىلىپ باققان. مەسىلەن، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇ يېزىدا كالىغا مىنىۋېلىپ خامان تەپكەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە يېزىدا ئېشەك ۋە كالا هارۋىسى هەيدەپ، ئېتىزلىقتا ئوغۇت توشىغان. كالا سۆرەيدىغان قوشنى هەيدەپ يەر ئاغدۇرغان. كالا سۆرەيدىغان سۆرەمدە يەرگە سۆرەم سالغان. بۇغداي، قوناق، ۋە كۆكتات تېرىغان. كالىغا سۆرىتىپ، قىچا ۋە زىغىرلاردىن ماي چىقىرىدىغان جۇۋازدا ماي تارتقان. كېچىچە تۈگمەندە ئۇخلاپ، تۈگمەندە ئۇن تارتقان. قوناق يىلتىزىغا توپا يۆلىگەن. شاللىقتا مايسا تىككەن ۋە شاللىقتا ئوت ئوتىغان. ئورغاقتا بۇغداي، شال ۋە قوناق ئورىغان ۋە باشقىلار. ئۇ هازىر دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا، ئالەم بوشلۇقىدا تۇرۇپ، پۈتۈن كائىناتنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئالەم تېلېسكوپلىرىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئەركىن سىدىق قانداق مۇساپىلەرنى بېسىپ، هازىرقى هالەتكە كېلەلىدى؟ ئۇ قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە قانداق يول تۇتىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى نېمە؟ ئۇنىڭ ئائىلىگە ۋە پەرزەنتلەرگە بولغان قارىشى قانداق؟ مۇشۇنداق بىر ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت 2 دۆلەتتە 20 نەچچە يىل ياشاپ باققان، دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەبىئىي پەن ۋە ئىنژېنېرلىق مۇتەخەسسىسلىرى قاتارىدا ئىشلەۋاتقان بىر ئۇيغۇر بىز هازىر دۇچ كېلىۋاتقان هەر خىل ئۇيغۇر مەسىلىلىرىگە قانداق قارايدۇ؟ ئېهتىمال نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك سوئاللىرى باردۇر. 2005-يىلى 3-ئايدا، ئامېرىكىدىكى بىلىۋال تور بېتى ئەركىن سىدىق بىلەن بىر ئىنتېرنېت يازما سۆهبىتى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بۇ سۆهبەت هازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەرەبچە يېزىقى (UEY) ۋە ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) نۇسخىلىرى http://www.Biliwal.com، http://www.bilik.cn، http://www.Bostan.cn قاتارلىق تور بەتلىرىدە بار. بۇ سۆهبەتتە ئەركىن سىدىق يۇقىرىقىدەك سوئاللارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا جاۋاب بېرىۋاتىدۇ. بىز هەر بىر

ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بۇ سۆھبەتنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. شۇنداقلا، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرىدىن، ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياسىغان http://www.meripet.com دېگەن تور بېتىنى زىيارەت قىلىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەركىن سىدىقنىڭ كەسپىگە ۋە تەتقىقاتىغا قىزىقىدىغانلار http://www.meripet.com/Main/Erkin_Bio.htm تور بېتىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى كۆزدىن كەچۈرسە بولىدۇ.

تۆۋەنكى رەسىمدە: ئالىم ئەركىن سىدىق ئايالى ئامانگۈل بىلەن JPL نىڭ ئالدىدا.




بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر تور بېتىمىزدىن ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ئايرىم تەييارلاپ يوللىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بىز بۇ ئارزۇيىمىزنى يەتكۈزگەندە، ئەركىن سىدىق تەلىپىمىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، بۇ يازمىنى (يەنى ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى) ULE دا يېزىپ تەييارلاپ بەردى. بىز ئۇنى تەھرىرلەپ، ۋە UEY غا ئۆزگەرتىپ، سىلەرنىڭ دىققىتىڭلارغا سۇندۇق. بۇ يازمىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسىملىرى ئەركىن سىدىق ھاياتىنىڭ ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چىقىرىلىدۇ .

ژۇرنالىزم ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر كەسىپ ئەھلىلىرىدىن بىر قانچىسى ئەركىن سىدىققا ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى بىر كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن، ھەمدە بۇنى قىلىشقا ئۆزلىرى مەسئۇل

بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن، 40 نەچچە ياشلىق ئەركىن سىدىق بۇ ئىشنى ھازىر قىلىش سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ، دەپ قاراپ، كىتاب چىقىرىشنى كەلگۈسىگە كېچىكتۈرگەن. شۇڭا بۇ «ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» دا بېرىلىدىغىنى ئەركىن سىدىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ۋە ئىنتايىن جىددىيچىلىك ئىچىدە ئىنتېرنېت ئۈچۈن تەييارلىغان، ئۆز ھاياتىنىڭ قىسقىچە تەسۋىرىدۇر. بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ يازمىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

تۆۋەنكى رەسىمدە: ئەركىن سىدىق ئامېرىكا 1-قېتىم ئايغا ئادەم چىقارغاندا ئىشلەتكەن ئايغا قونغۇچى (ئىنگلىزچە «Moon Lander») نىڭ يېنىدا.



## 2. ئەركىن سىدىقنىڭ بالىلىق دەۋرى

ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ خەۋىرىدە بولغاندەك تارىم دەرياسى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇ ئاقسۇ دەرياسى، ياركەنت دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسى قاتارلىق 3 دەريانىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. ياركەنت دەرياسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2137 كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. ئاقسۇ دەرياسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيىسى، ئاقيار يېزىسىغا كەلگەندە ئىككىگە ئايرىلىپ، ئاقسۇ شەھىرىگە يېقىن كەلگەندە قايتىدىن قوشۇلۇپ، بىر دەرياغا ئايلىنىدۇ. ئاقسۇ دەرياسى مۇشۇنداق ئىككىگە ئايرىلىپ، قايتا قوشۇلۇشقا بولغان ئارىلىقتا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

قۇرۇقلۇق «ئارال» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ كونىشەھەر ناھىيىسىگە قارايدىغان بىر يېزىدىن ئىبارەتتۇر. گەرچە ئارال كونىشەھەر ناھىيىسىگە قارىسىمۇ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ توسالغۇسى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭغا كونىشەھەردىن بىۋاستە بارغىلى بولمايدۇ. ئارالغا كونىشەھەرنىڭ باشقا يېزىلىرىدىن بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم ئالدى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىگە كېلىپ، ئاندىن ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان يول بىلەن بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئارال يېزىسى يەر كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولغان بىر يېزا بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمى «مەكىت» دەپ ئاتىلىدۇ. مەكىتنىڭ ئاقسۇ شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاقيار يېزىسى بىلەن چېگرىداش قىسىملىرى «جەگجى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئارالغا كىرىش ئېغىزىدىن ئاقسۇ-ئۇچتۇرپان يولى بويىدا پەقەت ئىككىلا ئېغىز بار بولۇپ، بۇ ئېغىزنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە چوقۇم ئاقسۇ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈش كېرەك. 60-يىللاردا ياز مەزگىللىرى كەلكۈن كېلىپ، بۇ ئېغىزلاردىكى كۆۋرۈكنى پات-پات سۇ ئېلىپ كېتىپ، ئارالغا بارغىلى بولمايدىغان ۋاقىتلارمۇ كۆپ بولغان ئىدى. بىر قېتىملىق چوڭ كەلكۈن جەريانىدا، پۈتۈن ئارال يېزىسى سۇ ئاستىدا قالغانلىقى ئەركىن سىدىقنىڭ ھازىرمۇ ئېسىدە بار.




ئارالنىڭ ئاقسۇ خەرىتىسىدە كۆرسىتىلىشى.

ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسىنىڭ يۇرتى يۇقىرىقى ئارال يېزىسىنىڭ جەگجى كەنتى بولۇپ، ئاپىسىنىڭ يۇرتى بولسا مەكىت كەنتىدۇر. ئەركىن سىدىق 1958-يىلى 4-ئايدا ئارالنىڭ جەگجى كەنتىدىكى بوۋا-مومىسىنىڭ (دادىسىنىڭ ئاتا-ئانىسى) ئۆيىدە تۇغۇلغان. ئەركىن سىدىق بالىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ئۆزىدىن 2 ياش چوڭ ئابلەت ئىسىملىك بىر ئاكىسى بار.

ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى سىدىق مەمەت جەگجىدىكى بىر يوقسۇز، نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، دەسلەپتە ئىسلام دىنى مەكتىپىدە «قارى» بولغۇچە ئوقۇپ، كېيىن يېڭى مەكتەپتە تاكى سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگۈچە ئوقۇغان. دىنىي مەكتەپتىكى ئاساسى ياخشى بولغاچقا، يېڭى مەكتەپتە ھەر يىلى سىنىپ ئاتلاپ ئوقۇپ، ئوقۇشىنى ناھايىتى تېزلا تاماملىغان. شۇڭا ئۇ تولۇق ساۋاتلىق بولۇپ، 1953-يىلىدىن باشلاپ ئارال يېزىلىق ھۆكۈمەتتە كادىر بولۇپ ئىشلىگەن (ئۇ چاغدا بۇ يېزا «ئارال گۇڭشېسى» دەپ ئاتىلاتتى). ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپىسى پاتەمخان بولسا مەكىتتىكى يېرى كۆپ، مۇلۇككە باي بىر دېھقاننىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. 1949-يىلىدىن بۇرۇن مەكىتتىكى يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى پاتەمخاننىڭ ئاپىسى ۋە ئۇنىڭ قالغان 4 ئاكا، ئىنى ۋە سىڭىللىرىغا تەۋە بولغان. شۇڭا 50-يىللاردا ئۇيغۇر دىيارىدا يەر ئىسلاھاتى بولۇپ، جۇڭگو

خەلقىنىڭ داھىيسى ماۋ زېدۇڭ چىقارغان ئۆلچەم بويىچە دېھقانلارنى ئوخشىمىغان سىنىپلارغا ئايرىغاندا، پاتەمخاننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆزلىرى ئىگىلىگەن يېرىنىڭ كۆپلۈكىدىن «پومېشچىك» بولۇپ ئايرىلىپ قالغان. ئاپىسىنىڭ قالغان قېرىنداشلىرى بولسا ياكى «ھاللىق باي دېھقان» ياكى «باي دېھقان» بولۇپ قالغان. سىدىق مەمەت 1953 - يىلى پاتەمخان بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، دەسلەپتە پاتەمخاننىڭ دادىسى «كادىر دېگەن قەلەندەر كېلىدۇ» دەپ، پاتەمخاننى بېرىشكە ئۇنىمىغان. كېيىن بۇ ئىشقا ئارال يېزىلىق ھۆكۈمەت ئارىلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ماقۇل بولغان. 1958 - يىلى ئەركىن سىدىق تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاپىسى پاتەمخان ئاران 18 ياشتا ئىدى. سىدىق مەمەت 1956 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يۆتكەلگەن بولۇپ، بىر يىلدىن كېيىن يەنە ئارالنىڭ جەگجى كەنتىگە بىر يىللىق خىزمەتكە چۈشكەن. بۇ بىر يىل جەريانىدا ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن سىدىق مەمەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق مانا شۇ مەزگىلدە تۇغۇلغان.

1958 - يىلى 7 - ئايدا سىدىق مەمەت «پولات - تۆمۈر» تاۋلاش ھەرىكىتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە بىر يىللىق خىزمەتكە ئەۋەتىلدى. پاتەمخان ئىككى ياشلىق ئوغلى ئابلەت بىلەن ئەمدى 3 ئايلىق بولغان ئوغلى ئەركىن سىدىقنى ئېلىپ، بىر قارا ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ (ئۇ چاغدا ئاقسۇ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان يولۇچىلار ئاپتوۋۇزى يوق ئىدى)، تەڭرىتېغىنىڭ ئاقسۇ باي ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى بىر ئېگىز داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە بارغان. ئۈرۈمچىدە بىر يىل تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىدىق مەمەت دەسلەپتە ئاقسۇ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە، كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك گېزىتخانىدا بىر قانچە ئايدىن ئىشلىگەن. ئاندىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەقسىم قىلىنغان. 1960 - يىلى سىدىق مەمەت مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە 6 يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن (مەرھۇم سىدىق مەمەت پېشقەدەم ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ ئىچىدە، 60 - يىللىرى بېيجىڭدا ئەڭ ئۇزۇن ئوقۇغان بىر ئادەم بولسىمۇ، 1998 - يىلى 3 - نويابىردا 66 يېشىدا ۋاپات بولغۇچە، ئۆزى ناھايىتى ئاقكۆڭۈل ۋە ياۋاش بولغاچقا، ئاقسۇ پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىدىن يۇقىرى ۋەزىپىگە قويۇلۇپ باقمىغان). شۇنداق بولغاچقا، ئەركىن سىدىق بالىلىق دەۋرىدە دادىسى بىلەن ئاساسەن بىرگە بولالمىغان. ئۇنىڭ ئېسىدە قالغىنى ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە دادىسى ئۆيىگە

قايتىپ كەلگەندە بېيجىڭدىن ئالغاچ كەلگەن ئانچە ـ مۇنچە ئويۇنچۇقلاردىنلا ئىبارەت. ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپىسى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان بىر ئايال بولۇپ، 1960 ـ يىلىدىن 64 ـ يىلىغىچە ئاقسۇ تاشقى سودا شىركىتىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن 66 ـ يىلىغىچە ئاقسۇ كەمپۇت زاۋۇتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا باللارنى پاتەمخاننىڭ ئاپىسى مەرەمخان ئوسمان بېقىپ بەرگەن. مەرەمخان، ئۇنىڭ ئېرى ئەرشىدىن ئېزىز، ۋە قالغان 4 قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسى دىنى ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك، كۆڭگە 5 ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئەركىن سىدىققا باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇلارنىڭ دىنىي ئەخلاق تەربىيىسى كۈچلۈك دەرىجىدە سىڭگەن. مەرەمخان ئىنتايىن ساپ دىل، ئاقكۆڭۈل، قورسىقى كەڭ، ئەستايىدىل، ھەممە ئىشتا سالماق، ئېسىل سۈپەت ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ «مۇنداق ـ مۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ؛ مۇنداق ـ مۇنداق قىلساڭ ساۋاپ بولىدۇ» دېگەن تەربىيىلىرى ئەركىن سىدىقنىڭ يادىدا ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. 1980 ـ يىلى 27 ـ يانۋاردا ۋاپات بولغان مەرھۇم مەرەمخان ئوسمان ئەركىن سىدىقنىڭ قەلبىدە ھېلىھەم ئۇ ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان، بۇ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ھەقىقىي مۇسۇلمان سۈپىتىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ موللام تاغىسى (دادىسىنىڭ ئىنىسى) سادىق مەمەت بىلەن ئۇزۇندىن بېرى «يەر شارىنىڭ شەكلى يۇمىلاق» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىپ كەلگەن بولۇپ، تاغىسىنىڭ ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئۇنى ھازىرغىچە قايىل قىلىپ بولالمىغان.

1960 ـ يىللىرى ئۇيغۇر دىيارىدا ئاشلىق مەھسۇلاتى ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتقان يىللار ئىدى. لېكىن، 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكىلىق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئالدىغا ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگونى بۇرۇن بېرىلگەن قەرزلەرنى تۆلەشكە قىستىدى. ئاشۇ قەرزلەرنى تۆلەش ئۈچۈن، ئۇيغۇر دىيارىدىن چىققان ئاشلىقلارنىڭ زور قىسمىمۇ ئېلىپ كېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى خېلى ئۇزۇنغىچە ئاچارچىلىق ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولدى. ئاشۇ يىللارنىڭ بىرىدە، ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسىدە ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەن كىشىنىڭ سانى نەچچە ئون مىڭدىن ئاشقان. شۇ مەزگىلدە پۈتۈن جۇڭگودا ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 30 مىليوندىن 60 مىليونغىچە، دەپ مۆلچەرلەنمەكتە.

ئەركىن سىدىقنىڭ باللىق دەۋرى مانا شۇ ئاچارچىلىق كۈنلىرىگە توغرا

كەلگەن. يىللاپ ـ يىللاپ گۆش كۆرمەسلىكقۇ بىر تەرەپتە تۇرسۇن، قورساق تويغىچە يەيدىغانغا قوناق نېنىمۇ بولمىغان. ئاشلىق پۇتۇنلەي نورمىلىق بولۇپ، ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ يېشىغا قاراپ ئاشلىق بېرىلگەن. چوڭ ئاپىسى بەزىدە ئارالغا كەتكەندە، كۇندۇزلىرى ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن بىرگە ئۆيدە ئۆزلىرى يالغۇز تۇرغان. ئاپىسى ئۇلارغا چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بىردىن توقاچ تەييارلاپ قويغان. چۈش بولغۇچە قورسقى ئېچىپ كېتىپ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت (بۇ يازمىدا پۈتۈنلەي شىنجاڭ ۋاقتى ئىشلىتىلدۇ) 10 دىن باشلاپلا ئەركىن سىدىق ئاكىسىدىن ھېلىقى توقاچنى يېيىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان. ئاكىسى«تېخى چۈش بولمىدى، سەل ساقلاپ تۇرايلى» دېسە، ئۇ «مەن بېرىپ سائەتكە قاراپ باقاي» دەپ، ئىدارىنىڭ بىناسىغا ئېسقلىق بىر تام سائىتىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، سائەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىسترىلكىلىرىنىڭ ئورنىنى كۆرۈۋېلىپ، يەنە يۈگۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، «ئاكا، سائەتنىڭ چوڭ تىلى مانچىگە، كىچىك تىلى مانچىگە كەپتۇ. توقاچنى ئەمدى يېسەك بولامدۇ؟» دەپ سورايتتى. بۇ يىللاردا، ئەركىن سىدىق بەزى ۋاقىتلارنى ئارالغا بېرىپ، چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ يېزىلىرىدىكى تاماق «كوللېكتىپ تامىقى» بولۇپ، ھەر بىر ئەترەت (ھازىرقى بىر كەنتكە توغرا كېلىدۇ) تىكى دېھقانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۈچ ۋاق تاماقنى بىرگە ئېتىپ، بىرگە يېگەن. دېھقانلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە سائەت 5 ـ 6 لەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر-ئىككى سائەت «دولقۇن» غا چىقاتتى (شۇ چاغدىكى ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇنقى ئەمگەك «دولقۇن» دەپ ئاتىلاتتى). دولقۇندىن قايتىپ كېلىپ، ئاندىن ئەتىگەنلىك تاماقنى يەيتتى. ئەركىن سىدىق ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاشۇ ئەتىگەنلىك تاماقنى يېيىش ئۈچۈن كوللېكتىپ «ئاشخانىسى» غا باراتتى. بۇ يەردىكى «ئاشخانا» دېگىنىمىز، سىرتقى دالىدىكى بىر بوش ئورۇننى ئۇيۇپ، ئۇ يەرگە بىر داش قازاننى ئېسىپ ئاش ئېتىدىغان ئورۇننى كۆرسىتەتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئېسىدە قالغان، ئاشۇ ۋاقىتتا كوللېكتىپ ئاشخانىغا بېرىپ يېگەن ئەتىگەنلىك تاماق قوناق ئۇننى سۇغا چېلىپ ئەتكەن ئۇماچتىنلا ئىبارەتتۇر. شۇ مەزگىلدە، ئەتىگەنلىكى بىرەر دېھقاننىڭ ئۆيىنىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىپ قالسا، ئەترەت كادىرلىرى ئۇ ئۆيگە تۇيۇقسىز بېرىپ تەكشۈرەتتى. ئۆز ئۆيىدە بىرەر ۋاق ئايرىم تاماق ئېتىۋاتقان دېھقاننى تۇتۇۋالسا، ئۇنىڭغا ئېغىر جەرىمانە قويۇپ، ياكى ئۇنى «سىنىپىي دۈشمەن» قاتارىدا كۈرەشكە تارتىپ، قاتتىق

جازالايتتى. شۇڭا ھېچ كىم ئۆز ئۆيىدە ئايرىم قازان ئېسىشقا پېتىنالمايتتى.

ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى ئىشلەيدىغان مەكتەپنىڭ ئالدىدا ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان «سۈزۈك ئۆستەڭ» دېگەن كىچىك بىر ئۆستەڭدىن كېلىدىغان بىر سۇ ئېرىقى بار ئىدى (بۇ ئۆستەڭ ھازىر ئاقسۇ شەھىرىدە يوق بولۇپ، كەلگۈسى بەش يىللىق شەھەر قۇرۇلۇش تەرەققىيات پىلانىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانغا ئېلىنىدى — مۇھەررىردىن). ئەينى ۋاقىتتا تېخى سۇ قۇدۇقى مەيدانغا كەلمىگەن بولۇپ، بۇ مەكتەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچەتتى. ئېھتىمال ئەركىن سىدىق 4 ياشقا، ئاكىسى 6 ياشقا كىرگەن ۋاقىتلار بولسا كېرەك، ئاپىسى ئىشتىن قايتىپ كەلگۈچە بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى بىر كىچىك قەلەي چەينەكنىڭ تۇتقۇچىغا بىر ياغاچنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇ ياغاچنىڭ بىر تەرىپىنى ئۆزى، يەنە بىر تەرىپىنى ئاكىسى كۆتۈرۈپ، ئېرىقتىن ئۆيگە سۇ توشۇپ، ئۆيدىكى چېلەكنى سۇ بىلەن تولدۇرغان. بىر چېلەكنى تولدۇرغىچە، 10 قېتىمدەك سەپەر قىلىشقا توغرا كەلگەن. مانا بۇ ئەركىن سىدىقنىڭ ئېسىدە قالغان، باللىق دەۋرىدە ئائىلىسىگە ياردەم قىلىش يۈزىسىدىن قىلغان ئۆي ئىشلىرىنىڭ بىرسىدۇر.

رەسىمدە: ئەركىن سىدىقنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۆزىدىن باشقا كىشىلەر: دادىسى، ئاپىسى، ئاكىسى، 2 ئىنىسى، 2 سىڭلىسى، ئاكىسىنىڭ خانىمى ۋە قىزى. بۇ رەسىم 1985 ـ 1988 ـ يىللىرى ئەركىن سىدىق ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تارتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆزى كىرەلمەي قالغان.



تۆۋەنكى رەسىمدە: ئەركىن سىدىقنىڭ دادا تەرىپىدىكى تۇققانلىرى. رەسىمنىڭ 2 ـ قۇرى، ئەركىن سىدىقنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە تۇرغانلار يېقىندىن يىراققا قاراپ ماڭغاندا ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسىنىڭ سىڭلىسى رىزۋانىخان، دادىسىنىڭ ئىنىسى سادىق مەمەت ھاجى، ۋە دادىسىنىڭ ھەدىسى ھاۋانىخانلار. بۇ قېتىم ئەركىن سىدىقنىڭ ئۇلار بىلەن 15 يىلدىن كېيىنكى تۇنجى كۆرۈشۈشى بولۇپ، بۇ رەسىم 2006 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىر كۈنى تارتىلغان.



تۆۋەنكى رەسىمدە: ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپا تەرىپىدىكى بىر قىسىم تۇققانلىرى. 2 ـ قۇردىكى ئەركىن سىدىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان 6 كىشى بىلەن 1 ـ قۇردىكى چېچىغا بىر ئاز ئاق كىرىپ قالغان ئەر بولۇپ بۇ 7 كىشىنىڭ ھەممىسى ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ ئاپىسىنىڭ ئىنىسى مەتنىياز قارىمنىڭ باللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 4 كىشى ياش جەھەتتە ئەركىن سىدىقتىن كىچىك. ئەركىن سىدىق ئەينى ۋاقىتتا ئارالدىكى نۇرغۇن ۋاقتىنى ئاشۇ تۇققانلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن. ھاۋارەڭ ياغلىق ئارتىۋالغان بۇخەلچەم ھەدىسى ئەركىن سىدىقنىڭ 1980 ـ يىلى 27 ـ يانىۋاردا ۋاپات بولغان چوڭ ئاپىسىغا ئىنتايىن ئوخشايدۇ. بۇ رەسىممۇ 2006 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىر كۈنى تارتىلغان.



تۆۋەنكى رەسىمدە: ئەركىن سىدىق 2006-يىلى 30-ئاۋغۇست كۆنى ئايرىلغىلى 15 يىل بولغان يۇرتى ئاقسۇغا بارغاندا ئاپىسى، تاغىسى، قېرىنداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە چۈشكەن رەسىمى. رەسىمدىكى كىشىلەر ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپىسى، ئاپىسىنىڭ ئىنىسى (ئوتتۇرىدىكى ساقاللىق كىشى، ئىسمى ئابدۇشۈكۈر ئەرشىدىن)، ئاكىسى ئابلەت ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، چوڭ ئىنىسى ئىلھام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، چوڭ سىڭلىسى چىمەنگۈل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، ۋە كىچىك سىڭلىسى باھارگۈل قاتارلىقلار. ئەركىن سىدىقنىڭ كىچىك ئىنىسى ئۆمەر ھازىر ئامېرىكىدا بولۇپ، بۇ رەسىمگە كىرمەي قالغان.



## 3. باشلانغۇچ مەكتەپ

ئەركىن سىدىق 1965-يىلى كۆزدە ئۆيگە 2 كىلومېتىر كېلىدىغان، ئاقسۇ ھەربىي رايونى (军分区) باش قوماندانلىق ئىدارىسىنىڭ ئۈتتۇرىسىدىكى 4-باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەكتەپ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ بار، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ بار، ئەمما ئىككى خىل تىلدىكى سىنىپلار ئايرىم-ئايرىم ئوقۇيدىغان بىر مەكتەپ ئىدى (بۇ مەكتەپ ھازىر تولۇق خەنزۇ مەكتەپ قىلىندى ـــ مۇھەررىردىن). ئۇ ۋاقىتلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن پۈتۈن جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، كىشىلەر ئىنتايىن كەمبەغەل ۋە قىيىن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دەۋرلەر ئىدى. مەكتەپتە ئىشلىتىدىغان قەغەزنىڭ رەڭگى قارامتۇل بولۇپ، پىچاق بىلەن ئۇچلاپ ئىشلىتىدىغان قارا قەلەمدە خەت يازسا، قەلەم سىياسىنىڭ رەڭگى قەغەزدىن بىر ئازلا قارىراق بولۇپ، خەتنى ئاران تەسلىكتە ئوقۇغىلى بولاتتى. قەغەزنىڭ سۈپىتىمۇ ئىنتايىن ناچار بولۇپ، خۇددى سامانىنى قاتتىق سىقىپ قەغەز قىلغاندەك، قەغەزنىڭ قېتىدىكى قىسىلغان ياغاچ ئۇۋاقلىرى كۆرۈنۈپلا

تۇراتتى. ئەركىن سىدىق مەكتەپ بىلەن ئۆي ئارىلىقىدا كېتىۋاتقانىدا، يولنىڭ بويىدا ياكى ئەخلەت دۆۋىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالىقاندەك بىرەر پارچە قەغەز كۆرۈپ قالسا، ئۇنى تېرىۋېلىپ، «بۇنىڭدا ھېساب ئىشلەيمەن» دەپ يانچۇقىغا سېلىۋاتاتتى. پەقەت بىرلا قەلىمى ۋە بىرلا ئۆچۈرگۈچى بار بولۇپ، ھەر بىر قەلەمنى تاكى ئۇزۇنلۇقى 1 سانتىمېتىردەك قېلىپ، بارماق بىلەن تۇتقىلى بولماي قالغان ۋاقىتقىچە ئىشلىتەتتى.

ئەركىن سىدىق 1 ـ سىنىپقا كىرگەن كۈندىن باشلاپلا ئوقۇشقا ئىنتايىن قىزىقتى. مەكتەپكە بەك ئامراق ۋە ۋاقىتقا بولغان كۆز قارىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ئەتىگىنى ھەرگىز بىرەرسىنىڭ ئۇنى ئويغىتىپ قويۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مەكتەپكە باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن بالدۇر كېلەتتى. مەكتەپنىڭ ھەممە تەييارلىقلىرىنى ئۆزى قىلىپ، مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ تاپشۇرۇقلارنى بىرنىمۇ قويماي ئۆزى ئىشلەپ تۈگىتەتتى. سىنىپ ئىچىدىمۇ ئىنتايىن ئاكتىپ بولۇپ، مۇئەللىم سوئال سورىغاندا داۋاملىق 1 ـ بولۇپ قول كۆتۈرەتتى. مۇئەللىم پات ـ پات «ئەركىندىن باشقا كىم جاۋاب بېرىپ باقىدۇ؟» دەپ سورايتتى. ئەركىن سىدىق 1 ـ سىنىپتا ئوقۇپ، ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىدىن ساۋاتىنى چىقىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، دادىسىدىن ئۇيغۇر ئەرەبچە يېزىقى (UEY) نى ئۆگەندى. ئۇ دادىسى تېپىپ بەرگەن UEY ئېلىپبە جەدۋىلىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا UEY نى ئۆگىنىپ، تاكى ئۇنى تولۇق ئۆگىنىپ بولمىغۇچە تالاغا ئوينىغىلىمۇ چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ 2 ـ 3 كۈن ئىچىدىلا بۇ ئېلىپبەنى پۈتۈنلەي ئۆگىنىپ UEY نى يازالايدىغان بولدى. ئارىلىقتىن بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسىدىن سلاۋيان يېزىقىنىمۇ ئۆگىنىۋېلىپ، شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن بەزى سلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇپ يۈردى.

60 ـ يىللاردا ئاشلىق شەھەردىكىلەر ئۈچۈن نورمىلىق بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىگە ھەر ئايدا ئۇلارنىڭ جان سانىغا ۋە ھەر بىر ئادەمنىڭ يېشىغا قاراپ ئاشلىق بېرەتتى. مەسىلەن: ئەگەر سىز 15 ياش بولسىڭىز، سىزگە ھەر ئايدا 15 جىڭ ئاشلىق بېرەتتى. ئەگەر 16 ياش بولسىڭىز سىزگە 16 جىڭ ئاشلىق بېرەتتى. كۆپرەك ئاشلىققا ئېرىشىۋېلىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ نوپۇستىكى ياش سانىنى بىر قانچە ياش يۇقۇرىلىتىۋالاتتى. شۇ سەۋەبتىن ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى يېشى 40 ـ 50 لەردىن ئاشقان كىشىلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ باقسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نوپۇستىكى

يېشى ئەسلىدىكى توغرا يېشىدىن بىر قانچە ياش يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە يېزىدىن كېلىدىغان تۇغقانلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئايلىق ئاشلىق نورمىسىنى ئايدىن ئايغا يەتكۈزۈش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. نورمىنى ئايدىن-ئايغا ئۇلاش ئۈچۈن، ئاشلىقنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېجىمىسە بولمايتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىق ئۆيىدىكى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش تاماقنى ئاز يەپ، داۋاملىق قورسىقى ئاچ يۈرەتتى. شۇ چاغدا باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرىدا بىر-بىرىدىن نان قەرز ئالىدىغان ئىش ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇن بىرسىنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتسە، يەنە بىرسىدىن نان قەرز ئېلىپ يەپ تۇراتتى. نان قەرز ئالغاندا ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇنداق 3 خىل ئۆلچەم ئىشلىتىلەتتى: 1) سۈزگۈچ: ئالقىنىڭىزنى ئېچىپ، ئوشتۇلغان ناننى ئالقىنىڭىزنىڭ 4 بارماق قىسمىغىلا قويىسىڭىز بۇ «سۈزگۈچ» نان بولىدۇ (تۆت بارماقنى جۈپلىگەن ۋاقىتتىكى شەكلى بىر سۈزگۈچكە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىسىم قويۇلۇپ قالغان). 2) قولتۇق: ناننى 4 بارمىقىڭىزنىڭ ئۇچىدىن باش بارمىقىڭىز بار يەرگىچە قويىسىز. 3) ئالقان: ناننى پۈتۈن ئالقىنىڭىزغا توشقۇزىسىز. مۇشۇنداق نان قەرز ئېلىش ۋە قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىدا، ئۇشتقان ناننىڭ شەكلى ئالقانغا توغرا كەلمەي، ئالقاننىڭ بىرەر بۇرجەكلىرى بوش قالسا، ناننى يەنە ئۇششاق پارچىلارغا ئۇشتۇپ، ھەممە بوش قالغان يەرلەرنى تولدۇرۇپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئەركىن سىدىقمۇ قالغانلارغا ئوخشاش مانا مۇشۇنداق نان قەرزى ئېلىم-بېرىمىنى كۆپ قىلدى. ئۇنىڭ ئوقۇشى سىنىپ بويىچە ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، ساۋاقداشلىرىغا داۋاملىق ئۆگىنىشتە ياردەم قىلىدىغان بولغاچقا، ساۋاقداشلىرى بەزىدە ئۇنىڭ نان قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتەتتى. «ناننى دەسسىسەڭ، يامان بولىدۇ» —— بۇ چوڭ ئاپىسى ئەركىن سىدىققا بەرگەن تەلىمنىڭ بىرسىدۇر. ئەركىن سىدىق دېھقان تۇغقانلىرىنىڭ ئېشەك، كالا ياكى ئات سۆرەيدىغان يارىيار ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ بىر يەرگە ماڭغاندا، ھارۋا ھەيدىگەچ نان يەپ كېتىۋاتقان تۇغقىنىنىڭ يەرگە بىر كىچىك پارچە نان چۈشۈپ كەتسە ھارۋىنى توختىتىپ ۋە ئۇنىڭدىن چۈشۈپ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نان پارچىسىنى توپا ئارىسىدىن تېپىپ، ئۇنى پۈۋلىۋېتىپ ئاغزىغا سالغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن ئىدى. بۇنىڭغا ئۇ ئازراقمۇ ئەجەپلەنمەيتتى. كېيىنچە ئۇ قوناق تېرىش، بۇغداي تېرىش ۋە شال تېرىش جەريانىنى ئۆز بېشىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ باققاندىن كېيىن، چوڭ ئاپىسىنىڭ

«نانىنى دەسسەسەڭ، يامان بولىدۇ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ يۇقىرىقى كۆنلەر ئەركىن سىدىقنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمىدى. ھازىر ئۇ ئامېرىكىدەك دۇنيادىكى ئاشلىققا ئەڭ باي بىر دۆلەتتە ياشاۋېتىپمۇ، ئۆزى ئاشنى ئىسراپ قىلىشقۇ ئۇ ياقتا تۇرسۇن، باشقىلارنىڭ شۇنداق قىلغىنىنى كۆرسىمۇ ئۇ زادىلا چىدىيالماي قالىدۇ. باشقىلارنىڭ ساپمۇ ـ ساق يېمەكلىكنى تاشلىۋەتكىنىنى كۆرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ يادىغا دەرھاللا ئۇيغۇر دېھقانلىرى كېلىدۇ. «ئەگەر بۇ تاماق ئاشۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا بېرىلگەن بولسا، ئۇلار قانچىلىك خوش بولۇپ كېتەر ئىدى، ھە؟» دەپ ئويلايدۇ.

ئەركىن سىدىق باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ئاشۇ مەزگىللەردە، ئوقۇغۇچىلار ئەتىگىنى مەكتەپكە بېرىپ، سىنىپقا كىرىش قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغاندا، ھەممە ئوقۇغۇچىلار سىنىپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تىزىلاتتى. سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن سىنىپ بويىچە ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، «دېڭىزدا پاراخوت رولچىغا تايىنىدۇ. جۇڭگو خەلقى ماۋ جۇشىغا تايىنىدۇ» دېگەن ناخشىنى ئوقۇيتتى. ئاندىن دوسكىنىڭ ئۈستىدىكى ماۋ زېدۇڭنىڭ رەسىمىگە 3 قېتىم تەزىم قىلاتتى. دەرسنى ئۇنىڭدىن كېيىن ئاندىن باشلايتتى. بىرەر ئوقۇغۇچى دەرسكە كېچىكىپ قالسا، سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ رەسىمىگە قاراپ تۇرۇپ دوكلات قىلاتتى: «قەدىرلىك ماۋ جۇشى: مەن بۈگۈن ئۆيدە ئاش ۋاقتىدا پىشماي ئازراق كېچىكىپ قالدىم. مەن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن. سىزگە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بېرىمەن.» ئوقۇتقۇچى شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلاتتى. ئۈچىنچى سىنىپلارغا چىققاندا بولسا كېرەك. مەكتەپتىن ھەممە ئوقۇغۇچىلاردىن ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»، «يۇ گوڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى» ۋە «بېتيۇننى خاتىرىلەيمىز» دېگەن 3 ئەسىرىنى يادلىشى تەلەپ قىلىندى. ئەركىن سىدىقنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇش ۋاقتىنىڭ نۇرغۇن قىسمى مانا مۇشۇنداق ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە يادلاش بىلەن ئۆتكەن ئىدى.

ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار قاتنىشىدىغان ئەمگەكلەرمۇ بەك كۆپ ئىدى. ھەر يىلى قىشتا ئوغۇت يىغىش پائالىيىتى بولىدىغان بولۇپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا «مەكتەپكە ھەر ھەپتىدە 100 كىلوگرام ئوغۇت تاپشۇرۇش» دېگەندەك ۋەزىپە

قويۇلاتتى. ئۇ دەۋردە ھەر ھەپتىدىكى دەم ئېلىش كۈنى پەقەت بىر كۈن، يەنى يەكشەنبە كۈنى بولۇپ، قىش كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلار بۇ دەم ئېلىش كۈنىنى شۇ ئوغۇت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. ھەممە مەكتەپلەر بۇ پائالىيەتنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، قىش كۈنلىرى ئوغۇت تېپىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ كېتەتتى. ئاقسۇ شەھىرىدە ھەر يەكشەنبە كۈنى چوڭ بازار بولىدىغان بولۇپ، بۇ كۈنى شەھەرگە دېھقانلارنىڭ هارۋا ـ چارۋىلىرى ئىنتايىن كۆپ كېلەتتى. لېكىن ئوغۇت تېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، يوللاردا ۋە هارۋىنى توختىتىپ قويغان جايلاردا پەقەت ئوغۇت تاپقىلى بولمايتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىق بىر سېۋەت بىلەن بىر كىچىك گۈرجەكنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كېتىپ بارغان ئېشەك، كالا ياكى ئات هارۋىلىرىنىڭ كەينىدىن ئاشۇ هايۋانلار تېزەكلەپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە نەچچە 100 مېتىر ماڭغان ۋاقىتلىرى كۆپ بولغان. ئەگەر بىرەر ئۇلاق تېزەكلەپ قالسا 2 ـ 3 بالىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۇلاقنىڭ تېزىكىنى تالىشىپ، ئۇلاقنىڭ تېزەكلىرىنى پارە ـ پارە قىلىۋېتەتتى. بۇ ئارقىلىق ۋەزىپىسىنى يەنىلا ئورۇندىيالمىغان ئوقۇغۇچىلار يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، شەھەر ئىچىگە ۋە ئىدارىلەرگە ياسالغان ئاستى ئوچۇق هاجەتخانىلارنىڭ ئاستىدىكى توڭلاپ قالغان ئادەم تەرەتلىرىنى ئوغرىلايتتى. شۇڭا بەزى ئىدارىلەر باشقىلار ئوغرىلاپ كەتمىسۇن، دەپ هاجەتخانىلىرىنى تۆمۈر تورلار بىلەن توسۇپ، ئۇنىڭغا قۇلۇپ سېلىپ قويغان ئىشلارمۇ بولغان ئىدى. ئىنسان ۋە هايۋانلارنىڭ پوق ـ سۈيدۈكى مۇشۇ دەرىجىدە مۇھىم بولۇپ كېتىپ، ئۇنى قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ قوغدايدىغان هادىسە ئېهتىمال باشقا هېچ قانداق تارىخي دەۋردە، دۇنيانىڭ باشقا هېچ قانداق جايلىرىدا بولۇپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن (ئۇ مەزگىللەردە بارلىق مەكتەپ ۋە ئىدارىلەرنىڭ دېهقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېهقانچىلىق مەيدانلىرى بولغاچقا ئوغۇت يىغىش ۋەزىپىسى قويۇلاتتى. ـــ مۇھەررىردىن). ئوغۇت تېرىش ۋەزىپىسىدىن باشقا، ئۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئىچىنى سۈپۈرۈش، مەكتەپ ئىچى ۋە كوچىلاردا قار تازىلاش، ياز كۈنلىرى ئورۇلۇپ يىغىلىپ بولغان بۇغداي ئېتىزلىقلىرىغا بېرىپ باشاق تېرىش (يەنى، دېهقانلار ئورۇپ يىغىپ بولغان ئېتىزلىقلاردا چۈشۈپ قالغان بۇغداي باشلىرىنى تېرىشنى دېمەكچى) قاتارلىق ئەمگەكلەرنىمۇ كۆپ قىلاتتى.

1965 ـ 1970 ـ يىللىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن شەھەردىكى

كىشىلەر 2 گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ خىل بۆلۈنۈشنىڭ سەۋەبى ھەر خىل ھەر رەڭدە بولۇپ، قېتىم سانىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بىر قېتىملىق بۆلۈنۈشتە، بىر گۇرۇھ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىغا بىرىنچى قول باشلىق بولغان ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدىغۇچىلار بولسا، يەنە بىر گۇرۇھ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار ئىدى. بىر قېتىم ئاقسۇ شەھىرىدە مۇشۇ 2 گۇرۇھ كىشىلەر ئارىسىدا قاتتىق سوقۇش بولدى. بىر تەرەپ قولىغا نەيزە، كالتەكلەرنى ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپ ئېگىلىۋالغان يەرگە بېسىپ بېرىپ، تاپقانلا ئادەملەرنى ئۇراتتى. بۇ قوشۇن ئەركىن سىدىقنىڭ ئائىلىسى تۇرىدىغان مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاقسۇ گېزىتخانىسىدىكى كىشىلەر بىلەن سوقۇشقاندا، ئەركىن سىدىق بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى ئىككىيلەن پۈتۈن جەرياننى باشتىن-ئاخىر كۆرگەن ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتلاردا نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق سوقۇشۇشنىڭ نەتىجىسىدە ئۆلۈپ كەتتى. مۇشۇنداق ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ بىرسى ئەركىن سىدىقنىڭ خانىمى ئامانگۈلنىڭ چوڭ ئاكىسى ئېزىز ئەيسادۇر. 1968-يىلى 11-يانۋار كۈنى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپكە دەرس ئوقۇشقا كەتكەن 17 يېرىم ياشلىق ئېزىز ئەيسا، مەكتەپكە يېقىن بارغاندا يولغا تاشلانغان بىر قول بومبىسىنىڭ پارتلىشى بىلەن قازا تېپىپ، كەچتە ئۇنىڭ جەسىتى ئۆيگە قايتۇرۇلۇپ كېلىندى. (بۇ ۋەقە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشلەنگەن «مەرىپەت بۇلىقى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن —— مۇھەررىردىن) ئۇ چاغدا ئامانگۈل تېخى 9 ياش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئامانگۈلنىڭ ئاپىسى 2 يىل ئېسىنى يوقۇتۇپ، كېسەل بولۇپ، ئۆلۈپ كەتكىلىمۇ تاس قالدى. بۇ بالىسىنىڭ دەردىنى ئامانگۈلنىڭ ئاپىسى تاكى 2005 -يىلى 1-دېكابىردا ئالەمدىن ئۆتكىچە ئىزچىل تۈردە تارتىپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئامانگۈلنىڭ ئاكىسى ئوينىغان بىر ۋاسكېتبول ئامانگۈلنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئامانگۈل بىلەن ئەركىن سىدىق باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپنى ئوخشاش مەكتەپ ۋە ئوخشاش ۋاقىتتا ئوقۇغان بولسىمۇ، ئامانگۈلنىڭ ئوقۇغىنى خەنزۇچە تىل سىستېمىسى بولغاچقا، ئۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنىڭ يېرىمىغىچە بىر-بىرى بىلەن تونۇشمىغان. لېكىن يۇقىرىقى ۋەقە ئەركىن سىدىقنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن بىر ئىش بولغاچقا، ئۇ ۋەقە بۇ يەرگە قىستۇرۇلۇپ قويۇلدى.

ئەركىن سىدىق بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپلا ئائىلە ھايۋانلىرىغا ئىنتايىن

ئامراق بولۇپ، ئۇلارغا ئىنتايىن كۆيۈنەتتى، ھەممە ئۇلارنى خۇددى ئادەمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايتتى. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپتە باققىنى بىر جۈپ ئۆي توشقىنىنىڭ بالىسى بولدى. ھويلىسىدىكى يەرنى كولاپ، بىر ئۇۋا ياساپ، توشقانلىرىنى كېچىسى شۇ ئۇۋىسىدا ساقلايتتى. كۈندۈزلىرى بولسا ھويلىسىنىڭ ئىچىگە قويۇپ بېرەتتى. ئەركىن سىدىق ئىككى توشقانىنىڭ ھويلا ئىچىدە يۈگۈرۈپ ئويناپ، بەزىدە سەكرىگەندە يەرگە يانپىشىچە چۈشكىنىدىن قاتتىق ھۇزۇرلىنىپ، خوش بولۇپ كېتەتتى. بۇ توشقانلار چوڭ بولۇپ، بىر كۈنى ئەركىن سىدىق چىشى توشقانىنىڭ ئاغزىغا قۇرۇق ئوتلارنى يىغىپ، ئۇۋىسىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆردى. لېكىن نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغىنىنى بىلمىدى. ئۇنىڭدىن 20 كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى ئەركىن سىدىق توشقاننى ئۇۋىسىغا سولاپ، ئوت بېرەي دەپ قارىغىنىدا، 6 ـ 7 دانە رەڭگارەڭ توشقان باللىرىنى كۆردى. ئۇ ھەم خۇشال بولۇپ، ھەم ھاياجانلىنىپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كىرىپ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئۆيىدىكى ھەممەيلەنگە يەتكۈزدى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئاكىسى بىلەن بۇ توشقاننى بېقىشىدىكى مەقسىتى ئۇلارنى چوڭ قىلىپ سېتىش ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى بىر قانچە يىل داۋاملاشتۇردى. بىر قېتىم ئەركىن سىدىق بىر دەرەخكە چىقىپ، ئۇنىڭدىكى بىر قۇشقاچ ئۇۋىسىدىن تۇخۇمدىن چىققىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، تېخى تۈكلىرىمۇ ئۆسمىگەن بىر قۇشقاچ بالىسىنى ئېلىپ چۈشتى. ھەممە يەرنى كولاپ سازاڭ قۇرۇتى تېپىپ، بۇ قۇشقاچ بالىسىنى كۈنىگە ئۈچ ۋاق قۇرۇت بېرىپ باقتى. تېخى كۆزى ئېچىلمىغان بۇ قۇشقاچ يېمەكلىكنى ئۆزى يېيەلمەيتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن بىرلىشىپ، بىرسى قۇشقاچنىڭ تۇمشۇقىنى ئىككى قولى بىلەن ئېچىپ بەرسە، يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئېغىزىغا يەم سالاتتى. ياكى قوشۇق بىلەن سۇ قۇياتتى. ئاشۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇ قۇشقاچنى ئولتۇرۇپ قويماي بېقىپ چوڭ قىلدى. بۇ قۇشقاچ ئۇچۇرۇم بولغاندا، ئۇ ئۇچۇپ بەزىدە دەرەخكە قونۇپ، بەزىدە ئەركىن سىدىقنىڭ مۈرىسىگە قونۇپ يۈردى. بۇ ئىش ئەركىن سىدىق ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق ئەكەلدى. ئەركىن سىدىق ئۈچۈن بۇ ئۇنىڭ باللىق دەۋرىدىكى بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن تۇمۇچۇق ۋە جىڭسىر دەپ ئاتىلىدىغان، ئۆزى ئىنتايىن چىرايلىق ۋە بەك گۈزەل سايراپ بېرىدىغان قۇشقاچلارنىمۇ باقتى. ئۇلارنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، بۇ قۇشقاچلارنى بېقىش ئۈچۈن ئۇلار قۇرۇلۇش ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن سىم تېرىپ كېلىپ،

ئۆزلىرى سىم قەپەس ياسىدى. ئۇلار بىر تۇمۇچۇقنى 2 يىلدەك باققان بولۇپ، بۇ تۇمۇچۇق خۇددى ئىگىسىنىڭ «ياخشىلىقى»نى قايتۇرىۋاتقاندەك، ھەر كۈنى ئۆيدىكىلەر چۈشلۈك تاماققا يىغىلغاندا، بىر سائەتتەك توختىماي ئىنتايىن چىرايلىق سايراپ بېرەتتى. بىر كۈنى ئەركىن سىدىق مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ قارىسا، تۇمۇچۇق قەپىسى بىلەن ئۆيدە يوق. شۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئىدارىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن سۈرۈشتە قىلدى. بىر كىشى ئۇ قۇشقاچنى قەپىسى بىلەن ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرىدىغان، ئىدارىنىڭ سىرتىدىكى بىرسى ئوغرىلىغانلىقىنى، ھەمدە تۇمۇچۇقنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئۆگزىسىگە تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ، قۇشقىچىنىڭ ئۆلۈكىنى تاپقاندا، ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. لېكىن ئۇ قوشنىسى بىر ھېچ قانداق مەكتەپ كۆرمىگەن، قارا خىزمەتلەرنى قىلىپ جان باقىدىغان ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، داۋاملىق ئوغرىلىق ۋە باشقا ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان بىرسى بولۇپ، قەپەسنى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىغىنىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. بۇ ئىشنى ھەر قېتىم ئويلىغىنىدا، ئەركىن سىدىقنىڭ كۆڭلى ھازىرمۇ غەش بولىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن مەخسۇس ئاشۇنداق قۇشقاچ تۇتىدىغان قەپەس ياساپ، تۇمۇچۇق ۋە جىڭسىر تۇتۇپ، 10 دەك قۇشقاچنى باشقىلارغا سېتىپ بەرگەن ئىدى. ئازراق پۇل تېپىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە ئەخلەت دۆۋىلىرى ئىچىدىن تۆمۈر، سۆڭەك، ئاليۇمىن، سوپۇن قۇتىسى قاتارلىقلارنى يىغىپ ساتاتتى. دۆڭ تۆپىسىدىكى (ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمى باشقا قىسىملىرىدىن ئېگىز بولغاچقا شەرقىي قىسمىدىكى بۇ شەھەر رايونى دۆڭ تۆپىسى دەپ ئاتىلىدۇ —— مۇھەررىردىن) ھەربىيلەر ئوق ۋە بومبا ئېتىپ، ھەربىي مەشىق قىلغان يەرگە بېرىپ، مەشىق تۈگىگەندە ئۇ يەردىنمۇ تۆمۈر تېرەتتى.

ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، قىش كىرىشتىن بۇرۇن ھەممە ئۆيلەر بىر قانچە توننا كۆمۈر ئېلىپ، قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلاتتى. قاتتىق كۆمۈر قىممەت بولغاچقا، نۇرغۇن ئائىلىلەر توپا كۆمۈر سېتىۋېلىپ، ئۇنى لاي ئېتىپ، ياكى زۇۋۇلا تۇتاتتى، ياكى كۆمۈر كېسەك قۇيۇپ قۇرىتاتتى. ھەممە ھەر يىلى گەمە كولاپ، قىش كىرىشتىن بۇرۇن بەسەي، ياڭيۇ، سەۋزە قاتارلىق كۆكتاتلارنى جىق ئېلىپ، ئاشۇ گەمىگە سېلىۋالاتتى. چىقىمنى

ئازايتىش ئۈچۈن ئەركىن سىدىق قىش كۈنلىرى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆيى تۇرۇشلۇق مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىسسىنىپ بولۇپ تۆكۈۋەتكەن ئوچاق كۈلىنى تاسقاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تېخى تولۇق كۆيۈپ بولالمىغان كۆمۈر داشقاللىرىنى يىغاتتى. (ئوقۇغۇچىلار ئىشلىتىدىغىنى ئەڭ يۇقىرى سۈپەتلىك قاتتىق كۆمۈر بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالغان داشقاللارمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆيەتتى). قىش كۈنى تونۇرنى قىزدۇرۇپ نان يېقىش ياكى ئۆيدە باققان قويغا يەم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن ھەر يىلى كۈزدە نەچچە ئاي غازاڭ سۈپۈرۈپ، غازاڭ يىغاتتى. قاتتىق بوران چىققاندا، بوران چۈشۈرۈۋەتكەن، دەرەخنىڭ قۇرۇپ قالغان شاخلىرىنى يىغاتتى. بەزىدە ئۆيىدىن نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاڭگالغا بېرىپ، ئۇ يەردىن قۇرۇپ قالغان يانتاقلارنى يىغىپ، ئۇلارنى باغلاپ، دۈمبىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكىلەتتى. بەزىدە ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي سۈپۈرەتتى. ئۆيدە باققان بىر قوي ۋە بىر قانچە توخۇلارغا يەم بېرىش ئۇلار داۋاملىق قىلىدىغان ئىش ئىدى. ئىشقىلىپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ ئۆيدە بوش قالىدىغان ۋاقتى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۆيدە بىر قوي بېقىۋاتقان ئاشۇ دەۋرنىڭ قوغۇن پىشقان پەسىللىرى ئەركىن سىدىقنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن قىلغان يەنە بىر ئىشمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ قويغا يەم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن شاپاق يىغىش. يەكشەنبە كۈنلىرى ئەركىن سىدىق ئۆيىنىڭ قېشىدىكى قوغۇن بازىرىغا بېرىپ، بىر سېۋەت بىلەن بىر ئىتتىك بىلەنگەن پىچاقنى تۇتۇپ، بىر قوغۇن دۆۋىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. قوغۇن سېتىۋالغان بەزى خېرىدارلار تۇغقانلىرى ياكى تونۇشلىرى بىلەن بىرلىكتە شۇ جايدىلا ئۇنى تىلىپ يېمەكچى بولۇپ، ئۆزىدە پىچاق بولمىغاندا ئەركىن سىدىقنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ پىچىقىنى ئىشلىتەتتى. ئۇنىڭ بەدىلىگە بۇ خېرىدارلار قوغۇننىڭ شاپىقىنى ئەركىن سىدىقنىڭ سېۋىتىگە سالاتتى. بەزى رەھىملىك خېرىدارلار ئەركىن سىدىققا بىرەر تىلىم قوغۇنمۇ بېرەتتى. ئەركىن سىدىق يېرىم كۈندەك ۋاقىتتا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىر سېۋەتنى توشقۇزۇپ ئۆيىگە قايتاتتى.

ئۇ چاغدا باللار ئويۇنچۇقلىرى ئاساسەن يوق بولۇپ، شەھەردىكى باللار ياز كۈنى سوقۇش ئويناياتتى: ئۆزلىرى ياغاچتىن قورال ياساپ، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىرسى دۈشمەن، بىرسى ئارمىيە بولۇپ سوقۇشاتتى. ياغاچ قورالدىن ھېچ نەرسە چىقمىغاچقا، قارشى تەرەپتىكى بالىدىن بىرەرنى

كۆرگەن هامان، ئاغزىدا «تا ـ تا ـ تا ـ تا!» دەپ ۋارقىراپ، «مەن ئالدىدا ئاتتىم. سەن ئۆلدۈڭ. ئۆلە! ئۆلە!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. مۆكۈشمەك، ئوشۇق ئويناش، نۇر پىرقىرىتىش ۋە توڭلاپ قالغان ئۆستەڭ ۋە قارنىڭ ئۈستىدە مۇز تېيىلىش دېگەندەك ئويۇنلارمۇ بار ئىدى.

تەتىل ۋاقتى شەھەردە قىلىدىغان ئىشنىڭ تايىنى بولمىغاچقا، ئەركىن سىدىق ھەر يىلى يازلىق ۋە قىشلىق تەتىللەرنى ئارالدىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئۆتكۈزدى. 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئارالغا تۇغقانلىرىنىڭ ئات، كالا ياكى ئېشەك ھارۋىلىرىدا بارىدىغان بولۇپ، قىش كۈنلىرى بارغاندا ئاقسۇدىن ئەتىگەنلىكى سائەت 5 ـ 6 لەردە يولغا چىقسا، ئارالغا كەچ سائەت 9 ـ 10 لاردا يېتىپ باراتتى. ياز كۈنلىرى ئاخشىمى يولغا چىقىپ، ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ ئاتقاندا يېتىپ باراتتى. ئولتۇرىدىغان ھارۋىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچتىن ياسالغان يارىيار ھارۋا بولۇپ، ئۇ چاغلاردا رېزىنكە تاپانلىق پىگىلو ھارۋىسىمۇ ئىنتايىن قىس ئىدى. پىگىلو ھارۋا ياكى تراكتوردا ئولتۇرۇش ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ھازىرقى ئايروپىلاندا ئولتۇرغان بىلەن ئوخشاش ئەڭ راھەت ئىش ئىدى. قىش كۈنلىرى ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولىدىغان بولغاچقا، يۇقىرىقىدەك سەپەر قىلىش جەريانىدا ئاياق كىيىمىنىڭ يالاڭلىقىدىن ئەركىن سىدىقنىڭ ئىككى چىمچىلاق پۇتى ئۈششۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئىككى چىمچىلاق پۇتى تاكى ھازىرغىچە ھەر يىلى ئەتىياز كىرگەندە بىرەر ئاي قىچىشىپ، ئەركىن سىدىققا ئەينى زاماندىكى جاپالىق ھاياتنى ئەسلىتىپ تۇرماقتا. يارىيار ھارۋىدا سەپەر قىلغاندا، يولدا ئېگىزرەك دۆڭلەرگە كەلگەندە، ھارۋىدىكى ھەممەيلەن يا ھارۋىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭاتتى، ياكى بولمىسا ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئۇلاغقا ياردەملىشەتتى. ئارالنىڭ كۆۋرۈكىنى سۇ ئېقىتىپ كەتكەندە، ئۇلار دەريانىڭ تېيىز جايلىرىنى ئىزدەپ، بىۋاستە سۇنى كېچىپ ئۆتەتتى. ھارۋىنىڭ ئۈستىگە سۇ چىقىپ كېتىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. بەزى ئادەملەر دەريادىن ئۆتۈش جەريانىدا سۇ ئېقىتىپ كېتىپ، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ ھەر يىلى دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇراتتى. دېھقانلارغا بىر يىل ئىچىدە بىرەر كۈنمۇ دەم ئېلىش ۋاقتى بولمىغاچقا، ئەركىن سىدىق ئارالغا تەتىل قىلىپ بارغان ۋاقتىدا، ئىمكانقەدەر تۇغقانلىرىنىڭ ئورنىغا ئىشقا چىقىپ، ئۇلارنىڭ بىرەر كۈن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. بەزى كۈنلىرى ئەتىگەنلىك دولقۇنغا چىقىپ، تۇغقانلىرىنىڭ تاماق ئېتىپ تۇرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى. ئۇ 6 ـ 7 ياش ۋاقتىدىكى

ياز كۈنلىرى كالىغا مىنىۋېلىپ خامان تېپەتتى، ئۇنىڭدىن سەل چوڭ بولغاندا بىر چاقلىق غالتەكتە، ئىككى ئادەم كۆتۈرىدىغان زەمبىلدە ياكى كالا هارۋىسىدا بۇغدايلىققا ئوغۇت توشۇش، زەمبىلدە ئېغىللاردىن قىغ ئەپچىقىش، شاللىقتا ئوت ئوتاش ۋە بۇغداي، قوناق، شال ئورۇش قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قىلىپ باققان ئىدى. خامان تېپىش جەريانىدا ئەركىن سىدىق بىرگە ئىشلەۋاتقان باللار بىلەن كۈنگە نەچچە قېتىم ئۆستەڭگە سۇغا چۈشەتتى، بەزىدە سۇدا جىم تۇرۇۋالسا، چوڭ - چوڭ بېلىقلار كېلىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ پۇتىنى بىر خىل يېمەكلىك ئوخشايدۇ دەپ غاجايتتى، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ پۇتى ئازراقمۇ ئاغرىمايتتى. هازىر چوڭلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئاشلىق شۇنچە قىس ۋاقىتتىمۇ ئارالنىڭ ئۆستەڭلىرىدە ئاشۇنداق چوڭ بېلىقلارنىڭ بولۇشى، ۋە ئۇنى هېچ كىمنىڭ يىمەسلىكىنىڭ سەۋەبى، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۇ چاغدا بېلىقنى هەرگىز بىر خىل يېمەكلىك، دەپ بىلمىگەن ئىكەن. ئېهتىمال بۇ 49-يىلدىن بۇرۇن ئارالدا ئاشلىقنىڭ ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ئىنتايىن كەڭرى بولغىنىدىن بولسا كېرەك.

ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتىپتىكى چوڭ ئاپىسىنىڭ بىر نەچچە مولۇق شەخسى كۈزلۈك ئالما ۋە شاپتۇللۇق بېغى بار بولۇپ، ئالمىدىن جەمئىي 5 قۇر، هەر بىر قۇرىدا 10 تۈپتەك ئالما دەرىخى بار ئىدى. هەر يىلى بۇ باغدىكى ئالما، شاپتۇللار ئىنتايىن ئوخشايتتى. يېمىش پىشقان مەزگىلنىڭ كېچىلىرى ئۇ ئاكىسى ياكى باشقا تۇغقانلىرى بىلەن باغدا ئۇخلاپ، باغنى ئوغرىدىن قوغدايتتى. ئۇخلىغىلى ياتقاندا ئالمىلار ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئۈستىدىلا بولۇپ، كېچىسى بەزىدە ئېسىدە يوق يوتقاندىن قوپۇپ ئولتۇرغاندا، ئالمىلارغا ئۈسۈۋالاتتى، بەزىدە كېچىسى ئۇنىڭ بېشىغا ئالما چۈشەتتى. كۈندۈزى ئۇ ئاكىسى بىلەن بىللە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئالمىلارنى تېرىپ، 3- 4 كىلومېتىر يول يۈرۈپ گۇڭشې بازىرىغا بېرىپ، بىر موچەنگە 7- 8 دىن ئالما ساتاتتى. يېرىم كۈنلەپ ئولتۇرۇپ، ئاران 2- 3 موچەنلىك ئالما سېتىپ قايتىپ كېلەتتى. باغدىكى يېمىش تۈگەپ، هاۋا تېخى سوۋۇپ كەتمىگەن مەزگىللەردە ئۇلار ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە ئۇخلايتتى، بەزىدە ئايغا ۋە ئاسماندىن ئېقىپ كېتىۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ، هېكايە ئېيتىشاتتى. ئەركىن سىدىق هازىر شۇلارنى ئەسلىگىنىدە، ئاشۇ يىللارنىڭ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى تەبىئەتتىن ئەڭ ياخشى هۇزۇرلانغان ۋاقىتلار ئىكەنلىكىنى هېس قىلىدۇ. كالىفورنىيەدىكى

ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىر گۈزەل جايغا بېرىپ، يەرگە ۋاقىتلىق رەخت ئۆيلەرنى ئورنىتىپ، بىر ئىككى كۈن ئائىلە ياكى دوستلىرى بىلەن ئاشۇ يەردە تاماق ئېتىپ، ئۇخلاپ كېلىدىغان ئادىتى بار. ئۇنى ئىنگلىزچە **camping** دەپ ئاتايدۇ. يېقىندىن بۇيان كالىفورنىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىمۇ **camping** قىلغىلى بارىدىغان بولدى. ئەركىن سىدىقنىڭ باللىق دەۋرىدە قىلغان يۇقىرىقىدەك ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە ئەڭ ياخشى **camping** پائالىيىتى ئىدى. بىر يىلى ئارالدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ ئاپىسىنىڭ 4 قۇر ئالمىسىنى ۋە ھەممە شاپتۇللىرىنى ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاغ ۋە باشقا مۈلۈكلىرى بىلەن قوشۇپ مۇسادىرە قىلىپ ئېلىۋالدى. بۇ ۋەقە بولغاندىن كېيىنكى يىلى  ھۆكۈمەت تارتىۋالغان ھېلىقى 4 قۇر ئالما ھېچ قانداق مېۋە بەرمىدى. لېكىن ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ ئاپىسىغا تەۋە ھېلىقى بىر قۇر ئالما يەنە ئوخشاشلا قاتتىق مېۋە بەردى. بۇ ئالّلانىڭ قۇدرىتىدىنمۇ ياكى پەرۋىشتىكى پەرقتىنمۇ ئۇنىسى ئېنىق ئەمەس.

ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ سىنىپى «پومېشچىك» بولغاچقا، ئاشۇ يىللىرى ئۇ داۋاملىق كۈرەشكە تارتىلدى. بىر يىلى ئۇ كىشىنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەترەتتىكىلەر ئۇنى قويۇپ بەرمەي، كالىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خامان تېپىشكە سالدى. ئەركىن سىدىق ھەر قېتىم چوڭ دادىسىغا سۇ ئاپىرىپ بەرگىلى بېرىپ، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا چىدىيالماي، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكەتتى. ھەمدە چوڭ دادىسىدىن 1949-يىلىدىن بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي سورايتتى. ئۇ چاغلاردا گەرچە ئۇلارنىڭ يېرى كۆپ بولغان بولسىمۇ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ يېرىنى ئۆزى ئىشلەپ تېرىغان بولۇپ، ھەرگىز باشقىلارنى ئېزىش بولمىغان. ياز كۈنلىرى ئورما مەزگىلىدە بولسا، ئۇ يەردىكى دېھقانلار ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن ئىكەن. ھەر يىلى يېرىنىڭ پەقەت 3 تىن بىر قىسمىنىلا تېرىپ، قالغان يەرلەرنى ئاق قالدۇرغان. شۇڭا ئاشلىق ناھايىتى ئوبدان بولۇپ، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىقى ئىنتايىن كەڭرى بولغان. لېكىن، ئەركىن سىدىق باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان دەۋرلەردە، دېھقانلار بىر يىل ئىشلەپمۇ، ئۆزىنىڭ ئاشلىق پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن. يىل ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئەترەتنىڭ ئاشلىق قەرزى ئارتىلىپ قالغان. مۇشۇنداق بىر يىل ئىشلەپ، ئاش پۇلىنىمۇ تۆلىيەلمىگەچكە، كۆپىنچە كىشىلەر بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمىگەن. دېھقانلارنىڭ قەرزگە تۆلەيدىغان پۇلى بولمىغاچقا،

ئەترەت كادىرلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى بىر ئاز پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەن. ئەركىن سىدىق ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئۆيىدىكى تېخى تېشىلىپ كەتمىگەن كىگىزلىرىنى، بەزىلىرى رادىئوسىنى، بەزىلىرى قوي ـ كالىلىرىنى بېرىۋەتكىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان. ئەڭ ۋەھشىي بولغىنى، ئۇلار ئەركىن سىدىقنىڭ بىر تۇغقىنىنى ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىپ، ئۆگزىگە جەگە ياغاچ قىلىپ ئىشلەتكەن ياغاچلارنى تاماق پۇلى قەرزى ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن. ئۇ دېھقانلار شۇنىڭ بىلەن ئۆيسىز قالغان. تېخى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئەركىن سىدىققا بۇ ئەھۋال ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلغان. ئۇ چاغلاردا ھەر كۈنى ھەممە ئادەم توختىماي ئاڭلايدىغان تەشۋىقات مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قانداق ئۇلۇغ ھەرىكەت ئىكەنلىكى، ھەمدە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ نەقەدەر ئەۋزەللىكى توغرىسىدا بولغاچقا، ئەركىن سىدىق ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقان يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا زادىلا ئىشىنەلمىگەن. «بۇ يەردە چوقۇم بىرەر خاتالىق بار» دەپ ئويلىغان. ھەمدە «ئەگەر مەن باشلىق بولۇپ قالسام، ھەممە بالىلارنىڭ تاماق پۇلىنى كۆتۈرىۋېتەتتىم. شۇنداق قىلسام ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيالايتتى» دەپمۇ ئويلىغان. لېكىن ئۇ بۇ ئويلىغانلىرىنى ھېچ كىمگە دېيەلمىگەن. سەۋەبى ئۇ دەۋردە بىر ئادەمنىڭ جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قېلىشى ئىنتايىن ئاسان بىر ئىش ئىدى. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتا بەزى ساۋاتسىز دېھقانلار ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆز ـ ئۈزۈندىسى بار گېزىتنىڭ پارچىسىدا ئۇقماي تاماكا يۆگەپ سالغانلىقى ئۈچۈن جىنايەتچى بولۇپ قېلىپ، كۈرەشكە تارتىلغان ھەتتا تۈرمىگە تاشلانغان ۋەقەلەر كۆپ بولغان ئىدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتتىكى چوڭ دادىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئارالدا ئىشلەيدىغان روزى تۇردى ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا، كىشىلەر كۈندۈزى ئۇنىڭغا بىر ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيدۈرۈپ، مەھەللە ئىچىدە سازايى قىلدۇردى. ئۇ كىشىنىڭ بېشىدا ئۇزۇن قەغەز قالپاق، بوينىدا بىر يوغان خەت يېزىلغان تاختاي، قولىدا بىر مېتال داپ بار بولۇپ، ئۇ كىشى بىر تەرەپتىن مېڭىۋېتىپ، بىر تەرەپتىن داپنى «داڭ! داڭ! داڭ!» ئۇرۇپ، «يوقالسۇن روزى تۇردى!»، دەپ ۋارقىرايتتى. ھېرىپ كېتىپ سەل توختاپ قالسا، باشقىلار كېلىپ ئۇراتتى. ئاخشىمى بولسا ئۇنى كۈرەشكە تارتاتتى. بۇ ئىشلار ئەركىن سىدىقنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋېتەتتى. ئۇ

چوڭ دادىسىدىن روزى تۇردى ئاكىسىنىڭ زادى نېمىنى خاتا قىلغانلىقىنى تەپسىلىي سورىدى. ئەسلىدە 1949 - يىلىدىن بۇرۇن، ئارالدا ئوغۇل بالىسى بار ھەممە ئائىلىگە بىر ئوغلىنى گومىنداڭغا ئەسكەرلىككە بېرىش مەجبۇرىيەت قىلىنغان. ھەر قېتىم ئەسكەرلىككە ئادەم ئېلىشقا كىشى كەلگەندە، كىشىلەر ئوغۇللىرىنى يا مۆكتۈرۈپ قويغان، يا قاچۇرۇۋېتەتتى. بىر قېتىم ئۇلار روزى تۇردىنى مۆكۈۋالغان يېرىدىن تېپىۋېلىپ، ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كەلگەن. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئارالدىكىلەر ئۇنى «گومىنداڭغا ئەسكەر بولغان» دېگەن جىنايەت بىلەن يۇقىرىقىدەك كۈنگە قويغان ئىكەن. ئەركىن سىدىق ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭ روزى تۇردى تاغىسىنىڭ جىنايىتى ئۇنىڭ پەقەت بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

ئەسلىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 5 يىللىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنى 7 - ئايدا پۈتتۈرەتتى. لېكىن، ئەركىن سىدىق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۇپەيلىدىن، يىللىق ئوقۇش تاماملىنىدىغان ۋاقىت 7 - ئايدىن 1 - ئايغا ئۆزگىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىقنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇشى 1970 - يىلى 7 - ئايدا ئەمەس، 1971 - يىلى 1 - ئايدا پۈتتى .



ئەركىن سىدىقنىڭ ئاقسۇ 4 - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ خاتىرىسى.

رەسىمدىكى بىرىنچى قۇر سولدىن 4-كىشى ئەركىن سىدىق، 2-قۇر سولدىن 5-كىشى ئەركىن سىدىقنىڭ 5 يىللىق سىنىپ مۇدىرى تۇخان خانىم بولىدۇ. تارتىلغان ۋاقتى: 1967-1969-يىللىرى. بۇ رەسىمنى ئەركىن سىدىق 2006-يىلى يازدا يۇرتىغا بارغاندا ساۋاقدىشى خەرنىسا سوغات قىلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىن سىدىق ئۇ ساۋاقدىشىغا ئىنتايىن مىننەتدار. بۇ ئەركىن سىدىقنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مەزگىلىدىكى بىردىنبىر سۈرىتىدۇر.



ئەركىن سىدىقنىڭ پەرزەنتلىرى 1998-يىلى يازدا ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى سان فرانسىسكو شەھىرىنىڭ قېشىدىكى ئۆيىنىڭ ئارقا هويلىسىدا توشقان باللىرى بىلەن ئوينىماقتا. رەسىمدىكى ئۆلارنىڭ توشقىنىنىڭ 1-قېتىم تۇققان 3 بالىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە 13 نى تۇغۇپ، شۇ يىلى ئەركىن سىدىقنىڭ توشقىنى 18 گە كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى. بىز مۇشۇ تەرجىمىهالنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ قېتىم يۈز بەرگەن «توشقان كرىزىسى» ھەققىدە يەنە ئازراق توختىلىمىز.

## 4. ئوتتۇرا مەكتەپ

باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ، قىشلىق تەتىلنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق 1971-يىلى 3-ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىنى باشلىدى. بۇ مەزگىل مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئەۋج ئېلىپ، جەمئىيەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە ناچار سۆز-ھەرىكەتلەر ناھايىتى يۇقىرى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىلگە توغرا كەلدى. ئۇ چاغدا مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسمۇ ھەرگىز ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىتىش بولماستىن، باشقا ھەممە ساھەلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ بىر سىياسىي ھەرىكەتنىڭ قورالىغا ئايلانغان ئىدى. مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن، مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى «كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش» قاتارلىق ھەر خىل ئۆز-ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە كۈرەش قىلىش بولۇپ قالغان ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىدىن پاش قىلىش، شىكايەت قىلىش ۋە كۈرەش قىلىش ئىشلىرىغا ئاتلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇش بىلەن ھېچ كىمنىڭ كارى يوق بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. 1971-يىلى 9-ئايدا لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى پاش بولغاندىن كېيىن، مەكتەپ يېرىم كۈن ئوقۇتۇش، يېرىم كۈن سىياسىي ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندى. تەبىئىي پەن دەرسلىرى ئۈچۈن نورمال دەرسلىك ماتېرىياللار ئوقۇتۇلدى. لېكىن، ئەدەبىيات، سىياسەت ۋە تارىخقا ئوخشاش ئىجتىمائىي پەنلەر ئۈچۈن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرى، شېئىرلىرى ۋە پارتىيە تارىخى دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى.

ئەركىن سىدىق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنمۇ تىرىشىپ ياخشى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ھەمدە سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتە ۋە مەكتەپتە ھېچ قانداق ئورنى بولمىغاچقا، مۇئەللىم دەرس ئۆتۈۋاتقاندا، ئوقۇغۇچىلار خالىغاننى قىلىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر ئوقۇتقۇچى بىر ئاز باشقۇرماقچى بولسا، ئوقۇغۇچى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئۈنلۈك ۋارقىراپ، بەزىدە ھەتتا تىللاپ، ئوقۇتقۇچىغا ئازراقمۇ كۆڭۈل بەرمەيتتى. ئوقۇتقۇچىلار تەييارلاپ ئەكىرگەن دەرسنى نورمال ئۆتەلمەي، داۋاملىق ئازابلىنىپ ھەسرەت ئىچىدىلا ئۆتەتتى. بىر يىلى قىشتا، بىر قانچە قېتىم ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكى بەزى ئوغۇل

ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىم دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن، سىنىپنى ئىسسىتىدىغان مەشىنىڭ ئۇستۇنكى ياپقۇچىنى ئېلىۋېتىپ، ئوتۇننى مەشىنىڭ ئۇستىگە قاتارى قويۇپ كۆيدۈرۈپ، پۈتۈن سىنىپنىڭ ئىچىنى ئىسقا لىق توشقۇزۇپ، سىنىپتىكىلەر بىر-بىرىنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن، ئامالسىز دەرس ئۆتمەي چىقىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا خىمىيە ئۆتىدىغان بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ سىنىپقا كىرىپ بولۇپلا يىغلاپ كەتكىنى، ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر قارىۋېتىپ، سىنىپتىن چىقىپ كەتكىنى ئەركىن سىدىقنىڭ يادىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

ئارالدا كۆرگەن ۋەقەلەرنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئەركىن سىدىق شۇ ۋاقىتتىكى بىر قىسىم تەشۋىقاتلارغا ئىشەنمەيتتى. بولۇپمۇ «بىلىمنىڭ كېرىكى يوق» سەپسەتىسىگە ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئەسكى سىنىپقا تەۋە ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا مەيلى ئەمەلىي مۇناسىۋەتتە بولسۇن ياكى كۆڭۈلدە بولسۇن ئەركىن سىدىق ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ۋە ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتتى. داۋاملىق ئوقۇتقۇچى تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دەرسلەرنى نورمال ئۆتۈۋېلىشىغا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بىر قىسىم كەپسىزرەك ساۋاقداشلىرىنىڭ زەربىسىگىمۇ داۋاملىق ئۇچراپ تۇردى. ئەركىن سىدىق ئۆزىگە بېرىلگەن زەربىلەرگە ئانچە پىسەنت قىلماي، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئىزچىل تۈردە پۇختا ئۆگىنىپ ماڭدى. تولۇقسىزنىڭ 2- يىللىقلىرىدا بولسا كېرەك، بىر قېتىم ماتېماتىكىدا بىر يېڭى باب ئۆتۈلىدىغان چاغدا، ئەركىن سىدىق تېخى ئۆتۈلمىگەن بۇ بابنى پۈتۈنلەي ئۆزى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىكى مەشىقلەرنىمۇ بىرنى قويماي ئىشلەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن سىدىققا دەرسكە قاتناشماي، سىرتتا ئويناشقا رۇخسەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ بىر دەرس ۋاقتىدا پۈتۈن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەرس ئوقۇۋاتقاندا، ئەركىن سىدىق ئۆزى يالغۇز ۋاسكېتبول مەيدانىدا توپ ئوينىدى. ئەركىن سىدىق تولۇقسىزنىڭ 3-يىللىقلىرىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەر بولسا كېرەك، مائارىپ ساھەسىدە ماۋ زېدۇڭنىڭ «يالغۇز ئوقۇتقۇچىلارلا دوسكا ئالدىغا چىقىپ دەرس سۆزلىمەي، ئوقۇغۇچىلارمۇ سۆزلەپ بېقىشى كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش بىر چاقىرىقى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئوقۇشتا ياخشى ئوقۇغۇچىلار دەرس ئۆتۈشكە سېلىندى. شۇلارنىڭ ئىچىدە ئەركىن سىدىقمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن بىر يىللىق تۆۋەن ئوقۇغۇچىلارغا بىر قانچە ھەپتە

ماتېماتىكا دەرسى بەردى. ئەركىن سىدىق ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا ئۆزىگە ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، مەيلى تەبىئىي پەن بولسۇن، ياكى ئىجتىمائىي پەن بولسۇن، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ناھايىتى پۇختا ئۆگىنىپ ماڭدى. شۇڭا ئىمتىھانلاردىمۇ ئىزچىل تۇردە تولۇق نومۇر ئالدى. تولۇقسىزنىڭ 3-يىلى بولسا كېرەك، بىر قېتىملىق ئەدەبىيات دەرسىنىڭ مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىدا ئۇ 97 نومۇر ئېلىپ قېلىپ، ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بىر قانچە سائەت يىغلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى «بىلىمنىڭ كېرىكى يوق» دېگەن تەتۈر تەشۋىقاتنىڭ تەسىرىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچراپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشلەر ئاساسەن ياخشى ئوقۇيالمىدى. تولۇقسىز ئوقۇشى جەريانىدا، ئەركىن سىدىقنىڭ بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى يىللىق ئىمتىھاننى ئوچۇق ئىمتىھان قىلىپ ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىمتىھان سوئالىنى تارقىتىپ بېرىپ، 3 كۈندىن كېيىن يىغىۋالىدىغان بولدى. شۇ كۈننىڭ ئەتىسى پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، سوئالنىڭ جاۋابىنى ئەركىن سىدىقتىن كۆچۈردى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ 2 ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ ئىچى ئادەمگە لىق تولدى. قەغەزنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ئەھۋالنى دەرھاللا سېزىپ، ئەركىن سىدىققا 100 نومۇر، قالغانلارنىڭ ھەممىسىگە 50 نومۇر بەردى.

ئەركىن سىدىق كىچىكىدىنلا كىتاب ئوقۇشقا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغلاردا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن چىقىرىلغان ئۇيغۇرچە كىتابلار قەتئىيلا يوق ئىدى. ئەركىن سىدىق تولۇقسىزنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىل بولسا كېرەك، ئۇيغۇر دىيارىدا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە» دېگەن بىر كىتاب تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە (يەنى لاتىن يېزىقىدا) بېسىلىپ تارقالدى. ئەركىن سىدىق ئۇ كىتابنى دەرھاللا سېتىۋېلىپ ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سىنىپىدىكى باشقا ئوقۇغۇچىلارنىمۇ سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلاردىن پۇل يىغىپ، كىتابخانىدىن ھېلىقى كىتابتىن تەخمىنەن 15 دانە سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، ساۋاقداشلىرىغا تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لېي فېڭ توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ۋە «دۇڭ سۇنرۇينىڭ كۆۋرۈك پارتلىتىشى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى بىرىنمۇ قالدۇرماي ئوقۇپ تۈردى. ئاشۇنداق كىتاب ئوقۇش جەريانىدا ئۇ چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق ياشاش، قانداق قىلىپ بىر ئالىيجاناب ۋە جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم

بولۇش توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئۆزىدە بىر يۈرۈش چۈشەنچە ۋە دۇنيا قاراش ھاسىل قىلىشقا باشلىدى. بۇ چۈشەنچە ۋە دۇنيا قاراشلار ئەركىن سىدىقنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا ئىزچىل تۈردە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. ئەركىن سىدىق كىتابنى ھەرگىز نوقۇل ھالدا ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ تۈگىتىش ئۈچۈن ئوقۇمايتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ كىتاب ئوقۇۋاتقاندا جۈملىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، شەيئىلەرنىڭ تەسۋىرلىنىش ئۇسۇلىغا، ھەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم ئىدىيە ۋە يەكۈنلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. بىر خەۋەر ئوقۇسىمۇ، ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «خەۋەرنىڭ تۈزىلىشى قانداق بولىدىغاندۇ؟» دېگەن سوئالنى ئۆز-ئۆزىدىن سوراپ، خەۋەرنى كۆزىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈپ، پەقەتلا ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرەتتى. ئەگەر كىتابتا بىر يېڭى ئىدىيە ياكى چۈشەنچە بولسا، كىتابنىڭ ئاشۇ يېرىنى بىر قانچە قېتىم تەكرار ئوقۇپ، ئۇنى ئېسىدە قالدۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھەمدە ھەر قېتىم كىتابنىڭ بىر باب ياكى بىر چوڭ مەزمۇنىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن «بۇ قىسىمدا مەن ئۈچۈن يېڭىلىق بولغان ۋە مۇھىم بولغان نېمە ئۇقۇم بار ئىكەن؟ مەن ئۇنىڭدىن نېمىنى ئېسىمدە قالدۇرۇۋېلىشىم كېرەك ئىكەن؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ باقاتتى. شۇڭلاشقا كىتابلار ئىنتايىن چەكلىك بولغان، دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ ئىنتايىن تار دائىرە ئىچىدە بولغان ئاشۇ مەزگىللەردە، مەكتەپتە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن ۋە سىياسىي ئۆگىنىش پائالىيىتى قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ماۋ زېدۇڭنىڭ 3 توم ئەسەرلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەر-شېئىرلىرىنى ئوقۇش پائالىيىتى ئەركىن سىدىقنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدىكى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئاشۇ كىتاب ئوقۇشلارغا ئەركىن سىدىق يۇقىرىقىدەك ھەممە جەھەتتىن، ئىمكانىيىتى بار بولغان ھەممە بىلىملەرنى ئىگىلىۋېلىش پوزىتسىيىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن، شۇ چاغدا ئىگىلىگەن بىلىم ئەركىن سىدىققا تاكى ھازىرغىچە ئەسقېتىپ كەلمەكتە. يەنى، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ بىلىم تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت: بىر مۇرەككەپ شەيئىگە دۇچ كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىشكە تىرىشىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئاددىيلاشتۇرۇپ ئەستە قالدۇرۇش، ھەمدە ئۇ توغرىسىدا بىر نەرسە يازغاندىمۇ ئۇنى ئەڭ ئاددىي تىلدا تەسۋىرلەپ چۈشەندۈرۈش. بۇ خىل ئەھۋالنى ئەركىن سىدىقنىڭ بىلۋال تور بېتىدە ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇنداق ئىقتىدارنى

ئەركىن سىدىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇنى ئۆز كەسپىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ئۈچۈنمۇ ئىزچىل تۈردە ئىشلىتىپ، ئۆز خىزمەتداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. دېمەك، بىر ئادەم ئۈچۈن، يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇشنىڭ ھېچ قانداق قىممىتى يوق. مۇھىمى بار نەرسىلەردىن قانداق قىلىپ تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتۇر. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خەنزۇلارنىڭ داڭلىق تارىخىي يازغۇچىسى لۇ شۈننىڭ فېليەتونلىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندا، ئەركىن سىدىق ئۇلارنىمۇ تولۇق ئوقۇپ تۈردى. ئۇ لۇ شۈنگە ئوخشاش، ئۇيغۇر مەسىلىلىرى توغرىسىدا فېليەتون يېزىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ سىرتىدىكى ئەمگەككە كۆپ قاتنىشىپ، ئۆيدە ۋە مەكتەپتە كۆپ تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. لېكىن، ئەركىن سىدىق شېئىرىيەت ئىشلىرىغا خېلى قىزىققان بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە، شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرنى مەزمۇن قىلغان شېئىرلىرى ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئىدى.

1974 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ماۋ زېدۇڭنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن «سانائەتتە داچىڭدىن، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئازادلىق ئارمىيەدىن ئۆگىنىش» دولقۇنى باشلاندى. شۇ دولقۇننىڭ تەسىرى بىلەن مەكتەپلەردىمۇ سانائەتلىشىش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنى قوزغىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر يىل ئىچىدە 3 ئايدىن 6 ئايغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى بەلگىلەندى. ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكىلەر ھەر يىلى يازنىڭ ئورما مەزگىلىدە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارغا ئورما ئورغىلى (يەنى ئورغاق بىلەن بۇغداي ئورىغىلى) باردى. بەزىدە بىر ـ ئىككى ھەپتە ئاشۇ يېزىدا ئۇخلاپ ـ قوپۇپ ئىشلىدى. ئورما ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، باشاق تېرىش ئىشلىرىنىمۇ قىلدى. قىش كۈنلىرى بولسا بۇغدايلىققا قىغ ۋە توپا توشۇش، ھەمدە ئۆلارنى كەتمەن بىلەن يېيىتىش ئىشلىرىنى قىلدى. بۇرۇنقىدەكلا ھەر يىلى قىشتا ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئوغۇت تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ تۇرمىسا بولمايتتى. 1975 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرىدىكى 2 تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى 3 كەسپىي سىنىپقا، يەنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىنىپى، يېزا ئىگىلىك سىنىپى، ۋە قىزىل يالاڭ ئاياق دوختۇر سىنىپىغا بۆلۈندى. ئەركىن

سىدىق بۆلۈنگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىنىپىدا 24 ئوغۇل ئوقۇغۇچىلا بار بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا سىنىپ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. دوختۇرلۇق سىنىپىنىڭ ھەممىسى قىز ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، پەقەت يېزا ئىگىلىكى سىنىپىدىلا قىز ئوقۇغۇچىلارمۇ، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. مۇشۇنداق 3 سىنىپقا بۆلۈنۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاقسۇ شەھەرلىك تراكتور پونكىتىدا بىر مەۋسۇم ئىشچى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ ھەم ھەر خىل دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنى رېمونت قىلىدىغان، ھەم مېتالدىن ياسالغان ھەر خىل يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇت بولۇپ، ئەركىن سىدىق دەسلەپتە تراكتور رېمونت قىلىدىغان يەردە 2 ـ 3 ئاي ئىشلىدى. شۇ جەرياندا ئۇ رېمونت قىلىنىپ بولغان 28ـ نومۇرلۇق تراكتورنى زاۋۇتنىڭ ئىچىدە ھەيدەپ يۈرۈپ، تراكتور ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كالا ياكى ئاتقا سۆرىتىپ، يەر ھەيدەيدىغان (يەنى يەرنى ئاغدۇرىدىغان) قوش ـ سوقا ئىشلەپ چىقىرىدىغان سېختىمۇ بىر قانچە ئاي ئىشلەپ، ئۇ يەردە بارلىق ئىستانوكلارنى ئۆزى مۇستەقىل ئىشلىتەلەيدىغان ھالەتكە يەتتى. 1975ـ 76ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئەركىن سىدىق بىلەن ئوخشاش قاراردىكى سىنىپلارنىڭ ھەممىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1ـ ئوتتۇرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا بېرىپ، شۇ يەردە يېتىپ ـ قوپۇپ، 5 ـ 6 ئاي ئىشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرى لاي ئېتىپ، كېسەك قويۇپ، كېسەكلەر قۇرۇغاندا ئۇنىڭدىن ئۆي سالدى. قوناق تېرىدى. يېمىش كۆچەتلىرىنى تىكىپ، باغ ياسىدى. شۇ چاغدا ئەركىن سىدىق بىر قانچە ھەپتە 28ـ نومۇرلۇق تراكتورنى ئۆزى يالغۇز ھەيدەپ، يەر ئاغدۇرۇپ، قوناق تېرىيدىغان يەرگە ئىشلىگىنى ئۇنىڭ ئېسىدە ھازىرمۇ بار. شۇ قېتىم بارلىق ئوقۇغۇچىلار يەر تۈزلەش، چالما ئېزىش، ئېرىق كولاش، قۇر سېلىش، قوناق تېرىش، قوناققا توپا يۆلەش ۋە ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلىش قاتارلىق قوناق تېرىش جەريانىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى. مەكتەپ مەيدانىدا يېتىپ ـ قوپۇپ ئىشلەپ يۈرگەن ئاشۇ مەزگىللەردە، ئەركىن سىدىق سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى ئېلىپ بارغان بىر دۇتارنى كەچقۇرۇنلىرى ئانچە ـ مۇنچە چېلىپ يۈرۈپ، دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى (ئەركىن سىدىق ئالىي مەكتەپكە ماڭغۇچە، ئۇنىڭ ئائىلىسى بىر دۇتار ئېلىشقا تېخى چىقىنالمىغان ئىدى).

مەكتەپ مەيدانىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، شۇ ۋاقىتتىكى مەملىكەت

بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ماۋ زېدۇڭنىڭ «خۇنەن يېزىلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەن ئەسىرىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، مەكتەپ ئەڭ يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلاردىن 5 كىشىنى يىغىپ، بىر «جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» نى قۇردى. ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا باشلىق بولدى. ئۇلار ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ 4 ـ 5 يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسىرىنىڭ روھى بويىچە ئېيتقاندا، ئەسلىدە ھەر بىر ئەترەتكە كەمبەغەل دېھقانلار ئەترەت باشلىقى بولغاندا ئىشلەپچىقىرىش ئېشىشى، باي دېھقان ياكى پومېشچىكلار ئەترەت باشلىقى بولغاندا، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى چۈشۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەركىن سىدىقنىڭ گۇرۇپپىسى تەكشۈرگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، يېزىلارنى تەكشۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق مەكتەپكە بىر دوكلات يېزىپ، ئىگىلىگەن ئەھۋال ئاساسىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىدىغان بىر دوكلات يېزىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەكتەپمۇ بۇ ئىشقا قايىل بولۇپ، رەسمىي دوكلات تەييارلاشتىن ۋاز كەچتى.

تولۇقسىزنىڭ 2 ـ ياكى 3 ـ يىللىقلىرىدا ئوقۇۋاتقان بىر ياز كۈنى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قېتىملىق ئۆتمۈشنى ئەسلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. پائالىيەتنىڭ ئورنى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەرگە 2 ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ۋېلىسىپىت بىلەن باردى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن يېرىم كۈن ئۆتمۈشنى ئەسلەش كۆرگەزمىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندا، ھەممەيلەن بىر چوڭ داش قازاندا سۇتلۇك ئوتنى (يەنى پەقەت ھايۋانلا يەيدىغان بىر ياۋا ئوتنى) قايىنتىپ، ئۇنىڭغا بۇغداي ئۇنىدىن تاسقاپ ئايرىۋالغان كېپەكنى چىلىپ ياسالغان ئۇماچنى ئىچىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەزى قىز ئوقۇغۇچىلار ئۇ ئاشنى ئىچكىلى ئۇنىمىسا، مەكتەپتىن كەلگەن باشلىقلار ئۇلارنى ھېلىقى ئاشنى ئىچىشكە قاتتىق مەجبۇرلىدى. بەزىلەر ئۇ ئاشنى ئىچكەندىن كېيىن ھۆ بولۇپ قۇسۇۋەتتى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئېچىندى ــ ئۇنىڭ بىلىشىچە، 1949 ـ يىلدىن بۇرۇن ئۇيغۇر دىيارىدا ياۋا ئوت بىلەن كېپەكنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى تاماق قىلىپ يېگەن ئىش ھەرگىزمۇ بولۇپ باقمىغان ئىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئەركىن سىدىق سىنىپ ئۆگىنىش

باشلىقى، سىنىپ باشلىقى، مەكتەپ جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەندىن باشقا، يەنە مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى، مەكتەپ خەلق ئەسكىرى ليەن (مىن بىلىگ ليەن) سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋە مەكتەپ ئۇيغۇر شۆبىسىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتەپ باققان (ئۇ چاغدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر شۆبىسى بىلەن خەنزۇ شۆبىسى بولۇپ 2 شۆبىگە ئايرىلغان ئىدى). بىر مەزگىل پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «ھەممە ئىشتا پارتىيە رەھبەرلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش» دولقۇنى قوزغىلىپ، ئاشۇ ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىر مەخسۇس يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىندا، ئوقۇتقۇچىلار دەرس سۆزلىگەندە، ھەر بىر جۈملىنىڭ بېشىغا چوقۇم «پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە،» دېگەن سۆزنى قوشۇپ سۆزلەش قارار قىلىندى. ئۇنىڭغا بىر مىسال قىلىپ، يىغىن باشقۇرغۇچىسى: «مەسىلەن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەرگە ئوبدان پەرۋىش قىلىپ بۇغداي تېرىساق، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ساغلام بۇغداي ئۆسۈپ چىقىدۇ، دېيىشىمىز كېرەك»، دېدى. شۇ چاغدا ئەركىن سىدىقنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان بىر ئوقۇتقۇچى چاقچاق قىلىپ، «ئەگەر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، يەرگە بۇغداي تېرىسا، ئۇنىڭدىن چوقۇم قوناق ئۆسۈپ چىقىشى مۇمكىن» دېدى، شۇنىڭ بىلەن يىغىندىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، مەكتەپ خەلق ئەسكىرى ليەنى بىر ئالاھىدە ۋەزىپە سۈپىتىدە، ۋاقىت يېرىم كېچە 11 دىن ئاشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن رايون ياكى ئىدارىگە بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى بىر-بىرلەپ ئاقتۇردى. ھەر بىر كىشىنىڭ قولىدا بىردىن ئوقى يوق مىلتىق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى شەھەرگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن يېزىدىن رۇخسەتسىز كېلىپ قالغان دېھقانلارنى تۇتۇش ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇنداق كىشىلەر «قارا نوپۇسلار» دەپ ئاتالغان ئىدى. بارلىق ئادەملەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى قاتتىق كونترول قىلىنغان بولۇپ، يول خېتى يوق تۇرۇپ، بىر ئادەمنىڭ بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ تەلىيىگە يارىشا، ئۇلار كېچىسى ۋەزىپە ئۆتەشكە چىققان ئاشۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ قولىغا بىرەرمۇ «قارا نوپۇسلار» چۈشۈپ قالمىدى.

ئەركىن سىدىق ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدىمۇ ئائىلىسىگە ياردەملىشىپ، ھەر خىل ئىشلارنى قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ياز كۈنلىرى يامغۇر يېغىپ، ھويلا

تاملىرىنى ئۆرۈۋەتكەندە، ئاكىسى بىلەن ئىككىسى تامچىلىق قىلىپ، ئۇنى قايتىدىن قوپۇردى. كۇزدە كۆمۈردە كېسەك قۇيدى ۋە گەمە كولىدى. سەي ئېلىپ گەمىگە سالدى. سوۋېتنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش مەقسىتىدە ھەممە ئائىلىلەرگە ئۆز جان سانىغا قاراپ خۇسۇسىي ئاكوپ كولاش ئىشلىرى قانات يايغاندا، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ياردەملىشىپ ئاكوپ كولىدى (بۇ دەۋرنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە شۇ مەزگىللەردە كولانغان ھاۋا مۇداپىئە ئاكوپلىرى ئاقسۇ شەھىرى بىلەن كونا شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى يارداڭلىقتا ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرماقتا ـــ مۇھەررىردىن). ئىدارىسىدە دەرەخ ئۆرۈۋگەندە، ئوتتۇن قىلىپ قالاش ئۈچۈن ئۇنىڭ يىلتىزلىرىنى كولىدى. ئاپىسىغا ياردەملىشىپ بىر مەزگىل گىلەمۇ توقۇدى. ھەمدە ئاپىسى پىچىپ تەييار قىلىپ قويغان رەختلەردىن ئىچ كىيىملەرنى كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا ئۆزى تىكىپ كىيدى. ئەركىن سىدىق دەسلەپتە ئىدارىسىنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىدىكى تاشلىۋېتىلگەن، چېقىلىپ كەتكەن ھېجىر چىنىلەرنىڭ دۈگىلەك ئاستىنى چىرايلىق ياساپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىنى مىخ بىلەن تېشىپ، ئۇنىڭدىن ئىككىسىنى بىر ياغاچ ئوققا ئۆتكۈزۈپ، غالتەك ياساپ، ئۇنى ھەر خىل نەرسىلەرنى توشۇشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىنى ـ سىڭىللىرىنى بېسىپ سۆرەپ يۈرۈپ بېقىشقا ئىشلەتكەن ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە ئاكىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ تېخنىكىسى بىر دەرىجە ئۆستى. ئۇلار بازاردىن شارىكلىق چاق سېتىۋېلىپ، تۆمۈرچىلىك ۋە ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىپ، خېلى يۇقىرى سۈپەتلىك غالتەك ياسايدىغان بولدى. ئەركىن سىدىق مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان ئوغۇتنى مانا مۇشۇنداق غالتەكتە ئاپىرىدىغان بولدى. تولۇقسىزنىڭ 2-يىللىقىدىن باشلاپ، ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن بىرگە قۇرۇلۇشتا ئىشچى بولۇپ ئىشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر بۇنداق قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى «شياۋگۇڭ» دەپ ئاتاپ، تامچى ئۇستاملارنى بولسا «داگۇڭ» دەپ ئاتىغان ئىدى. ئۇ بەزىدە قاتتىق ۋە تاشلىق يەرنىڭ ئۈستىدە كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر كېلىدىغان تام ئۇلى ئۆڭكۈرىنى قازدى. بەزىدە توپا ياكى سېمونت لاي ئەتتى. بەزىدە ئەپكەش بىلەن بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە لاي توشىدى. بەزىدە يەردىن ئۆگزىگە لاي ياكى خىش چىقاردى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئېتىلىدىغان لايغا ھاك ئىلەشتۈرىلىدىغان بولۇپ، پۇتنى قوغداش ئۈچۈن لاي ئېتىدىغانلار پۇتىغا رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋالاتتى. شۇنداق بولسىمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پۇتنىڭ

ئىچىگە لاي كىرىپ كېتىپ، لايدىكى ھاك پۈتنى يېرىپ قانىتىۋېتەتتى. ھاك سېلىنمىغان لاينى بولسا تىزدىن ئاشقىچە چوڭقۇرلۇقتىكى لايغا كېچىپ يۇرۇپ ئېتىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ چاغلاردىمۇ ئاشلىق ئىنتايىن قىس بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئەتىگەنلىك تاماق ئۈچۈن ئۇماچ ئىچىپ، چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بىر دانە قوناق نېنىنى يەپ ئىشلەيتتى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن يازلىق تەتىلنىڭ كۆپىنچىسنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزەتتى. بىر كۈندە 8 سائەت ئىشلەپ، ھەر بىرسى ئاران 80 پۇڭ پۇل تاپاتتى. ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق تاپقان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلىتىپ ئۆزلىرىگە كىيىم-كېچەك ئالدى. قالغان بىر قىسمىدا بولسا رادىئو زاپچاسلىرى ئېلىپ، مەكتەپ باشلانغاندىن كېيىنكى كەچلىك ۋە ئاخشاملىق ۋاقىتلاردا رادىئو قۇراشتۇرۇپ ئوينىدى. شۇ چاغدا بىر دانە ترانزىستور (ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا) نىڭ باھاسى بىر سوم ئىدى. يۈز سوپۇنى قۇتىسىنىڭ ئىچىگە پەقەت بىرلا باتارېيىدە ماڭىدىغان، پەقەت بىرلا كۈچەيتكۈچىسى بار، ھەمدە پەقەت قۇلاق كانىيى ئارقىلىقلا سۆزلەيدىغان رادىئودىن ھەر بىرسى بىردىن ياسىۋالدى. بۇ ئىشلارغا ئۇستا بولغاندىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ رادىئوسىنى رېمونت قىلىپ بېرىپ، بىر ئاز پۇل تاپتى. ئۇ چاغدا ئېلېكتر ۋە رادىئو ساھەسىدە ھېچ قانداق ئۇيغۇرچە كىتاب بولمىغاچقا، ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۇرۇپ، رادىئوغا ئائىت خەنزۇچە كىتابلاردىكى ئېلېكتر توك يولى رەسىملىرىنى كۆرەلەيدىغان، رادىئو زاپچاسلىرىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدى. ھەمدە ئۆگەنگەنسېرى ئۆز بىلىمىنىڭ ئازلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى، ئۇلار شۇ چاغدىن باشلاپلا باشقا تىللارنىڭ ۋە بىلىمنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغان ئىدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ ئاتا-ئانىسى ئارالدىكى تۇغقانلىرى توي-تۆكۈن قىلغاندا، داۋاملىق مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئەركىن سىدىق ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئارالغا 3 - 4 كۈنلۈك بېرىپ كېلەتتى. شۇڭا ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان بولۇپ ئادەتلەندى. ھەمدە ھەر خىل تاماقلارنى ئېتىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپىسى بىر مەزگىل ئاقسۇ گىلەم زاۋۇتىدا گىلەم توقۇش ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىدى. شۇ مەزگىلدە ئەركىن سىدىقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كەچلىك تامىقى ئۈچۈن ئاساسەن

سۈيۈقئاش ئېتىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپ، سۈيۈقئاشنىڭ سۈيىنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا پىياز-چامغۇرلارنى توغراپ سېلىپ، خېمىر يۇغۇرۇپ، ئۇنى يېيىپ بولغاندىن كېيىن، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، گىلەم زاۋۇتىغا بېرىپ، ئاپىسىنى ۋېلىسىپىت بىلەن ئەكىلەتتى. لەگمەن خېمىرىنى يۇغۇرۇش، پىلتا قىلىش ۋە ئېشىشكىمۇ شۇ چاغدىن باشلاپلا ئۇستا بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئىقتىدار ئەركىن سىدىققا بىر ئۆمۈر ئەسقېتىپ كەلمەكتە. ئۇ يېزىغا قايتا تەربىيىگە بارغان، شائخەيگە بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان ۋە ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ۋەتەنداشلىرىغا لەگمەن ئېتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ ھازىرمۇ ئۆيىدىكى لەگمەن خېمىرىنى ئاساسەن ئۆزى يۇغۇرىدۇ. ئەركىن سىدىق كىچىكىدىنلا ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئىنتايىن كۆيۈنىدىغان بولۇپ، يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى ھەرگىز ئاتا-ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىسىغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارغا بىر ئاز بولسىمۇ ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن قىلغان ئىدى.

تۇرمۇشنى ئىنتايىن سۆيىدىغان ئەركىن سىدىق تولۇقسىزنىڭ 3-يىللىقىدىن باشلاپلا مۇھەببەت ۋە كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش توغرىسىدا ئىزدىنىشكە باشلىدى. ئۇ چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىز-ئوغۇللارنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىشى بىر خىل جىنايەتتەك قارىلاتتى. مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھەر قانداق نەرسە بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىلىرى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي نەرسىلەر، دەپ قارىلاتتى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىشى ئاساسەن يوق ئىش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خاتىرە دەپتەرگە يېزىلغان مۇھەببەت خەتلىرىنى ئوقۇش ۋە ئۇنى كۆچۈرۈۋېلىش ئىشلىرى بولۇپ تۇراتتى. ئەركىن سىدىقمۇ بىر ۋاقىتلاردا ئاشۇنداق خاتىرىلەرنى بىر خاتىرە دەپتىرىگە كۆچۈردى. ھەمدە سىنىپىدىكى رەسىم سىزىشقا ئۇستا بىر ساۋاقدىشىغا دەپ، ئۇ خاتىرە دەپتىرىگە بىر جۈپ قۇشنىڭ دەرەخ شېخىدا بىر-بىرىسگە قاراپ سايرىشىپ تۇرغان رەسىمدىن بىرنى سىزدۇردى. شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە بىر مۇھەببەت خاتىرىسى تەييارلىدى. ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشقا، ھەمدە ھەممە ئىشنى يۈكسەك دەرىجىلىك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرىنىڭ پۈتۈنلەي قاپقاراڭغۇ بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن ئەركىن سىدىق، بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرىنى پەقەت ئىمكان بولسا كەلگۈسىدە قانداق ياشاش، قانداق بىر ئائىلە قۇرۇش توغرىسىدا ئويلىنىش،

ئەتراپىدىكىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھاياتى ئۈچۈن قانداق بىر جۆرىنى ئىستەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىش بىلەنلا چەكلىنگەن بولۇپ، ھەممە ئىشتا سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئىناق ئۆتۈشكە تىرىشتى. قىز ساۋاقداشلىرى ئارىسىغا زىددىيەت چۈشۈپ، ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ قالغان ۋاقىتلاردا، ئۇلارنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويۇشقا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە كۈچ چىقاردى.

ئاشۇ مەزگىللەردە ئەركىن سىدىق يازلىق تەتىلنىڭ بىر قىسمى بىلەن قىشلىق تەتىلنى ئاساسەن داۋاملىق تۇردە ئارالدا ئۆتكۈزدى. كۈندۈزى تۇغقانلىرىنىڭ ئورنىغا ئىشقا چىقتى. ئاخشىمى تۇغقانلىرى بىلەن بىر ئۆيگە يىغىلىپ، قىش كۈنلىرى كاڭ ئوچىقىنىڭ ئالدىغا 7 ـ 8 ئادەم قىستىلىپ ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئوت ئىسسىنغاچ بىرسىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلايتتى. ئابدۇشۈكۈر تاغىسى ھېكايە ئېيتىشتا داڭلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى مانا مۇشۇنداق كۆپ ئاڭلاپ يۈرۈپ، ئەركىن سىدىقمۇ خېلى يېتىشىپ قالغان ئىدى. «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ھېكايىسىنى ئاساسەن يادقا بىلەتتى. شۇڭا ئوقۇش داۋاملىشۋاتقان كۈنلەردە، چۈشتە ئۆيگە قايتمايدىغان ساۋاقداشلىرىغا داۋاملىق ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ يۈرگەن ئىدى. شۇ دەۋردىكى بىر قانچە يىل ئىچىدە ھەممە يېزىلاردا «يېزا ئىگىلىكىنى گۇيخۇاﻻشتۇرۇش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئارالدىكى دېھقانلار نەچچە 10 ، نەچچە 100 يىللاردىن بېرى تەبىئىي ئورمانلىق ياكى باغ قىلىپ ساقلاپ كەلگەن دەرەخلەرنى كېسىپ، چوڭ كۆلەملىك ئېتىز بەرپا قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى دېھقانلار دەسلەپتە ئوتۇنغا ئىنتايىن باي بولۇپ كەتتى. لېكىن ئارىدىن 2 ـ 3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كەسكەن دەرەخلىرىنى پۈتۈنلەي قالاپ تۈگىتىپ، يېڭى دەرەخلەر تېخى چوڭ بولماي، ئارالدا بىراقلا ئوتۇن قىس بولۇپ كەتتى. بىر ۋاق تاماق ئېتىپ يېيىش ئۈچۈن كىشىلەر يىراق ـ يىراقلاردىكى جاڭگاللىغا بېرىپ، يانتاق، يۇلغۇن قاتارلىق ئوت ـ چاۋارلارنى كېسىپ كېلىپ ئاش ئېتىشكە ئىشلەتتى. كېيىن بۇلارمۇ تۈگەپ كېتىپ، ئىلاجسىز جاڭگالدىكى كاﻻ ۋە باشقا ئات ـ ئۇلاغلارنى باقىدىغان يەرلەرگە بېرىپ، قۇرۇپ قالغان كاﻻ تېزىكىنى يىغىپ كېلىپ، شۇنى كۆيدۈرۈپ ئاش ئېتىدىغان بولدى. ئارالنىڭ جەڭگىجى كەنتىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ قېشىدا تۇرغاندا، ئەركىن سىدىقمۇ ئاشۇنداق قۇرۇق تېزەك تېرىشكە كۆپ قېتىم چىققان ئىدى.

70 ـ يىللارنىڭ باشلىرى «سولچىل» سىياسەتنىڭ تەسىرى ئىنتايىن

كۆچىيىپ، ئارالدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق كۈنلەرگە قالدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىدىن ئۆيىدىكى جان سانىغا قاراپ، بىر جانغا بىردىن چوشقا بېقىشنى مەجبۇرى ۋەزىپە قىلدى. يەنى، ئەگەر بىر دېھقاننىڭ ئائىلىسىدە 5 جان كىشى بولسا، ئۇ دېھقان چوقۇم 5 دانە چوشقا بېقىش شەرت قىلىندى. ئۇ چاغدىكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە، دېھقانلارغا بۆگۈن يەيدىغان ئاشلىقنى شۇ كۈنى ئەتىگەندە تارقىتىپ بېرىدىغان بولۇپ قالغان بولۇپ، ھەممە يەردە ئاشلىق كىرىزىسى بولۇپ كەتتى. شۇڭا دېھقانلار ئارىسىدا چوشقىغا بېرىلگەن قوناقنى ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىۋالىدىغان ئەھۋالمۇ كۆپ كۆرۈلدى. بۇنىڭدىنمۇ ۋەھشىي بولغىنى، بىر قىسىم مەسچىتلەر چوشقا قوتىنىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى چوشقىلارنى ئۇبدان ئىدارە قىلالماي، قوتانلىرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن چوشقىلار يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ ھەممە يەردە كۆرۈلدى. ئۇ چاغدا ئاقسۇدا خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولغاچقا، ئۇلار بېقىلغان چوشقىلارنى زادىلا يەپ تۈگىتەلمىگەن ئىدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى بولسا يىللاپ-يىللاپ بىرەر قېتىم قوي گۆشى يېيەلمىگەن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. شۇ چاغدىكى قىش پەسلىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى ئەركىن سىدىق ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدە، قۇچىقىدا بىر بوۋاق بالىسى بار بىر ئۇيغۇر دېھقان ئايالنىڭ بىر پىگىلو ھارۋىسىغا 10 نەچچە چوشقىنى بېسىپ ساتقىلى ئەكېلىپ، بىر كۈن بازاردا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ساتالماي، كۈن كەچ بولغاندا ھۆكۈرەپ يىغلاپ تۇرۇپ، ھارۋىدىكى چوشقىلارنىڭ ھەممىسىنى شەھەر ئىچىدىكى كوچىغىلا قويۇپ بېرىپ، يېزىسىغا قايتىپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرىدە ئەركىن سىدىق بىر ھەپتىگىچە ئاخشاملىق ئۇيقۇنى ياخشى ئۇخلىيالمىدى. بۇلار ئەركىن سىدىق ھازىرغىچە كۆرگەن ئەڭ ۋەھشىي مىللىي خورلۇقنىڭ بىرسى بولۇپ، بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ئېسىدە ھازىرمۇ خۇددى تۈنۈگۈنلا بولغان ئىشتەك ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا مەكتەپ جەمئىي 5 يىل بولسىمۇ، 1976-يىلىغا كەلگەندە يىللىق ئوقۇش تاماملىنىدىغان ۋاقىت ئەسلىدىكى 1-ئايدىن 7-ئايغا ئۆزگەردى. شۇڭا، ئەركىن سىدىقنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرىدىكى ئوقۇشى 1976-يىلى 7-ئايدا تاماملىنىپ، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە 5 يىل ئەمەس، 5 يېرىم يىل ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. باشلانغۇچ

مەكتەپتە ئارتۇق ئوقۇغان يېرىم يىلنى قوشقاندا، ئەركىن سىدىقنىڭ ئوقۇشى جەمئىي بىر يىل ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولدى.



ئەركىن سىدىق تولۇق ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشى ۋە دوستى دىلشات بىلەن بىرگە. بۇ رەسىم 1975 ـ 76 ـ يىللىرى تارتىلغان.

تۆۋەنكى رەسىم: ئەركىن سىدىق ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق مۇدىرى رەھمان ۋايىت ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر قىسىم ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە. بۇ ساۋاقداشلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى رەسىمى بولۇپ، 2006 ـ يىلى 2 ـ سېنتەبىر كۈنى ئەركىن سىدىق يۇرتنى يوقلاپ بارغاندا تارتىلغان.





ئەركىن سىدىقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇستازلىرى ۋە ھازىرقى دوستلىرى. ئوڭدىن سولغا قاراپ خۇدۇيۇمبەردى، مەمەت سىدىق (ئەركىن سىدىقنىڭ سابىق سىنىپ مۇدىرى)، ئەركىن سىدىق، ئەھەت ئامان (سابىق مەكتەپ مۇدىرى)، رەھمان ۋايىت (سابىق مەكتەپ مۇدىرى)، تۇرسۇنجان ھېزىم، ۋە ئابدۇۋەلى تۆمۈر. 2006-يىلى 1-سېنتەبىر كۈنى تارتىلغان.



ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا. ئارقىدىكى ئەسكى تام ئەركىن سىدىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتدا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە

ئۆزلىرى كېسەك قۇيۇپ، ئۆزلىرى سالغان ئۆينىڭ بىر قىسمى. 2006-يىلى 1-سېنتەبىر كۆنى تارتىلغان.

## 5. يېزىدىكى قايتا تەربىيە

ئەركىن سىدىق 1976-يىلى 7-ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بىر ئايدەك يازلىق تەتىل قىلغاندىن كېيىن، مەكتەپ 8-ئاينىڭ 7-كۈنى شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپكە يىغدى. شۇ كۈنى بىر مەيدان داغدۇغىلىق سەپەرۋەرلىك يىغىنىدىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار قارا ماشىنا ۋە تراكتور كوزۇپلىرىدا ئولتۇرۇپ، ئاقسۇ شەھرىگە يېقىن رايونلاردىكى ئالدىن تەقسىم قىلىنىپ قويۇلغان يېزىلارغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا ماڭدى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىچىدە، ئائىلىسىدە ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، يېزىغا بارماسلىققا يول قويۇلغان ۋە ئارقا ئىشىك قىلالايدىغان بىر قانچە ساۋاقداشلىرىدىن باشقا ھەممە ياشلار تەرەپ-تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى نۇرغۇن يول مېڭىپ، «ئۆيگە يېقىن» دەپ، ئۇنىڭغا كونىشەھەر شال ئۇرۇقچىلىق مەيدانى دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزىنى ھەل قىلىپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىنى ۋە ئابدۇشۈكۈر تاغىسى سوغا قىلغان بىر كىچىك ئوماق كەتمەننى ئېلىپ، 28-نومۇرلۇق بىر تراكتورنىڭ كوزۇپىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز يېزىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئەركىن سىدىقنىڭ ئالدىدىكىسى چەكسىز كەتكەن بىر ئۇزۇن يول ئىدى. ئۇنىڭ ئىستىقبالى بىر قارا ئۆڭكۈرگە ئوخشاش پۈتۈنلەي نۇرسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆمرىنى نېمە ئىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان نەرسىلىرىنىڭ ئىچىدە، يەنە يېزىدا ئوبدان ئىشلەپ، شۇ ئارقىلىق 20 نەچچە سوم ئايلىق بېرىدىغان بىرەر ئىشچىلىق خىزمىتىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت بىر ئارزۇ، پىلان ۋە ئىرادىلا بار ئىدى. ئۇ چاغدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر بارىدىغان ئىش يوق بولۇپ، بىرەر ئىشچىلىق خىزمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ، يېزىدا كەم دېگەندە 2 يىل قايتا تەربىيە ئالمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ چاغدىكى ياشلار يۇقىرىقىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئۈمىد ياكى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

ئەركىن سىدىق بارغان بۇ يېزا ئاقسۇ شەھىرىگە 10 كىلومېتىر، كونىشەھەر ناھىيە بازىرىغا 4 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يەردە بولۇپ، ئۇ يەرگە ئاقسۇ شەھىرىدىن ئۆزىدىن باشقا پەرىدە ئىسمىلىك يەنە بىر قىزلا باردى. ئۇ يېزا شۇ يىلى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان زىيالىيلار قايتا تەربىيە ئېلىش پونكىتى بولۇپ، شۇ يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىدە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئاشۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئاقسۇ 1 ـ ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ كونىشەھەرگە بارغان باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ بار بولسىمۇ، ئۇلار باشقا يېزىغا بارغان ئىدى.

بۇ يېزىغا ئۇ چاغدا تېخى توك ئۇلانمىغان بولۇپ، ھەممە كىشىلەر ئۆي ـ ياتاقلىرىنى كىرسىن چىرىغى بىلەن يورۇتاتتى. ئۇ يەرنىڭ ئىشچىلىرى ئىچىدە پەقەت بىر ئائىلە كىشىلا ئۇيغۇر بولۇپ، قالغانلىرى ئىچكىرىنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدىكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەنزۇلار ئىدى. بۇ مەيداننىڭ ئاساسلىق ئىشلەپ چىقىرىدىغىنى شال ئۇرۇقى بولۇپ، كونىشەھەر ناھىيىسى ئالىي سۈپەتلىك شال ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەم ۋە سۈيى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، پاشا ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ياز كۈنلىرى ئادەم داكا رەختتىن ياسالغان كىچىك پاشىلىقلارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالمىسا، ئاخشىمى ئۇخلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياز كۈنلىرى نەچچە ئايدا بىر قېتىم ناھىيىدىن بۇ مەيدانغا كىنو ئەكېلىپ قويۇپ بەرگەندە، ئادەم پۈتۈن بەدىنىنى بىر نەرسە بىلەن ئوراپ ئولتۇرمىسا، پاشىنىڭ دەردىدىن سىرتتا ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ ئولتۇرسىمۇ، پاشىلار ئادەمنىڭ كۆزىگە ئولىشىپ كېتەتتى. شۇڭا كىنو كۆرۈش ئەمەلىيەتتە كۆزىگە ئولىشىۋالغان پاشىلارنى قورۇپ ئولتۇرۇش جەريانى بولاتتى. ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ تۇرىدىغان ئۆيى قۇرما تام بىلەن ياسالغان ئىنتايىن ئاددىي ئۆيلەر ئىدى. گۈرۈچ كۆپ چىقىدىغان بۇنداق يەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ يەرلەردە چاشقان ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. ئەركىن سىدىق قالغان زىيالىيلار بىلەن شال ئورۇۋاتقاندا، پات ـ پات ئېتىزلىقنىڭ 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر يەرلىرىدىن ئېغىرلىقى بىرەر كىلو كېلىدىغان، ئىنتايىن پاكىز ۋە ئىنتايىن پۈتۈن ئاقلانغان گۈرۈچلەرنى تېپىۋالاتتى. بۇ شال ئېتىزلىقىدا جان باقىدىغان چاشقانلار ئۆزلىرىنىڭ قىشلىق يېمەكلىكى ئۈچۈن تەييارلىغان «ئىسكىلاتتىكى ئاشلىقى» ئىدى. بۇ چاشقانلار ئۇيغۇر زىيالىيلار ياتاقلىرىنىڭ تورۇسى ۋە قۇرما تام ئارىلىقلىرىغىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئۇۋا تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئاخشىمى ئادەم

ئۇخلىغىلى ياتقان ھامان، پۈتۈن چاشقانلار كېچىلىك پائالىيىتىنى باشلىۋېتەتتى. بەزىلىرى تورۇۋستىن چالما تاشلايتتى. بەزىلىرى تاماق قاچىلىرىنى تاراڭلىتاتتى. بەزىلىرى ئۇستىدە ئادەم ياتقان كۆرپىنىڭ ئاستىنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولاتتى. چاشقانىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى مۇشۇنداق ئېغىر بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ كەچلىك تاماقتىن كېيىن تاماق قاچىسىنى يۇيۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، يۇيۇلمىغان قاچىنى شۇ پېتى قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگىنى قارىسا، ئۇ چاشقانلارنىڭ «تازىلىشى» بىلەن پاك-پاكىز بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا زىيالىيلار قاچىسىنى تاماق يەپ بولغاندا ئەمەس، تاماق يېيىشتىن بۇرۇن يۇياتتى. ئەركىن سىدىق بىر قانچە قېتىم ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرغاندا، كۆرپىسىنىڭ ئاستىدىن ئۆلۈك چاشقان تېپىۋالغان ئىدى. بۇلار كېچىسى كۆرپە ئاستىنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە «سەپەر» قىلىپ كېتىۋاتقاندا، كۆرپە ئۇستىدە ئۇخلاۋاتقان كىشى ئۇيقۇ ئىچىدە ئۆرۈلگەندە ئۇقماي بېسىۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ قويغان چاشقانلار ئىدى. بەزى ئوغۇللار شال ئورمىسى ۋاقتىدا شال ئېتىزىدىكى چاشقانلاردىن 20 - 30 نى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى خۇددى تىزىلىپ بىر يەرگە مېڭىۋاتقاندەك كۆرستىپ قاتارى تىزىپ قويغان ئىشلارمۇ بولغان ئىدى.

ئۇ چاغدا سائەت بولمىغاچقا، زىيالىيلار تاڭ ئاتقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقا بېرىپ، كۈن ئولتۇرغاندا ئىشتىن چۈشەتتى. تاماقنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، كىشىلەر ئايلاپ-ئايلاپ گۆش كۆرمەيتتى. لېكىن تاماق ئاساسەن نورمىسىز بولۇپ، قانچىلىك يېسە شۇنچىلىك بار ئىدى. ئەتىگىنى يەيدىغىنى ھور نان بولۇپ، ئاشخانىدا ئوت قالاپ ئىسسىتىدىغان مەش بولمىغاچقا، قىش كۈنى ھور نانلىرى پۈتۈنلەي توڭلاپ قالاتتى. بەزىدە ئاشپەزلىك قىلىدىغان زىيالىي شەھەرگە كېتىپ، ئەتىگىنى ناننى ئىسسىتىپ قويىدىغان ئادەم يوق بولۇپ قالغاندا، ئەركىن سىدىق ئاشۇنداق توڭلاپ قالغان ھور نېنىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ، سۇ چاشكىسىدىن بىرنى ئېلىپ، ياتىقىنىڭ قېشىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ ئىچكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ھېلىقى توڭلاپ قالغان ھور نېنىنى ئازراق - ئازراقتىن غاجىغان ئەھۋاللار ئۇنىڭ ئېسىدە ھازىرمۇ ئەينەن ساقلاقلىق تۇرماقتا. ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ ئىچكەندە، ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئات-كالىلارنىڭ ئۆستەڭگە كىرىۋېلىپ سۇ ئىچىۋاتقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چاشكىغا ئالغان سۇنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ھەر خىل نەرسىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، سۇنى

ئالغاندىن كېيىن سەل ساقلاپ، ئايلىنىپ يۈرگەن نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى چاشكىنىڭ ئاستىغا ئولتۇرۇپ، قالغان قىسمى يەنىلا لەيلەپ تۇرسىمۇ، سۈنى ئىچىۋېرەتتى.

ئەركىن سىدىق ھەر شەنبە كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئاقسۇدىكى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، يەكشەنبە كۈنى كەچتە يېزىسىغا يەنە قايتىپ كېتىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە پەقەت بىرلا ۋېلىسىپىت بولغاچقا، ھەر قېتىم ئۇ ئۆي بىلەن يېزىنىڭ ئارىلىقىدىكى 10 كىلومېتىر يولنى پىيادە باستى. يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئۇ چوڭ يولدا ماڭماي، جاڭگاللىق-جاڭگال، ئېتىزلىقمۇ-ئېتىزلىق، ئۆزى يالغۇز يول يۈرەتتى. غەيرەت قىلىپ ئىتتىك ماڭسا، 10 كىلومېتىر يولنى 2 سائەتتە بېسىپ بولاتتى. ئۆيىگە ماڭغاندا خۇشال ۋە كۆتۈرەڭگۈ-روھلۇق ماڭسا، ئەتىسى قايتىپ كېلىدىغاندا ئەمگەكتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، روھىي تۇرمۇشتىن ئەسەرمۇ يوق بۇ جايغا بىرسى بويىنىنى باغلاپ تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، پۇتىنى سۆرەپ، ئىنتايىن تەسلىكتە ماڭاتتى. يولمۇ ناھايىتى يىراق تۇيۇلۇپ كېتەتتى. بەزى دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆيىگە قايتماي، 4 كىلومېتىر يولنى پىيادە يۈرۈپ كونىشەھەر ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، بەزى سەپداشلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولاتتى. ناھىيە كۇلۇبىدا كىنو قويغاندا، دوستلىرى بىلەن كىنو كۆرەتتى. يېزىدا بىرگە قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان ئىسكەندەر ئىسىملىك بىر سەپدىشى بۇرۇن شۇ ناھىيىلىك كىنوخانىدا ئىشلىگەن بولۇپ، ئەركىن سىدىق كىنو كۆرگىلى بارغاندا، ئۇنىڭدىن بېلەت ئالماي كىرگۈزۈۋېتەتتى. قايتا تەربىيە مەزگىلىدە ئەركىن سىدىق تۇرغان يېزىدىكى زىيالىيلارغا ھېچ قانداق ئىش ھەققى بەرمىگەن بولۇپ، قورساققا يېگەن تامىقى ئاشۇ زىيالىيلارنىڭ ئىش ھەققى ئىدى. شۇڭا زىيالىيلار ئىنتايىن كەمبەغەل بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى تاماكا پۇلىسىغىمۇ چىقىنالمايتتى. شۇڭلاشقا ئوغۇللاردىن بىرسى موخوركىدىن بىرنى يۆگەپ چەكسە، بىر دەمدىلا باشقىلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، نۆۋەتلىشىپ ئۇ بىر موخوركىنى چېكىش ئۈچۈن ئۆچىرەت بولۇپ كېتەتتى. كونىشەھەرنىڭ دۆڭ تۆپىسىگە يېقىن جايدا سۈيى ئىنتايىن تاتلىق بىر بۇلاق بار بولۇپ، ئەركىن سىدىق بەزىدە دوستلىرى بىلەن شۇ بۇلاق ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ھېكايە ئېيتىشىپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. مانا بۇ ئەركىن سىدىقنىڭ يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان مەزگىلدىكى ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىدۇر.

1977-يىلى، ئەركىن سىدىق ئەتىياز پەسلىدىكى 4-ئايدىن باشلاپلا

رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋېلىپ سۇغا كىرىپ، شال تېرىش مەشغۇلاتىنى باشلىدى. دەسلەپتە سۇغا كىرگەندە يەر تېخى ئېرىپ بولالمىغان بولۇپ، تولۇق يەرنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئۇ يېڭى نەرسىنى تېز ئۆگىنىدىغانلىقى، ۋە ھەممە ئىشنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋاقىتقىچە ئۇ شال تېرىشتا مەيداندىكى 1 ـ دەرىجىلىك ئەمگەك كۈچى قاتارىدا ئورۇن ئالغان ئىدى. ئۇ شال تېرىش، مايسا ئۆستۈرۈش، مايسا كۆچۈرۈش، ئوت ئوتاش ۋە ئەڭ ئاخىرى شال ئورۇشقىچە ھەممە ئىشنى باشتىن ـ ئاخىر قىلىپ چىقتى. شۇ يىلى ئەڭ ئاخىرى 10 ـ ئايلارغا ئاز قالغۇچە سۇ ئىچىدە ئىشلىدى. شال ئورۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرسىدە، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاي شەكلىدىكى ئورغىقىنى تېز سۈرئەتتە بىلەۋېتىپ، ئۇنى سولدىن ئوڭغا بىلگەندە، ئورغاقنىڭ ئۇچى بىلەيدىن سىيرىلىپ چىقىپ كېتىپ، ئارقىغا ياندۇرۇپ بىلەش ھەرىكىتىنى قىلغاندا ئورغاق بىلەي تۇتقان قولىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ بېلىكىنىڭ 3 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يېرىنى ئاچىماق شەكلىدە كېسىپ، بېلىكىنىڭ سۆڭىكىنى كۆرسىتىپ قويىدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشتىن كېيىن بىلىكىنى تېڭىپ ساقايتتى. لېكىن، ئورغاق كەسكەن جاي سول قولىنىڭ سائەت تاقايدىغان يېرىدىن سەللا ئۈستۈن بولۇپ، ئۇ يەر بىر ئاچىماق شەكىلدە چوڭ تارتۇق بولۇپ قالدى. بۇ تارتۇق ئەركىن سىدىقنىڭ بىلىكىدە ھازىرمۇ بار بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم بىلىكىدىكى سائەتكە قارىغاندا، بۇ تارتۇق ئۇنىڭغا ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىش جەريانىدا بېشىدىن كەچۈرگەن يۇقىرىقىدەك جاپالىق تۇرمۇشنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. ئامېرىكىدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلەردە ۋە ھازىرقى JPL دا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلاردا ئەركىن سىدىقنىڭ بەزى خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭدىن بېلىكى نېمىشقا تارتۇق بولۇپ قالغانلىقىنى سورىدى. بۇ تارتۇق سۆزلەيدىغان تارىخي ھېكايە ئىنتايىن ئۇزۇن ۋە ئېچىنىشلىق بولغاچقا، ئەركىن سىدىق ئۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرماي، «بىر قېتىم دىققەتسىزلىكىمدىن پىچاق كېسىۋەتكەن» دەپلا قويىدى.

شال تېرىشتىن باشقا، ئەركىن سىدىق بۇ مەيداندا ھەر خىل سەي ـ كۆكتاتلارنى تېرىشقا، ھەمدە ئۇنى ناھىيە بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىشقىمۇ قاتناشتى. 1977 ـ يىلى يازدا، ئۇ تېخى بىر ئاي يېزىسىنىڭ 30 دەك ئات، كالا ۋە قويلىرىنى ھەيدەپ، ئۆزىدىن باشقا ھېچ قانداق ئادەمنىڭ قارىسى

كۆرۈنمەيدىغان بىر جاڭگالدا پادا باقتى. بۇ ئۇلاغ توپىنىڭ ئىچىدە بىر جۈغى كىچىك، ئەمما ئىنتايىن ئىتتىك يۈگرەيدىغان بىر جىگەررەڭ ئات بولۇپ، پادا باققىلى چىققانلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئاتنى مىنىۋالاتتى. لېكىن ئاتقا ئارتىدىغان توقۇم يوق بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇنى يايداق پېتىلا مىنەتتى. ئەركىن سىدىق بۇ ئاتنى مىنىشكە باشلىغان بىرىنچى ھەپتىسى ئۇنىڭ سۆڭگىچىنى ئاتنىڭ دۈمبىسى غاجىلاپ يېغىر قىلىپ قويىدى. بۇنداق يېغىر ئىنتايىن ئاغرىيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەردىدە ئەركىن سىدىق بىر قانچە ھەپتە تۈز ئولتۇرالماي، بىر يەردە ئولتۇرسا سۆڭگىچىنىڭ يېرىمىنى قويۇپ، قىيپاش ئولتۇرۇپ يۈردى. ئۇ چاغدا بىرەر رادىئو ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانغا ئازراق ھەمرا بولۇپ بېرىدىغان ھېچ نېمە يوق ئىدى. ۋاقتنى بىر ئاز ئەھمىيەتلىك ۋە تېزرەك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق پادا بېقىش جەريانىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىدىن يېڭىدىن نەشر قىلىنغان 4-تومىنى ۋە لۇ شۈننىڭ فېلىيەتونلىرىنى ئوقۇدى. بەزىدە خەنزۇ تىلى ئۆگەندى. ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىقتا بىرەر خەنزۇ تىلى دەرسلىكى ياكى خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت بولمىغاچقا، ئۇ بىر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسى بىلەن خەنزۇچىسىنى تەڭلا كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇلارنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ يۈرۈپ تىل ئۆگەندى. بۇنداق تىل ئۆگىنىشنى پادا بېقىشتىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ، ئۆز ئىمكانىيىتى يار بەرگەن ھەممە ۋاقىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىزچىل تۈردە ئېلىپ باردى.

ئەركىن سىدىق يېزىدىكى ۋاقتىدىمۇ ئۇيغۇر ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، مەيدان ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مەيدان باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەيدان خەۋەرلىشىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، مەيدان تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ 10 دەك ئۇيغۇر زىيالىيلارنى يىغىپ، بىر سەنئەت ئەترىتى تەشكىللىدى. ئۇنىڭدا ئۆزى شېئىر يېزىپ، يازغان شېئىرلارنى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇزىكا ئاھاڭىغا سېلىپ ناخشا قىلدى. ھەمدە بەزىدە دۇتار، بەزىدە راۋاب، ۋە بەزىدە داپ چېلىپ، سەنئەت ئويۇنلىرى تەييارلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ ياخشى كۆرۈلۈپ ئېيتىلىدىغان «سېنى ئەسلەيمەن» دېگەن ناخشا ئاھاڭىغا ئەينى زاماندىكى ۋەزىيەتكە ماسلاشقان، داڭلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بىرى يازغان بىر شېئىر تېكىستىنى كىرگۈزۈپ، سەنئەت ئەترىتىنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئۈچچە ئوقۇيدىغان بىر كوللېكتىپ ناخشىسى قىلىپ چىقتى (ئۇ چاغدا

مۇھەببەت خاراكتېرىگە ياتىدىغان ھەممە ناخشىلار «سېرىق ناخشا» تۈرىگە ئايرىلىپ، ئۇلارنى ئېيتىش قەتئىي مەنئى قىلىنغان ئىدى). بۇ سەنئەت ئەترىتى كونىشەھەر ناھىيىلىك كىنو كۇلۇبىدا شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن بىر قېتىم ئويۇن قويۇپ بەردى. ئۇ چاغدا يېزىغا قايتا تەربىيىگە بارغان زىيالىيلارنىڭ ئالدىدىكى بىردىن-بىر چىقىش يولى ئىككى يىل ياخشى ئىشلەپ، مەيداننىڭ باھالىشىدا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، نان تېپىپ يېگىلى بولغۇدەك خىزمەتتىن بىرنى تېپىش ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق ئۆزىلا ھەر جەھەتتىن قاتتىق تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپلا قالماي، باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلارغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق يولغا يېتەكلەپ تۇردى. ئەركىن سىدىق بۇرۇنقى ئەھۋاللىرى ئانچە ياخشى بولمىغان بەزى زىيالىيلار بىلەن يېقىن دوست بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىرگە مەيدانغا پايدىلىق بولغان ھەر خىل ياخشى ئىشلارنى قىلدى. ئۇ يەردىكى زىيالىيلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوق ئىدى.

1977-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى دېڭ شياۋپىڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو رەھبەرلىرى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر تۇتاش ئېلىنغان ئىمتىھان نەتىجىسىگە قاراپ تاللاش سىياسىتىنى يولغا قويدى. بۇ ئىش ئەركىن سىدىقنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مىڭلىغان، 10 مىڭلىغان ياشلارنى چەكسىز خۇشال قىلدى. ئۇلارغا بىر خىل ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. شۇ يىلى كۈزدىن باشلاپ، ھەر يەر ھەر يەرلەردە قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان زىيالىيلار ئارىسىدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس دەرس تەكرارلاش مەشغۇلاتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئەركىن سىدىق كونىشەھەر ناھىيە تەۋەسىدە بولغاچقا، مەيدان رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ئاقسۇغا قايتىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مەكتىپىدىكى دەرس تەكرارلاش كۇرسلىرىغا قاتنىشىشىغا يول قويمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز يېزىسىدىكى قالغان زىيالىيلارغا ئوخشاش، چۈشتىن بۇرۇن ئىشلەپ، چۈشتىن كېيىن ناھىيە بازىرىدىكى 1-ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ، دەرس تەكرارلاش كۇرسىغا قاتناشتى. ئاخشىمى ئۆز ياتىقىدا، ئۆزى ياسىۋالغان بىر غېرىچ ئېگىزلىكتىكى جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۆزى دەرس تەكرارلىدى. چىراغقا ناھايىتى يېقىن كەلمىسە كىتابتىكى خەتنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا ئادەم بۇرنىنى سىلىسا، قولىغا قاپ - قارا چىراغ

ئىسى چىقاتتى. شۇ يىلقى تۇنجى قېتىملىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى كونىشەھەر ناھىيىسىدە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە جەمئىي 3 كۈن داۋام قىلدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىمتىھانلارنى كونىشەھەر ناھىيىسىدە بېرىپ، ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنى داۋاملاشتۇردى. ئارىلىقتىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق تۇرغان يېزىغا «ئاقسۇدىن بىر بالا بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا پەۋقۇلئاددە يۇقىرى نومۇر ئاپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن «بۇ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى نومۇر ئالغان بالا كونىشەھەردە ئىكەن» دېگەن خەۋەر كەلدى. ئارىلىقتا يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممە يەرگە «بۇ بالا كونىشەھەر شال ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا ئىكەن»، «بۇ بالا ئەركىن سىدىق ئىكەن» دېگەن خەۋەرلەرمۇ تارقالدى. ئەركىن سىدىق بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ھەم خۇشاللىنىپ، ھەم ھاياجانلىنىپ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئېقىپ كەتتى. ھەمدە ئىچىدە: «ئاھ خۇدا. ساڭا مىڭلارچە رەخمەت!» دېدى. ئەركىن سىدىق باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا ئۆزى ئۈچۈن «بۇ دۇنيادا قانچىلىك ئوقۇش بولسا، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇيمەن» دېگەن بىر غايىنى تىكلىگەن ئىدى. لېكىن، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، بولۇپمۇ يېزىغا قايتا تەربىيىگە چۈشكەندىن كېيىن، بۇ غايە پۈتۈنلەي ئۈچۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ قېتىم كەلگەن خۇش خەۋەر ئۇنىڭ ئۈمىدىگە قايتىدىن جان كىرگۈزدى. كېيىن شۇ قېتىم ئەركىن سىدىقنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى پۈتۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 2 ـ ئورۇنغا ئېرىشكەنلىكى ئېنىق بولدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتتە ئەركىن سىدىقنى قوبۇل قىلغان مەكتەپ توغرىسىدا ھەر خىل گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. دەسلەپتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، كېيىنچىرەك بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۇنىڭدىن كېيىن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەڭ ئاخىرىدا چەت ئەلنىڭ گېپى چىقتى. لېكىن، ئەركىن سىدىق ئۈرۈمچىدىن باشقا ئورۇنلارنىڭ گېپىگە زادىلا ئىشەنمىدى. سەۋەبى ئەينى ۋاقىتتا ئۇ خەنزۇچىدىمۇ تېخى چالا ساۋاتلىق بولۇپ، چەت ئەل تىلىنى قىلچىمۇ بىلمەيتتى. مەكتەپتىن تېخى چاقىرىق كېلىپ بولالمىغان بىر پەيتتە، كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەركىن سىدىققا ئايلىق مائاشى 26 سوملۇق بىر تەرجىمانلىق خىزمىتى بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى ئۇنى ئالى مەكتەپكە ئەۋەتىش ـ ئەۋەتمەسلىك توغرىسىدا سەل

ئىككىلىنىپ قالدى. سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بۇ ۋاقىتقىچە ئىقتىساد قىيىنچىلىقىنى ئىنتايىن كۆپ تارتىپ كەتكەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، گەرچە ئەركىن سىدىقنىڭ ئاكىسىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۇنى ئائىلىسىدىكىلەر شۇ يىلقى ئالى مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرمىغان ئىدى. بۇ پۇرسەتتىن ۋاز كېچىش ئەركىن سىدىق ئۈچۈن بىر تەسەۋۋۇر قىلالىغۇسىز چوڭ زەربە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالى مەكتەپكە بېرىشتا قىلچىمۇ تەۋرەنمەي، ئىنتايىن چىڭ تۇردى. ئەگەر ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىسە، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە تايانمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسىنىڭ دوستلىرىمۇ بۇ خەۋەرنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دادىسىنى ئەيىبلەپ، ئەركىن سىدىقنى قەتئىي ئوقۇتمىسا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى تەسلىكتە ماقۇل بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئەركىن سىدىققا ئۆزى ئارزۇ قىلغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتى رادىئو ئېلېكترونىكىسى كەسپىدىن ئوقۇش چاقىرىقى كەلدى. شۇ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى ئەركىن سىدىق بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا پۈتتۈرگەن 3 سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە، پەقەت 3 ئوقۇغۇچىلا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىغا بارالىدى. ئۇلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىنىپىدىن ئەركىن سىدىق، دوختۇرلۇق سىنىپىدىن رەيھان ئىمىن ۋە يېزا ئىگىلىكى سىنىپىدىن گۈلزەپەر بولۇپ، رەيھان شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا، گۈلزەپەر بولسا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ كەسپىگە قوبۇل قىلىندى.

ئوقۇش چاقىرىقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق ئۆزى چېنىققان يېزىدىكى يوتقان - كۆرپىلىرىنى يىغىپ باغلاپ، ھېلىقى ئۇيغۇر ئىشچى ئائىلىسى ۋە يېزىدا شۇ چاغدا تېخىچە تۇرۇۋاتقان باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلار بىلەن خوشلىشىپ، چېنىققىلى بىر يېرىم يىل بولغان بۇ جايدىن ۋېلىسىپىت بىلەن ئايرىلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئۆزنىتىش پائالىيىتىمۇ بولمىدى. مەيدان رەھبەرلىرى خوشمۇ دەپ قويمىدى. ئۇ جىمجىت مەيداندىن ئۆزى يالغۇز سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئاستا ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. گەرچە ئەركىن سىدىق بۇ يېزىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ جاپالىق ۋاقىتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا خېلى چوڭقۇر مېھرى سىڭىپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆرۈمچىدىن ئاقسۇغا 1978 - يىلى يازدا تەتىل قىلىپ قايتىپ كەلگەندە،

ۋېلسىپېت بىلەن ئۆزى چېنىققان بۇ يېزىغا بىر قېتىم باردى. بۇرۇن ئۆزى ئىشلىگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ، ئۇ يەرلەرنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈردى. بىرەر تونۇش ئۇچراپ قالارمىكىن، دەپ بەك ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھېچ كىمنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇ جاي بۇرۇنقىغا قارىغاندا جىق جىمجىت كۆرۈنەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ يەردىن ئاستا قايتىپ كەتتى.

ئەركىن سىدىق ئۆزى قايتا تەربىيىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆگەنگەن دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ئۇ شىمالىي كالىفورنىيىدە 1997-يىلى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئۆيىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ھەر خىل دەرەخلەرنى تىكىپ، سەي-كۆكتات تېرىپ، بۇنى ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ 2004-يىلى JPL غا خىزمەتكە كىرىپ، ئائىلىسىنى جەنۇبىي كالىفورنىيىدىكى يېڭىدىن سېتىۋالغان ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئۆيىنىڭ ئارقا ھويلىسىنىڭ يەر قۇرۇلۇشىنى پۈتۈنلەي ئۆزى لايىھىلەپ چىقتى. بۇ ھويلىغا 4 تۈپ ئانار، 3 تۈپ ئۈزۈم، بىر تۈپ «لىمون»، بىر تۈپ «ئاپېلسىن»، ۋە بىر تۈپ گىلاس دەرىخى تىكتى. ئەتىرگۈل، قوغۇنگۈل ۋە ھەشقىپېچەك گۈللىرىنى تىكتى. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئازراق ئۇجمىمۇ ئۆستۈردى. 2005- يىلى ئۇ ھويلىسىدا قوغۇن بىلەن تاۋۇز ئۆستۈرۈپ باقتى. بۇ يىل ھويلىسىغا پەمىدۇر ۋە ئاچچىق مۇچ (لازا) تېرىپ، بۇ 2 خىل سەي-كۆكتاتتىنا پۈتۈن ياز ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلىدى. ئەركىن سىدىق ئۈچۈن ھويلىدا ئاشۇنداق بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئۆستۈرۈش ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئىشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھۇزۇرلىنىدىغان روھىي تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولماقتا.



ئەركىن سىدىق يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان مەزگىلدىكى كوناشەھەردە بىرگە ئۆتكەن بىر قانچە زىيالىي ياش سەپداشلىرى بىلەن دوستلىرى.



ئەركىن سىدىق بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى 1976-يىلى بىرگە پۈتتۈرۈپ، 1978-يىلى 2-ئايدىكى تۇنجى قېتىملىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارغان 3 ساۋاقداشلار. ئوڭ تەرەپتىكىسى گۈلزەپەر بولۇپ، ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. سول تەرەپتىكىسى رەيھان بولۇپ، ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىدىكى بىر ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالغانلارنى داۋالاپ ئۆزگەرتىش ئورنىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ رەسىم 2006-يىلى 9-ئايدا تارتىلغان.



ئەركىن سىدىقنىڭ جەنۇبىي كالىفورنىيەگە جايلاشقان ھازىرقى ئۆيىنىڭ ئارقا ھويلىسىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى. ھويلىدىكى چوڭ تەشتەك، تاش سۇپا، يول ۋە ئوتلۇقلارنى ئەركىن سىدىق ئۆزى لاھىيلەپ، ئادەم ياللاپ ياساتقان. بۇ رەسىم 2005-يىلى يازدا تارتىلغان بولۇپ، ھويلىدىكى گۈل-دەرەخلەرنى ئەركىن سىدىق شۇ يىلى (2005-يىلى) ئەتىيازدا تىككەن. رەسىمنىڭ سول تەرىپىدىكىسى پەمىدۇر كۆچەتلىرىدۇر.



ئۆينىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى بىر تۈپ ئانار. بۇ ئانارنى ئەركىن سىدىق 2005-يىلى ئەتىيازدا تىككەن بولۇپ، بۇ رەسىم 2006-يىلى يازدا تارتىلغان.

## 6. ئالىي مەكتەپ

1978-يىلى 3-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىللىق خەنزۇ تىلى ئوقۇشىنى باشلىدى. گەرچە ئۇلار ئوقۇش باشلىغان يىل 1978-يىلى بولسىمۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 1977-يىلى باشلانغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىق بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن جۇڭگو بويىچە «77-يىللىق ئوقۇغۇچىلار» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى جەھەتتە قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ، فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنىڭ مەسئۇلى ياقۇپ مۇئەللىمنىڭ تاللىشى ۋە كۆرسىتىشى بىلەن، فاكۇلتېتتىن ئۇنى سىنىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ۋە فاكۇلتېت ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قىلىپ تەيىنلىدى. سىنىپتىكى ئايرىم ئۈرۈمچىلىك ئوقۇغۇچىلار دەسلەپتە بۇ يېزىلىق تۇسنى ئالغان ئەركىن سىدىقنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىدى. لېكىن ئارىلىقتىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەيلا، ئەركىن سىدىق ئۆز سىنىپىدا مەيلى ئۆگىنىشتە بولسۇن ياكى خىزمەتتە بولسۇن كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كىچىك پېئىل، ئادەملەر بىلەن چىقىشقاق، باشقىلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، خىزمەتنى ئىنچىكە ۋە ئىنتايىن رەتلىك ئىشلەيدىغان مىجەزى، ھەمدە يۈكسەك دەرىجىدىكى تەشكىللەش، ھەر بىر ئىشنى يۇقىرى ئۆلچەم ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن قىلىش ئىقتىدارى بارا-بارا باشقىلارنى قايىل قىلىشقا باشلىدى. 1978-يىلى كۈزدە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكەتلىك 10-نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىغا بىر ۋەكىل تاللايدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەر بىر فاكۇلتېت بىردىن كاندىدات تاللاپ چىقتى. ئاندىن ھەممە فاكۇلتېتتىكى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھېلىقى كاندىداتلار ئىچىدىن پەقەت بىرلا ۋەكىلنى تاللايدىغاندا، ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپ مۇدىرى شەرىپ مۇئەللىم بىلەن يۇقىرىقى ياقۇپ مۇئەللىمنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ئەخلاق، ئۆگىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى قاتارلىق ھەممە جەھەتلەردە ئەركىن سىدىق ئەڭ يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ، مەكتەپ ۋەكىللىكىگە تاللاندى. ھەمدە 1978-يىلى

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 10 ـ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تەييارلىق باسقۇچىدىكى خەنزۇچە ئۆگىنىش ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، ئەركىن سىدىق سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى ئەخمەت نىياز بىلەن بىرلىكتە ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلاشنى قارار قىلدى. ئۇ چاغدا ئۇيغۇر مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش دېگەن ئۇقۇم يوق بولغاچقا، بۇ ئىشنى ئاڭلىغانلارنىڭ ئىچىدە دەسلەپتە ئەركىن سىدىق بىلەن ئەخمەت نىيازنى زاڭلىق قىلغانلارمۇ بولدى. لېكىن ئۇلار باشقىلارنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي، شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەتئەل تىلى فاكۇلتېتىدا ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ھەكىمە ئاپپايدىن ئىشنى نەدىن ۋە قانداق باشلاش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپ، ھەمدە ئۇنىڭدىن بەزى كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى. ھەكىمە ئاپپايمۇ ئاقسۇلۇق بولغاچقا، ئەركىن سىدىق ئالىي مەكتەپكە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشقان بولۇپ، ئەركىن سىدىق بىلەن ئەخمەت نىياز ئۇ ئاپپاينىڭ ئۆيىگە پات ـ پات كىرىپ تۇراتتى. كەسپىي دەرس ئۆتۈلۈشكە باشلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇ ئوقۇش ئەركىن سىدىققا ھېچ قانداق ئېغىر كەلمىگەنلىكى، ھەمدە ئۇ چاغدا باشقا قوشۇمچە ئىشلىرىمۇ بەك كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە خېلى كۆپ ۋاقىت ئاجراتتى. تىل ئۆگىنىشنى 77ـيىللىق تەبىئىي پەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرسلىك كىتابىدىن باشلىغان بولۇپ، ئۇلار 2 ھەپتىدە ئوقۇغان دەرسنى ئەركىن سىدىق ئۆزى ئۆگىنىپ بىر ھەپتىدە تۈگىتىپ ماڭدى. 1979 ـ يىلى يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ قاتتىق تۇتۇش قىلىش بىلەن، ئەركىن سىدىق شۇ ۋاقىتتىكى 77 ـ يىللىق خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالدى. يەنى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار 3 مەۋسۇم دەرسلىك قىلىپ ئوقۇپ تۈگەتكەن دەرسنى ئەركىن سىدىق بىر مەۋسۇم ۋە بىر يازلىق تەتىلدە ئۆزى ئۆگىنىپ تۈگىتىپ، ئۆزى بىلەن ئوخشاش يىللىقتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا يېتىشىۋالدى.

بۇ ۋاقىتتىچە ئەركىن سىدىقنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى پۈتۈن مەكتەپ بويىچە تەشۋىق قىلىنىشقا باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇيغۇر مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىلىشقا

باشلىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قانچە تەبىئىي پەن فاكۇلتېتلىرى چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بار ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا رۇس تىلى كۇرسلىرىنى ئېچىپ بەردى. كۇرس يېڭى باشلانغاندا تىل ئۆگەنمەكچى بولغانلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، سىنىپقا پېتىشماي، ئۇستەللەر ئارىسىدىكى بوش ئورۇنلار ۋە دوسكىنىڭ ئەتراپىدىكى بوش ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى دەرس ئاڭلىماقچى بولغانلار بىلەن توشۇپ كەتتى. ئارىلىقتىن بىرەر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئېچىلغان سىنىپتا يەردە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايدىغانلار ئاساسەن قالمىدى. يەنە بىرەر ئايدەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ سىنىپتا دەرس ئېلىۋاتقانلار سىنىپنىڭ يېرىمىنىمۇ توشقۇزالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق، بىر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش سۆزلىمەككە ئىنتايىن ئاسان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن ئىنتايىن ئاسانلا چىقىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش بىر ئىنتايىن قىيىن ئىش. ئەركىن سىدىقنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، تىل ئۆگىنىشتەك ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشنى ۋە ئارىلىقتا ئۈزۈلدۈرمەي ئىزچىل ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردا، ئۇ ئۆز-ئۆزىگە بىر خىل تۈزۈم تۈزۈپ چىقىپ (بۇنداق تۈزۈم ئىنگلىزچە «discipline» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق بۇنىڭغا «تۈزۈم» دىن باشقا ياخشىراق سۆز تاپالمىدى)، ئۇ تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىدۇ. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلاپلا، ئەركىن سىدىق ھەر كۈنى 20 ـ 25 تىن يېڭى سۆز يادلاشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلدى. ئۇ ھەر بىر سۆزنى كۈنىگە 3 قېتىمدىن جەمئىي 5 كۈن يازىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى تور بېتىدە بار:

http://www.meripet.com/Academy/InglizTili.htm

ئەركىن سىدىق ھەر كۈنلۈك خام سۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6:00 (شىنجاڭ ۋاقتى بولۇپ، ئاخىرقى ئىككى خانا مىنۇتنى كۆرسىتىدۇ) دىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن شۇ كۈنلۈك خام سۆزلەرنى يادلىدى. ئەتىگەنلىك دەرسكە باشقىلاردىن 10 ـ 15 مىنۇت بالدۇر بېرىپ، دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن خام سۆزلەرنى بىر قېتىم يېزىپ چىقتى. چۈشتىن كېيىنكى دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇنمۇ ۋە كەچتە كەچلىك تاماقنى يەپ، ئاخشاملىق دەرس تەكرارلاشنى باشلاشتىن بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلدى. بۇنى بىر كۈنى بىرەر قېتىممۇ توختىتىپ قويمىدى. شەنبە ـ

يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ توختىتىپ قويمىدى. دەم ئېلىش كۈنلىرى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندىمۇ، ئارىلىقتا 5 ـ 10 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، خام سۆزنى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ تۇردى.

ئالىي مەكتەپكە 77 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلار كېلىشتىن بۇرۇنقى 10 يىل ئىچىدە مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمى بىر ئاز «داتلىشىپ» قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلغان رادىئو ئېلېكترونىكىسى كەسپى سىنىپى ئىدى. شۇڭا 77 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلار كەلگەندىن كېيىن، بەزىدە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنى ئالدىرىتىپ قويىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇردى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار دەرس قىلىپ سۆزلەۋاتقان ماتېرىيالنى ئۆزىمۇ ئوبدان بىلمىگەچكە، دەرسنى «مۇنداق مۇنداق قىلسا، مۇنداق بولىدىكەن» دەپ، ھېكايە سۆزلىگەندەك سۆزلەپ، «مۇنداق بولىدۇ» دەپ كەسكىن ئېيتالمايتتى. ئۇ چاغدا تەبىئىي پەن توغرىسىدا رەسمىي بېسىلىپ چىققان دەرسلىك كىتاب پەقەتلا يوق بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزى ئۆتىدىغان دەرس توغرىسىدا لېكسىيە تەييارلاپ، ئۇنى مەكتەپ باسمىخانىسىدا ئاددىيلا بېسىپ چىقىرىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. بۇنداق لېكسىيە كىتابىنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن ناچار، نۇرغۇن يەرلىرى چاپاق بولۇپ، ئوقۇماق خېلى تەس ئىدى. بىر قېتىم ئالىي مەكتەپ ماتېماتىكىسى دەرسىنى ئۆتىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى قول بىلەن يېزىپ لېكسىيە تەييارلاپ، ئۇنى مەكتەپ باسمىخانىسىغا بەرگەندە، ئۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئالىي مەكتەپ بىلىمىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ماتېماتىكىدىكى «چەكسىزلىك» كە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىنى «بۇ مۇئەللىم 8 نى ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ» دەپ ئويلاپ، ھەممە «چەكسىزلىك» بەلگىسىنى 8 قىلىپ بېسىپ چىقىرىپتۇ. ھەمدە ئۇ ئوقۇتقۇچىغا: «مۇئەللىم، سىز ھەممە 8 نى ياتقۇزۇپ قويۇپتىكەنسىز. مەن ئۇلارنى قوپۇرۇپ قويدۇم»، دەپتۇ. بۇ مۇئەللىم ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىغا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا لېكسىيە كىتابىنى تارقىتىدىغان ۋاقىتتا، يۇقىرىقى ئەھۋالنى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدى. ئەركىن سىدىق ئۆزىگە تەلەپنى تېخىمۇ يۇقىرى قويۇپ، كەسپىي بىلىم جەھەتتە خەنزۇ بالىلار بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدە ئوقۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ ئاجىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە، 1979 ـ يىلىنىڭ

باشلىرى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۆزىنىڭ كەسپىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى سۇلتان جانبولاتوۋ مۇئەللىمنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار سىنىپىغا يۆتكىلىش ئىلتىماسىنى ئېيتتى. سۇلتان مۇئەللىم ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئۇكام، مەن سېنىڭ هازىرغىچە قىلغان ھەممە ئىشلىرىڭدىن ئىنتايىن رازى. مېنىڭچە سەن كەلگۈسىدە خېلى چوڭ ئىشلارنى قىلالايسەن. خەنزۇ سىنىپقا يۆتكەلسەڭمۇ ياخشى ئوقۇپ كېتەلەيدىغانلىقىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن. لېكىن، سەن هازىر ئۇيغۇر ۋە باشقا بارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر ۋەكىلى بولۇپ قالدىڭ. ئەگەر خەنزۇ سىنىپقا يۆتكەلسەڭ بۇ سالاھىيەتنى ئاساسەن يوقىتىپ قويىسەن. مېنىڭچە بولسا سەن ئۇيغۇر سىنىپتا ئوقۇۋېرىپ، ئۆز قابىلىيىتىڭنى ئىسپاتلىغىن. شۇنداق قىلساڭ سېنىڭ تۆھپەڭ تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى چوقۇم ئاخىرغىچە چىڭ تۇتقىن. ئەگەر ئۆگىنىشنى ھازىرقىدەكلا داۋاملاشتۇرساڭ، كەلگۈسىدە مەكتىپىمىزگە چەتكە چىقىپ ئوقۇيدىغان پۇرسەتتىن پەقەت بىرسىلا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا مەن سېنى ماڭدۇرىمەن. ئەگەر ئۇنداق ساندىن پەقەت ئىككىسىلا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ بىرسىگە چوقۇم سېنى ماڭدۇرىمەن.»

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ سىنىپ ئالمىشىش نىيىتىدىن ياندى. كېيىنكى مەۋسۇم سۇلتان مۇئەللىم ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىغا ھەر ھەپتىسى 2 قېتىم، ھەر قېتىم 2 سائەتلىك دەرسكە كىردى. ئەركىن سىدىققا ئۇنىڭ دەرسى ھېچ قانداق قىيىن تۇيۇلمىغاچقا، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا پەقەت بىر قېتىملىق دەرسكىلا بېرىپ، يەنە بىر قېتىملىق دەرس ۋاقتىدا فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ 77 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىنگلىز تىلى دەرسىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مۇئەللىم بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر مەۋسۇم ئەركىن سىدىق ئۆزىگە دەرس يوق ۋاقىتتا چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتى ئىنگلىز تىلى كەسپىنىڭ 79 ـ يىللىق خەنزۇ سىنىپىغا بېرىپ، شۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئىنگلىزچە دەرس ئېلىشنى تەلەپ قىلدى (ئۇ سىنىپتا 2 ئۇيغۇر ۋە بىر قازاق ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى ئامېرىكىدا). سۇلتان مۇئەللىم يول مېڭىپ، بۇنىڭغىمۇ مەكتەپتىن رۇخسەت ئېلىپ بەردى. 1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي پەن 77 ـ يىللىق خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلىنى تاماملاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، فىزىكا فاكۇلتېتى 77 ـ يىللىق

1 ـ سىنىپى بويىچە 5 ـ ئورۇنغا ئېرىشتى. بۇ سىنىپ خەنزۇ تىلى سىنىپلىرىنىڭ ئىچىدە مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئىلغار سىنىپ بولۇپ، نۇرغۇن قېتىم «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىدى (ئۇيغۇر تىلى سىنىپلىرىنىڭ ئىچىدە ئەركىن سىدىق ئوقۇغان 77 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ شۇنداق بولغان ئىدى). شۇنداق قىلىپ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار رەسمىي دەرس سۆپىتىدە 3 يىلدا ئوقۇپ تۈگەتكەن دەرسنى، ئۇ ئۆزى قوشۇمچە ئۆگىنىپ 2 يىل ئىچىدە تاماملىدى.

ئومۇمىي ئىنگلىز تىلى دەرسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق كەسپىي ئىنگلىز تىلى سۆزلۈكى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆز كەسپىگە ئائىت ئىنگلىزچە كىتابتىن بىرنى تېپىپ، ئۇنى ئوقۇپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن 25 خام سۆز تەييارلاپ، يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئۇسۇل بويىچە ئۇلارنى يادلاپ ماڭدى. شۇ چاغدا (يەنى 1981 ـ يىلىنىڭ بېشىدا) شىنجاڭ خەنزۇچە رادىئو ئىستانسىسىدا بىر ياپون تىلى لېكسىيىسى بېرىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ھەپتىسى 2 قېتىم، ھەر قېتىم 30 مىنۇت ئىدى. ئەركىن سىدىق رادىئودىكى شۇ ياپون تىلى لېكسىيىسىنى ئاڭلاشنى باشلىدى. ئۇنىڭ بىرەر ئۈنئالغۇسىمۇ بولمىغاچقا، پەقەت ئۆزى رېمونت قىلىپ ساقايتىۋالغان بىر كىچىك رادىئوغىلا تايىناتتى. لېكسىيىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رادىئونى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، لېكسىيە ۋاقتى بولغاندا، ئۇنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، خاتىرە قالدۇردى. لېكسىيە بىرەر ئولتۇرۇشقا بارغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇ سورۇندىن ئاستا چىقىپ كېتىپ، بىر جىمجىت يەرنى تېپىپ، رادىئونى 30 مىنۇت ئاڭلاپ، ئاندىن سورۇنغا قايتىپ كىردى. لېكسىيە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقتىقا توغرا كېلىپ قالسا، ئادەملەر بار ئۆيدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، 30 مىنۇتلۇق لېكسىيىنى ئاڭلاپ تۈگىتىپ، ئاندىن سورۇنغا قايتىپ كىردى. مۇشۇنداق ئۆگىنىشنى 2 يىل ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن، ياپون تىلىنىڭ ھەممە گراماتىكىسىنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، ئۆزىگە ياپون تىلىدىنمۇ خېلى پۇختا ئاساس سېلىۋالدى.

كەسپىي دەرسلەرنىڭ يۇقىرى قىسمىغا كەلگەندە، ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكىلەر بىۋاسىتە خەنزۇچە دەرسلىك كىتابلارنى ئىشلەتتى. بۇ كىتابلار مەملىكەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەنجىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزۈپ چىققان كىتابلار بولۇپ، ئىچكىرىدىكى

ئۆلكىلەردىكى باشقا داڭلىق مەكتەپلەرمۇ ئوخشاش دەرسلىكنى ئىشلىتەتتى. ئەركىن سىدىق يېڭى دەرسنىڭ كىتابتىكى مەزمۇنىنى دەرستىن بۇرۇن بىر قېتىم ئۆزى كۆرۈپ چىقىدىغان بولۇپ، دەرس ئۆتكەندە ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىگە قاتتىق دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن دەرستە بىرەر خاتالىق بولۇپ قالسا، ئۇنى دەرھاللا بايقاپ، ئوقۇتقۇچىغا كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇ ھەممە دەرسلەردە ئاشۇنداق قىلىدىغان بولغاچقا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇ خۇددى مۇئەللىمنىڭ دەرسنى تەستىقلاپ بېرىدىغان بىرسىدەك رول ئوينايتتى. مۇئەللىم ئەركىن سىدىققا قاراپ دەرس سۆزلەپ، ئۇنىڭ چىرايى سەل نورمالسىزلىققا ئۆزگەرسە، بەزى مۇئەللىملەر سۆزلەشتىن توختاپ، «ئەركىن، بىرەر يېرى خاتا بولۇپ قالدىمۇ؟» دەپ سورايتتى. مۇئەللىم سورىغان سوئالغىمۇ ئۇ 1 ـ بولۇپ جاۋاب بېرەتتى. تەبىئىي يەندە دەرس ئۆتۈلۈشتىن بۇرۇن يېڭى مەزمۇننى ئۆزى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنىڭ ناھايىتى زور پايدىسى بار. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: يېڭى دەرس ئۆتۈلگەندە، ئوقۇغۇچىلار ئىككى تۈرلۈك يېڭى نەرسىگە دۇچ كېلىدۇ: بىرسى يېڭى كەسپىي ئاتالغۇلار. يەنە بىرسى يېڭى كەسپىي مەزمۇنلار. دەرستىن بۇرۇن يېڭى مەزمۇننى ئۆزى بىر قېتىم كۆرۈۋالسا، گەرچە كەسپىي مەزمۇننى تولۇق چۈشىنىۋېلىش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئادەم يېڭى ئاتالغۇلار بىلەن تونۇشۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرس ئۆتۈلگەندە زېھنىنى يېڭى مەزمۇنغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ. دەرسلىك كىتابنىڭ ئوقۇتقۇچى سۆزلىمەي ئۆتۈپ كەتكەن قىسمىنىمۇ، قانداق مەزمۇن ئۆتۈلمەي قالغانلىقى توغرىسىدا بىر ئاز چۈشەنچىگە ئىگە بولۇۋېلىش ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق ئۆزى بىر قېتىم كۆرۈپ چىقاتتى. مۇشۇنداق ئۇسۇل ۋە روھ بىلەن ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كەسپىي دەرسلەرنىمۇ ئىنتايىن پۇختا ئۆگىنىپ ماڭدى. مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلاردا ئانچە قىينالمايلا تولۇق نومۇر ئالاتتى. ئاشۇ مەزگىلنىڭ بىر يىلى مەۋسۇم ئاخىرىدا، فىزىكا فاكۇلتېتى ھەر بىر سىنىپتىكى ئىمتىھانلاردا ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان 3 دەرستىكى مەۋسۇملۇق ئىمتىھان نەتىجىسىنى بىر تاختايغا چىقىرىپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت ئەركىن سىدىقنىڭلا بارلىق دەرستىكى نەتىجىسى 100 نومۇر بولۇپ چىققان ئىدى. ئەركىن سىدىق كەسپىي ئۆگىنىشتىمۇ ئۆزىگە بىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلنى يەكۈنلەپ چىققان بولۇپ، شۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئىزچىل تۈردە ياخشى ئۆگەندى.

ئۇنىڭ كەسپىي دەرسلەرنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى توۋەندىكى تور بېتىدە خۇلاسىلەنگەن:

http://www.meripet.com/Academy/TebbiPen.htm

1979-يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە، ئەركىن سىدىق بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ 19- نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. ھەمدە ئۇنىڭدا مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. ئەمەلىيەتتە بۇ تەشكىلاتنىڭ بىر رەئىسى ۋە 16 مۇئاۋىن رەئىسى بار بولۇپ، قۇرۇلتايدىن بۇرۇن بۇ 17 سان جۇڭگودىكى 30 شەھەر، ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارغا تەقسىم قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي-شىمال رايونىغا (يەنى لەنجۇ بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا) پەقەت بىر مۇئاۋىن رەئىسلىك سانى بېرىلگەن ئىدى. بۇ سانغا كىرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى، مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىك ياكى مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنى بولۇپ تاللانغان بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 77-يىللىق ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن تېخى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئەركىن سىدىقنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. 1979-يىلى 11-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللەر يىغىنى بىلەن 8- نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ئەركىن سىدىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە ۋە مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەندى. 1980-يىلى 8-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيى بىلەن 3-نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىدا، ئەركىن سىدىق ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئەركىن سىدىقنىڭ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىدىكى ۋەزىپىسى 5 كە كۆپەيدى.

ئۇ ۋاقىت مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەمدىلا ئاخىرلىشىپ، بۇرۇنقى 10 نەچچە يىل داۋاملاشقان قالايمىقانچىلىقنى يىگىنۋاشتىن رەتكە سېلىش باسقۇچىغا توغرا كەلگەن بولغاچقا، نۇرغۇن ئىشلار تېخى بىر رېتىمگە چۈشۈپ بولالمىغان ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپ رەھبەرلىكى تەلەپ قىلغاننى ئوقۇغۇچىلار ياخشى كۆرمەيدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئارزۇ قىلغان ئىشلارنى مەكتەپ رەھبەرلىكى ياقتۇرمايدىغان بىر ئېغىر زىددىيەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئىشلارنى ھەر ئىككى تەرەپنى رەنجىتمەي، ھەر ئىككى تەرەپنى رازى قىلغان ھالدا ئېلىپ مېڭىش يۈكى ئەركىن سىدىقنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەركىن سىدىق ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى كادىرلىرىنىڭ بۇرنىنى باشقىلار يېتىلەپ ماڭىدىغان ئەھۋالدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ئىشتا ئاجىز بولۇپ كۆرۈنىدىغان ۋەزىيەتنى قەتئىي ئۆزگەرتىشكە قاتتىق بەل باغلىدى. شۇڭا ئۇ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىدىمۇ ھېچ كىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرماي، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، قاتتىق تىرىشىپ ئىشلىدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئۇيغۇر كادىرلارغىمۇ ۋە خەنزۇ كادىرلارغىمۇ ھەقىقىي تۈردە ياخشى باشلامچىلىق قىلدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ھەر يىلى يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قارشى ئېلىش» مۇراسىمى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا يىلدا بىر قېتىم «شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش» مۇسابىقىسى ئورۇنلاشتۇردى. بەزى يىللىرى فاكۇلتېتلار ئارا سەنئەت ئويۇنلىرى كۆرىكىمۇ ئۆتكۈزدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى يىغىنلىرىدا ئۇ ئالدىدا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ، كەينىدە خەنزۇچە سۆزلەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا تەرجىمان كەتمەيتتى. خەنزۇ ئوقۇغۇچى كادىرلىرىنىمۇ ھەممە جەھەتتىن قايىل قىلىپ يېتەكلەپ ماڭغاچقا، ئۇلارمۇ ئەركىن سىدىقنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەكتەپتە بۇرۇن مەۋجۇت بولغان، 1-قول ئۇيغۇر باشلىقنى باشقىلار يېتىلەپ ماڭىدىغان ئەھۋالغا پۈتۈنلەي خاتىمە بەردى. 3-نۆۋەتلىك مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇددىتى توشۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ 2 يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات يازىدىغاندا، ئەركىن سىدىق ئۇ ئىشنى ياڭ فامىلىلىك، ھەربىيلىكتە نەچچە يىل كادىر بولۇپ ئىشلىگەن، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ 77-يىللىق خەنزۇ ئوقۇغۇچىسى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1-مۇئاۋىن رەئىسىگە تاپشۇرغاندا، ئۇ ئەركىن سىدىققا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەركىن، ئەگەر مەن مەكتەپنى دېسەم بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلغۇم يوق ئىدى. بىراق، مەن ئۇنى سېنىڭ يۈزۈڭ ئۈچۈن قىلىپ بېرەي.» ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرىنى ياقتۇرمىغان، مەكتەپ رەھبەرلىكىدىن نارازى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرسى بولغاچقا، يۇقىرىقىدەك

گەپلەرنى قىلغان ئىدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئۇيۇشتۇرغان يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلەر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ تەسىر قوزغاپ، شۇ ۋاقىتتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدا كادىر بولۇپ ئىشلەش بىر يۇقىرى دەرىجىلىك شان-شەرەپكە ئايلانغان ئىدى. 1981-يىلى 3-نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇددىتى توشۇپ، 4-نۆۋەتلىك ئۇيۇشما ۋۇجۇدقا كەلگەندە، ئەركىن سىدىق داۋاملىق تۇردە ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

1978-يىللىرى ئۇيغۇر دىياردىكى ئاشلىق كرىزىسى تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىدى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ ئاشخانىدا تاماق يەيتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇستەل بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغان بولۇپ، بىر ئۇستەلدە 10 دىن كىشى بار ئىدى. ئاشپەز ئۇستاملار ھەر بىر ئۇستەل ئۇچۇن بىر داسقا تاماقنى ئۇسۇپ بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇ داسنى ئۆز ئۇستىلىگە ئەكېلىپ، ئۇنىڭدىكى تاماقنى بۆلۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئەتىگەنلىك تامىقى دۇخوپكىدا پىشۇرغان بىر كىچىك قوناق نېنى ياكى قوناق ھور نېنى بولۇپ، بىرسىگە بىر ئادەمنىڭ قورسىقى ئارانلا توياتتى. ئۇ-بۇ يەرلەرگە كېتىپ قېلىپ، تاماققا كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېنىنى تاماققا كەلگەنلەر بۆلۈشۈپ ئېلىۋالاتتى. ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىقنىڭ ياتىقىدا 12 ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئۇلار 6 دانە قوش كىشىلىك كارىۋاتتا ئۇخلايتتى. ئاخشىمى سائەت 11 غىچە ئۆگىنىش قىلىپ، چىراغ ئۆچۈرۈلگەندە ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقىدەك قوناق نېنى بارلار كارىۋاتنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر چاشكىغا قايناق سۇ ياكى سوغۇق سۇ قۇيۇۋېلىپ، ئۇنى ئىچكەچ ھېلىقى قېتىپ قالغان ناننى غاجاپ يەيتتى. نېنى يوقلار بولسا ئۇتتۇرلا يوتقانغا كىرىپ كېتەتتى. چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقنىڭ سۈپىتىمۇ ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئادەمنىڭ قورسىقى ئارانلا توياتتى. ئۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئەڭ ياخشى تاماق سۇيۇقئاشمۇ ئەمەس، لەغمەنمۇ ئەمەس، ئاشۇ ئىككى تاماقنىڭ ئوتتۇرىدا قالغان «بوسو» دېگەن بىر تاماق ئىدى. شۇڭا تاماققا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى «جىنقراق ئوقۇغۇچىلار تاماققا كەلمىسكەن» دېگەننى تىلەيتتى. قىز ئوقۇغۇچىلار تاماققا كۆپرەك بارمايدىغان بولۇپ، قىز ئوقۇغۇچىلار كۆپرەك بولغان ئۇستەلدىكىلەر «تەلەيلىكلەر» ھېسابلىناتتى. ئۇنداق ئۇستەللەرگە بەزىدە باشقا ئۇستەلدىن «زىيارەت» كە ئادەم كېلىپ قالاتتى. ئەركىن

سىدىقنىڭ سىنىپىدىكى 30 دەك ئوقۇغۇچىلاردىن ئاران بەشى قىز ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۈرۈمچىلىك ئىدى. ئۇ ئىككىيلەن ئۆيىدىن قاتناپ ئوقۇپ، ئاشخانىدا تاماق يېمەيتتى. شۇڭا فىزىكا 77 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى تاماق جەھەتتە «تەلەيسىزلەر» ئىدى.

ئۈرۈمچى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ چاغدا يولۇچىلار ئاپتوبۇسى بۇ مۇساپىنى 4 كۈندە باساتتى. شۇڭا يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتقاندا يولدا 3 ئاخشام ئۇخلاپ، 4 كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ياتاقلار ئىنتايىن قاسماق بولۇپ، ھەممىسىدە دېگۈدەك چۈسا ۋە بۈرگىلەر بار ئىدى. شۇڭا كېچىسى ئۇخلاش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، ئادەمنى قاتتىق سىلكىيدىغان ھېلىقى ئاپتوبۇستا بىر كۈن ئولتۇرۇپ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر پەقەت ئۇزايلىنىپ يېتىۋېلىش ئۈچۈنلا ياتاققا چۈشەتتى. يولنىڭ تامىقىمۇ ئىنتايىن ناچار بولۇپ، بىر چىنە لەڭمەن ئالسىڭىز ئۇنىڭ 3 تىن 2 قىسمى قوناق ئۇنىدا ياسالغان چۆپ بولۇپ، پەقەت ئۈستۈنكى بىر قەۋەت چۆپلا بۇغداي ئۇنى بولۇپ چىقىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان ئىدى.

ئەركىن سىدىق پەقەت يازلىق تەتىلدىلا يۇرتىغا قايتىپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا قىشلىق تەتىلدە بىر قېتىممۇ ئۆيگە بېرىپ باقمىدى. ئۇ ھەر يازدا ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا ماڭغاندا يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدا ئولتۇراتتى. ئۆيىدە 15 كۈندەك تۇرغاندىن كېيىن، ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى رەئىسلىرىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە بالدۇرلا قايتىپ كېلەتتى. ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىدە 8 جان ئادەم بولۇپ، ھەممەيلەن دادىسىنىڭ 80 نەچچە سوم ئايلىق مائاشىغا قاراشلىق ئىدى. ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئاپتوبۇس يول كىراسىغىلا 15 سوم ئەتراپىدا پۇل كېتىدىغان بولغاچقا، يول كىراسىنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دادىسى ئىمكان بار ئۈرۈمچىگە بارىدىغان قارا ماشىنىدىن بىرەرنى تېپىپ، ئەركىن سىدىقنى شۇ ماشىنىغا سېلىپ قوياتتى. مۇشۇ تەرجىمىھالنىڭ ئالدىنقى بىر قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان، ئەركىن سىدىقنىڭ روزى تۇردى دېگەن تاغىسىنىڭ ئىنىسى قادىر تۇردى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پوچتىخانىدا ئىشلەيتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى ھەر يىلى ئالدى بىلەن ئاشۇ كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۈرۈمچىگە خەت توشۇيدىغان قارا ماشىنا بار ـ يوقلىقىنى سۈرۈشتە قىلاتتى. ئەركىن سىدىق بىر قېتىم ئۈستى ئوچۇق خەت توشۇش ماشىنىسىدا، خەت خالتىلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە

قايتتى. ھەر كۈنى كەچتە ماشىنىدىن چۈشكەندە، ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۇستى-بېشى خۇددى كونا ئۆيلەرنى چاقىدىغان قارا خىزمەتچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش توپا بىلەن قاپلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قارا ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىغا چىدىماقمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. يەنە بىر يىلى ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى ئاقسۇ يۇڭ زاۋۇتىدىن ئۈرۈمچىگە مال توشۇيدىغان بىر قارا ماشىنىنى تاپتى. ئۇنىڭ شوپۇرى بىر خەنزۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەركىن سىدىقنى ئۈرۈمچىگە بىكارغا ئاپىرىپ قويۇشى ئۈچۈن ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى ئۆيىدىكى بىر قانچە كىلو ياڭاق بىلەن يەنە بىر قانچە كىلو گۈلىنى 2 خالتا قىلىپ، شوپۇرغا سوۋغا قىلدى. ئۇ شوپۇر ئەركىن سىدىقنى ئېلىپ توقسۇغا كەلگەندە ئەركىن سىدىقنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ قويۇپ، «بىر دەم ساقلاپ تۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ ئازراق ئىشىنى تۈگىتىپ، قايتىپ كېلىپ سېنى ئېلىۋالىمەن» دېدى. ئەركىن سىدىق چوڭ تاش يول بويىدا سومكىسىنى تۇتۇپ ساقلىدى. بىر سائەت ساقلىدى، ئىككى سائەت ساقلىدى، ئۈچ سائەت ساقلىدى. لېكىن ئۇ شوپۇر قايتىپ كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلاجسىز توقسۇدا ياتاققا چۈشۈپ، ئەتىسى ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئاپتوبۇس بىلەن قايتىپ كەتتى. ئەمما، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئىچكىرىگە ماڭغۇچە بولغان بىر ھەپتە، ۋە ئىچكىرىدىكى يىغىنىدىن قايتىپ كېلىپ، دەرس باشلانغۇچە بولغان 10 كۈن جەريانىدا ئۈرۈمچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان تۇرمۇش پۇلى يول كىراسى بىلەن تۈگەپ كېتىپ، ئەركىن سىدىق قاتتىق قىينالغان ئىدى.

ئۇ چاغدا مەكتەپ باشلانغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقىغا پۇل ئېلىنمايتتى. ئەركىن سىدىق ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىمكانقەدەر ئاتا-ئانىسىدىن پۇل سورىماي، ئىنتايىن ئاددىي-ساددا ياشايتتى. بەزىدە 3 ئاي ئىچىدە ئاتا-ئانىسىدىن ئالغان پۇل 5 سومغىمۇ بارمىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ قەلىمى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، باشقا مەقسەت بىلەن يېزىلغان نەرسىلىرى ئۇ-بۇ يەردە ئېلان قىلىنىپ قېلىپ، شۇنىڭ قەلەم ھەققىمۇ ئەركىن سىدىقنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن ناھايىتى ئەسقاتقان ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ «توك يولى» دېگەن دەرسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ھەممە ئوقۇغۇچىلاردىن تاپشۇرۇق ئورنىدا بىر پارچە ماقالە يېزىشنى ئورۇنلاشتۇردى. يېزىلغان ماقالىنى سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ ئوقۇغاندا، ئەركىن سىدىقنىڭ ماقالىسى سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەيران

قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن دەرس ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن سىدىققا ئۇ ماقالىنى «شىنجاڭ مائارىپ ژۇرنىلى» غا يوللاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماقالە ئاشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ، ئەركىن سىدىققا ئازراق قەلەم ھەققى كەلدى. ئەركىن سىدىقنىڭ «مەن قانداق ئۆگەندىم» ، «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قانداق تەييارلىق قىلىش كېرەك؟» دېگەن ماقالىلىرىمۇ «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، ئۇلارغىمۇ قەلەم ھەققى كەلدى. ئەركىن سىدىق سۇلتان مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە يازغان «مىكرو دولقۇن تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى قوللىنىشى» ماۋزۇلۇق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى «شىنجاڭ بىلىم-كۈچ ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىندى.

ئەركىن سىدىق ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتىن باشقا، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىدى. مىللەتكە پايدىلىقلا ئىش بولسا، ئۇ مەيلى چوڭ ئىش بولسۇن ياكى كىچىك ئىش بولسۇن، ئۇ ئىشلارنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن قىلىپ تۇردى. شۇ ۋاقىتتىكى بىر مەزگىل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشلۈك تاماق ئېلىشى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. تاماق ئېلىشتا ھەممە ئوقۇغۇچىلار 3 ـ 4 دېرىزىدە ئۆچىرەتتە تۇرىدىغان بولۇپ، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار داۋاملىق قىز ئوقۇغۇچىلارنى بوزەك قىلىپ، ئۆچىرەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋېلىپ، تاكى بارلىق ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار تاماق ئېلىپ بولمىغۇچە قىز ئوقۇغۇچىلارغا نۆۋەت تەگمەيدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەركىن سىدىق دەسلەپىدە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇيغۇر كادىرلىرىنى 2 كىشىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ بۆلۈپ، ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا بىر گۇرۇپپىدىكى 2 كىشى بىلىكىگە قىزىل بەلگە باغلاپ، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا ئۆچىرەت ساقلايدىغان قىلدى. گەرچە ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆزى مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسىدەك يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئۆچىرەت ساقلاشنى 1 ـ بولۇپ ئۆزى باشلاپ بەردى. كېيىنچە مەكتەپكە تەكلىپ بېرىپ، ئوغۇللار بىلەن قىزلار تاماق ئالىدىغان دېرىزىنى ئايرىۋەتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىشتىن چەكسىز خۇرسەن بولۇشتى. بىر مەزگىل ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى بىر بىنانىڭ 2 ـ قەۋىتىدە بولغان بولۇپ، قىش كۈنى پەلەمپەيدىن چىقىپ چۈشكىچە ئوقۇغۇچىلار مۇزغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشىدىغان ئىشلار كۆپ كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇيغۇر كادىرلىرىنى تەشكىللەپ، ھەر كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك تاماقتا كېلىشتىن بۇرۇن پەلەمپەيدىكى مۇزلارنى تازىلىغۇزۇپ قويدى.

1979 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى قەييۇم باۋۇدۇن بىر قېتىملىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار چوڭ يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «بىز 30 يىل تىرىشىپ، ئۇيغۇر پروفېسسوردىن ئاران ئىككىنى يېتىشتۈردۇق (جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى مجىت خۇدابەردى بىلەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى دېمەكچى). بۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر پروفېسسوردىن يەنە ئاران ئىككىسى چىقسا، ئۇ بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر چوڭ نومۇس. شۇڭا سىلەر چوقۇم تىرىشىپ ياخشى ئوقۇڭلار.» بۇ سۆزلەر ئەركىن سىدىقنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەركىن سىدىقمۇ مەكتەپتىكى بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئىمكانىقەدەر چوڭراق تەسىر كۆرسىتىشكە ئىزچىل تىرىشتى. يېڭى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا چوڭ يىغىن ئاچقاندا، ئۇ «ھازىرقى زاماندا بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال ئاساسەن كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدىغان ئىشلار ھازىرمۇ ناھايىتى كۆپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. تىل بىلىم ئىسكىلاتىنىڭ ئاچقۇچى. شۇڭا سىلەر ھازىردىن باشلاپ ۋاقىتنى چوڭقۇر قەدىرلەپ، تەييارلىق باسقۇچىدىكى بىر يىلدىن پايدىلىنىپ خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئىگىلىۋېلىڭلار»، دېدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدا دىلمۇرات تۇرسۇن ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتەتتى. دىلمۇرات تەنتەربىيىگە ئىنتايىن قىزىقىدىغان بولۇپ، پۈتۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇشى جەريانىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋالىبول كوماندىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈشتىمۇ ئىنتايىن ماھارەتلىك بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 200 مېتىر، 400 مېتىر ۋە 800 مېتىرلىق يۈگۈرۈش تۈرلىرىنىڭ يېڭى رېكورتىنى ياراتقان ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر كۈنى چېنىقاتتى. كۈنىگە 3 ۋاق يۈگۈرەتتى. قىش پەسلى 1 ـ ئاينىڭ زىمىستان كۈنلىرىمۇ كۈنىگە 3 ۋاق يۈگۈرەتتى. ياز پەسلى 7 ـ ، 8 ـ ئاينىڭ ئوتتەك ئىسسىق كۈنلىرىمۇ كۈنىگە 3 ۋاق يۈگۈرەتتى. يامغۇر ياققاندىمۇ يۈگۈرەتتى. قار ياققاندىمۇ يۈگۈرەتتى.

ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت بىرلا: ئۆزىنىڭ تەنتەربىيىدىكى ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەت ئۈچۈن شان-شەرەپ قازىنىش ئىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ ھەر كۈنى يۈگۈرۈپ يۈرگىنىنى زاڭلىق قىلىشقان ئىدى. لېكىن ئەركىن سىدىق ئۇنى قاتتىق ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز مىللىتىگە تۆھپە قوشالايدىغان 1-ئىشى ئۆز ئىشىنى ھېچ بولمىغاندىمۇ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ياخشى قىلىش، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇلاردىن ئاشۇرۇۋېتىپ ياخشى قىلىش. ئەگەر ھەر بىر ساھەدە دىلمۇرات تۇرسۇندەك كەسپتە باشقا مىللەتلەرنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان، يېڭى رېكورت يارىتالايدىغان ئۇيغۇردىن بىرسى چىقسا، مىللەتنىڭ تەقدىرى پۈتۈنلەي باشقىچە بولار ئىدى.

ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىبار بېرىلىشىگە ئىنتايىن ئۈچ ئىدى. شۇڭا بىر قانچە سورۇندا ئۇ: «ئۇيغۇرلارغا باشقىلارنىڭ ئېتىبار بېرىشى ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى. لېكىن، بۇ بىر شەرەپلىك ئىش ئەمەس. ئۇ بىر نومۇس ئىش. بىر مىللەت پەقەت ئۆز ئالدىغا نورمال ياشاپ ماڭالمىغاندا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار ئىمكانقەدەر تېزرەك ھازىرقىدەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشىمىز، باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشىمىز كېرەك» ، دېدى. بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا ئۇ ئوقۇش، خىزمەت ۋە خىزمەت ئورنىدا ئۆسۈش قاتارلىق ھەممە جەھەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ پۇرسەت ئالدىدا باشقىلار بىلەن باراۋەر بولىدىغانلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئىدى.

1982-يىلى 7-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە، ئەركىن سىدىق سەنشى ئۆلكىسىنىڭ تەييۈەن شەھىرىگە بېرىپ، مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ بىر قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىن جەريانىدا ئۇلار بىر يەرلىك ھەربىي بازىدا، شۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان باشقا بىر تۈركۈم ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە، مىلتىق بىلەن قارىغا ئوق ئېتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ھەر بىر ئادەمگە 7 پايدىن ئوق بېرىلىپ، ئۆزىدىن 100 مېتىر يىراقلىقتىكى قارىغا نىشانلاپ ئوق ئاتتى. ئوقنىڭ نىشانى قىلىپ قويۇلغان قارا تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئوق تەگسە، قارا يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قارىسىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئوقنى باشقىلارنىڭ قارىسىنى چەنلەپ ئاتسا بولۇۋېرەتتى. ئەركىن سىدىق ئوق ئېتىۋاتقاندا، ئۆز ئوقىنىڭ قارىغا

تەگكەنلىكىنى نەچچە قېتىم ئاڭلىدى. لېكىن ئۇنىڭ قارىسى يەرگە چۈشمىدى. ئوقنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ بولسىمۇ قارا يەرگە چۈشمىدى. باشقىلار ئۆز قارىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ قارىسىنى ئاتقاندا، ئوق قارىغا تېگىپ چىققان ئاۋازنىمۇ ئەركىن سىدىق ئاڭلاپ تۇردى. بۇ نۆۋەت ئوق ئاتقان ھەممەيلەننىڭ ئوقى تۈگىگەندە، بىر ھەربىي باشلىق كېلىپ، «ماۋۇ كىشى ئاز سانلىق مىللەتكەن، ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ، يەنە 5 پاي ئوق بېرىڭلار»، دېدى. ئەركىن سىدىق كېيىنكى نۆۋەت ئوق ئاتىدىغانلار قاتارىدا يەنە ھېلىقى 5 پاي ئوقنى ئېتىپ تۈگەتسىمۇ، ئۇنىڭ قارىسى يەنىلا چۈشمىدى. ئىككىنچى نۆۋەتلىك قارىغا ئوق ئېتىش تاماملانغاندىن كېيىن، بىرسى بېرىپ تەكشۈرۈپ، ئەركىن سىدىقنىڭ قارىسى ئوق تەگسىمۇ چۈشۈپ كەتمەيدىغان بولۇپ ئېسىلىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئەركىن سىدىققا بۇ قېتىمقى «ئېتىبار بېرىلىش» قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئۇ ئىنتايىن غەزەپلەنگەنلىكتىن نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ئاخشىمى ئۇيقۇسى كەلمىدى.

1982-يىلى 2-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 5-كۈنىگىچە، ئەركىن سىدىق «ئىلغار ئوقۇغۇچىلار كادىرى» ۋەكىلى بولۇپ، بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 3 تە ياخشى ئوقۇغۇچىلار، ئىلغار ئوقۇغۇچى كادىرلىرى ۋە ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ يىغىنغا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 4 كىشى بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر، قالغان ئىككىسى خەنزۇ ئىدى. يىغىن جەريانىدا مەملىكەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جياڭ نەنشياڭ ۋە قالغان 4 مۇئاۋىن مىنىستىرلەر يىغىنغا قاتناشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىنى ئايرىم قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپ-پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. بۇ يىغىندا ئەركىن سىدىق قول كۆتۈرۈپ سۆز قىلىپ، مۇنۇلارنى دېدى: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇش قوراللىرى ئىنتايىن ناچار. ھازىر 80-يىللار بولسىمۇ، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئىشلىتىدىغىنىمىز يەنىلا ئىنتايىن چاپاق، خېتىنى ئوبدان ئوقۇغىلى بولمايدىغان دەرس لېكسىيىسى. بىزدە تېخىچە تەبىئىي پەننىڭ رەسمىي بېسىلىپ چىققان دەرسلىك كىتابى يوق. گەپنىڭ راستىنى دېسەم، ئەگەر سىلەر شىنجاڭغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقلەر ئارىسىدا بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كەم دېگەندە 90 پىرسەنت كىشلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياخشىراق كۆرىدىغانلىقىنى بايقايسىلەر. بۇ نېمە ئۈچۈن دېسەڭلار، شىنجاڭغا 50-

يىللاردىلا سوۋېتتا بېسىلغان قاتتىق تاشلىق ئۇيغۇرچە تەبىئىي پەن كىتابلىرى كىرگەن ئىدى. لېكىن بىز سىلەردىن ‹ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مائارىپىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ بېرىمىز› دېگەن تەشۋىقاتنى ئاڭلىغىلى 30 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ پەقەت بىر تەشۋىقات بولۇپ، گېزىتتىلا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ جەھەتتە ھېچ قانداق چوڭ ئۆزگىرىش يوق. ئىشەنمىسەڭلار شىنجاڭغا بېرىپ ئۆزۈڭلار تەكشۈرۈپ بېقىڭلار» . ئەركىن سىدىقنىڭ سۆزىدىن كېيىن، يىغىن زالىدىكى ۋەكىللەر قاتتىق چاۋاك چېلىپ كەتتى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ 4 ۋەكىلىنى باشلاپ كەلگەن ئۆمەك باشلىقى بىر تەرەپتىن «بولدى قىلىڭ، ئۇكام. ئەمدى توختىتىڭ، ئۇكام» دەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەركىن سىدىقنىڭ قولىنى تارتىپ تۇردى. لېكىن ئەركىن سىدىق دەيدىغىنى تولۇق دەپ بولۇپ، ئاندىن سۆزدىن توختىدى.

80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، خۇ ياۋباڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى بولغاندا، ئۈرۈمچىدە بىر قېتىم «3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىندا ئۈچنى 60 پىرسەنت قىلىش قارارى ماقۇللاندى: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش، ئىشچىلارنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش ۋە كادىرلارنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش. يىغىن ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ روھىنى تۆۋەندىكىلەرگە يەتكۈزۈش بولۇۋاتقاندا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئۈرۈمچىدىكى بارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسلىرىنى يىغىپ، بىر قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا قاتناشقان رەئىسلەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇردىن پەقەت ئەركىن سىدىقلا بار ئىدى. بۇ يىغىنغا قاتنىشىشتىن بۇرۇن يۇقىرىقى «ئۈچنى 60 پىرسەنت قىلىش» قارارىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ يۈرگەن ئەركىن سىدىق، بۇ يىغىندا بىر قېتىم چوڭقۇر دەرس ئالدى: خەنزۇ ئوقۇغۇچى كادىرلار ئارقا ـ ئارقىدىن سۆزلەپ، يۇقىرىقى يېڭىلىقتىن خۇشال بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا چوڭقۇر نارازىلىق بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن تۇرسا، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەم ئىش كەلمەيدىغان تۇرسا، بۇنداق قىلغاندا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە ساھەدىكى سەۋىيىسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتمەمدۇ؟» دېگەنلەرمۇ

بولدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ رادىئو ئېلېكترونىكىسى كەسپىنى تاللىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. «ئىسىت، مەن سىياسەتتىمۇ ياكى باشقا بىر ئىجتىمائىي پەندىمۇ ئوقۇپ، مۇشۇلار بىلەن قاتتىق تۇتۇشسام بولماسمىدى؟» دەپ ئويلىدى ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ ئۆز كەسپىنى ئۆزگەرتىۋېتىشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن ئۇ پۈتتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەڭ ئاخىرى سۆزلەش نۆۋىتى ئەركىن سىدىققا كەلگەندە، ئۇ تىترەپ كەتتى، كۆزلىرى ياشقا لىق تولدى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە مۇنداق دېدى: «بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت بىرلا تەلپىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى شۇ پېتى ئىجرا قىلىش». ئەركىن سىدىقتىن كېيىن، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 1- قول خەنزۇ سېكرېتارى بىر قېتىم قاتتىق «ئۇھ» تارتىۋېتىپ، ئاستا ۋە سالماق ئاۋازدا، يىغىندىكىلەرگە مۇنداق بىر ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى: «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر ۋىلايەت شەھىرىدە بىر يېمەكلىك سودا شىركىتى بار. ئۇ ئىدارىنىڭ 1-قول باشلىقى خەنزۇ بولۇپ، 2-قول باشلىقى ئۇيغۇر. يېقىنقى 3 يىل ئىچىدە بۇ خەنزۇ باشلىق ئىچكىرى ئۆلكىدىن 18 نەپەر تۇغقىنىنى ئەكېلىپ، ئۆز ئىدارىسىگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. لېكىن ھېلىقى ئۇيغۇر باشلىقنىڭ ئايالى تېخىچە يېزا نوپۇسىدا بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر باشلىق تۇرمۇشتا بەك قىيىنىلىپ قېلىپ، 5 يىلدىن بۇيان ئايالىنىڭ نوپۇسىنى شەھەرگە يۆتكەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشى تېخىچە ھەل بولماپتۇ. ئويلاپ بېقىڭلار. بىز خەنزۇلاردىكى ئىنساپ نەگە كەتتى؟ بىز مۇشۇنداق ئىنساپسىز مىللەتمۇ؟».

كەسپىي ئوقۇش، ئۆزلۈكىدىن چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنىڭ ھەممىسىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن ئېلىپ ماڭغان ئەركىن سىدىقنىڭ ئىش-ئىزلىرى گېزىت، ژۇرنال ۋە رادىئولاردا بىر مەزگىل كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زور تەسىرلەرنى قوزغىدى. 1981-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېقىن بىر ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپى (ئېھتىمال ئۈرۈمچى 14-ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇشى مۇمكىن) ئەركىن سىدىقنى شۇ يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قانداق تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەركىن سىدىق ئۆز لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى پەقەت ئىمتىھانغا قانداق تەييارلىق قىلىش توغرىسىدىكى مەزمۇن بىلەنلا چەكلەپ قويماي، ئۆزى بىر قانچە يىل جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى ۋە جۇڭگو ياشلىرى ژۇرنىلى قاتارلىق

خەنزۇچە ماتېرىياللارنى ئوقۇش ئارقىلىق توپلىغان، تىل، مائارىپ، ئوقۇش، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى، ھەمدە بۇ ساھەدە جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى داڭلىق ئەربابلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى رەتلەپ، ئۇلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغان ئاساستا 2 سائەتلىك بىر سۆز نۇتقى تەييارلاپ چىقتى. ئۇ ھېلىقى مەكتەپكە بېرىپ، 150 تەك ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلارغا سۆزلەپ، مەيداندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا يىغىن مەيداندىكىلەر چاۋاك چالغاندىن باشقا ۋاقىتتا، خۇددى يەرگە بىر دانە يىڭنە چۈشۈپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغاندەك جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىدى. بەزى مۇئەللىملەر ئەركىن سىدىقنىڭ سۆزىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، ئۆيىگە ئاپىرىپ بالىلىرىغا قويۇپ بەردى. كېيىن شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى بۇ سۆز تېكىستىنى قىسقارتىپ، «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قانداق تەييارلىق قىلىش كېرەك» دېگەن ماۋزۇ بىلەن باستى. ئۇنى شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىمۇ ئاڭلاتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ «مەن قانداق ئۆگەندىم»دېگەن بىر پارچە ماقالىسىمۇ شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلىپ، رادىئودا ئاڭلىتىلغان ئىدى. 1982-يىلى 5-ئاينىڭ 7-كۈنى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ھەر ئىككى نۇسخىسىغا ئەركىن سىدىق توغرىسىدا «توختىماي ئالغا بېسىۋاتقان ئوقۇغۇچى» دېگەندەك بىر ماۋزۇدا بىر باش ماقالە بېسىلدى.

ئوقۇغۇچىلار ۋەزىپىسىدىن 5 نى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئۆزىنىڭ كەسپىي ئوقۇشىدىن باشقا كەم دېگەندە بىر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان ئەركىن سىدىق ئۈچۈن ۋاقىت ئىنتايىن قىس ئىدى. ھەر ھەپتىدە كەم دېگەندە 3 كۈن چۈشتىن كېيىنكى مەكتەپتە ئېچىلغان ھەر خىل يىغىنلارغا قاتنىشىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 14-16 سائەت ئىشلىدى. ئۇ چاغدا بىر ھەپتىدە پەقەت يەكشەنبە كۈنى بىر كۈنلا دەم ئالىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق بۇ كۈنىمۇ ھەرگىز دەم ئالمىدى. ئۇ شەنبە كۈنلىرى كەچتە ئۆزىنى چاقىرغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياكى يۇرتلۇق دوستلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىغا چوقۇم باراتتى. مانا بۇ ئەركىن سىدىقنىڭ ھەر بىر ھەپتە ئىچىدىكى بىردىن-بىر دەم ئېلىش ۋاقتى ئىدى. ئۇ ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئىزچىل تۈردە ۋاقىت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش توغرىسىدا ئىزدەندى. شۇ جەرياندا ئۇ بىر داڭلىق ئەربابنىڭ «ۋاقىتنى سېكۇنت بويىچە ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ ۋاقتى ۋاقىتنى

مىنۇت بويىچە ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ ۋاقتىغا قارىغاندا 60 ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ» ، دېگەن سۆزنى ئۇچراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋاقتنى سېكۇنت بويىچە ھېسابلايدىغان بولدى. ئۇ يەنە بىر داڭلىق ئەربابنىڭ بىر ئىشنى قىلىپ ھېرىپ كەتكەندە، يەنە بىر ئىشنى قىلىپ ۋاقتنى ئىسراپ قىلماسلىق تەجرىبىسىنى ئۇچراتتى. بۇنى ئۇ «ئاق رەڭلىك بوردا خەت يېزىپ دوسكىدىكى خەتنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغاندا، قىزىل رەڭلىك بوردا خەت يازسا داۋاملىق كۆرگىلى بولىدۇ» ، دېگەنگە ئوخشىتىپ چۈشىنىپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇسۇلدىن ئىزچىل تۈردە پايدىلاندى. يەنى، ئەگەر ئۇ ئېلېكتر دەرسىنى كۆرۈپ ھېرىپ كەتسە، ماتېماتىكا ياكى ئىجتىمائىي پەن دەرسلىرىنى كۆردى. بۇ ئۇسۇلنى مەكتەپ ئىچىدىمۇ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى. ۋاقتتىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇ تاماققا ئۆچىرەت تۇرغاندا ئىنگلىز تىلى خام سۆزنى يادلىدى. ئاپتوبۇستىدا بىر يەرگە ماڭغاندىمۇ خام سۆز يادلىدى. يىغىننىڭ ئالدى-كەينىدىمۇ خام سۆز يادلىدى. كەسپىي دەرس ئوقۇشى بىلەن شۇغۇللانغان 4 يىل جەريانىدا، ئۇ ئاران 3 قېتىم كىنوخانىغا بېرىپ كىنو كۆرۈپ باقتى. ئۆز غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇ باشقا ئۇيغۇر ياشلىرى بەھرىمەن بولىدىغان ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى. 1982- يىلى 5- ئاينىڭ 5- كۈنى قالدۇرغان خاتىرىسىدە ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلات جەدۋىلىنى مۇنداق تۈزگەن ئىدى (بۇ يەردىمۇ شىنجاڭ ۋاقتى ئىشلىتىلدى):

- سائەت 5:00 تىن 5:40 گىچە: ئورنىدىن تۇرۇش، يۈگۈرۈش، چېنىقىش، يۈز يۇيۇش
- سائەت 5:40 تىن 6:50 گىچە: چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش
- سائەت 6:50 تىن 7:30 غىچە: ئەتىگەنلىك تاماقنى يېيىش، خام سۆز يېزىش
- سائەت 7:30 تىن 11:30 گىچە: دەرس ئوقۇش، دەرس تەكرارلاش
- سائەت 11:30 تىن 12:30 گىچە: چۈشلۈك تاماق يېيىش، گېزىت ئوقۇش
- سائەت 12:30 تىن 14:00 گىچە: چۈشلۈك ئۇخلاش
- سائەت 14:00 تىن 17:30 گىچە: دەرس ئوقۇش، دەرس تەكرارلاش
- سائەت 17:30 تىن 18:00 گىچە: كەچلىك تاماق يېيىش
- سائەت 18:00 تىن 21:30 گىچە: كەسپىي دەرسلەرنى تەكرارلاش

- سائەت 21:30 تىن 22:00 گىچە: ياپونچە رادىئو لېكسىيىسىنى ئاڭلاش
- سائەت 22:00 تىن 23:00 گىچە: كەسپىي ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش

دېمەك، ئەركىن سىدىقنىڭ ئاخشىمى كارىۋاتتا ئۇخلىغىلى ياتىدىغان ۋاقتى جەمئىي 6 سائەت بولغان.

1979 ـ يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋېدىغان بىر ئوقۇغۇچى ئەركىن سىدىقنىڭ قېشىغا ئاقسۇدىن كەلگەن بىر كىشىنى باشلاپ كەلدى. بۇ كىشى ئەسلىدە ئامانگۈل (ئەركىن سىدىقنىڭ ھازىرقى ئايالى) نىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ئامانگۈل بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بۇ مەكتەپكە كەلگەن ئىكەن. ئامانگۈلنى نەدىن تېپىشنى بىلمەي، بۇ ئوقۇغۇچىدىن سورىغاندا، بۇ ئوقۇغۇچى ئەركىن سىدىقنىڭمۇ ئاقسۇدىن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇ كىشىنى ئەركىن سىدىقنىڭ قېشىغا باشلاپ كېلىشى ئىكەن. ئۇ چاغدا ئامانگۈلنى ئەركىن سىدىق تونۇمايدىغان بولۇپ، ئامانگۈلنىڭ قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇۋېدىغانلىقىنى سورىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ كىشىگە ئامانگۈلنى ئىزدەپ تېپىپ بەردى. شۇ چاغدا قارىسا ئامانگۈلنى ئەركىن سىدىق بۇرۇن كۆرگەن ئىكەن: ئەركىن سىدىق ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۈيغۇر شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ۋاقتىدا، ئامانگۈل خەنزۇ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار بىر قانچە قېتىملىق يىغىنلاردا بىرگە بولغان ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا ئامانگۈل ئوغۇل بالا بىلەن پاراڭلىشىش ياكى ئوغۇل بالا بىلەن باشقا ھەر قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى بىر خىل ئەخلاقسىزلىق ۋە نومۇس قىلىدىغان ئىش، دەپ بىلگەچكە، ئاشۇ نەچچە قېتىم بىرگە قاتناشقان كىچىك يىغىن جەريانىدا ئەركىن سىدىققا بىرەر قېتىممۇ سەپ سېلىپ قاراپ باقمىغان ئىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئەركىن سىدىق ئامانگۈلنى بىر ئاز چۈشىنىپ باقماقچى بولدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن ئەركىن سىدىق ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگىلى چىققاندا، ئامانگۈلمۇ تىل ئۆگىنىشكە چىقاتتى. ئەركىن سىدىق ئامانگۈلنىڭ قېشىغا بېرىپ، 5 ـ 10 مىنۇت ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. گەرچە ئۆزىنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسى شۇ چاغدا ئامانگۈلنىڭكىدىن تۆۋەن بولمىسىمۇ، ئەركىن سىدىق بەزىدە ئىنگلىز تىلى توغرىسىدا سوئال سورىغان بولۇپ ئامانگۈلنىڭ قېشىغا باراتتى. بەزىدە ئۆزىدە بار كىتابنى ئامانگۈلدىن

يەنە ئارىيەت ئېلىش باھانىسى بىلەن ۋە كېيىنلىكتە ئۇ كىتابنى قايتۇرۇش باھانىسى بىلەن ئامانگۈلنىڭ قېشىغا باراتتى. بەزى كۈنلىرى ئامانگۈل بىرەر ئىش تۈپەيلىدىن ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشكە چىقماي قالسا، ئەركىن سىدىقنىڭ كۆڭلى پۈتۈن بىر كۈن يېرىم ئۆتەتتى. شۇ ئارقىلىق ئەركىن سىدىق ئاستا-ئاستا ئامانگۈلنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ئامانگۈل باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن تارتىپ ھەممە مەكتەپنى خەنزۇچىدا ئوقۇغان بولۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئوقۇشى سىنىپ بويىچە ئەڭ ياخشى ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر خىل ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن ئىدى. كىتاب ئوقۇشقا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا جۇڭگودا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان دۇنيادىكى داڭلىق رومانلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنىڭ بەزى جەھەتلىرىدە ئامانگۈل ئەركىن سىدىقتىن يۇقىرىراق تۇراتتى. نۇرغۇن ئىشلاردا ئىككىسى ناھايىتى ئوبدان پاراڭلىشالايتتى. مۇشۇنداق بىر قانچە ئاي ئۆتۈش جەريانىدا، ئەركىن سىدىقنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئامانگۈلگە كۆڭلى چۈشتى. 79-يىلى 7-ئايدا، ئەركىن سىدىق ئۆز كۆڭلىنى ئامانگۈلگە ئىزھار قىلدى. ئامانگۈل بىر قانچە ھەپتە ئويلىنىپ، ئاندىن ئەركىن سىدىققا جاۋاب بەردى: ئۇ ئەركىن سىدىق بىلەن يۈرۈشكە ماقۇل بولدى. بۇ مۇھەببەتلىشىشنىڭ پەقەت بىرلا مەقسىتى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ كەلگۈسىدە ئىككىسى توي قىلىش. ئەركىن سىدىق بۇ ۋاقىتلاردا ئىنتايىن ئالدىراش بولسىمۇ، ئامانگۈلگە قاتتىق كۆڭلى چۈشكەنلىكتىن، داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغۇسى كېلەتتى. لېكىن، ئەركىن سىدىقنىڭ نەزىرىدە، بىر ئوغۇل بالا بىر قىزغا تەلەپ قويۇشتىن بۇرۇن مۇنداق ئىككى شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك: 1. ئۇ قىزنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرۈشى كېرەك. 2. كەلگۈسىدە ئۇ قىزنى بەختلىك قىلالايدىغان ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ھەر كىم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرگەن كىشىسىنى كەلگۈسىدە ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھالەتكە تىقىپ قويۇشنى خالىمايدۇ. ئادەم ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى ھەممىدىن بەك قەدىرلەيدۇ. ئەگەر بىر ئوغۇل بالا ئۆزى ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرىدىغان قىزنى بەختلىك قىلالمىسا، ئۇ قىزنى ھەقىقىي تۈردە قەدىرلەش نۇقتىسىدىن بولسىمۇ ئۇ قىزدىن ئايرىلىپ كېتىشى كېرەك. بۇ مەزگىل ئەركىن سىدىق كەلگۈسىدە ياخشى ياشاش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەۋاتقان ۋە ھەر خىل ئىقتىدارلارنى يېتىلدۈرۈۋاتقان مەزگىل ئىدى. بۇ نۇقتا ئەركىن سىدىقنىڭ كاللىسىدا ئىنتايىن ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇ

مۇھەببەتكە قاتتىق بېرىلىپ كېتىشتىن قەتئىي ساقلاندى. ھەرگىز كۆڭلىنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىۋېلىشىغا يول قويمىدى. بۇ ئىشنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ، ۋە ئۆز-ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ بىر ياخشى پۇرستى، دەپ بىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئامانگۈلمۇ ئىنتايىن تارتىنچاق بولۇپ، يۇقىرىقىدەك كونا ئىدىيىلەردىن تېخى ئازات بولالمىغان ئىدى. ئۇ ماتېماتىكا فاكۇلتېتى ھېسابلانما ماتېماتىكا (خەنزۇچە «计算数学») كەسپىدىكى 77-يىللىق مىنكاۋخەن سىنىپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ سىنىپى ئەركىن سىدىقنىڭكى بىلەن باشقا-باشقا بىنادا ئىدى. باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆز سىنىپىغا ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىنى پۈتۈنلەي چەكلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ چاغدا قىزلار ياتاق بىناسىدا ئىشىك باققۇچى بار بولۇپ، ئوغۇللارنىڭ ئۇ بىنادىكى قىزلارنى ئىزدەپ كېلىشىگىمۇ يول قويمايتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىق بىرەر ئىش بولسا، ئامانگۈلگە سىنىپىدىكى قىزلار ئارقىلىق گەپ ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇلار ئەڭ كۆپ بولسا، ھەپتىدە پەقەت بىر قېتىملا كۆرۈشەتتى. ئەركىن سىدىق بارىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغىمۇ ئامانگۈل ئاساسەن بارمايتتى. (ئامانگۈل بەزى يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدىغان بولۇپ، ئۇنداق چاغلاردا ئۇلار ھەپتىدە بىر قېتىممۇ كۆرۈشەلمەيتتى).

بۇ ئىككىسىنىڭ يۈرگىنىنى بىلىدىغان، ئەمما كونكرېت ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان بەزى ئوقۇغۇچىلار «ئەركىن سىدىق ئامانگۈلنى بەك قاتتىق تۇتىدىكەن» دەپ ئويلاپ يۈرگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. بىر قېتىم ئەركىن سىدىق ئامانگۈلنى بىرگە كىنو كۆرۈپ كېلىشكە مىڭ تەسلىكتە قايىل قىلدى (بۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان، ئەركىن سىدىق 4 يىل جەريانىدا بېرىپ باققان 3 قېتىملىق كىنونىڭ بىرسىدۇر). ئۇلار ئىتتىپاق كۇلۇبىغا بېرىپ، ئىككى بېلەت ئېلىپ كىنوخانىغا كىرىپ قارىسا، بۇ ئىككى بېلەت كىنوخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىكەن. ئەركىن سىدىقنى ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تونۇيدىغان بولۇپ، بۇ كىنوخانىغا كىنوغا بارىدىغانلارمۇ ئاساسەن شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق ئۈچۈن بىر ئورۇندۇقنى ئالماشتۇرۇش ئىنتايىن ئاسان ئىش ئىدى. لېكىن، بۇ ئىشقا ئامانگۈل خىجىل بولۇپ ئۇنىمىدى. ئەركىن سىدىق

ئامانگۈلگە توختىماي ئورۇندۇقنى باشقىلار بىلەن ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا پەس ئاۋازدا ياكى شەرەت بىلەن يالۋۇردى. پۈتۈن ئەس - ھوشى ئامانگۈلدە بولۇپ، كىنودا نېمە چىقىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كاللىسىغا ئازراقمۇ كىرمەيتتى. ئارىلىقتىن بىرەر سائەت ئۆتۈپ، كىنونىڭ يېرىمى تۈگىگەندىن كېيىن، ئامانگۈل ئورۇن ئالمىشىشقا ئاران ماقۇل بولدى. ئەركىن سىدىق يېنىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىغا سۆز ئېچىپ بولغۇچە ئۇ سەكرەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز ئورۇندۇقنى ئۆتۈنۈپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئەركىن سىدىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ئامانگۈل بىلەن مانا مۇشۇنداق بىر قېتىم بىرگە كىنو كۆرەلىدى. ئەركىن سىدىق ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانغا ئاز قالغاندا، ئۈرۈمچىدە ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» ناملىق بىر ئۇيغۇرچە دراما قويۇلدى. ئەركىن سىدىق ئامانگۈلدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن بۇ درامىغا ئىككى بېلەت ئېلىپ، ئىككىسى خەلق تىياتىرخانىسىدىكى درامىغا بىرگە باردى. ئويۇن تۈگىگەندە كوچا ئاپتوبۇسلىرى توختاپ قالىدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىق بىر ئۈرۈمچىلىك ساۋاقدىشىنىڭ ۋېلسىپىتىنى ئارىيەت ئالدى. لېكىن، تىياتىرخانىغا بارغىچە ئامانگۈل خىجىل بولۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ۋېلسىپىتىگە مىنىپ بېرىشقا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ، تىياتىرخانىغا پىيادە باردى. ئامانگۈل يولدا تونۇشلار ئۇچراپ قالسا خىجىل بولۇشتىن ئەنسىرەپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئالدىدا 2 مېتىر ئارىلىق قويۇپ پىيادە ماڭدى. كەچتە دراما تۈگەپ، مەكتەپكە قايتىپ كېلىدىغاندا، قاراڭغۇدا ھېچ كىم ھېچ كىمنى تونۇيالمايدىغان بولغاچقا، ئامانگۈل ئاران تەستە ئەركىن سىدىقنىڭ ۋېلسىپىتىدە بىرگە قايتىپ كېلىشكە ماقۇل بولدى.

ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 5 يىل ئوقۇش جەريانىدا، يۇقىرىقىدەك قىلىپ خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە ياپون تىلىنى ئۆگەندى. مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇغۇچىلار خىزمەت ۋەزىپىسىدىن 5 نى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ھەمدە پەقەت بىر قېتىملىق مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا 94 نومۇر ئېلىپ قالغاندىن باشقا، 5 يىل ئوقۇش جەريانىدىكى باشقا بارلىق ئىمتىھانلاردا 100 دىن نومۇر ئالدى. ئوقۇش ۋە خىزمەت جەھەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپ رەھبەرلىكىنى ۋە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى تولۇق رازى ۋە قايىل قىلدى. ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى، شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى ۋە جۇڭگو

خەلق گېزىتى قاتارلىقلار ئارقىلىق كەڭ ـ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى. (ئەركىن سىدىق مەتبۇئاتلارغا بېسىلغان، ئۆزى يازغان ۋە ئۆزى توغرىلىق باشقىلار يازغان گېزىت ـ ژۇرنالدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ماڭغان بولسىمۇ، ئۇ 1988 ـ يىلى ياپونىيىدىكى ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ بۇ ماتېرىياللىرىنى شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بىر مۇخبىرى ئارىيەتكە ئېلىپ كەتكەن. ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى قايتۇرۇپ بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق ئۆزى يىغقان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇق قالغان. ئەگەر ئاشۇ مۇخبىر ھېلىقى ماتېرىياللارنى ھازىر قايتۇرۇپ بېرەلىسە، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولغان بولاتتى). ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋاقتى يېقىنلىشىشقا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەسىپ بىلەن مەمۇرىي خىزمەتتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرسىنى تاللاش ۋاقتى كەلدى.

ئەركىن سىدىق مەكتەپتىكى ھەر خىل سىياسىي ۋە مەمۇرىي يىغىنلارغا قاتنىشىش جەريانىدا، ئۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ ھېچ قانداق قىممىتى يوقلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولغان ئوقۇشنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ، ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، شۇ ئارقىلىق باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا قەتئىي ئىرادە باغلىغان ۋە شۇنىڭغا غايە تىكلىگەن ئىدى. 1982 ـ يىلىنىڭ ئىچىدە ئۇ بىر قېتىم بېيجىڭغا يىغىنغا بارغاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىمۇ ياكى سىياسىي كېڭەشمۇ ئىشقىلىپ بىر مەملىكەتلىك يىغىنغا قاتناشقىلى كەلگەن بىر قىسىم پېشقەدەم ئۇيغۇر كادىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ئەركىن سىدىققا بىرلا ئېغىزدىن: «ئۇكام، ھەرگىز مەمۇرىي خىزمەت قىلمەن، دەپ ئۆزۈڭنى بىزدەك نابۇت قىلىۋالما. چوقۇم ئۆز كەسپىڭنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىللەت ئۈچۈن بىر ئاز شان ـ شەرەپ كەلتۈرگىن»، دېدى. ئامانگۈلمۇ ئەركىن سىدىقنىڭ نام چىقىرىشىغا ۋە باشلىق بولۇشىغا ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن قارشى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بىر سېكرېتارى بولۇپ ئىشلەۋاتقان قەييۇم باۋۇدۇن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ سابىق مۇدىرى ئايشەم ئاپپاي، فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى سۇلتان مۇئەللىم ۋە باشقا بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى ھەم خەنزۇ باشلىقلارمۇ ئەركىن سىدىقنىڭ كەلگۈسىدە كەسپىي جەھەتتە چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئۆز كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇ مەزگىللەرنىڭ بىر كۈنى،

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى جاڭ ياڭ ئەركىن سىدىقنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى ( ئۇ كىشى كېيىنلىكتە شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى بولدى): «ئەركىن، ھازىر سېنىڭ ئالدىڭدا ئىككى چوڭ يول بار. ئۇنىڭ بىرسى ماڭا ئوخشاش كادىر بولۇش. ئەگەر سەن بۇ يولنى تاللىساڭ، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، تېزلا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كادىر بولۇپ ئۆسۈپ كېتەلەيسەن. ئۇ چاغدا ماڭا ئوخشاش سېنىڭ ئايرىم شوپۇرۇڭ بولىدۇ. ھەتتا ئايرىم ئاشپەزىڭمۇ بولىدۇ. ھە دېسىلا زىياپەتتە يۈرۈپ، جاپا چەكمەي باياشات ياشىيالايسەن. سەن ئۈچۈن 2 ـ يول ئۆز كەسپىڭنى داۋاملاشتۇرۇش. مەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھازىرغىچە كەسپتە سەندەك پەۋقۇلئاددە بۆسۈپ چىققان بىرسىنى كۆرۈپ باقمىغان. كادىر بولالايدىغان ئۇيغۇرلار كۆپ. لېكىن كەسپنى سەندەك قىلالايدىغان ئۇيغۇرلارنى مەن ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىدىم. شۇڭا مېنىڭچە ئەگەر سەن كەسپ يولىنى تاللىساڭ، ئۆز مىللىتىڭگە چوڭراق تۆھپە قوشالىشىڭ مۇمكىن. ئۆزۈڭ ئويدان ئويلاپ قارار قىلغىن». ھەقىقەتەنمۇ ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىق بىلەن ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ باققان كىشىلەرنىڭ مەمۇرىي جەھەتتە خېلىلا ئىستىقبالى بار ئىدى. ئەركىن سىدىق بىلەن بىرگە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن چېڭ خۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋۇ شاۋزو كېيىنلىكتە مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولدى. 1989 ـ يىلى ئەركىن سىدىق ئامېرىكىدىن يۇرتىنى يوقلاش ئۈچۈن قايتىپ بېرىپ، ئامېرىكىغا قايتىشىدا ۋۇ شاۋزوغا تېلېفون قىلغان ئىدى، ۋۇ شاۋزو ئەركىن سىدىقنى ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن بېيجىڭ ئايرودرومىغا ئەپچىقىپ قويغان ئىدى. ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق ۋاقىتتا بېيجىڭغا كەلگەندە ئۇنى ئىزدىشنى ئېيتقان ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ پەرىزىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى بولۇپ ئىشلىگەن 16 ئوقۇغۇچىدىن كەم دېگەندە 5 كىشى ھازىر جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ھوقۇق تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەركىن سىدىق كەلگۈسى ئۈچۈن يول تاللايدىغان ئەڭ ئاخىرقى پەيت كەلگەندە، قىلچە ئىككىلەنمەستىن كەسپ يولىنى تاللىغان بولۇپ، بۇ يولنى ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.



ئەركىن سىدىقنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى. ئەڭ ئالدىنقى قۇر ئوڭدىن سانىغاندىكى 5-كىشى ئەركىن سىدىقنىڭ 5 يىللىق سىنىپ مۇدىرى شەرىپ مۇئەللىم بولىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى هازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلەيدۇ .



ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئالدىدا.



ئەركىن سىدىقنى ئىزچىل تۆردە قوللاپ، ئۇنىڭغا ھەر دائىم يېقىندىن ياردەمدە بولغان سۇلتان جانبولاتوۋ مۇئەللىم. بۇ رەسىم 2006 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تارتىلغان. سۇلتان مۇئەللىم كېيىنلىكتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاتارلىق بىر قاتار يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەردە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا قىزىققۇچىلار تۆۋەندىكى تور بېتىنى زىيارەت قىلسا بولىدۇ:

http://janbolat.anyp.cn



ئەركىن سىدىق ساۋاقدىشى ۋە دوستى دىلمۇرات تۇرسۇن بىلەن بىرگە. بۇ رەسىم 1980 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تارتىلغان. دىلمۇرات تۇرسۇن ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.



ئەركىن سىدىق سىنىپ مۇدىرى شەرىپ مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن رەڭسىز تېلېۋىزور تەجرىبىسى ئىشلىمەكتە. بۇ رەسىم ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم بىر ژۇرنالدىكى ئەركىن سىدىقنى تونۇشتۇرىدىغان بىر پارچە ماقالە بىلەن بىرگە ئېلان قىلىنغان ئىدى. قايسى ژۇرنال ئىكەنلىكى ھازىر ئەركىن سىدىقنىڭ ئېسىدە قالماپتۇ.



1981-يىلىدىن 83-يىلىغىچە 4-نۆۋەتلىك مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ئوقۇغۇچى كادىرلارنىڭ خاتىرىسى. بىرىنچى قۇر سولدىن سانىغاندىكى 5-كىشى ئەركىن سىدىق، ئوڭدىن سانىغاندىكى كۆزەينەك

تاقىۋالغان 3-كىشى ياش ئۇيغۇر خىمىيە ئالىمى زەپەر ئابلىزدۇر. ئەركىن سىدىق ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسىنى ئۆز ياتىقى قىلىپ تۇرغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن زەپەر ئابلىز بۇ ئىشخانىدا ئەركىن سىدىق بىلەن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بىرگە تۇرغان ئىدى.



1982-يىلى يازدا ئېلىپ بېرىلغان شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇشۇچىلىرى يازلىق دالا پائالىيىتىگە قاتناشقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوغۇل ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خاتىرىسى. ئەركىن سىدىق مۇشۇ قېتىملىق پائالىيەتنىڭ 1-قول مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى.



مەملىكەتلىك 19-نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى رەئىسلىرىنىڭ خاتىرىسى. بۇ رەسىم 1979-يىلى 5-ئايدا تارتىلغان. ئەركىن سىدىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان كۆزەينەكلىك كىشى موڭغۇل مىللىتىدىن بولۇپ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ مىللىتىدىن. ئوتتۇرا قۇردىكى ئەركىن سىدىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان كىشى ئەينى ۋاقىتتىكى مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى ۋۇ شاۋزو بولۇپ، بۇ كىشى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئۇ خىزمەتنى تاكى 1998-يىلىغىچە داۋاملاشتۇرغان.

## 7. شاڭخەيدىكى بىلىم ئاشۇرۇش

ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان كەسپىي دەرسلەرنىڭ بىرسى «ئېلېكترو-ماگنىتلىق مەيدان ۋە دولقۇنلار» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ نۇر ۋە باشقا ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇنلارنىڭ قانداق قىلىپ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە تارقىتىدىغانلىقى، ھەمدە ئۇلارنىڭ باشقا ماتېرىياللارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى دەرستۇر. ئۇ ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم دەرسلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. فىزىكا كەسپىدىكى 3 چوڭ نەزەرىيىنىڭ بىرسىمۇ ئەنە شۇدۇر.

بۇ دەرسنىڭ ئېلېكتر ئېنژېنېرلىقى (رادىئو ئېلېكترونىكسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ساھەسىدىكى باشقا دەرسلەر بىلەن بولغان چوڭ پەرقى، بۇ دەرستە ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇننى تەسۋىرلەيدىغان ماتېماتىكىلىق فورمۇلالاردا ۋېكتورلۇق قىممەتلەر كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، قالغان كەسپىي دەرسلەردە بولسا ۋېكتورلار ئۇنچىۋالا كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇڭا بۇ دەرس ئېلېكتر ئېنژېنېرلىقى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىر قەدەر تەس تۇيۇلىدۇ. ئەركىن سىدىق ھازىرغىچە جۇڭگو، ياپون ۋە ئامېرىكىدا ياشاپ باققان بولۇپ، بۇ 3 دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن «ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇننى ئۆگەنمەكمۇ تەس، دەرس قىلىپ ئۆتمەكمۇ تەس، ھەمدە ئىشلىتىشمۇ تەس» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ باقتى. بۇ دەرسنى ئۆگىنىش تەس بولغاچقا، ئەركىن سىدىق بارغان دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇغۇچىلار بۇ دەرسنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىغىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆردى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بۇ دەرستە تەربىيىلەنگەن بىرەرمۇ ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى يوق بولۇپ، ئامالسىزلىقتىن باشقا بىر ساھەدە دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىدىن بىرىنى ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىغا مۇشۇ دەرسنى ئۆتۈشكە قويغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇ ئوقۇتقۇچى بۇ دەرسنى ياخشى ئۆتەلمەي، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ھەر قېتىملىق دەرستە ئوقۇتقۇچى ئۈستىدىن قاقشاپلا ئولتۇردى. ئەركىن سىدىق بولسا بىر ئاز بولسىمۇ بىر نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇ ئوقۇتقۇچىدىن توختىماي سوئال سورايتتى. مەۋسۇمنىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئوقۇتقۇچى ئەركىن سىدىقنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا: «ئۇكام، كېلەر قېتىملىق دەرسنى سەن ئۆتۈپ باقامسەن؟» دەپ سورىدى. ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، كېيىنكى قېتىملىق دەرسنىڭ ۋاقتى كەلگۈچە بۇ دەرسكە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلدى، ھەمدە بىر قېتىملىق دەرسنى ئۆتتى. ئەركىن سىدىق ئالدى بىلەن بۇ قېتىملىق مەزمۇنغا ئائىت بۇرۇنقى مەزمۇنلارنى بىرەر قۇر تەكرارلاۋېتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن يېڭى مەزمۇننى سۆزلىدى. ئۇنىڭ لېكسىيىسى ئىنتايىن سىستېمىلىق ۋە چۈشىنىشلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە ناھايىتى جەلپ قىلالايدىغان بولغاچقا، ساۋاقداشلىرى بۇرۇنقىدەك ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماي، دەرسنى ئىنتايىن زېھىن قويۇپ ئاڭلىدى. ھەمدە دەرس ئاخىرلاشقاندا، سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىردەكلا قاتتىق چاۋاك چېلىپ كەتتى. دەرستىن چۈشكەندە بەزىلەر ئۇنىڭ

قېشىغا كېلىپ: «ئەركىن، مەن بۇ دەرسنى بۇگۈن تۇنجى قېتىم چۈشىنەلىدىم» دېدى. بۇ دەرسنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئاجىز بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا ھېچ قانداق تاپشۇرۇق بەرمىدى. ھېچ قانداق مەشىقمۇ ئىشلەتكۈزمىدى. يېرىم مەۋسۇملۇق ۋە مەۋسۇم ئاخىرىدىكى ئىمتىھانلارنىمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ھەر خىل ۋېكتورلۇق فورمۇلالار بىلەن ئۇلارنىڭ فىزىكىلىق مەنىسىنى يادلىغۇزۇپ، شۇنىڭدىنلا ئىمتىھان ئالدى. ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىدە بايان قىلغان «مىكرو دولقۇن تېخنىكىسى» مۇ يۇقىرىقى ئېلېكترو ـ ماگنىتلىق دولقۇنى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى ئۆزىنىڭ ئۇستازى سۇلتان مۇئەللىم بىلەن فاكۇلتېتتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن ئىدى.

77 ـ يىللىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار 1983 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرەتتى. 1983 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەركىن سىدىق كەلگۈسىدە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى قارار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، فاكۇلتېتنىڭ مۇدىرى سۇلتان مۇئەللىم ئەركىن سىدىقنى كەلگۈسىدە ئاشۇ ئېلېكترو ـ ماگنىتلىق دولقۇنى دەرسنى ئۆتۈشكە تەقسىم قىلدى. ھەمدە 77 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتىنى ئېلان قىلىشقىمۇ ساقلىماي، ئەركىن سىدىقنىڭ شائخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى فاكۇلتېتىغا بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

1983 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئەركىن سىدىق شائخەيگە يېتىپ كەلدى. ھەمدە 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 1 ـ مەۋسۇملۇق دەرسنى باشلىدى. دەرس باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، مەملىكەت بويىچە شۇ يىللىق ئاسپىرانتلىققا كىرىش ئىمتىھانى ئېلىنىدى. ئەركىن سىدىق ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشنى ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھېچ قانداق ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر ئاسپىرانتلىق ئوقۇغۇچىلىرىنى تېخى قوبۇل قىلالمايدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىق ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن نەنجىڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئېلېكترو ـ ماگنىتلىق دولقۇنى كەسپىگە تىزىملاتقان ئىدى. ھەمدە تىزىملاتقان ۋاقتتىن تارتىپ، كۈچىنىڭ بېرىچە بۇ ئىمتىھانلارغا تەييارلىق قىلىپ كەلگەنىدى. ئىمتىھان ئېلىنغان پەنلەرنىڭ بىرسى سىياسەت دەرسى بولۇپ، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى تارىخىنى ئاساس قىلغان بولغاچقا،

ئەركىن سىدىق يالغۇز بۇ دەرسنىڭ مەزمۇنىغا خەنزۇچە تەييارلىق قىلىپلا قالماي، ئادەم بىلەن جايلارنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچىدا قانداق يېزىشقىمۇ تەييارلىق قىلىشقا توغرا كەلدى. ھەمدە ئۇ ئېلېكترو ـ ماگنىتلىق دولقۇنى ساھەسىدە يۇقىرىقى ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن جىق ئاجىز ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىملىق ئىمتىھانىغا ئىزچىل تۆردە كۆچىنىڭ بېرىچە تەييارلىق قىلىپ قاتناشقان بولسىمۇ، ئۇنى يۇقىرىقى ئىككى مەكتەپ ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلمىدى.

ئەركىن سىدىق ئۇ چاغدا كۆڭلىگە مۇنداق بىر نىشاننى پۈككەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇنى بىلەن مىكرو دولقۇن تېخنىكىسى كەسپلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش. دېمىسىمۇ ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىق ئۇيغۇر دىيارىدا بۇ ساھەدە ئىشلەيدىغان بىرمۇ ئادەمنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىرەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ قېلىپ ياردەم سوراي دېسە، ياردەم بېرەلەيدىغان بىرەرمۇ كىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مىكرو-دولقۇن دەرس تەجرىبىخانىسىنى قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىمۇ ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق 1-سائەتلىك دەرستىن باشلاپ قاتتىق تىرىشىشنى باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچ سائەت 11 دە كۇتۇپخانىنى تاقىغىچە كۇتۇپخانىدا ئۆگىنىش قىلدى. كۇتۇپخانا تاقالغاندىن كېيىن ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى فاكۇلتېتىنىڭ رادار تەجرىبىخانىسىغا بېرىپ، كېچە سائەت 12 دىن ئاشقىچە يەنە ئۆگىنىش قىلدى (بۇ تەجرىبىخانىنىڭ توكى كېچىچە توختاپ قالمايتتى). دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە بايرام كۈنلىرىمۇ پەقەت دەم ئالماي ئۆگىنىش قىلدى. بۇ مەكتەپ جۇڭگو بويىچە ئەڭ داڭلىق 5 ـ 6 مەكتەپنىڭ بىرسى بولغاچقا، ئەركىن سىدىق بىرگە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش ئىقتىدارى ۋە كەسپىي ئاساسى جەھەتلەردە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر سىنىپىنى پۈتتۈرگەن سەۋىيە بىلەن بىر تەرەپتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قالغان ئوقۇغۇچىلارغا يېتىشىپ مېڭىشقا تىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچى سىنىپتا سۆزلىمىگەن ۋە تاپشۇرۇق قىلىپ بەرمىگەن مەشقلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئىشلەپ ماڭدى. قىيىنچىلىققا يولۇقسا دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى. ئۇ داۋاملىق ئۆز ـ ئۆزىدىن: «مەن ئۆزۈم دەرس ئۆتكەندە، ماۋۇ مەسىلىنى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟» دەپ

سوراپ تۇردى. كىتابتا ئۆزى چۈشەنمەيدىغان بىرەر مەزمۇننىڭ بولۇشىغا قەتئىي يول قويمىدى. ئۇنىڭ نىشانى ئۇ ئۆزى بۇرۇن بېشىدىن كەچۈرگەن، بەزىلەر ئېلېكتر ئېنژېنېرلىكىگە ئائىت كەسپىي دەرسلەردە «ئەگەر مۇنداق مۇنداق قىلسا، مۇنداق بولىدىكەن» دەپ ئۆزى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېكايە سۆزلىگەندەك دەرس ئۆتىدىغان ئەھۋالغا ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىش ئىدى.

ئەركىن سىدىق شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېڭى بارغاندا، ئۇ مەكتەپكە شىنجاڭ 1-ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن خالىق ۋە ئابلىكىم ئىسىملىك ئىككى ئوقۇتقۇچىمۇ بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان بولۇپ، بۇ ئۈچەيلەن بىر ياتاقتا تۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەكتەپتە ئۇلار بېرىشتىن بىرەر يىل بۇرۇن قوبۇل قىلىنغان، كەسپى«پەن-تېخنىكىغا ئائىت ئىنگلىز تىلى» بولغان بىر «شىنجاڭ سىنىپى» بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن 30 غا يېقىن ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر بولۇپ، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقى ئەركىن سىدىقنىڭ ياتىقى بىلەن ئۇدۇل قوشنا ئىدى.

پۈتۈن ياتاق بىنالىرىدا قىش كۈنى پار يوق، ۋە ياز كۈنى ھاۋا تەڭشىگۈچ يوق ئىدى. شۇڭا قىش كۈنلىرى كۇتۇپخانا ۋە سىنىپلار تاقاق ۋاقتىدا ياتاقتا ئۆگىنىش قىلغاندا، ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئىمكانقەدەر يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۆگىنىش قىلاتتى. لېكىن، قول بىلەن خەت يازىدىغاندا ياكى ماتېماتىكىلىق ھېسابلارنى ئىشلەيدىغاندا يەنە سوغۇق ياتاقتا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭلاشقا ئەركىن سىدىق قىش كۈنلىرى بىر چوڭ بوتۇلكىغا قايناق سۇ قاچىلىۋېلىپ، ئۇ بوتۇلكىنى قولىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، ياكى ئۇنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلدى. ياز كۈنلىرى شاڭخەيدە پاشا تولا، ھاۋا ئىنتايىن تىنچىق ۋە نەم بولىدۇ. يۇيغان كىيىملەر 4 ـ 5 كۈندە ئاران قۇرۇيدۇ. خۇرۇم ئاياق ۋە خۇرۇم ساندۇقلار نەملىكتە كۆكىرىپ كېتىدۇ. ئادەم ياتاقتا ئۆگىنىش قىلغاندا، كىيىم كىيىپ ئولتۇرسا ئىسسىقنىڭ دىمىقىغا چىدىغىلى بولمايتتى. كىيىمنى سېلىۋەتسە پاشا چاقاتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىق كالتە ئىشتىنىدىن باشقا ھەممە كىيىمنى سېلىۋېتىپ، بىر ئاق داكا رەختتىن تىكىلگەن پاشىلىقنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۆگىنىش قىلاتتى. مەكتەپنىڭ تامىقىمۇ ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ھەر كۈنى چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماق ئۈچۈن كېسەك شەكىلدە كېسىلگەن گۈرۈچ تامىقىدىن باشقا

نەرسە يوق ئىدى. بۇ گۇرۇچ نورمالنى گۇرۇچلەردىن ئەمەس بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش يۈزىسىدىن 10 يىلدىن ئارتۇق ئاش ئىسكىلاتلىرىدا ساقلانغان كونا گۇرۇچ ئىدى. شۇڭا كېسەك شەكلىدىكى گۇرۇچنىڭ رەڭگى ئاق بولماستىن، بەزى يەرلىرى ئاق، بەزى يەرلىرى قىزغۇچ بولۇپ، بىر ئالا - چىپار رەڭلىك كېسەككە ئوخشايتتى. بۇنداق گۇرۇچنىڭ تەمىمۇ ئىنتايىن ناچار ئىدى. مەكتەپكە يېقىنراق بىر جايدا تۇڭگان ئاشخانىسىدىن بىرسى بولسىمۇ، ئۇ پەقەت جۇۋاۋىدىن باشقا نەرسە ئەتمەيتتى. بۇ كېسەك گۇرۇچتىن بەك زېرىككەن كېتىپ، بىر يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنى ئەركىن سىدىق ئۆزى تاماق يەيدىغان تۇڭگان ئاشخانىسىدىكىلەردىن ئاشخانىنى 2 سائەتلىك ئارىيەت ئېلىپ، بىر قېتىم ئۆزى لەڭمەن ئېتىپ، بىر قىسىم ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە يېدى.

قايتىپ بارغاندىن كېيىن مىكرو-دولقۇن تەجرىبىخانىسى قۇرۇشقا پۇختا تەييارلىق قىلىش يۈزىسىدىن، ئەركىن سىدىق ھەر مەۋسۇمدا مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن 3 دەرس تاللىغاندىن باشقا، ئۆزىگە ئۇستاز بولغان گۇ رۇيلۇڭ ئىسىملىك پروفېسسورنىڭ مىكرو-دولقۇن تەجرىبىسى دەرسىگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. ئۆز مەكتىپىدە ۋە شاڭخەي شەھىرى رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن مىكرو-دولقۇن تېخنىكىسىغا ئائىت ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، «شىنجاڭ سىنىپى» ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن ئىنگلىز تىلىدا ئۆتۈلگەن «ئالىي مەكتەپ ماتېماتىكىسى» دەرسىنىمۇ ئىزچىل تۈردە قوشۇمچە قىلىپ ئاڭلىدى. ئۇ چاغدا شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تەبىئىي بايلىق ئەھۋالىنى بىر سىستېما قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىنى كۆتۈرىگە ئالغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق مۇشۇ قۇرۇلۇش توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي دوكلاتلارنىڭ ھەممىسىگىمۇ بىرىنى قالدۇرماي قاتناشتى.

ئەركىن سىدىق قوشۇلۇپ ئوقۇغان سىنىپ ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى فاكۇلتېتىنىڭ 1984- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان سىنىپى بولۇپ، 1983-يىلى يازلىق تەتىلدە مەكتەپ ئۇلارنى 2 ھەپتىلىك پراكتىكىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەركىن سىدىق بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھاللا سۇلتان مۇئەللىم بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ پراكتىكىغا ئۆزىنىڭمۇ قاتنىشىشىنى ئىلتىماس قىلدى. سۇلتان مۇئەللىم ئەركىن سىدىقنى قوللاپ، شىنجاڭ

ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بۇ پراكتىكا ئۈچۈن شاگىخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا تۆلەيدىغان خىراجەتنى ھەل قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا نەنجىڭ شەھىرىگە بېرىپ، شۇ يەردىكى بىر مەخپىي ھەربىي رادار زاۋۇتىدا 2 ھەپتە پراكتىكا قىلدى. ئۇلار بۇ جەرياندا رادار ھەققىدە دەرس ئوقۇدى. رادارلارنى ئىشلەپ چىقىرىش جەريانىنى كۆزدىن كەچۈردى. زاۋۇتنىڭ ئىچىدىكى بىر رادارنى باشقۇرۇپ، نەنجىڭ شەھەرلىك ئايرودرومغا چۈشكەن ھەمدە ئۇ يەردىن ئۇچقان ئايروپىلانلارنى رادار ئارقىلىق كۆزىتىشنى مەشىق قىلدى، ھەمدە رادارنى سىناق قىلىش مەيدانىغىمۇ بىر قانچە كۈن باردى. بۇ مەيدان نەنجىڭ شەھىرىدىن خېلى يىراقلىقتىكى بىر يېزىدا بولۇپ، ئۇ يەرگە 1 ـ كۈنى بارغاندا، ئۇ ئەتراپتىن ئەركىن سىدىق چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بىرەر تۇڭگان ئاشخانىسى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۈنى ئۇ چۈشلۈك تاماق يېمىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ ئەتىگەنلىك تامقى ئۈچۈن 100 گراملىق ھور نېنىدىن 2 ـ 3 نى يەۋېلىپ، كەچتە ئۆز جايىغا قايتىپ كەلگۈچە تاماق يېمىدى. 7 ـ ئايلاردا نەنجىڭنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ئىسسىق ھەم ئىنتايىن نەم بولغاچقا، ھەمدە ئۇ چاغدا تېخى توڭلاتقۇ بولمىغاچقا، ھور نېنىنى ئېلىۋالسا، ئۇ چۈشكىچە بۇزۇلۇپ قالاتتى. نەنجىڭدە 7 ـ ئايلارنىڭ كېچىسى ئىسسىق ۋە نەملىك تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ ئۇخلىشى ئىنتايىن تەس ئىدى. شارائىت ئاشۇنداق ناچار بولسىمۇ، بارلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر نەرسە ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق ھېچ كىمگە ھېچ نېمە توغرىسىدا تەلەپ قويمىدى. جىمجىت يۈرۈپ، ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان ھەممە نەرسىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشتى. ئىككى مەۋسۇمدا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپىغا قوشۇلۇپ ئوقۇغان 6 كەسپىي دەرسنىڭ ھەممىسىدە 80 دىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، بۇ مەكتەپنىمۇ ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىمۇ رازى قىلدى.

بۇ ۋاقىتچە ئەركىن سىدىق تېخى جۇڭگودىكى مىللەتلەردىن باشقىنى ئۇچرىتىپ باقمىغان بولۇپ، ياپونلۇقلارنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ياپونىيىدە 2 يېرىم يىل ياشاپ، ھەمدە ئامېرىكىغا كېلىپ بىر قانچە يەھۇدىيلار بىلەن بىرگە ئىشلەپ باققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شاگىخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۆگىنىش ئىشىدا تۇتقان يولىنى ئەسلەپ، شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزىمۇ خۇددى ياپونلۇق ۋە يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ھەممە ۋاقىتنى چىڭ

تۇتۇپ، ھەممە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزى ئېرىشەلىگەن 1-يولنى ئېتىپ قويماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كىچىك يولنى چوڭايتىپ، بىلىم يولىدا يۈكسەك شىجائەت بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىنتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداقلا نوپۇسى 10 مىليونغا بارمايدىغان، ئادەملىرى دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارقىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلاردىن قانداق قىلىپ ھازىرغىچە 160 تىن كۆپ كىشى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلىگەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەھۇدىيلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ نەقەدەر نادان ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىيلارغا سېلىشتۇرماي تۇرۇپمۇ، ئەركىن سىدىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى توختىماي تەھلىل قىلىپ، توختىماي كۆزىتىپ، ئۆزىدە بىر يۈرۈش چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ئىدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرسى ئەينى ۋاقىتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپتە قۇرۇلغان «شىنجاڭ سىنىپى» دىن ئىبارەت. ئەركىن سىدىق شاڭخەيدە ئوقۇۋاتقان مەزگىل مۇشۇنداق سىنىپلار قۇرۇلغىنىنىڭ 2- يىللىرىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ سىنىپلار بار مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئەركىن سىدىقنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى. ئىنتايىن ئېچىندۇردى. ئەركىن سىدىق ئۆز مەكتىپىدىكى «شىنجاڭ سىنىپى» نىڭ دەرسگە بارغاندا، ھەر كۈنى 2 ـ 3 ئوقۇغۇچى «ئاغرىپ قالدۇق»، دەپ دەرسكە كەلمەيتتى. بىر قانچە ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەي، مەكتەپتىن چېكىنىش گىردابىغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقى بىر 6 قەۋەتلىك چوڭ ياتاق بىناسىنىڭ 1- قەۋىتىدە بولۇپ، بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار ياتىقىدا كېچە سائەت 12 دىن ئاشقىچە ئولتۇرۇش قىلىپ (بىنانىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلگەندە ياتاققا شام ياندۇرۇپ قويۇپ)، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، پۈتۈن بىنادىكىلەرنى ئۇخلاتقۇزمىدى. ئۇلارغا گەپ قىلغىلى كەلگەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇپ، مەكتەپتە بىر چوڭ ۋەقە تۇغدۇردى. شاڭخەيدىن باشقا يەرلەردىكى «شىنجاڭ سىنىپى» ئوقۇغۇچىلىرىدىنمۇ، بەزىلىرى «قوش قەۋەتلىك كارىۋاتتا يېتىش بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىزگە خىلاپ» دەپ مەكتەپكە دەۋا قىلىپ، بىر قەۋەتلىك كارىۋاتتا يېتىشنى تەلەپ قىلغان. يەنە بەزىلىرى « بىز قۇربان ھېيتىدا چوقۇم قوي ئۆلتۈرمىسەك بولمايدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى» دەپ، مەكتەپلىرىگە تىرىك قوي تاپقۇزغان. ھەممە مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دېگۈدەك ئۆز مەكتىپىدىكى خەنزۇ

ئوقۇغۇچىلار بىلەن چوڭ مۇشتلاش-جېدەللىرىنى تۇغدۇرغان. ئەركىن سىدىق بۇ ئەھۋاللارغا ئىنتايىن ئېچىندى. بۇ مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىر ياتاقتا 8 كىشى ياتىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئەينى ۋاقىتتا 12 كىشىلىك ياتاقتا تۇرۇپ باققان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇر رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن هازىرلانغان بۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ ھەرگىز ئاسانلىقچە قولغا كەلمىگەنلىكىنى تولۇق بىلگەن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر رەھبەرلەر نۇرغۇن يول ماڭغان، باشقىلارغا ئىنتايىن كۆپ يالۋۇرغان ئىدى. مەقسىتى مۇشۇنداق يول ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇيغۇر كەسپىي مۇتەخەسسىسلەرنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش ئىدى. سىنىپ مۇدىرىنىڭ تەلىپى بىلەن، ئەركىن سىدىق بىر كۈنى ئۆز مەكتىپىدىكى ئۇيغۇر سىنىپقا كىرىپ بىر سائەت سۆزلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇلاردىن نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدى:

– –سىلەر بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ تاماق يېيىش ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئۇخلاش ئۈچۈنمۇ؟

– –سىلەر بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ بەك ئەقىللىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈنمۇ؟ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا بەك يۇقىرى نومۇر ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈنمۇ؟

– –سىلەرنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئاتا - ئاناڭلار قانداق جاپالارنى چېكىۋاتىدۇ بىلەمسىلەر؟ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر باشلىقلار هازىر سىلەرنىڭ پوقۇڭلارنى تازىلاش ئۈچۈن نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ بىلەمسىلەر؟

ئەركىن سىدىق يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى بىر-بىرلەپ چۈشەندۈردى. ھەمدە ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ تۇرۇپ، ئادەم قانداق ياشىغاندا ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ قىممىتى بولىدىغانلىقى ۋە ئالىي مەكتەپ هاياتىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە قانداق مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىدى. بۇ ئىشنى ئۇيغۇر سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن ياخشى قوبۇل قىلدى. بۇ ئىشنىڭ ئۇلار ئۈچۈن چوڭ رولى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئەركىن سىدىقنى تېخىمۇ هۆرمەتلەيدىغان، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان بولدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 1983-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ مەكتەپكە ئۇيغۇر دىيارىدىن بىر ئۇيغۇر ئاشپەزمۇ ئەكەلدى (ھەر بىر «شىنجاڭ سىنىپى»غا بېشىدىن تارتىپلا پۈتۈن

كۆنلۈك بىر ئۇيغۇر سىنىپ مۇدىرى ئەۋەتىلگەن ئىدى). شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تامىقىدا زور ياخشىلىنىش بولدى. لېكىن، ئومۇميۈزلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «شىنجاڭ سىنىپى» شۇ بىر قېتىم بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. بىر قېتىم «شىنجاڭ سىنىپى» نى قوبۇل قىلغان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى رەت قىلدى. ئۇلارغا كەلگەن تەلەپ ـ دەۋالارنىڭ كۆپلۈكى ۋە مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى ئۇرۇش ـ ماجىرا ۋەقەلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇ مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر رەھبەرلەرگە: «بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى چۈشىنىپ بولالمايدىكەنمىز. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز جايىڭلاردىلا تەربىيىلەڭلار» دېدى. ئەركىن سىدىق ھازىر پات ـ پات شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە كۆڭلى غەش بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مۇنداق سوئالنى سوراپ باقىدۇ: «ئەگەر ئۇ چاغدا بەرپا بولغىنى ‹شىنجاڭ سىنىپى› بولماستىن، ‹ياپونلۇقلار سىنىپى› بولۇپ قالغان بولسا، ياكى ‹يەھۇدىيلار سىنىپى› بولۇپ قالغان بولسا، ئىش قانداق بولار ئىدى ـ ھە؟ ئۇ چاغدا چوقۇم ئىش پۈتۈنلەي ھازىرقىنىڭ ئەكسىچە بولار ئىدى».

جۇڭگو ئۇيغۇر دىيارىنىڭ پايدىسىنى ناھايىتى جىق كۆرىدۇ، بۇ بىر پاكىت. لېكىن، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئۇنداق پايدىسى ھېلىقى «شىنجاڭ سىنىپى» نى قوبۇل قىلغان مەكتەپلەرگە بىۋاستە تېگىشى ناتايىن. ھېلىقى مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭلىدە، ئۇلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر چوڭ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى پۇلسىز ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا قەرزدار ئەمەس، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇلار ئۈچۈن قەرزدار ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇ مەكتەپلەرگە تاماق يېگىلى ياكى ئۇخلىغىلى ئەمەس (ئەگەر مەقسىتىڭىز ياخشى يەپ ياخشى ئۇخلاش بولسا، سىز ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۆيىڭىزدىن باشقا ھېچ قانداق يەرگە بارماسلىقىڭىز كېرەك)، ئوقۇغىلى بارغانىدىكىن، بارلىق ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ياخشى ئوقۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىدا يەھۇدىيلار بولۇپ قالغان بولسا، دەل ئاشۇنداق قىلغان بولاتتى. مۇشۇنداق ئالتۇندەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن كىشىلىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىگەن بولاتتى (بۇنداق بولۇشقا ئەينى ۋاقىتتا شارائىت بار ئىدى). شائخەي قاتناش

ئۈنىۋېرسىتېتىدىكى ھېلىقى «شىنجاڭ سىنىپى» دا ئوقۇغان ئىككى قىز ئوقۇغۇچى ھازىر ئامېرىكىدا ياشاۋاتىدۇ. لېكىن باشقا نادان ئۇيغۇرلار ئۇنداق قىلالمىدى. بۇ ئالتۇنىدەك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدى. ئېرىشكەن 1 ـ يولنى چوڭايتىپ مېڭىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ساقلاپمۇ قالالماي، پۈتۈنلەي ئېتىپ قويىدى.

لېكىن، شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەر ئەركىن سىدىقتىن ئىنتايىن رازى بولدى. ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلىدى. بىر قېتىم ئۇلارنىڭ بىر مەكتەپ رەھبەرلىك ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى رەھبەرلەرگە ئۆز مەكتىپىدىكى ئەھۋالدىن دوكلات بەرگەندە، «شىنجاڭ سىنىپى» ھەققىدىكى نارازىلىقىدىن كېيىن، «ئەگەر ئەركىن سىدىقتەك ئادەملەرنى تاللاپ ئەۋەتسەڭلار، ئۇنداقلاردىن قانچىسى بولسا شۇنچىسىنى ئالىمىز» دېدى.

1983 ـ يىلى يازلىق تەتىلدە ئەركىن سىدىق نەنجىڭدىكى پراكتىكىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يۇرتقا قايتماي، يەنە شاڭخەيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ كۆپرەك بىلىم ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆتۈلمەيدىغان «مىكرو ـ دولقۇنلۇق توك يولى» دېگەن بىر كەسپىي كىتابنى ئۇستازىدىن ئارىيەت ئېلىپ، ھەر كۈنى ئۇنى ئوقۇدى. ھاۋا بەك ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كالتە ئىشتاندىن باشقا كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سېلىۋېتىپ، ئۆزىنى پاشىلىقنىڭ ئىچىگە سولىۋېلىپ كىتاب ئوقۇدى. بۇ كەسپىي كىتابنى ئۆزىنى قاتتىق مەجبۇرلاپ تۇرۇپ، خۇددى رومان ئوقۇغاندەك ئوقۇپ چىقتى. ھەر كۈنى 10 نەچچە سائەت ۋاقىتنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزدى. 1983 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئەركىن سىدىق پويىز بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ، 20 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ قېتىم ئۇ بېيجىڭغا ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. يىغىن جەريانىدا ئالدىنقى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ 17 نەپەر رەئىسلىرى بىر سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدە نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلىقىنى باشقىلارغا تونۇشتۇردى. بۇ يىغىندا پەقەت ئەركىن سىدىقلا «مەن ئۆز كەسپىمنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولدۇم» دېدى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى كەسىپ ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي خىزمەتكە بۆلۈنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تەقسىم قىلىنغان

4 ـ 5 كىشى مۇشۇ يىغىن جەريانىدا تېخى قانداق قىلىپ بىر ـ بىرىنى يۆلەپ، ھوقۇق شوتىسىنىڭ يۇقىرى بالدىقىغا چىقىش توغرىسىدا بەزى پىلانلارنىمۇ تۈزۈپ چىقتى. ئەركىن سىدىقنىڭ كۆڭلى ئازراقمۇ يېرىم بولمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ بۇ قېتىم بېيجىڭغا قىلغان سەپىرى جەريانىدا ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەندىن كېيىنكى 5 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ جاپالىق ۋاقىتلارنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئەڭ ئۇتۇقلۇق، ئەڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن، ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن چوڭقۇر ھۆرمىتىدىن تەسەۋۋۇر قىلالىغۇسىز دەرىجىدە بەھرىمەن بولغان مەزگىللەر ئىدى. بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى قىممىتى ئۇنىڭ شۇ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ ـــ ئەركىن سىدىق بۇ ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى 5 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىكى ھاياتى جەريانىدا ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى.

ئامانگۈل مىنكاۋخەن ئوقۇغان بولغاچقا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەركىن سىدىقتىن بىر يىل بالدۇر پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپنىڭ كومپيۇتېر فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىندى. ھەمدە ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكىلەر ئەڭ ئاخىرقى يىلى «ئالگول» دەپ ئاتىلىدىغان كومپيۇتېر تىلىنى ئوقۇغاندا، ئامانگۈل ئاشۇ دەرسكە ياردەمچى ئوقۇتقۇچىمۇ بولغان ئىدى. بىر قېتىم ئامانگۈل دەرس ئۆتۈۋېتىپ بىر سوئال سورىغاندا، ئەركىن سىدىق قول كۆتۈردى. تۆۋەندە ئولتۇرغان 2 سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە قول كۆتۈرگەنلەردىن ئەركىن سىدىقتىن باشقىسى بولمىغاچقا، ئامانگۈل نائىلاج ئەركىن سىدىقنىڭ جاۋاب بېرىشىگە رۇخسەت بەردى. ئەركىن سىدىقنىڭ جاۋابىدىن كېيىن ئامانگۈل «ئەركىنىنىڭ جاۋابى توغرا» دېسە، تۆۋەندىكى بىر ئوقۇغۇچى چاقچاق قىلىپ، «جاۋاب بەرگەن ئەركىن بولغاندىكىن، ئۇنىڭ جاۋابى ئەلۋەتتە توغرا بولىدۇ ـ دە» دېدى. ئامانگۈل ئۇ چاغدا ئۇ ئوقۇغۇچىغا بىر ئالىيىپ قويدى. 1983 ـ يىلى كۈزدە، فاكۇلتېت ئامانگۈلنىمۇ شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا كومپيۇتېر ئىلمى بويىچە بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈتمىگەن يەردە بۇ ئىككىسىگە شاڭخەيدە يېرىم يىل بىرگە ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىلىپ قالدى. ئۇلار دەرسكە بارغان ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە بىرگە ئۆگىنىش قىلدى. ئۇلار كۈتۈپخانىدا، «شىنجاڭ سىنىپى» دا ۋە مىكرو ـ دولقۇن تەجرىبىخانىسىدا كېچە ـ كېچىلەپ بىرگە دەرس تەكرارلىدى. شۇ يىلى كۈزدىكى بىر بايرام جەريانىدا، ئەركىن

سىدىق، ئامانگۈل، خالىق ۋە ئابلىكىم تۆتى بىرلىشىپ، خاڭجۇ شەھىرىگە بېرىپ، بىر قانچە كۈن بىرگە ساياھەت قىلىپ كەلدى. 1984 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەركىن سىدىق ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئۇيغۇر دىيارىغا قايتىشتىن بۇرۇن، ئۇلار ئىككىسى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، توي قىلىشنىڭ بەزى تەييارلىقلىرىنى شاڭخەيدە قىلىۋالدى. بۇلار ئەركىن سىدىقنىڭ قەلبىدە توي قىلىشتىن بۇرۇنقى «مۇھەببەت ھاياتى» تىكى ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ساقلانماقتا.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچىدە. 1983 ـ يىلى تارتىلغان.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق ئۇستازى گۇ رۇيلۇڭ پروفېسسور بىلەن بىرگە.
1983 ـ يىلى تارتىلغان.




يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق بىلەن ئامانگۈل مەكتەپ سىرتىغا قاراپ ماڭماقتا.
1983 ـ يىلى تارتىلغان.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق بىلەن ئامانگۈل خاڭجۇغا قىلغان ساياھەتتى جەريانىدا قالدۇرغان بىر خاتىرە رەسىم. 1983 ـ يىلى تارتىلغان.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق بىلەن بىرگە بىلىم ئاشۇرغان ئابلىكىم (ئوڭدىن 1 ـ كىشى)، خالىق (سولدىن 2 ـ كىشى) ۋە «شىنجاڭ سىنىپى» نىڭ ئىككى ئوقۇغۇچىلىرى. 1983 ـ يىلى تارتىلغان.

## 8. شاڭخەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن

ئەركىن سىدىق 1984 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شاڭخەيدىكى بىر يىللىق ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ بويىچە خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولغان 30 غا يېقىن ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئىنگلىزچە قىسقارتىلمىسى «TOEFL» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىنگلىزچە ئىمتىھانغا تەييارلىق كۆرۈش كۇرسىنى ئاچتى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا ئوقۇشقا بارىدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان سۇلتان مۇئەللىم ئەركىن سىدىقنى ئاشۇ سىنىپقا كىرىپ ئوقۇشقا ئايرىدى. بۇ مەكتەپ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇش بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى TOEFL ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولالايدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىلدۈرۈپ، ئاندىن ئۇلار ئۈچۈن چەتكە چىقىپ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى يارىتىش ئىدى. بۇ دەرسكە ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىدىكى ئىنگلىز تىلى بويىچە بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنگەن سۇن جيۈن خانىم مەسئۇل بولدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپتىن ئىنگلىز تىلى ئاساسىنى ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەخسۇس TOEFL ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلدى. بۇ بىر «كۈچلەندۈرۈلگەن سىنىپ» بولغاچقا، دەرسنىڭ ئۆتىلىشى ئىنتايىن تېز بولۇپ، كۈندىلىك تاپشۇرۇق ۋەزىپىسمۇ ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار 3 ئايدىن سەل كۆپرەك ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىر ئومۇميۈزلۈك باھالاش ئىمتىھانى ئېلىندى. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو مائارىپ مىنىستىرى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى تاللاشتا، ئۇلارنى ئىنگلىزچە «English Proficiency Test» دېيىلىدىغان، قىسقارتىلىپ EPTدەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە مەنىسى «ئىنگلىزچە سەۋىيە ئىمتىھانى» گە توغرا كېلىدىغان، مەملىكەت بويىچە بىر قانچە جايلاردا بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان بىر ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ، شۇ ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلارنى تاللايتتى. بۇ ئىمتىھاننىڭ تولۇق نومۇرى 100 نومۇر بولۇپ، 80 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلار لاياقەتلىك بولاتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھېلىقى 30 ئوقۇتقۇچىدىن ئىمتىھان ئالغاندىمۇ، ئاشۇ EPT ئىمتىھانىنىڭ

سوئاللىنى ئىشلەتكەن ئىدى. گەرچە بۇ ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مىنكاۋخەن بولۇپ، ئۇلار ئىنگلىز تىلىنى ئالىي مەكتەپتە رەسمىي دەرس قىلىپ ئوقۇپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا ئۇيغۇرلاردىن پەقەت ئەركىن سىدىق بىر كىشىلا لاياقەتلىك بولدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ 1 ـ قول باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئايشەم ئاپپاي بارلىق يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى بىر يەرگە يىغىپ، دەرھال بىر يىغىن چاقىردى. يىغىندا ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغانلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىدىغانلىقىنى، شۇڭا چەتكە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ھازىردىن باشلاپ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، تىل ئۆتكىلىدىن تېز ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداقلا «بۇ قېتىم خۇدايىم بەرگەن ئەركىن سىدىق بىرلا ئادەم ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولدى. ئىش بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق بولىۋەرمىسۇن» دەپ، ھەممەيلەننى ئەركىن سىدىقتەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۇقىرىقى ئىمتىھاندىن ئۆتكەن 6 كىشىنى شىئەنگە مەملىكەتلىك EPT ئىمتىھانىغا قاتنىششقا ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇردىن پەقەت ئەركىن سىدىق بىرلا كىشى بولۇپ، قالغانلىرى خەنزۇلار ئىدى. ئۇلار ئىمتىھاننى تۈگىتىپ، قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىمتىھان نەتىجىسى مەكتەپكە يېتىپ كەلدى: ئەركىن سىدىق 85 نومۇر بىلەن EPT ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولدى.

ئەركىن سىدىق بۇ ۋاقىتتا فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ 6 ـ قەۋىتىدىكى مىكرو ـ دولقۇن تەجرىبىخانىسى قىلىنىدىغان بىر چوڭ دەرسخانىغا ياندىش بولغان بىر كىچىك ئىشخانىنى ياتاق قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىدى. يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتىشتىن بۇرۇن، ئۇ ئاقسۇدىن ياغاچ ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى ئۈرۈمچىدە شال قىلىپ تىلدۇرۇپ، ئادەم ياللاپ بۇ شالدىن ئۆي جابدۇقلىرى ياساتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن مال سېتىۋالغۇچى، يەنە بىر تەرەپتىن ياغاچچىلارغا ئاشپەز بولۇپ، بىر ھەپتە قاتتىق ئىشلەپ، ئۆي جابدۇقلىرىنى پۈتتۈردى. ئاندىن يۇرتىغا قايتتى. ئامانگۈلمۇ شاڭخەيدىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ، يۇرتقا قايتىپ كەلدى. ئۇلار 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا توي قىلىشنى پىلانلاپ، باغاقنى باستۇرۇپ بولغاندا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئەركىن سىدىققا بىر تېلېفون كەلدى: «بىز ھازىر ئىمتىھان ئېلىپ، ياپونغا

بارىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تاللىماقچى. ئەگەر سىزنىڭ ياپونغا بارغۇڭىز بولسا، دەرھال ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىمتىھانغا قاتنىشىڭ!» ئۇ چاغدا چەتكە ئوقۇشقا چىقىش ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلالىغۇسىز دەرىجىدە قىيىن ئىش ئىدى. شۇنداقلا تەسەۋۋۇر قىلالىغۇسىز دەرىجىدىكى قىممەتلىك ئىش ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئامانگۈل ۋە باشقا تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تويىنى سەل كېچىكتۈرىدىغان بولۇپ، يولۇچىلار ئاپتوبۇسى بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتى.

ئەسلىدە 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، ئىچكى موڭغۇل مائارىپ نازارىتى ياپونىيىنىڭ خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەر بىرلەشمىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ھەر يىلى ئاشۇ بىرلەشمىگە قارايدىغان ئالىي مەكتەپلەرگە بەلگىلىك ساندا ئوقۇغۇچى چىقىرىۋاتقان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «بادەي» ئىسىملىك موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان بىر رەھبىرى بار بولۇپ، ئاشۇ كىشىنىڭ يول مېڭىشى بىلەن، ياپونىيە خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەر بىرلەشمىسى تارمىقىدىكى مەكتەپلەرگە ھەر يىلى ئۇيغۇر دىيارىدىكى يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 25 كىشىنى ئوقۇشقا چىقىرىش ئىشى ھەل قىلىنغان ئىدى. بۇ قېتىمقى ئادەم تاللاشتا، ئۈرۈمچىدىكى 5 ئالىي مەكتەپتىكى يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان ياش ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىن نەمۇنە دەپ قارالغانلارنى تاللاپ، ياپونىيە ئوقۇشقا ئادەم تاللاش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇش قارار قىلىنغان ئىدى. ئىمتىھان جەمئىي 3 پەندىن ئېلىناتتى: ئۆزىنىڭ كەسپىدىن بىر پەن، بىر چەت ئەل تىلى ۋە ماتېماتىكا. بۇ ئىمتىھانغا ئۈرۈمچى بويىچە 50 نەپەر ئەتراپىدىكى ياش ئوقۇتقۇچىلار قاتناشتى. ئەركىن سىدىق ئىمتىھاننى تۈگىتىپلا يۇرتقا قايتىپ كەلدى. ھەمدە 8- ئاينىڭ 16- كۈنى ئاقسۇ شەھىرىدە ئامانگۈل بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. توي قىلىپ 2 كۈندىن كېيىنلا ئۈرۈمچىدىن ئەركىن سىدىققا خۇش خەۋەر كەلدى: ئەركىن سىدىق ھېلىقى ئىمتىھانلاردىن 1-بولۇپ ئۆتۈپ، ياپونىيىدىكى ئوقۇشقا تاللىنىپتۇ. بۇ ئىمتىھانلارنىڭ تولۇق نومۇرى 300 نومۇر بولۇپ، ئەركىن سىدىق 240 نومۇر ئېلىپتۇ. ئىچكىرىدە ئوقۇپ ئۈرۈمچىدە ئوقۇتقۇچى بولغان يەنە بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى 180 نومۇر بىلەن ئىككىنچىلىك ئورۇنغا ئېرىشىپتۇ. ئەللىك نومۇردىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلاردىنمۇ بىر قانچىسى

تاللىنىپ، بۇ ئوقۇشقا جەمئىي 15 كىشى تاللىنىپتۇ. ياپونىيىگە چىقىدىغانلارغا ياپون تىلى ئۆگىتىدىغان كۇرس 9 ـ ئاينىڭ بېشىدىلا باشلىنىدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ خەۋەردىن كېيىن ئاقسۇدا زادىلا تۇرغۇسى كەلمىدى.

توي قىلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ، ئامانگۈل بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئۇلارغا «ئۆگكۈر ئۆي» دەپ ئاتىلىدىغان، مەكتەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چوڭ گولۇفاڭغا يانداش بولغان بىر ئېغىزلىق ئۆيدىن بىرنى بەردى. ئۆينىڭ بىرلا دېرىزىسى بار بولۇپ، ئۇ ئاشۇ گولۇفاڭغا قارايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى بار ئارقا تامغا كۆمۈر دۆۋىلەنگەن بولۇپ، كۆمۈر ئۆينىڭ دېرىزىسىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى توسۇپ تۇراتتى. كۆمۈرنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنىڭ داۋاملىق ئۆيگە كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۆينىڭ دېرىزىسىنى پۈتۈنلەي پلاستىك بىلەن توسۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە ھاۋا كىرىدىغان يەردىن پەقەت دېرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىكلا قالغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچى داۋاملىق دىمىق بولۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ تورۇسى سىلىندىر (يەنى چەمبىرەك) شەكلىدە ئەگرى بولغاچقا، بۇ ئۆيلەرگە «ئۆگكۈر ئۆي» دەپ ئىسىم قويۇلۇپ قالغان ئىدى. بۇ بىر كارىدورلۇق 2 قەۋەت بىنا بولۇپ، كارىدورنىڭ ئىككىلا تەرىپىدە ئۆيلەر بار ئىدى. ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا، بۇ بىنادا يەنە ئوقۇغۇچىلارمۇ تۇراتتى. شۇڭا ھەر كۈنى 3 ۋاق تاماق ۋاقتى بولغاندا، كارىدور ئادەمگە لىق توشاتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، پۈتۈن بىنادىمۇ بىرەر ھاجەتخانا يوق ئىدى. بۇ بىنادا تۇرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «3 يېرىم قەۋەتلىك بىنا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سېرىق رەڭلىك داڭلىق بىنانىڭ قېشىدىكى بىر قەدىمي شەكىلدە ياسالغان ھاجەتخانىغا باراتتى (ئەركىن سىدىق 2006 ـ يىلى يازدا يۇرتقا بارغاندا، ئالايىتەن بېرىپ بۇ 3 يېرىم قەۋەت بىنانى كۆرۈپ كەلدى). بۇ بىنانىڭ كارىدورىدىمۇ، سىرتىدىمۇ ۋە ھېلىقى ھاجەتخانىدىمۇ ھېچ قانداق چىراغ يوق بولۇپ، بۇ بىنا بىلەن ھاجەتخانىنىڭ ئارىلىقىدىكى يوللاردا مۇز توڭلاپ كېتىدىغان بولغاچقا، قىش كۈنىنىڭ كېچىلىرى بۇ بىنادىن ھاجەتخانىغا بىر قېتىم بېرىپ كېلىش ئىنتايىن مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى. ئاياللار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. سۇنىمۇ 100 مېتىردىن يىراقراق كېلىدىغان بىر يەردىن ئەكېلىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ چاغدا گاز ئوچاق تېخى پەيدا بولمىغان بولۇپ، يېڭى خىزمەتكە چىقىپ، مۇشۇنداق ئۆيگە

ئېرىشەلىگەن ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى كىرسىن ئوچىقىدا تاماق ئېتەتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيى پەقەت بىرلا ئېغىز ئۆي بولغاچقا، تاماقنى كارىدوردا ئېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار كارىدوردا ئادەم ئانچە ماڭمايدىغان ۋاقىتنى تاللاپ، ئاش ئېتىۋالاتتى. ئەركىن سىدىقتەك بىر ئېغىز ئۆيگە ئېرىشكەنلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ تەلەيلىك ياشلار بولۇپ، باشقا نۇرغۇن يېڭى توي قىلغان ياشلار خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە مۇشۇنداق ئۆيگىمۇ ئېرىشەلمەي ئۆيسىز يۈرگەن ئىدى.

ئەركىن سىدىق ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆينى ئەمدى يىغىشتۇرۇپ بولغاندا، ئۇلارنىڭ ياپون تىلىنى ئۆگىنىش كۇرسى باشلاندى. ئۇلارغا تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ۋاقىت ئىنتايىن قىسقا، ھەمدە ياپون تىلىنى ئۆتىدىغان 2 نەپەر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا بولغاچقا، مائارىپ نازارىتى بۇ بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا يېتىپ-قوپۇپ ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېلىقى تاللانغان 15 ئوقۇغۇچىدىن ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت ئەڭ ياخشى ئوقۇغان 10 كىشىنىلا تاللاپ ياپونغا ماڭدۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ 15 ئوقۇغۇچى ئىنتايىن كەسكىن رىقابەتكە چۈشتى. ھەممەيلەن شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدىكى ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپ، 1984-يىلى 9-ئايدا جىددىي ئوقۇشنى باشلىۋەتتى. ھەممەيلەننىڭ ھېلىقى 10 سانغا كىرىش ئارزۇسى بار ئىدى. ھېچ قايسىسى ياپونغا بارىدىغان ساندىن چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايتتى. شۇڭا ھەممەيلەننىڭ روھىي كەيپىياتى ئىنتايىن ئۈستۈن بولۇپ، ھەممە كىشى ئوخشاشلا قاتتىق تىرىشتى. ئەركىن سىدىق بۇرۇن ياپون تىلىدا خېلى ئوبدان ئاساس سېلىۋالغان بولۇپ، مۇشۇ سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ بىلگىنىنى ھېچ كىمدىن ئايىماي، باشقىلارغا يېقىندىن ياردەم بەردى. بەزىدە سىنىپ بويىچە بىرەر چۈشەنمىگەن مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئەركىن سىدىق دەرس تەكرارلاش ۋاقتىدا سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، پۈتۈن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئورتاق دەرس چۈشەندۈردى.

1985-يىلى ئەتىيازدا بۇ ياپون تىلى سىنىپى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ، دەرس ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. مۇشۇ تىل ئۆگىنىش مەزگىلىدە ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكى بىر ئوقۇغۇچى توي قىلغان بولۇپ، ھېلىقى 10 ساندىن قېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ بۈگۈنى توي قىلىپ، ئەتىسىلا ياتاققا بېرىۋالغان ئىدى. ئەركىن سىدىقمۇ ھەر دۈشەنبە كۈنى ياتاققا

كېتىپ، چارشەنبە كۈنى قايتىپ كېلىپ ئۆيدە بىر ئاخشام تۇرۇپ، ئاندىن شەنبە كۈنى كەچتە يەنە قايتىپ كېلىپ يۈردى.

1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، مەرھۇم ھاكىم جاپپار، مەكتەپنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى سۇلتان مۇئەللىم ۋە مەكتەپ ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ سابىق 1 ـ قول باشلىقى ئايشەم ئاپپاينىڭ يول مېڭىشى بىلەن فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىسىغا ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن بىرسى ھەل بولدى. ئۇ چاغدا تىلدا لاياقەتلىك بولغان باشقا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى بولمىغاچقا، مەكتەپ ئۇ ئوقۇشقا ئەركىن سىدىقنى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. شۇ چاغدا ئامېرىكا كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ Northridge دەپ ئاتىلىدىغان شەھەردىكى شۆبىسىنىڭ فىزىكا پروفېسسورى Paul Chow ئەپەندىم بېيجىڭغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇشقا ماڭدۇرىدىغان كاندىدات بىلەن بېيجىڭدا كۆرۈشۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق دەرھال مالىيە رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقىشقا تەييار بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىكىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، «ئەركىن سىدىقنىڭ ياپونىدىكى ئوقۇشى ھازىر مۇقىم بولۇپ بولدى. ئۇنى ئەمدى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنى ئامېرىكىغا ماڭدۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يوليورۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق بېيجىڭغا بارماي، ئۆزى بۇ سەپەر ئۈچۈن ئالغان پۇلنى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ 79 ـ يىللىق خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىپ قالغان يەنە بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ياپونىيىدە يېڭى ئوقۇش يىلى ھەر يىلىنىڭ 4-ئېيىدا باشلىنىدۇ. 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاي كىرگەندە، ياپون تىلى سىنىپىدىكى بەزى ئوقۇغۇچىلار ياپونىيىدىكى مەكتەپلەردىن ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خەت تاپشۇرۇپ ئېلىشقا باشلىدى. بىر ئايدەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە جەمئىي 5 تەك ئوقۇغۇچىغا خەت كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەركىن سىدىقمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خەت تاپشۇرۇپ ئالغان ئوقۇغۇچىلار چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇلار «ماڭا ياپونىيىدىن ئوقۇش چاقىرىقى كەلدى» دەپ ئويلاپ يۈردى. ئەمما خەت تەگمىگەنلەر بولسا ئىنتايىن قاتتىق ھەسرەتكە قالدى. بىر ئايدەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بۇ سىنىپتىكى 15 كىشىنىڭ تەڭدىن تولىسى بىراقلا

تاماكا چېكىدىغان بولۇپ كەتتى. نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچ كىم بىلمەيتتى. ھەممە ئادەم ئۇ يەر بۇ يەرلەردىن گەپ تىڭ - تىڭلاپ يۈردى. 1985 - يىلى 5 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئەركىن سىدىققا ھېلىقى خەت كەلگەنلەرنىڭ خېتى بىلەن پاسپورتىنى يىغىپ بېرىپ، ئۇنى بېيجىڭغا ئاشۇ 5 كىشى ئۈچۈن ياپونىيە كونسۇلخانىسىدىن ۋىزا ئېلىپ كېلىشكە ماڭدۇردى. ئەركىن سىدىق بېيجىڭغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار بۇ 5 كىشىگە ياپونىيىدىن كەلگىنى ئوقۇش چاقىرىق قەغىزى بولماستىن، بىر ئادەتتىكى مۇبارەك خېتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن ۋىزا بېجىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەركىن سىدىق شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدىن قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. دېمەك، ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىدىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش ئىشى ئاساسەن مەۋجۇت بولمىغاچقا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن تارتىپ ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرگىچە بىرەرمۇ ئادەم چەتكە چىقىپ ئوقۇشنىڭ نېمە رەسمىيەتلىرى بارلىقىنى بىلمىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ياپون تىلى سىنىپىدىكى ھەممە ئوقۇغۇچىلار 7 - ئايغىچە تىل ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەتىل باشلانغاندىن كېيىن ياپونىيىنىڭ خەۋرىنى كۈتۈپ تۇردى.

ئامانگۈلنىڭ بىر ھەدىسى بىلەن بىر ئىنىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلاتتى. ئاقسۇدا بىرمۇ بالىسى قالمىغانلىقتىن، ئامانگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرى پېنسىيىگە چىقىپ، بالىلىرى بىلەن بىر يەردە تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆيىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلدى. 1985 - يىلى 6 - ئايدا ئەركىن سىدىقنىڭ 1 - پەرزەنتى دىلنارە تۇغۇلدى. ئامانگۈل ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە 2 ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ، 9 - ئايدا كۈزلۈك مەۋسۇم ئوقۇشى باشلانغاندا ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. مانا شۇ چاغدا ئەركىن سىدىققا ئازراق ۋاقىت ئۆز بالىسىنى بېقىش پۇرستى بولغان ئىدى. بىر قېتىم ئامانگۈلنىڭ دەرس ئۆتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قېلىپ، ئۇخلاپ قالغان بالىنى ئەركىن سىدىققا 2 سائەت قاراپ تۇرۇشقا قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارىلىقتا دىلنارە ئويغىنىپ كېتىپ، قورسىقى ئاچقانلىقتىن قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى. باشقىلارنىڭ يىغىسىغا چىدىيالمايدىغان ئەركىن سىدىق بالىنى دەرھال قۇچىقىغا ئېلىۋالدى. لېكىن، بالىغا سۈت بېرىش ئۈچۈن، كىرسىن ئوچاقنى كارىدورغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ، سۈتنى ئۇنىڭدا قايىنىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى سوۋۇتۇپ، ئاندىن ئۇنى بالىغا بېرىش كېرەك ئىدى. بۇ

مەشغۇلاتلارنى بالىنى قۇچىقىدا تۇتۇپ تۇرۇپ قىلغىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن دىلنارەنىڭ قاتتىق يىغلىغىنىغا قارىماي، ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ تۇرۇپ، دەرھال سۇتنى تەييارلىدى. لېكىن، شۇ ئارىلىقتا بالىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي، ئەركىن سىدىقمۇ يىغلاپ تاشلىغىلى تاس قالغان ئىدى. مۇشۇ بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئىچىدە، ئامانگۈلنىڭ كېچە ۋە كۈندۈزى بالا بېقىشنى كۆرۈپ، ئەركىن سىدىق ئانىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. نېمە ئۈچۈن كىشلەر «ئانا ۋەتىنىم»، «ئانا يۇرتۇم»، «ئانا تىلىم» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن بۇ يەردىكى «ئانا» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئاتا» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ «ئۆز ئاپىسىنى ۋە ئايالىنى قانچىلىك قەدىرلىسىمۇ ئازلىق قىلىدىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

1985-يىلى 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بۇ ياپون تىلى سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپونغا چىقىپ ئوقۇش ئىشى مۇقىملىشىپ، ھەممەيلەن جىددىي ھالەتتە چەتكە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى. ھېلىقى 15 كىشىنىڭ ھەممىسىگە چاقىرىق كېلىپلا قالماستىن، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆز ئالدىغا ياپون تىلى سىنىپىغا كىرگۈزۈپ قويغان 2 كىشىگىمۇ چاقىرىق كەلدى. شۇنداق قىلىپ ياپونىيىگە بۇ 1-قاراردا 17 كىشى ئوقۇشقا چىقىدىغان بولدى. 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا بىر ئۇزىتىش يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ھېلىقى 17 نەپەر ئوقۇغۇچىغا ۋاكالىتەن ئەركىن سىدىق ياپون تىلىدا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش سۆزىنى قىلدى.

9-ئاينىڭ 20-نەچچىنچى كۈنى، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇزۇن مۇددەت تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن، ياپونىيىگە قاراپ سەپەر قىلىدىغان كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. يولغا چىقىدىغان كۈنى ئەركىن سىدىق ئۆيىگە كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ھاياجانلىق ئىچىدە خۇشال-خورام پاراڭلاشتى. خۇشال-خۇرام خوشلاشتى. ماشىنا ماڭىدىغان بولۇپ، ئەمدى 3 ئايلىق بولغان قىزى دىلنارەنىڭ مەڭزىگە سۆيگەن ۋاقىتتا ئەركىن سىدىقنىڭ كۆزىدىن تارام-تارام ياش ئېقىشقا باشلىدى. ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ياش توختىمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن سىدىق ھېچ كىمگە سۆزمۇ قىلالمىدى. سۆزلەي دېسىمۇ ئاۋازى چىقمايتتى. شۇڭا ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا يېتىپ بارغىچىمۇ جىمجىت ئولتۇردى. بۇ بىر تەرەپتىن ھاياجانلىق يېشى ئىدى:

ئەركىن سىدىق كۈرمىلىك جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، نۇرغۇن ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتۈپ، مانا ئەمدى ئەڭ ئاخىرى ئۆزىنىڭ چەتكە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ بىر ھەسرەت يېشى ئىدى. كىچىككىدىن تارتىپ بىر بەختلىك ئائىلە ۋە گۈزەل ھاياتنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئەركىن سىدىق ئۇلارغا ئاخىرى ئېرىشكەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى ئۇلاردىن ۋاقىتلىق ۋاز كېچىپ، ئۆزى پەقەتلا بىلمەيدىغان بىر دۆلەتكە بېرىپ، ئۆزى يالغۇز 2 يىل ياشاش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بۇ 2 يىل جەريانىدا ئۇ ئامانگۈلنى ۋە قىزى دىلنارەنى كۆرەلمەيتتى. دىلنارەنىڭ قانداق ئۆمىلىگىنىنى، قانداق ماڭغىنىنى ۋە قانداق تىلى چىققانلىقىنى كۆرەلمەيتتى. ئۆزى ئەڭ ئارزۇ قىلغان بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزى ئەڭ ئارزۇ قىلغان يەنە بىر نەرسىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇ ئايرودرومغا بېرىپمۇ ئانچە كۆپ گەپ قىلمىدى. ھەمدە ئايروپىلانغا چىقىدىغان ۋاقىت توشقان ھامان ھەممىنىڭ ئالدىدا ئايروپىلانغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىقنىڭ توي مەرىكىسىدىن كېيىنكى ئاخشاملىق ياشلار ئولتۇرىشىدىن بىر كۆرۈنۈش. بۇ رەسىم 1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تارتىلغان.



يۇقىرىقى رەسىم: تويدىن كېيىنكى ياشلار ئولتۇرۇشىغا قاتناشقان ئوغۇل مېھمانلارنىڭ بىر قىسمى.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ سابىق 1-قول باشلىقى ئايشەم ئاپپاي بىلەن بىرگە. بۇ رەسىم 2006-يىلى 9-ئايدا تارتىلغان.



يۇقىرىقى رەسىم: 1984-يىلى 6-ئايدا شىئەندىكى EPT ئىمتىھانىغا قاتناشقان 6 ئوقۇغۇچىنىڭ خاتىرىسى. بۇ رەسىم شۇ چاغدا شىئەندە تارتىلغان.

## 9. ياپونىيىدىكى ئوقۇش

ئەركىن سىدىق 1985-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى ياپونىيىنىڭ ئوساكا شەھىرىگە كېلىپ، ياپونىيىدىكى بىلىم ئاشۇرۇشنى باشلىدى. ئەركىن سىدىقنى قوبۇل قىلغان مەكتەپنىڭ ئىسمى ئوساكا ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش ئۇنىۋېرسىتېتى (تور بېتى: http://www.osakac.ac.jp بولۇپ، تۆۋەندە OEXU دەپ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، ئۇ ئوساكاغا تەخمىنەن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان Neyagawa شەھىرىگە جايلاشقان. بۇ مەكتەپ ياپونىيىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەر ئىچىدىكى بىر قەدەر كىچىك مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭدا باكلاۋۇر ئۇنىۋانىدىن باشقا

ئۇنۋانلار بېرىلمەيتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ مەكتەپكە كېلىپ قالغانلىقى هازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغان كىشى مەكتەپنىڭ خەۋەرلىشىش ئىنژېنېرلىقى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، ئەسلى مىللىتى كورىيەلىك ئىدى. ئەركىن سىدىق يېڭى كېلىپ، بۇ پروفېسسورنىڭ تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەشكە باشلىغاندا، ئۇ كىشى ئەركىن سىدىقنى ئازراقمۇ كۆزگە ئىلمىدى. هەر كۈنى ئەتىگىنى ئۇنىڭ ئۇستازى كېلىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا ياپون تىلىدا سالام بەرسە، ئۇ جاۋابمۇ بەرمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئەركىن سىدىق بىر نەرسىنى سورىغىلى ئۇ پروفېسسورنىڭ يېنىغا كىرسە، ئۇ كىشى ئانچە چىرايىنى ئاچمايتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ سوئالىغىمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي تۇرۇپ ئانچە خوش ياقمىغاندەك جاۋاب بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ بۇ كىشى ئۈچۈن بىر ئارتۇقچە يۈك بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر هېس قىلدى. دېمىسىمۇ ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتتا هېچ قانداق تەجرىبىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەكتەپلەر ئۇلارنى پۇلسىز ئوقۇتۇپ قويۇۋاتاتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىق دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى هېچ كىمگە بىلىندۈرمىدى. ئۇ كېلىپ، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇستازى ئۇنىڭغا بىر دۆۋە كىتاب - ژۇرنال بىلەن 10 - 20 پارچە ياپون ۋە ئىنگلىز تىلىدىكى ئىلمىي ماقالىنى تاشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئاشۇلارنى ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ كىشىنىڭ تەتقىقات قىلىدىغىنى مىكرو-دولقۇن خەۋەرلىشىشكە ئىشلىتىدىغان ئانتېننا ۋە باشقا بىر قىسىم زاپچاسلار بولۇپ، ئەركىن سىدىقمۇ تەبىئىي هالدا ئاشۇ يۆنىلىشكە قاراپ ماڭدى. ياپونلۇقلار هەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا خىزمەت باشلايدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق هەر كۈنى ئەتىگىنى سائەت 8 دىلا ئىشخانىغا بېرىپ، يېرىم كېچە سائەت 12 گىچە ئۆگىنىش قىلدى. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا تاكى ياتاققا ئۇخلىغىلى بارغىچە كەچلىك تاماقنىمۇ يېمىدى. ئىشنى ئالدى بىلەن ئۇستازى بۇرۇن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىشتىن باشلاپ، چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى تەجرىبىخانىدىكى باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆز ئۇستازىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنى ناهايىتى تېزلا چۈشىنىۋېلىپ، ياپونغا كېلىپ 2 ئاي ئۆتمەيلا بىر يېڭى نەزەرىيىۋى مەسىلە ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى باشلىۋەتتى. ياپونىيىگە كېلىپ 3 ئاي ئۆتكەندە تەتقىقاتتا بىر يېڭى نەتىجە چىقىرىپ، ياپونىيىنىڭ

مەملىكەتلىك ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بىر مەملىكەتلىك ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا ئۆزىنىڭ 1 ـ ئىلمىي ماقالىسىنى يوللىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

ياپونىيىدە يېڭى ئوقۇش يىلى ھەر يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىدا باشلىنىدۇ. 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئەركىن سىدىق بىلەن بىرگە 1 ـ تۈركۈمدە ياپونغا ئوقۇشقا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىدىن تولىسى ئۆز مەكتىپىنىڭ ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىرىپ كەتتى. بۇنداق ئوقۇشنى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، ھەمدە ئاشۇ يولدا ئىزچىل تۈردە تىرىشىپ تەييارلىق قىلىپ كەلگەن ئەركىن سىدىق بولسا ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىلمەيدىغان بىر مەكتەپكە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاسپىرانت بولالماي، ئىنتايىن تىت ـ تىت بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز تەتقىقاتىنى بۇرۇنقىدەكلا ئېلىپ بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان سۇلتان مۇئەللىم بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەكتەپ ئالماشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ ئارىلىقتا ياپونىيىدە ئىنژېنېرلىق ساھەسىدە 3 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى ئەركىن سىدىقنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن خەۋەر تېپىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ئەركىن سىدىقنى ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ ھەپتىدە بىر قېتىم ئېچىلىدىغان تەتقىقات مۇزاكىرە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. ھەمدە يول كىراسىنىمۇ ئاشۇ پروفېسسور ئۆزى چىقىرىپ بېرىۋاتقان ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتەپ ئالمىشىش ئارزۇسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ پروفېسسور ئۆز مەكتىپىگە ئېيتىپ، ئەركىن سىدىقنى ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىدىغان بولدى. سۇلتان مۇئەللىممۇ بەزى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتەپ ئالمىشىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق ئوقۇۋاتقان مەكتەپ بۇ ئىشقا «ئەركىن بىزنى ياراتمىدى» دەپ قاراپ خاپا بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەركىن سىدىقنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى ۋە تەتقىقاتتا قولغا كەلتۈرگەن ئالاھىدە نەتىجىلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ مەكتەپ ئالمىشىشىنى قىزغىن قوللاپ، بۇ ئىش ئۈچۈن تولۇق كۈچ چىقاردى. بۇنىڭدىن ئەركىن سىدىق چەكسىز خۇشال بولدى. مەكتەپ ئالمىشىش ۋاقتىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىگە ئىنتايىن تەقەززا

بولۇپ يۈردى.

1986-يىلى 20-سېنتەبىر كۈنى ياپونىيىنىڭ بىردىن-بىر مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بولغان «NHK 9-نۆۋەتلىك چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ياپون تىلىدا تەشەببۇسنامە قىلىش مۇسابىقىسى» دېگەن ماۋزۇدا بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ Kobe دىكى Kansei Gakuyin ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىدىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى تونۇشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن «يىپەك يولىنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە تەييارلاپ، ئۇنى مۇشۇ مۇسابىقىدە ئوقۇدى. ھەممە 72 دۆلەتتىن كەلگەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە 4-بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشتىن ئىنتايىن ھاياجانلاندى. ھەممە ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالدى. بۇ ئۇنىڭ چەت ئەلدىكى ھاياتى جەريانىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قازانغان 1-قېتىملىق چوڭ شان-شەرىپى ئىدى.

1986-يىلى 10-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن ئەپەندى ياپونىيىگە كېلىپ، كيوتو «مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى» دە «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى — قۇتادغۇبىلىك» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى. بۇ دوكلاتنى ئەركىن سىدىق نەق مەيداندا ئۇيغۇرچىدىن ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ھەممە ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم كيوتو ۋە ئوساكالاردا ئېكسكۇرسىيىدە بولغاندا ئۇنىڭغا تەرجىمان بولۇپ بەردى. بۇ قېتىمقى زىيارەت توغرىسىدا 1988-يىلى ئېلان قىلىنغان «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن بىر ماقالىدە تەپسىلىي ئۇچۇر بار بولۇپ، ئۇنىڭغا قىزىققۇچىلار تۆۋەندىكى تور بېتىدىن بىرىنى كۆرۈپ باقسا بولىدۇ:

http://www.meripet.com/Sohbet/Oylunush.htm

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=3948

http://www.orkhun.com/bbsxp7/ShowPost.asp?ThreadID=55

1987-يىلى ئەتىيازدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ بىر رەھبەرلىك ئۆمىكى ياپونىيىگە ئېكسكۇرسىيە ۋە خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلدى. ئۇلار ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتىپىگە كېلىپ، بىر يىغىن زالىغا كەلتۈرۈلگەن چۈشلۈك تاماقنى يېيىش جەريانىدا، بۇ مەكتەپنىڭ 1-قول مۇدىرى ئۇلارغا

ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتەپ ئالمىشىشى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن ئۆمەكنىڭ باشلىقى بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، شۇڭا يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ مەكتەپ ئالمىشىپ ئاسپىرانت بولۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان مەكتەپ مۇدىرى ئۇلارغا بىر تەرەپتىن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا: «ئەركىن بىزنىڭ مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيان ئۆزىدە پەۋقۇلئاددە يۇقىرى تالانت بارلىقىنى، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتتا دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق تىرىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھەمدە تەتقىقاتتا بىز بۇرۇن ئانچە كۆرۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىزنىڭچە ئەركىننىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق بولىدۇ. مۇمكىن بولسا قارارىڭلارنى قايتا ئويلىشىپ باقساڭلار. سىلەر ئەركىننى قانچە ئوقۇتساڭلارمۇ ھەرگىز زىيان تارتمايسىلەر» دېدى. لېكىن ھېلىقى ئۆمەكنىڭ كىشىلىرى گەپ قىلماي جىملا تۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئەركىن سىدىق بىلەن بىر تۈركۈمدە كەلگەنلەر ئىچىدە مەكتەپ ئالمىشىپ ئاسپىرانت بولغان باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. ئەركىن سىدىق بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئارمىنىنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانلىقىدىن قاتتىق ھەسرەتكە چۆمدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ياپونلۇقلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن جۇڭگودىن كەلگەن ئۆمەكنىڭ كىشىلىرىگە تەزىم قىلىپ، ئۇلارغا باش ئېگىپ، ئۇلارغا يېلىنىپ يالۋۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشكە قاراپ يۈرىكى قاتتىق ئېزىلدى. (ياپونلۇقلارنىڭ بىر مىجەزى، ئۇلار ئادەتتە ھەرگىز باشقىلارغا باش ئەگمەيدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا باشقىلارغا باش ئېگىشنىڭ ئورنىغا قورسىقىغا پىچاق ياكى قىلىچ تىقىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ) . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز غۇۋالىشىپ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق كونترول قىلىپ قىلچە ئاۋاز چىقارمىدى. لېكىن بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئازراقمۇ كىرمىدى. ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ بۇنداق قاتتىق يىغلاپ باقمىغان ئىدى. ياپونلۇقلار ئۈچۈن ۋە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى يېتىدىغان پەللىگىچە ئوقۇش بىر ئادەتتىكى ئىش ئىدى. لېكىن ئەركىن سىدىق ئۆزى ئارزۇ قىلغان پەللىگىچە ئوقۇش ئۈچۈن باشقا ئۇيغۇر ياشلىرى بەھرىمەن بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ، بىر

ئۆمۈر قاتتىق تىرىشىپ، ھەممە ئىمتىھان ۋە تالالاشلاردا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا ئېرىشتى. ئۇ دۇنيا بويىچە قاتتىق ئىشلەشتە ئەڭ داڭلىق بولغان ياپونلۇقلارنىمۇ قاتتىق ئىشلەشتە ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭمۇ كىشلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، كۆز ئالدىدىكى بۇ بىر ئالتۇندەك پۇرسەتتىن مەھرۇم قېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئىش ئەركىن سىدىققا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئازراقمۇ چۈشكۈنلەشمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك تىرىشتى. گەرچە ھەر سائەت ۋە ھەر كۈننى چوڭقۇر پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەتقىقاتقا بېغىشلاپ، چەلگە ئوقۇشقا چىقىپمۇ ئۇنۋان ئالالماسلىقنىڭ ئورنىنى ئەلا تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تولدۇرۇشقا بەل باغلىدى. مىنۇت - سېكۇنت ۋاقىتنىمۇ چىڭ تۇتتى. ئۆز ئىشخانىسىدا تەتقىقاتقا چوڭقۇر چۆكۈپ ئىشلىگەنلىكى، ياتاققا بارسا ئەتراپىدا ھېچ قانداق تونۇشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن سۆزلىشىش پۇرستى ئاساسەن يوق بولۇپ، بەزىدە بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ گەپ قىلغان ۋاقتى يېرىم سائەتكىمۇ يەتمەيتتى.

ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن بۇ ئۆمەك قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ مۇدىرى بىر كۈنى ئۇنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم ئىنتايىن ئارماندا قالغانلىقىنى ئېيتتى. ھەمدە ئەركىن سىدىقتىن «مەن سەن ئۈچۈن قىلىپ بېرەلەيدىغان باشقا بىرەر ئىشمۇ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا «ئەگەر سەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مۇشۇ ئوقۇش ئىشىغا مەسئۇل كىشى بادەي ئەپەندىگە بىر پارچە خەت يېزىپ باقساڭ، ئېھتىمال پايدىسى تېگىپ قېلىشى مۇمكىن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى بادەيگە بىر پارچە خەت يازدى. ئارىلىقتىن 2 ئاي ئۆتتى. ئۈچ ئايمۇ ئۆتتى. لېكىن بادەيدىن جاۋاب خەت كەلمىدى. بۇ جەرياندا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ھەر قېتىم ئەركىن سىدىقنى كۆرگەندە «مېنىڭ خېتىمگە زادىلا جاۋاب كەلمەيۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى بىلەمسەن؟» دەپ سوراپ تۇردى. ئۇنىڭ سوئالىغا ئەركىن سىدىق جاۋاب بېرەلمەيتتى. ياپونىيىدە بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى خۇددى شۇ مەكتەپنىڭ پادىشاھىغا ئوخشاش قارىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇقىمۇ ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. شۇڭا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئەركىن سىدىق ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك قىلىشى بىر كىچىك

ئىش ئەمەس ئىدى. دۇنيادىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ سەممىمىي ۋە ئەڭ ھەقىقىي ئىنسانلىقنىڭ سۈپىتىگە ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ياپونلۇقلار ئۈچۈن يازغان خېتىگە جاۋاب خەت تاپشۇرۇپ ئالالماسلىق بىر ھەرگىزمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. بۇ ۋەقە بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەكتەپ مۇدىرى ئەركىن سىدىقنى ئۆزىنىڭ بىر دوستىدەك كۆرۈپ، ئۆز ئۆيىگە ئۇنىڭ ئۇستازى بىلەن ئىككىسىنى بىر قېتىم مېھماندارچىلىققا چاقىردى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئۇستازى بۇ مەكتەپتە ئىشلىگىلى 20 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىشى مۇشۇ قېتىم تۇنجى قېتىملىقى ئىكەن. 1991 ـ يىلى يازدا ئەركىن سىدىق ئامانگۈل بىلەن يۇرتقا قايتىشىدا ئالدى بىلەن ياپونىيىگە بېرىپ، ئۇ يەردە 10 كۈن تۇردى. شۇ جەرياندا ئۇلار ئەركىن سىدىق بۇرۇن ئوقۇغان مەكتەپكىمۇ باردى. بۇ مەكتەپ بۇ ئىككىسى ئۈچۈن بىر ئالاھىدە زىياپەت بەردى. شۇ زىياپەت جەرياندا ھېلىقى مەكتەپ مۇدىرى ئەركىن سىدىققا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ مەكتەپتە بولۇپ ئۆتكەن ئەركىن سىدىق ۋەقەسى مېنى قاتتىق ئېچىندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ مەكتەپتە ماگىستىرلىق پروگراممىسى ئېچىشقا قەتئىي بەل باغلىدىم. ھەمدە ئىككى يىل قاتتىق تىرىشىپ، 1990 ـ يىلى بۇ پروگراممىنى رەسمىي باشلىدۇق. شۇڭا بۇ ئىشتا سېنىڭ تۆھپەڭ بەك چوڭ. ئەگەر ئەركىن سىدىق ۋەقەسى بولۇپ ئۆتمىگەن بولسا، بۇ ئىشنى بۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قىلىپ بولالمايتتىم».

بىرىنچى تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ياپونغا بارغاندا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئۇلارنىڭ ئارىلىقتا يۇرتقا قايتىپ كېلىپ تۇغقان يوقلىشىغا، ياكى ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ياپونغا بېرىشىغا پۈتۈنلەي يول قويمىدى. ئۇ چاغدا ئۇيغۇر دىيارىدا تېلېفون تېخى تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى پەقەت پوچتىخانىدىلا قىلغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا ئەركىن سىدىق ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىرەر قېتىممۇ تېلېفوندا سۆزلىشەلمىدى. ئۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى ئىشخانىسىغا كېلىپ، 2 ـ 3 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ئامانگۈلگە خەت يازدى. ئامانگۈلمۇ ھەر ھەپتىدە خەت قايتۇردى. ئۇ چاغدا ياپونىيىدىن ئۈرۈمچىگە بىر پارچە خەت 15 كۈندە ئاران تېگەتتى. شۇڭا ئۇلار ھەر قېتىم بىر ـ بىرىگە خەت يازغاندا 2 ھەپتىدىن بۇرۇن يېزىلغان خەتكە جاۋاب يازاتتى. ئامانگۈلنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ئىچىدە ئېرى ياپونغا ئوقۇشقا كەتكەنلەردىن بىر قانچىسى بار بولۇپ، ئۇلارغا ئەرلىرىدىن نەچچە ئايدا ئاران بىر قېتىم خەت

كېلىدىغان بولغاچقا، ياپونىيىدىكى ئىشلاردىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن ئۇلار پات-پات ئامانگۈلنىڭ قېشىغا كىرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

1987-يىلى 5-ئايدا، ئەركىن سىدىق ئۇستازى بىلەن بىللە ياپونىيە-جۇڭگو بىرلىشىپ ئاچقان بىر خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا باردى. يىغىن نەنجىڭدە ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەركىن سىدىق تۇنجى قېتىم ئىنگلىز تىلىدا ئۆز تەتقىقاتىدىن دوكلات بەردى. ئۇنىڭ ئىنگلىزچىسى ياخشى بولمىغاچقا، ئۇ دەيدىغان ھەر بىر جۈملە سۆزلىرىنى ئىنگلىزچە يادلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇشۇنداق بىر يىغىنغا قاتنىشالىغانلىقىدىن ئىنتايىن ھاياجانلىققا چۆمگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا جاكارلىۋەتكۈسى كەلدى. شۇڭا سۆزلەش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەندە، ئۇ ئالدى بىلەن«مېنىڭ ئىسمىم ئەركىن سىدىق. مەن ئەسلىدە ئۇيغۇر رايونىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئۇيغۇر بولىمەن» دېدى. خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا سۆزگە چىققاندا، گەپنى بۇنداق باشلاش ئادىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئەركىن سىدىق بىلەن ئوخشاش مەكتەپتىن كەلگەنلەر بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ھەيران بولمىدى. ئۇلار ئەركىن سىدىقنىڭ كىملىكىنى بىلەتتى، ھەمدە ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىدىن بىر ئاز خەۋەردار ئىدى. نەنجىڭدىكى يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇستازىنىڭ رۇخستى بىلەن ئەركىن سىدىق ئۈرۈمچىگە 2 ھەپتىلىك تەتىل قىلىپ قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايرىلغىلى 2 يىل بولاي دەپ قالغان ئايالى ئامانگۈل بىلەن قىزى دىلنارەنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. دىلنارە بۇ چاغدا 2 ياشقا توشاي دەپ قالغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق قايتىپ بارغان دەسلەپكى 10 كۈن ئىچىدە ئۇ ئەركىن سىدىقنى «دادا» دەپ چاقىرىشقا ئۇنىمىدى. پەقەتلا «ئاكا» دەپ چاقىردى. ئەركىن سىدىق ماڭىدىغانغا بىر-ئىككى كۈن قالغاندا ئاران «دادا» دەپ چاقىرىدىغان بولدى.

ئەركىن سىدىق بۇ قېتىم يۇرتقا بارغاندا، ئۇنىڭغا ياخشى ئىشتىن يەنە بىرسى يۈز بەردى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى رەھمەتۇللىك ھاكىم جاپپار بىلەن مەكتەپ ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى باشلىقى ئايشەم ئاپپاي ئەركىن سىدىققا فىزىكا كەسپىدىكى بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىغا ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىنى ھەل قىلغانلىقىنى، ئەمما ھازىر فىزىكا

كەسپىدە ئىنگلىز تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن باشقا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىنىڭ يوقلىقىنى، ئەگەر ئەركىن سىدىق ئىنگلىزچە ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولالىسا، بۇ ئوقۇشقا ئۇنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە ئەركىن سىدىق ياپونىدا ئۇچرىغان تەقدىردىن سۇلتان مۇئەللىم، ھاكىم جاپپار ئەپەندى ۋە ئايشەم ئاپپايلار ئىنتايىن نارازى بولغان ئىدى. شۇڭا بۇ ئوقۇش پۇرستى ھەل بولۇشىغىلا، مەكتەپتە ئۇنىڭغا لايىق باشقا كاندىدات بولمىغاچقا، ئۇلار ئەركىن سىدىقنى ئويلاشقان ئىدى. ئەركىن سىدىق ياپونغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۆز تەتقىقاتىنى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە تايىنىپ ئىنگلىزچىنى تەكرارلاشنى باشلىدى. ئىشخانىسىدىن ھەر كۈنى كەچ سائەت 10 لاردا قايتىپ كېلىپ، ئەتىگەن سائەت 2 بولغۇچە ئىنگلىزچىنى تەكرارلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ۋاقتىدا تاماق يېمەي، قاتتىق ئىشلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇپ، بۇ كېسەل تاكى ئەركىن سىدىق 1995 ـ يىلى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغۇچە داۋاملاشتى (ئۇ كېسەل ھازىر پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى). 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەركىن سىدىق 1 ـ قېتىم TOEFL دەپ ئاتىلىدىغان ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىغا قاتناشتى. ئارىلىقتا بىر ئاي ئۆتۈپ، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭ نەتىجىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدا 540 نومۇر ئالغانلىقىنى بىلگەندە، ھاياجانلانغىنىدىن ئۇنىڭ كۆزىدىن يەنە تارام-تارام ياش ئاقتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرەپ كەتتى. ئامېرىكىدىن ماگىستىرلىق ئوقۇماقچى بولغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا قويىغان تەلەپ 550 نومۇر بولۇپ، ئەركىن سىدىق بۇنچىلىك نومۇر ئالالايدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان ئىدى. بۇ ھەپتە ئۇ ئامانگۈلگە خەت يازغاندا، ئامانگۈلگە بۇ خەۋەرنى تېزرەك يەتكۈزۈش ئۈچۈن، خەت لىپاپىسىنىڭ ئارقىسىغا (يەنى لىپاپىنىڭ تېشىغا) «TOEFL دا 540 ئاپتىمەن» دەپ يېزىپ قويىدى. ئەركىن سىدىقنى ئالماقچى بولغان مەكتەپنىڭ ئىلتىماس قوبۇل قىلىش ۋاقتى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توشىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەركىن سىدىق TOEFL ئىمتىھانىغا يەنە داۋاملىق بىر قانچە قېتىم قاتناشتى. ئوساكادا بۇنداق ئىمتىھان بىر چوڭ زالدا ئېلىنىدىغان بولۇپ، ئىمتىھاننىڭ ئاڭلاش قىسمىنى زالدىكى بىر قانچە چوڭ كاناي ئارقىلىق ئالدى. ئۇ قىش كۈنى بولغاچقا، زۇكامداپ يۆتەل بولۇپ قالغانلار كۆپ بولۇپ، ئەركىن سىدىق ھەر قېتىم ئاڭلاش ئىمتىھانى قىسمىنى ياخشى بېرەلمىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق يەنىلا

540 تىن يۇقىرى نومۇر ئالالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئامېرىكىدىكى مەكتەپ ئەركىن سىدىقنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ئۇنى شەرتلىك قوبۇل قىلىپ، TOEFL ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن تولۇقلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. (ئەركىن سىدىق 1988-يىلى 9-ئايدا ئامېرىكىدا قاتناشقان TOEFL ئىمتىھانىدا 580 نومۇر ئالغان).

ياپونىيىدىكى ئوقۇشىنىڭ ئاخىرقى يېرىم يىلى قالغاندا، ئەركىن سىدىق بىر ئاز قوشۇمچە ئىشلەپ پۇل تېپىۋېلىش ئۈچۈن، ھەر يەكشەنبە كۈنى Kansei Gakuyin ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 6 نەپەر تارىخ كەسپى ئوقۇغۇچىسىغا خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتتى. ئۇساكا چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ياش ئوقۇتقۇچىسىغا ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتتى. يەنە بىر بىر تونۇشىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر قىزىغا ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتتى. ئەركىن سىدىقتىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەن ئوقۇتقۇچى ئۇيغۇرچىنى ھازىرمۇ ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدۇ. ئۇ ھازىر يۇقىرىقى مەكتەپتە تۈرك تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ياپونىيىدە ئوقۇغان 2 يېرىم يىل جەريانىدا، ئەركىن سىدىق جەمئىي 19 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 3 پارچە ماقالە ئامېرىكىدا چىقىدىغان خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا، يەنە بىرسى ياپونىيىنىڭ بىر مەملىكەتلىك ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ياپونلۇقلارنىڭ ئۆز ئۆلچىمى بويىچە ئېيتقاندىمۇ بۇ ناھايىتى زور نەتىجە بولۇپ، ئادەتتە ياپونىيىدىكى دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار خەلقئارالىق ژۇرنالدا پەقەت بىر پارچىلا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلالىسىلا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشەلەيتتى. ئەركىن سىدىق ئوقۇغان مەكتەپتىكىلەر ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئىنتايىن ھەيران قېلىشتى. ھەمدە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى. شۇڭا كۆپ قېتىم ئەركىن سىدىقنى مەكتەپ گېزىتىدە تونۇشتۇردى. ئەركىن سىدىق ۋەتەنگە قايتىدىغاندا، ئۇ مەكتەپتىكى بەزى پروفېسسورلار ئۇنىڭغا: «ئەگەر ئۆزۈڭدەك ياخشى ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ياشلار بولسا بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويساڭ. بىز ئۇلارنى پۇلسىز ئوقۇتۇپ قويساق»، دېدى. ئەركىن سىدىق 1988-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى 1-تۈركۈم ياپونغا كەلگەن باشقا 13 نەپەر كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە بىر پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتتى.

ئەركىن سىدىق ياپونىيىدە ئوقۇش جەريانىدا يۇقىرىدا تەسۋىرلىگەندەك

تەبىئىي ـ پەن ساھەسىدە خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا بىر قانچە پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدا تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلالىغان بىر ئۇيغۇرغا ئايلاندى. شۇڭا ئۇ ياپونىيىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كېتىپ، كېيىن ئامېرىكىغا كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا خېلى بىر مەزگىلگىچە تەشۋىق قىلىندى. تەسىر دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولغان بىر قانچە ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن ماقالە مانا شۇنىڭ بىرسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1989 ـ يىللىرى «ئەركىن سىدىق ھادىسىسى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ئەركىن سىدىق روھىدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەت ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگىمۇ كېڭەيتىلگەن ئىدى. مۇشۇ تەرجىمىھالنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىدا بېرىلگەن تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئەركىن سىدىققا ئاتاپ يازغان شېئىرىمۇ مانا ئاشۇ مەزگىلدە يېزىلغان ئىدى.



ئۇيغۇر دىيارىدىن ياپونىيەگە تۇنجى قېتىم (1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا) ئوقۇشقا بارغانلارنىڭ خاتىرە رەسمى.



ئەركىن سىدىقنىڭ ئوساكا ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا مەكتەپ ئىچىدە قالدۇرغان بىر خاتىرە رەسىمى. ئەركىن سىدىقنىڭ سول قول تەرىپىدىكىسى ئۇنىڭ ئۇستازى پروفېسسور Chang Nion－Sock بولۇپ، ئۇ كىشى 2005－يىلى يازدا 78 يېشىدا ۋاپات بولدى



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق 1986 ـ يىلى ئەتىيازدىكى ياپونىيەنىڭ دۆلەتلىك بايرىمى «ساكۇرا بايرىمى» دا قالدۇرغان بىر خاتىرە رەسىمى .



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق 1986-يىلى 20-سېنتەبىر كۈنى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «9-نۆۋەتلىك چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ياپون تىلىدا تەشەببۇسنامە قىلىش مۇسابىقىسى» دىكى مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا مۇكاپات تاپشۇرۇپ ئالماقتا. ئەركىن سىدىق بۇ مۇسابىقىدە 72 دۆلەتتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 4-ئورۇنغا ئېرىشكەن. بۇ پائالىيەت ياپونىيىنىڭ دۆلەتلىك تېلېۋىزور ئىستانسىسى بولغان NHK تېلېۋىزورىدا نەچچە كۈن تەكرار بېرىلگەن ئىدى.



يۇقىرىقى رەسىم: 1986-يىلى ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن ئەپەندى ياپونىيەگە كېلىپ، كيوتو «مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى» دە «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى –– قۇتادغۇ بىلىك» دىگەن ماۋزۇدا ئىلمىي دوكلات بەردى. بۇ دوكلاتنى ئەركىن سىدىق نەق مەيداندا ئۇيغۇرچىدىن ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇ رەسىم ئاشۇ چاغدىكى سەھنىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

## 10. جەنۇبىي كالىفورنىيەدىكى ماگىستىرلىق ئوقۇشى

ئەركىن سىدىق ياپونىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى خالىدەم ئاپپاي ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئېلېكتر كەسپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئۇ يېتەكلەۋاتقان 3 ئۇيغۇر ۋە بىر قازاق

ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىگە يېتەكچى بولدى. ئۇ چاغدا ئامېرىكىدىكى ئوقۇش تۈزۈمىدە تېخى رەسمىي چاقىرىق كەلمىگەن ئىدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دىن كەچ سائەت 5 كىچە ئۆز ئىشخانىسىغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ماقالە تەييارلاش ئىشىنى رەسمىي ياپونىيەدىكىدەك ئېلىپ باردى. شۇڭا بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئەركىن سىدىقتا يېقىندىن ماسلىشىپ قاتتىق تىرىشتى. ئۇلار بىر قانچە ئېلېكترو ماگنىتلىق دولقۇن مەسىلىسى توغرىسىدا ئالدى بىلەن ماتېماتىكىلىق فورمۇلالارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاندىن ئۇلارنى كومپيۇتېر ئارقىلىق ھېسابلاپ، بۇنىڭدىن نەتىجە چىقىپ بولغاندا، ئۇلارنى گرافىك قىلىپ سىزىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئۆز ماقالىلىرىغا كىرگۈزدى. بۇ ئىش فاكۇلتېتتا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. ئۇلار ماقالىلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغاندا، بۇ 4 ئوقۇغۇچىدىن 3 كىشىنىڭ ماقالىسى «ئەلا»، يەنە بىرسىنىڭ بولسا «ياخشى» بولۇپ باھالاندى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنى قولدىن چىقىرىپ بولۇشىغىلا، ئەركىن سىدىققا ئامېرىكىدىن ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغانلىق خەۋىرى كەلدى. گەرچە ئۇلار چاقىرىق قەغىزىنى 6-ئاينىڭ بېشىدىلا ماڭدۇرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ چاقىرىق ئەركىن سىدىققا زادىلا تەگمىدى. شۇنىڭ بىلەن 7-ئاي كىرگەندە ئۇلار چاقىرىقنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىدىن يەنە بىرنى ماڭدۇردى. بۇ ئارىلىقتىكى بىر ئاي ۋاقىتنى ئەركىن سىدىق ئىنتايىن تىت-تىتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا ئۇنى ئەڭ ئېچىندۇرغان بىر ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىدىكى ئارقا ئىشىك مەسىلىسى ئىدى. ئارقا ئىشىكنىڭ ئېغىرلىقىدىن، ھەر يىلى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرىدىغان ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغان ۋاقىتتا، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپكە كىرىش يېشىدىكى بالىسى بار ئاتا - ئانىلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، بالىسىنىڭ ئىشىغا يول ماڭىدۇ. نۇرغۇن ئىقتىسادتىن ئايرىلىپ، بالىلىرىنى ئالىي مەكتەپكە يەنىلا قوبۇل قىلدۇرالمايدىغان ئىشلار داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ. ئىشنىڭ ئەڭ ئېغىر يېرى، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىستېمىسىغا ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلانغاندا، نۇرغۇن ئاتا

- ئانىلار ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. ئارقا ئىشىك بىلەن ئالىي مەكتەپكە كېلىپ قالغان ئوقۇغۇچىلار دەرسكە يېتىشەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار رەھىمدىل بولغاچقا، كۆپىنچە ئوقۇتقۇچىلار ئاشۇ ئاجىز ئوقۇغۇچىلارنىمۇ بىر ئامال قىلىپ ئوقۇش پۈتتۈرىۋالسۇن، دەپ، پۈتۈن سىنىپنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ. مۇشۇنداق بىر زەنجىرسىمان جەريان تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئالىي مائارىپى يېتەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلالماي، بارغانسېرى ئارقىغا چېكىنىدۇ. ئەركىن سىدىقنىڭ نەزىرىدە، بۇ ئەھۋالغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى چوقۇم ئۇيغۇرلار ئۆزى ئوڭشىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ياپوندا ئوقۇش جەريانىدا، ئەركىن سىدىق بۇ ئىش ئۈستىدە ئۇرغۇن باش قاتۇرۇپ، بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئېڭىغا تايىنىپ تۈرۈپ ئوڭشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنى تۈزۈم ۋە ئۈنۈملۈك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىستېمىسى ئارقىلىق تۈزلەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىدىكى ئارقا ئىشىكنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش تەدبىرىنى ئويلاپ چىقتى. ئەركىن سىدىق ئۆز ئويلىرىنى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى سۇلتان مۇئەللىم بىلەن تىلۋىقان مۇئەللىم (ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي) لەرگە ئاغزاكى ئېيتقاندا، ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئەركىن سىدىقتىن ئۆزى ئويلىغانلىرىنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىپ، ئۇلارغا يوللاشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ياپونىيىدىن قايتىپ كېلىپ، ئامېرىكىغا ماڭغۇچە بولغان 3 ئاي ۋاقىت ئىچىدىكى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىشلارنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن، ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆز ئويلىرىنى يېزىپ چىقىشقا پۇرسەت بولمىدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىش ئۈچۈن ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىدۇ. ھەمدە ئۆز-ئۆزىدىن داۋاملىق «ئەگەر مەن چەت ئەلدە تۇرۇپ قالماي، ئۇيغۇر دىيارىغا قايتىپ كېتىپ ئىشلىگەن بولسام، يۇقىرىقىدەك ئىشلاردا ئويلىغانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان بولاتتىممۇ؟ مېنىڭ ئاشۇنداق قىلىشىمغا يول قويۇلاتتىمۇ؟ ئەگەر يول قويۇلغان بولسا، ئۇنداق قىلىشنى قانچىلىك ۋاقىت داۋاملاشتۇرالىغان بولاتتىم؟» دەپ سورايدۇ.

1988-يىلى 7-ئاينىڭ بېشىدا ئامېرىكىنىڭ ئوقۇش چاقىرىقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدىكى مەكتەپنىڭ ئەھۋالنى زادىلا چۈشەنمەيدىغان ئەركىن سىدىق خەتتە ئېيتىلغان مەكتەپكە تېزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتىغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (كېيىن ئۇقسا، ئۇ ئەسلىدە ئامېرىكىلىق

ئوقۇغۇچىلاردىن تەلەپ قىلغان تىزىملىتىش ۋاقتى ئىكەن)، 8-ئاينىڭ بېشىدا بولىدىغان قۇربان ھېيتقىمۇ قارىماي، 7-ئاينىڭ ئاخىرى بېيجىڭغا قاراپ يول ئالدى. ھەمدە 1988-يىلى 7-ئاينىڭ 29-كۈنى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدىكى لوس ئانژېلىس شەھىرىگە يېتىپ باردى. لېكىن، بۇ مەكتەپتىكى دەرس 9-ئاينىڭ بېشىدا باشلىنىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق بىر ئاي بىكار بولۇپ قېلىپ، TOEFL ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلدى. ھەمدە شۇ ئارىلىقتا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىپ، شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئېلىۋالدى.

كالىفورنىيىدە ئالىي مەكتەپلەر شتات ئىگىلىكىدىكى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەر، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى داڭلىق مەكتەپلەردىن ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى، كالىفورنىيە تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتى ۋە جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى دېگەنلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چوڭ-كىچىك ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپلەردىن 100 دىن ئارتۇقى بار. شتات ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەردىن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 10 مەكتەپ، كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 22 مەكتەپ، ۋە جەمئىيەت ئىنستىتۇتى (Community College) دەپ ئاتىلىدىغان 2 يىللىق ئالىي مەكتەپتىن 105 مەكتەپ بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقاتنى ئاساس قىلىدىغان مەكتەپ بولۇپ، ئۇلاردا دوكتورلۇق ئۇنىۋانىغىچە بېرىلىدۇ. كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا بولسا ماگىستىرلىق ئۇنىۋانىغىچە بېرىلىدۇ. جەمئىيەت ئىنستىتۇتى بولسا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئۇنىۋانى بېرىپ جەمئىيەتكە چىقىرىپ، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق دەرسلىرىنى ئۆتۈپ تۈگىتىپ، ئۇلارنى قالغان 2 يىللىق ئوقۇشنى يۇقىرىقى قالغان 2 خىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا تەييارلايدۇ. ھەر بىر مەكتەپتە 20 - 30 مىڭ ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بولىدۇ.

ئەركىن سىدىقنى قوبۇل قىلغىنى لوس ئانژېلىس شەھىرىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان Northridge دېگەن شەھەرگە جايلاشقان كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتى ئىدى (تور بەت ئادرېسى: http://www.csun.edu). ئۇ ئىنگلىزچە «(Cafilornia State University, Northridge CSUN)» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلىدە مۇشۇ فاكۇلتېتتا Paul Chow ئىسىملىك بىر خەنزۇ پروفېسسور بار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئايشەم ئاپپاي بىلەن سۇلتان مۇئەللىملەر بىر قېتىم ئامېرىكىغا ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەندە مۇشۇ پروفېسسورنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى مەكتەپ ئارىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋىتى

ئورناتقان ئىدى. يەنە مۇشۇ Paul Chow دېگەن پروفېسسورنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ قېتىمقى ئوقۇش پۇرسىتىنى ھەل قىلغانىدى. مەكتەپ ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئەركىن سىدىققا يەنە «ياردەمچى ئوقۇتقۇچى» لىق خىزمىتى بېرىلگەن ئىدى. شۇڭا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭ ئامېرىكىغا كېلىش يول كىراسىنى چىقىرىپ بەرگەن بولۇپ، ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزى قامدايتتى. كالىفورنىيىدىكى مەكتەپلەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىدىغان ئوقۇش پۇلى 2 تۈرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى «ئوقۇش پۇلى» (ئىنگلىزچە Tuition) دەپ ئاتىلىپ، يەنە بىرسى «تىزىملىتىش پۇلى» (ئىنگلىزچە « Registration Fee») دەپ ئاتىلىدۇ. كالىفورنىيە نوپۇسىدىكى كىشلەر پەقەت «تىزىملىتىش پۇلى»نىلا تۆلەيدىغان بولۇپ، چەت ئەللىكلەر بولسا ھەر ئىككىلىسىنى تۆلەيدۇ. ئەركىن سىدىق بولسا پەقەت «تىزىملىتىش پۇلى»نىلا ئۆزى تۆلەيتتى. پروفېسسور Paul Chow ئەسلىدە جۇڭگودىكى بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى بولۇپ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئامېرىكىغا بارىدىغان بىر يۈك توشۇش پاراخوتىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ قانۇنسىز كېلىپ، كېيىن دوكتورلۇققىچە ئوقۇپ، ھازىرقى مەكتەپكە پروفېسسور بولغان ئىكەن. ئۇ ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولىدىغان كىشى بولۇپ، ئاشۇ كىشىنىڭ ياردىمىدە ئۇيغۇر دىيارىدىن بۇ مەكتەپكە جەمئىي 5 ئۇيغۇر ۋە بىر قىرغىز ئوقۇغۇچى كېلىپ ئوقۇغان.

ئەركىن سىدىقنىڭ بۇرۇنقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن CSUN نىڭ فىزىكا فاكۇلتېتى تەتقىقاتتا فاكۇلتېت بويىچە ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، مۇشۇ مەكتەپ بىلەن كالىفورنىيە تېخنىكىلىق ئىنىستىتۇتىدا تەڭلا پروفېسسور بولۇپ ئىشلەيدىغان «Ryoichi Seki» ئىسىملىك پروفېسسورنى ئۇنىڭغا يېتەكچى ئوقۇتقۇچى قىلىپ بېكىتىپ قويىدى. بۇ پروفېسسورنىڭ ئەسلى مىللىتى ياپونلۇق بولۇپ، ئامېرىكىدا ئوقۇپ، دوكتورلۇقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئامېرىكىدا پروفېسسور بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئەركىن سىدىق ياپونىيىدە كورېيە مىللىتىدىن بولغان پروفېسسورنىڭ قولىدا، ئەمدى ئامېرىكىدا بولسا ياپونلۇق پروفېسسورنىڭ قولىدا ئىشلىدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغىنى ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى بولسىمۇ، بۇ مەكتەپنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، كەسىپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئومۇمىي دەرسلەر

قاتاردا ئوقۇغان بىر قىسىم تۆۋەن دەرىجىلىك فىزىكا دەرسىدىن باشقا، ئۇنىڭ فىزىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ھەمدە فىزىكىلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچىسى ئۇياقتا تۇرسۇن، خەنزۇچىسى ۋە ئۇيغۇرچىسىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھەر ھەپتىسى 20 سائەت (يەنى 2 يېرىم كۈن) تەجرىبە دەرسى ئۆتمىسە بولمايتتى. شۇڭا ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ كەتتى. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر چەت ئەللىك ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھەر مەۋسۇمدا 9 ئوقۇش نومۇرى (يەنى 3 ئوقۇش نومۇرلۇق دەرستىن 3 نى) تاللاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەركىن سىدىقمۇ دەسلەپتە 3 دەرس تاللىدى. ئەمما بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتكەندە كىتاب بويىچە ئۆتمەي، ھەمدە كىتابنىڭ قايسى قىسمىنى ئۆتىدىغانلىقىنىمۇ دوسكىغا يېزىپمۇ قويماي دەرس سۆزلەيدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىق ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە بىر دەرسنىڭ مەۋسۇم ئارىلىقىدىكى ئىمتىھان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئەركىن سىدىق ئىلاجسىز نۇرغۇن يول مېڭىپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بىر دەرسىنى قىسقارتتى. شۇنىڭ بىلەن مەۋسۇم ئاخىرىدا قالغان 2 دەرستە A (يەنى ئەلا) نومۇر ئالدى. ئىككىنچى مەۋسۇمدىن باشلاپ سىنىپتىكى باشقا ئوقۇغۇچىلار ئەركىن سىدىقتىن دەرس سورايدىغان بولدى.

1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى ئەركىن سىدىق تۇغقان يوقلاش ۋە ئايالى ئامانگۈلنى ئامېرىكىغا ئەكىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا باردى. ئۇ يۈرتقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئامېرىكىغا قايتىپ كېتىش ۋىزىسى بىلەن ئامانگۈلنىڭ ئامېرىكىغا بېرىش ۋىزىسىنى بېجىرمەكچى بولدى. 3 - ئىيۇل كۈنى ئاخشىمى بېيجىڭدا چوڭ ۋەقە بولدى. ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئىدارىسى مېھمانخانىسىدا بولغاچقا، ئوق - بومبىلارنىڭ پارتلاش ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى. بۇ ئىشلاردىن ھېچ قانداق خەۋىرى يوق ئامانگۈل 4 - ئىيۇل كۈنى ئەتىگەندە ئەمدى 5 ئايلىق بولغان ئوغلى دىلشاتنى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا كەلدى. ئۇ كۈنى بېيجىڭنىڭ يوللىرى پۈتۈنلەي توسۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، قاتناش پۈتۈنلەي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەركىن سىدىق بېيجىڭ ئايرودرومىغا بارىدىغان قاتناش قورالى تاپالماي، تىت - تىت بولۇپ تۇرغاندا، ئۆزى تۇرغان مېھمانخانىدىن بىر مىنىبۇسنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن كېلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئايرودرومغا بارىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ

ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، يولدا تېخىچە كۆيۈۋاتقان ھەربىي ماشىنىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئايرودرومغا بېرىپ، ئامانگۈل بىلەن دىلشاتنى مېھمانخانىغا قايتۇرۇپ كەلدى. 4- ئىيۇل ۋەقەسى تۈپەيلىدىن ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ۋاقىتلىق ئىشتىن توختىغان بولغاچقا، ئۇلار 10 كۈنگىچە ۋىزا بېجىرىلمەي بېيجىڭدا تۇرۇپ، ئاندىن ۋىزا بېجىرىپ ئۈرۈمچىگە قايتتى.

1989-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرى ئەركىن سىدىق بىلەن ئامانگۈل 4 ياشلىق قىزى دىلنارەنى ئامانگۈلنىڭ ھەدىسىگە، 7 ئايلىق ئوغلى دىلشاتنى ئامانگۈلنىڭ ئاپىسىغا بېقىپ بېرىشكە قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئامېرىكىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن سىدىق ئۆز ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئامانگۈل ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ، TOEFL ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلدى. بىر ئانا ئۈچۈن 7 ئايلىق بالىنى سۈتتىن مەجبۇرى ئايرىپ، ئۇنى ئاتا - ئانىسىغا قويۇپ قويۇپ، يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە كېتىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ بىر مەزگىل ئامانگۈل ئۈچۈن ئۆمرىدىكى ئەڭ قىيىن ۋە ئازابلىق ۋاقىتلار بولدى. قولىغا كىتاب ئالسىلا، خىيالىغا بالىلار كىرىۋالاتتى. ئۇخلىسىلا چۈشىدە ئۆزىنى ئىزدەۋاتقان بالىلىرىنى كۆرەتتى. ئەركىن سىدىق بولسا ئۆز ئوقۇشىنى ئوقۇپ، فاكۇلتېتتىكى خىزمىتىنى ئىشلەشتىن سىرت، يەنە مەكتەپنىڭ «ئاكادېمىيىلىك ياردەم مەركىزى» دەپ ئاتىلىدىغان، دەرستە قىينىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا دەرس چۈشەندۈرۈپ قويىدىغان ئورۇنىدىمۇ ئىشلىدى. ھەمدە ئۆز ئالدىغا فىزىكا ۋە ماتېماتىكا دەرسلىرى بويىچە سائىتىگە 12 دوللار ھەق ئالىدىغان دەرس چۈشەندۈرگۈچى (ئىنگلىزچە Tutor) بولۇپمۇ ئىشلىدى. بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىنتايىن كۆپىيىپ كېتىپ، ھەر شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى كۈنىگە 12 سائەت ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئەركىن سىدىق مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ دەرسى ۋە تەتقىقاتىدا ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1990-يىلى 5-ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ماگىستىرلىق ئۈچۈن ئوقۇغان دەرسلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا دەرستىن B نومۇر ئالغاندىن باشقا، قالغان دەرسلەرنىڭ ھەممىسىدە A ئالدى. ئەركىن سىدىق 1989-يىلى 5-ئايدا فىزىكا فاكۇلتېتى ھەر يىلى پەقەت بىرلا ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىغا بېرىدىغان «Y. Liang .C خاتىرە مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ، بىر مۇكاپاتنامە بىلەن 1200 دوللار پۇل مۇكاپات ئالدى. 1990-يىلى 5-ئايدا بولسا فىزىكا فاكۇلتېتى ھەر يىلى پەقەت

بىرلا ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىغا بېرىدىغان ئىلغار ياردەمچى ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتى غا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن مىكرو-دولقۇن تېخنىكىسىغا ئائىت تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ يازغان ئىلمىي ماقالىسى ئامېرىكىدا چىقىدىغان خەلقئارالىق ئىلمىي ماقالە ژۇرنىلى «قوللانما فىزىكا ژۇرنىلى (ئىنگلىزچە Journal of Applied Physics) دا ئېلان قىلىندى.

1989-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ ئەركىن سىدىق مىكرو-دولقۇن تېخنىكىسى كەسپى بار باشقا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىغا ئىلتىماس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ جەمئىي 10 دەك مەكتەپكە ئىلتىماس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 6 ئالىي مەكتەپتىن چاقىرىق كەلدى. بۇ مەكتەپلەر: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (داۋىس، كالىفورنىيە)، جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (لوس ئانژېلىس، كالىفورنىيە)، ئوتتۇرا فلورىدا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۇتاھ ئۇنىۋېرسىتېتى (سالت لاكە شەھىرى)، Marquette University Milwaukee، (ۋىسكونسىن)، ۋە Rice ئۇنىۋېرسىتېتى (خيۇستون، تېكساس). ئەمما، ئامېرىكىدا ئېلېكتر ئىنژېنېرلىق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا كۆپىنچە ھاللاردا 1-يىلى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىلمەيدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىقنىڭ بىرەر مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مادارى يەتمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئامانگۈل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ئوقۇشنى بىر يىل كېچىكتۈرۈپ، بىر يىل ئىشلەپ پۇل تېپىش قارارىغا كەلدى. 1990-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يىگىدىن پارچىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سانائىتى ۋەيران بولۇپ، ئىشسىزلار كۆپىيىپ كەتكەن بىر مەزگىل بولۇپ، يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت تېپىش ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەركىن سىدىق بىر چەت ئەللىك بولۇپ، ئۇ پەقەت ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرماقچى ئىدى (ئامېرىكا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا بىر يىللىق، دوكتورلۇققا ئېرىشكەنلەرگە بىر يېرىم يىللىق ئىشلەپ پراكتىكا قىلىش پۇرستى بېرىدىغان بولۇپ، بۇنداق ئىشلەش قانۇنلۇق ئىدى). ئەركىن سىدىق شىركەتلەردىن خىزمەت ئىزدەپ زادىلا ئىش تاپالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە چوڭ رېستورانغا كۈتكۈچى بولۇش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغىلى بارسا «بىز ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بارلارنى ئالمايمىز» دەپ

تۇرۇۋالدى. ئەركىن سىدىق تۇرۇۋاتقان جاي ھوللىۋود كىنو بازىسىغا يېقىن ئىدى. ئۇ «كىنو ئارتىسلىرىنىڭ بالىسىنى باقسا، خېلى كۆپ مائاش ئالغىلى بولىدىكەن» دەپ ئاڭلاپ، گېزىتتىن بالا باققۇچى ئىزدەۋاتقان ئېلانلارنى تېپىپ، بىر قانچە يەرگە تېلېفون قىلسا، ئۇلار «بىز ئەر كىشىنى ئالمايمىز»، دېدى. (ئەركىن سىدىق بۇرۇن ئۆز ئۆكىلىرىنى بېقىپ باققان بولۇپ، بالىغا بەك ئەستايىدىل قارايدىغان بولغاچقا، بۇنىڭغا ئىنتايىن ئېچىنىش ئىدى.) ئاشۇنداق يول تاپالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ 10 دەك ئادىمى بار بىر كىچىك شىركەتتىن خىزمەت تاپتى. بۇ شىركەت قىلىدىغان ئىش باشقا شىركەتلەر ئىشلەپ چىقارغان، كۆپ قەۋەتلىك توك يولى بار، ناھايىتى مۇرەككەپ ئېلېكتىر ئەسۋابلىرىغا ئىشلىتىدىغان تاختايلارنى تەكشۈرۈش ۋە سىناق قىلىش ئىدى. لېكىن شىركەتنىڭ ئىگىسىدىن باشقىلار ئاساسەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغانلار بولۇپ، كۆپىنچىسى مېكسىكىلىقلار ئىدى. ئىنگلىزچىنىمۇ تۇزۇكرەك سۆزلىيەلمەيتتى. ئەركىن سىدىققا ئاشۇلارنىڭ قاتارىدا سائىتىگە 5 دوللار ئىش ھەققى بەردى. ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىقنىڭ ئايلىق ياتاق ئىجارىسى 350 دوللار بولۇپ، ئامانگۈل بىلەن ئىككىسىنىڭ ئايلىق تامقى ئۈچۈنمۇ 150 ـ 200 دوللار پۇل كېتەتتى. شۇڭا پەقەت يۇقىرىقى شىركەتتىكى خىزمەتكە تايانغاندا، ھېچ قانداق پۇل يىغقىلى بولمايتتى. شۇڭلاشقا ئەركىن سىدىق بىر تەرەپتىن ئىشلەپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن داۋاملىق خىزمەت ئىزدىدى. ھەمدە بىر تونۇشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يەنە بىر شىركەتتە ئىش تاپتى. بۇ شىركەت يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئېلېكتىر ئەسۋابلىرىغا ئىشلىتىدىغان توك يولى تاختىيىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەت ئىدى. بۇ شىركەت ئەركىن سىدىققا سائىتىگە 6.5 دوللار ئىش ھەققى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق 1 ـ شىركەتتە ھەر كۈنى 5 سائەت (ئەتىگەن سائەت 7 دىن 12 گىچە)، 2 ـ شىركەتتە 8 سائەت (چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دىن كەچ سائەت 9 غىچە) ئىشلەيدىغان قىلىۋالدى. ئەتىگىنى ئۆيدىن سائەت 6 دە چىقىپ كەتسە، كەچلىكى سائەت 10 لاردا قايتىپ كېلەتتى. بەزى كۈنلىرى ئارتۇق ئىشلەپ، سائەت 12 لەردە قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى. لېكىن، بۇ 2 شىركەتتە ئىشلەپمۇ، ئۇنىڭ ھەر ئايدا يىغالايدىغان پۇلى 500 دوللارغا بارمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ قىلىدىغىنى بىر خىل تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتلەر بولغاچقا، ئۇ داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئەسكى مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ، روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن ئازاب چەكتى. شۇنىڭ

بىلەن ئۇ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا تېلېفون قىلىپ، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىگە ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. (بۇ مەكتەپنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى «University of California, Davis» بولۇپ، قىسقارتىلىپ «UCD» دەپ ئاتىلىدۇ.) ھەمدە ئۆزىنىڭ ماگىستىرلىق ئوقۇشى جەريانىدا ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئالغان مۇكاپاتىنىڭ ئىشىنى فاكۇلتېت مۇدىرىغا ئېيتتى. فاكۇلتېت مۇدىرى ئەركىن سىدىقنىڭ ئەھۋالىنى بىرەر قۇر تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 25 پىرسەنت (يەنى ھەپتىسىگە 10 سائەت) ئىشلەيدىغان ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى بېرىشنى قارار قىلدى. UCD نىڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن تەلەپ قىلىدىغان يىللىق ئوقۇش پۇلى 13 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق ئىدى. ئەركىن سىدىق بىلەن ئامانگۈل بىر-ئىككى ھەپتە قاتتىق ئويلىنىپ، ئاخىرى شىمالىي كالىفورنىيىگە جايلاشقان UCD گە كېتىش قارارىغا كەلدى. ھەمدە 1990-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرى ئۇلار بارلىق يۈك-تاقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىككى كىچىك ماشىنىسىغا قاچىلاپ (بۇ ماشىنىلار كونا ماشىنىلار بولۇپ، ھەر بىرسىنى 700 دوللاردىن سېتىۋالغان)، شىمالىي كالىفورنىيىدىكى شتات پايتەختى بولغان ساكرامېنتو (ئىنگلىزچە «Sacramento») شەھىرىگە 30 كىلومېتىر، سان فرانسىسكو (ئىنگلىزچە «San Francisco») شەھىرىگە 100 كىلومېتىر كېلىدىغان، ئىنگلىزچە «Davis» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرگە قاراپ يول ئالدى.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق 1990-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنى ئىنگلىزچە «Northridge CSUN ،California State University» دەپ ئاتىلىدىغان كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋاقىتتا چۈشكەن خاتىرە رەسىمى.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق ئامېرىكىغا بارغان كۈندىن تارتىپ ئايالىنىڭ ئىسمى نانسى (ئىنگلىزچە Nancy)، ئېرىنىڭ ئىسمى جون ۋولتېر (John Walter) دەپ ئاتىلىدىغان بىر جۈپ ئەر-ئايال ئامېرىكىلىقلار بىلەن ياخشى ئۆتكەن. بۇ ئامېرىكىلىقلار بۇرۇن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر مەزگىل ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈپ باققان بولۇپ دىياردىن كەلگەن يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئالاھىدە ئامراق ئىدى. بۇ رەسىم 1990-يىلى يازدا ئاشۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھويلىسىدا تارتىلغان. 1-قۇر ئولتۇرغان سولغا: گۈلباھار بىلەن ئەركىن سىدىق. 2-قۇر ئۆرە تۇرغان سولغا: ئامانگۈل، ھەكىمە ئاپپاي (ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بۇ يەرگە ساياھەت قىلغاچ ئەركىن سىدىقلارنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى)، مەركىزىي مىللەتلەر كومىتېتىدىن تەۋەككۈل ئەپەندى، John Walter ، Nancy ، ۋە پولات (قىرغىز). گۈلباھار بىلەن پولاتمۇ ئەينى ۋاقىتتا CSUN دا ئوقۇۋاتقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدۇر.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىقنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور Ryoichi Seki ئەپەندى.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق 1989-يىلى 6-ئايدا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن يۇرتقا كەلگەندە ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۆيىنىڭ ئىچىدە چۈشكەن رەسىم. ئەركىن سىدىقنىڭ قۇچىقىدىكىسى ئەمدى 4 ياشقا تولغان قىزى دىلنارە، ئامانگۈلنىڭ قۇچىقىدىكىسى ئەمدى 5 ئايلىق بولغان ئوغلى دىلشات.



سولدىكى رەسىم: ئەركىن سىدىق ئۆزىنى ئامېرىكىغا ئەكەلگەن پروفېسسور پائۇل چوۋ (Paul Chow) بىلەن بىرگە. ئوڭدىن سولغا: ماھىرە، ئەركىن سىدىق، پروفېسسور پائۇل چوۋنىڭ خانىمى، پروفېسسور پائۇل چوۋ، ئامانگۈل ۋە ئادىل ئاتاۋۇللا. ئارقا قۇردىكى غەيرەت سابىت. بۇ رەسىم 1996-يىلى 8-ئاينىڭ 16-كۈنى لوس ئانژېلىستىكى مەۋلان بىلەن گۈلباھارنىڭ ئارقا ھويلىسىدا تارتىلغان.

## 11. شىمالىي كالىفورنىيەدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشى

ئەركىن سىدىق شىمالىي كالىفورنىيىدىكى ئىنگلىزچە ئىسمى «UCD» (University of California, Davis) دەپ ئاتىلىدىغان مەكتەپكە كېلىپلا، ئۆزىنى قوبۇل قىلغان فاكۇلتېتنىڭ مۇدىرىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۆزىگە بېرىلگەن ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىڭ پىرسەنتىنى سەل ئۆستۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. دەل شۇ چاغدا جۇڭگودىن قوبۇل قىلىنغان يەنە بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچى ۋىزا ئالالماسلىق سەۋەبى بىلەن بۇ مەكتەپكە كېلەلمىگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە ئاشۇ ئوقۇغۇچىغا بېرىلگەن 25 پىرسەنتلىك ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىمۇ ئەركىن سىدىققا بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىقنىڭ UCD دىكى خىزمىتى 50 پىرسەنتكە، ئايلىق مائاشى بىر مىڭ دوللارغا ئۆسۈپ، مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى باشلاپ كەتتى. ياتاق بىلەن تاماق قاتارلىق تۇرمۇش خىراجىتىگە ھەر ئايدا 500 دوللار ئەتراپىدا پۇل

كېتىدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىقنىڭ تاپقان پۇلى مەكتەپكە تۆلەيدىغان ئوقۇش پۇلىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامانگۇل دەرھال مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا ئىش تېپىپ ئىشلەشكە باشلىدى.

بۇ ئالىي مەكتەپتە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلار ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن مۇنداق 5 ئۆتكەلدىن ئۆتىشى كېرەك ئىدى: 1) دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنىش. 2) 30 ئوقۇش نومۇرىغا توغرا كېلىدىغان ئاسپىرانتلار دەرسىنى ئوقۇپ تاماملاش. بۇ 3 ئوقۇش نومۇرىغا توغرا كېلىدىغان دەرستىن 10 دەرسكە باراۋەر بولۇپ، بۇ دەرسلەردىنمۇ خۇددى باكلاۋۇر ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاشلا يېرىم مەۋسۇم ۋە مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلار ئېلىنىپ، ھەمدە تاپشۇرۇق ۋە پروجەكتلەرمۇ بېرىلەتتى. 3) دەرسلەرنى ئوقۇپ بولۇشقا ئاز قالغاندا، ئىنگلىزچە «Preliminiary Exams» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە مەنىسى «سىناق ئىمتىھان» دېگەنگە يېقىن كېلىدىغان ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈش. بۇ ئىمتىھاننى ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆز كەسپىدىكى 5 ساھەدىن 3 نى تاللاپ بېرىدۇ. يەنى ئۇ 3 دەرستىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان بولماستىن، 3 ساھەدىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان بولۇپ، ئادەتتە دوكتورلۇققا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ ئىمتىھاندا شاللىنىپ كېتىدۇ. 4) ئىنگلىزچە «Qualifying Exam» دەپ ئاتىلىدىغان «لاياقەت سىناش ئىمتىھانى». ھەر بىر ئوقۇغۇچى دەرسلەرنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، دەسلەپكى ئىمتىھاندىنمۇ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە ئىزدىنىپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن كېلىشكەن ئاساستا ئۆزى ئېلىپ بارماقچى بولغان تەتقىقات مەزمۇنىنى بېكىتىدۇ. ھەمدە ئۆزى ئۈچۈن 3 پروفېسسوردىن تەشكىل تاپقان بىر باھالاش كومىتېتىنى تەسىس قىلىدۇ. لاياقەت سىناش ئىمتىھانىدا ھېلىقى 3 پروفېسسورغا ئۆزى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن نېمە تەتقىقات قىلماقچى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا ھازىرغىچە قانداق تەييارلىقلارنى قىلىپ بولغانلىقى توغرىسىدا بىر ئىلمىي دوكلات بېرىدۇ. بۇ دوكلاتقا فاكۇلتېتتىكى باشقا بارلىق پروفېسسورلار ۋە ھەممە ئاسپىرانتلىق ئوقۇغۇچىلىرىمۇ تەكلىپ قىلىنىدۇ. ھېلىقى 3 پروفېسسور بۇ دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئوقۇغۇچىدىن سوئال سوراپ، ئەڭ ئاخىرىدا باھالاش ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ ئوقۇغۇچىنى تەستىقلىسا، بۇ ئوقۇغۇچى ئاندىن دوكتورلۇق ئۇنۋانى كاندىداتى بولىدۇ. ھەمدە تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر بۇ كومىتېت بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنى

تەستىقلىماي قالسا، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تەييارلىق قىلىپ كېلىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئوقۇغۇچى كېيىنكى بىر قېتىملىق پۇرسەتتىمۇ لاياقەتلىك بولالماي قالسا، ئۇ مەكتەپتىن چېكىنىدۇ. 5) دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى پۈتتۈرۈپ، ھېلىقى باھالاش كومىتېتىغا دىسسېرتاتسىيىسىدىن بىر ئىلمىي دوكلات بېرىدۇ. بۇ دوكلات يىغىنىغىمۇ باشقا بارلىق پروفېسسورلار ۋە ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ دىسسېرتاتسىيىسى باھالاشتىن ئۆتسە، ئۇ ئاندىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالالايدۇ. ئۆتەلمەي قالسا خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاش يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىلىدۇ. مەيلى دەرسلەردە بولسۇن ياكى تەتقىقاتتا بولسۇن، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ ئىنژېنېرلىق ئىنستىتۇتى پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى 20 نىڭ ئىچىگە كىرىدىغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلغان تەلەپ بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى.

ئەركىن سىدىق بۇ مەكتەپتىمۇ بۇرۇنقىدەكلا تىرىشىپ ئوقۇدى. بۇ مەكتەپتىكى كەسپى ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىنتايىن قىزىقاتتى. بۇ مەكتەپنىڭ ھەر بىر يىلى 3 مەۋسۇمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر مەۋسۇم ئىچىدە پەقەت 10 ھەپتىلا دەرس ئۆتۈلەتتى. 10 كۈن مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئېلىنىپ، بىر مەۋسۇم جەمئىي 12 ھەپتىدىن ئازراق ئىدى. شۇڭا دەرسلەرنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، ھەممە دەرسلەردە ھەر ھەپتىدە تاپشۇرۇق بېرىلەتتى. ھەممە دەرسلەرنىڭ ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ھەق ئېلىپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ بېرىدىغان ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى بار بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ۋە ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرىنى يېتەكلەشتىن كېلىپ چىققان ئالدىراشلىقىغا قارىماي، تاپشۇرۇق ۋە پروجەكتنى يەنىلا كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇراتتى.  كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار ئەركىن سىدىقتەك يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇيدىغان بولغاچقا، پەقەت دەرسلەرنى ئوقۇپ تۈگىتىش ئۈچۈنلا 5 مەۋسۇم ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا ئامېرىكىدا باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەرگە ئوخشاش 3 يىلدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالىدىغان ئىش ھەرگىزمۇ مەۋجۇت ئەمەس. UCD نىڭ ئىنژېنېرلىق كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئوتتۇرىچە ۋاقىت مۇددىتى 7 يىلدىن ئاشىدىكەن. ئەركىن سىدىققا بەزى بىر تولۇق كۇرسنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىنىڭ دەرسلىرىنىمۇ ئوقۇشقا توغرا كەلدى. ئۇ تاللىغان بەزى دەرسلەرنىڭ 120 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ

ئىچىدىكى ئاران 20 دەك ئوقۇغۇچىغا A بېرىلىدىغان دەرسلەردىمۇ ئەركىن سىدىق ئاشۇ A نىڭ بىرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىدىن ياش جەھەتتە جىق تۆۋەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن رىقابەتلەشتى. ئۇ دەرسلەرنى ئوقۇپ تۈگىتىۋاتقان دەسلەپكى 2 يىل جەريانىدا ئامانگۈل بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەملىشىپ بەردى. ئۇ ئىككىسى ھەر كۈنى كەچ سائەت 12 گىچە ئۆگىنىش قىلدى. يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرىمۇ دەم ئالمىدى. ئاشۇنداق تىرىشىش ئارقىلىق دەسلەپكى 2 يىل ئىچىدە ئەركىن سىدىق بارلىق دەرسلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ تۈگىتىپ، دەسلەپكى ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتۈپ بولدى. ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى بىر مەۋسۇم ئىشلىگەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناھايىتى ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەۋسۇملۇق باھالىشىدا ئۇ فاكۇلتېتتىكى پروفېسسورلارنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرىدىن جىق يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن فاكۇلتېت ئۇنىڭغا 50 پىرسەنتلىك ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي بەردى. 2-يىللىق ئوقۇش باشلانغاندا، ئۇنىڭ دەرسلەردىكى ۋە ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىكى نەتىجىسىگە ئاساسەن، فاكۇلتېتتىن ئۇنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش پۇلىنى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈۋەتتى. مۇشۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇۋاتقان، ئەسلىدە جۇڭگودىن كەلگەن بەزى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئەركىن سىدىقنىڭ ئۈستىدىن ئەرزمۇ قىلىپ باقتى. 3-يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەركىن سىدىق ئىزچىل تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ ماڭدى.

1991-يىلى يازلىق تەتىلدە ئەركىن سىدىق بىلەن ئامانگۈل يۇرتقا تۇغقان يوقلىغىلى بېرىپ، ئامېرىكىدىن بېيجىڭغىچە بولغان سەپەر ئارىلىقىدا ياپونىيىدە توختاپ، ئۇ يەردە 10 كۈن ساياھەتتە بولدى. بۇ قېتىمقى سەپەردىن قايتىشىدا ئۇلار قىزى دىلنارەنى ئامېرىكىغا بىرگە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق تۇنجى قېتىم قىزى دىلنارە بىلەن بىرگە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇلار 9- ئاينىڭ 1- كۈنى ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ، دىلنارە 9- ئاينىڭ 2- كۈنىدىن باشلاپ بىر ئېغىز ئىنگلىزچە بىلمەي تۇرۇپ، 1- سىنىپقا ئوقۇشقا كىردى ۋە تىل جەھەتتە 6 ئايدا باشقىلارغا پۈتۈنلەي يېتىشىپ بولدى. 1993- يىلى 9- ئايدا، ئامانگۈلنىڭ ئاتا- ئانىسى ئامېرىكىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ يېشى 4 ياشتىن ئاشقان ئوغلى دىلشاتنى ئامېرىكىغا ئەكېلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ 1984-يىلى 8-ئايدا توي قىلغان

ۋە 1985-يىلى 6-ئايدا تۇنجى پەرزەنتىنى كۆرگەن ئەركىن سىدىق 1993-يىلى 9-ئايدا ئاندىن ئائىلە بويىچە بىر يەرگە جەم بولۇپ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ بالىلىرىنىڭ قانداق ئۆمىلىگىنىنى، قانداق ماڭغىنىنى ۋە قانداق تىلى چىققىنىنى كۆرمىدى. ھەر بىر ئاتا-ئانا بەھرىمەن بولىدىغان بۇ ئىشلاردىن ئۇ ئۇقۇشنى دەپ مەڭگۈ مەھرۇم قالدى.

1993-يىلى 2-ئايدا ئەركىن سىدىق مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىدى: ئۇيغۇر دىيارىدىن بىر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئامېرىكىغا كەلگەن بولۇپ، ئۆمەكتىكى ئۇيغۇرلار ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن قانداق ئالاقىلىشىشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېچ كىم بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغدا شىمالىي كالىفورنىيىدە ئەركىن سىدىق بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىدىن چىققان پەرھات نىياز ئائىلىسىلا، جەنۇبىي كالىفورنىيىدە بولسا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدىن چىققان مەۋلان ياسىن ئائىلىسىلا بار ئىدى. شۇڭا ھەر يىلى يېڭى يىلدا ۋە باشقا مۇھىم بايراملاردا، يا ئەركىن سىدىق ئائىلىسى 500 كىلومېتىر يول يۈرۈپ لوس ئانژېلىسقا باراتتى. يا مەۋلان ئائىلىسى 500 كىلومېتىر يول يۈرۈپ سان فرانسىسكوغا كېلەتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا ھېچ قانداق ئۇيغۇر كۆرمەي ياكى سىرتتا ئۇيغۇرچە سۆزلىشەلمەي ياشايتتى. ئامېرىكىدا ئۆزلىرىدىن باشقا قانچىلىك ئۇيغۇر بارلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئاساسەن ئالاقە قىلىشمايتتى. ئەركىن سىدىق ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەندە، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىدىغان ياكى يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەرسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەكتەپنىڭ ئوقۇشى 9-ئايدا باشلىنىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ھالدا ئامېرىكىغا 7-ئاينىڭ ئاخىرىدىلا كېلىۋالغان ئىدى. بۇ بىر ئاي ۋاقىت ئەركىن سىدىق ياپونىيىدىن قايتىپ كېلىپ، ئامېرىكىغا مېڭىشنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت بولغاچقا، ئۇ بىر ئاي بۇرۇن ئامېرىكىغا كېلىپ، ياتاق پۇلى تۆلەپ بىكار يۈرگەنگە قارىغاندا، ئۈرۈمچىدە ئائىلىسى بىلەن قۇربان ھېيتنى بىرگە ئۆتكۈزۈۋالغان بولسا، تولىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. يۇقىرىقىدەك ئىشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىشىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن، ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇشقا كېلىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق بىر قانچە كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇ چاغدا ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان، 80-يىللاردىن باشلاپ ئامېرىكىغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنى بىر-بىرلەپ ئېنىقلاپ، ئۇلارغا بىر ئۇيۇشما

قۇرۇش توغرىسىدا چاقىرىقنامە ئەۋەتتى. شۇ چاغدا پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە جەمئىي 17 ئۇيغۇر ئائىلىسى تېپىلدى (بۇرۇن ئامېرىكىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا). ئەركىن سىدىق ئۇيۇشمىنىڭ نىزامنامىسىنى يېزىپ چىقىپ، ئامېرىكىدىكى ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرى يېزىلغان بىر پارچە تىزىملىكنى تەييارلاپ چىقتى، ھەمدە ھېلىقى 17 ئائىلىلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە، 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئىنگلىزچە ئىسمى (Tengri－tagh Overseas Students and Scholars Association, TOSSA) دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە مەنىسى «چەت ئەلدىكى تەڭرىتاغلىق ئوقۇغۇچىلار ۋە زىيالىيلار ئۇيۇشمىسى» بولغان بىر ئۇيۇشمىنى قۇردى. بۇ ئۇيۇشمىغا 1 ـ يىلى ئەركىن سىدىق رەئىس، روشەن ئابباس مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئىشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ئالاقىسى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار بىر شتاتتىن يەنە بىر شتاتقا بىر ـ بىرسىنى يوقلاپ بارىدىغان ئىشلارمۇ باشلاندى. ئۇيۇشما ئىش باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار بىر ئايلىق ژۇرنالمۇ چىقىرىپ، ئۇنى ئامېرىكىدىكى ھەممە ئۇيغۇرلارغا تارقاتتى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ ئۇيۇشمىغا ئالمىشىپ رەھبەر بولۇپ ئىشلەپ، ئۇنى تاكى 1998 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتۇردى.

1994 ـ يىلى ئەركىن سىدىق ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئامېرىكىغا كېلىپ ئوقۇماقچى بولغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى باشلىدى. ئامېرىكىدا ئىنگلىزچە ئىسمى «Peterson’s Guide» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىتاب بار بولۇپ، ئۇ ھەر يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىنىپ نەشر قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئامېرىكا ۋە كانادادىكى بارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ چەت ئەلدىن ئوقۇشقا كەلمەكچى بولغانلارغا لازىم بولغان ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى كەسىپ بويىچە كىرگۈزۈلگەن. TOSSA پۇل چىقىرىپ بۇ كىتابتىن بىر نۇسخا (جەمئىي 5 قېلىن كىتاب) ئېلىپ ئەركىن سىدىققا بەردى.

ئەركىن سىدىق ئۆزى بىلەن خەت ئارقىلىق ئالاقىلاشقان ئوقۇغۇچىلارغا ھېلىقى كىتابنىڭ شۇ ئوقۇغۇچى ئوقۇماقچى بولغان كەسىپكە ئائىت قىسمىنى كوپىيە قىلىپ، ئۇنى پوچتا ئارقىلىق ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ماڭدۇرۇپ بەردى. ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا مۇشۇنداق ماتېرىيال ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ بىر دەم ئېلىش كۈنىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىپ، ئالدى بىلەن بىر كوپىيە قىلىش دۇكىنىغا بېرىپ، كىتابنى كوپىيە قىلدى. ئاندىن ئۆيگە كېلىپ ئۇ ئوقۇغۇچىغا بىر پارچە خەت تەييارلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پوچتىخانىغا بېرىپ ئۇ ماتېرىيال بىلەن

خەتنى پوچتىغا سالدى. گەرچە ئۆز ئوقۇشى ئۈچۈن ۋاقتىنى ئاران يېتىشتۈرۈپ ماڭالايدىغان بولسىمۇ، كۆپرەك ئۈيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كېلەلىشى ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق ئۆزى بىلەن ئالاقىلاشقان بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ خېتىنىمۇ جاۋابسىز قالدۇرمىدى. ئەركىن سىدىق بۇ ساھەدىكى سەييارە خىزمىتىنى ئىزچىل تۈردە ئېلىپ باردى. 2004-يىلىدىن باشلاپ ئۇ http://www.meripet.com دېگەن تور بېتىنى ياساپ، شۇ ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى ئىشنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ئەركىن سىدىق دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوپتىكا ۋە لازېر نۇرى ساھەسىدىكى ئىككى چوڭ يۆنىلىش بويىچە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ بىرسى ئىنگلىزچە «Diffraction Optics» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يەنە بىرسى «Nonlinear Optics» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەركىن سىدىق دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا 1-ساھەدە جەمئىي 4 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 2 پارچە ماقالە نۇر ئارقىلىق هايۋانلار مۇسكۇللىرىنىڭ كېڭىيىش ۋە تارىيىش مېخانىزمىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش توغرىسىدا بولۇپ، بۇ تەتقىقاتنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستازىدىن باشقا، بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى ۋە «قوللانما ئىلمى» (Applied Science) فاكۇلتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى بىلەن بىرگە ئېلىپ باردى. ئۇ ماقالە ئەنگلىيىدە چىقىدىغان بىر داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىغا ماڭدۇرۇلغاندا، ئۇ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ماقالىنى دەرھال قوبۇل قىلدى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى A. Huxley بولۇپ، ئۇ كىشى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر ئالىم بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە بۇ ئالىم 1850-يىللىرى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسىنى تېپىپ چىققان ئالىم دارۋىننىڭ نەۋرىسى ئىكەن. دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا ئەركىن سىدىق ئوپتىكىنىڭ يۇقىرىقى 2-ساھەسىدە جەمئىي 11 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 5 پارچىسى خەلقئارالىق داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى بەك كۆپ بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى يازغاندا، ئۇنىڭغا پەقەت يۇقىرىقى 2-ساھەدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنىلا كىرگۈزدى. 1995-يىلى 3-ئايدا، ئەركىن سىدىقنىڭ دىسسېرتاتسىيىسى باھالاشتىن ئاسانلا ئۆتۈپ، ئۇ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن

ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 15 كىشى ئەتراپىدا بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئىنتايىن كەسكىن رىقابەت ئىچىدە شۇ يىللىق ھەر يىلى پەقەت بىرلا ئوقۇغۇچىغا بېرىلىدىغان «ئەڭ ئالىي دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى مۇكاپاتى» (ئىنگلىزچە «Best PhD Dissertation Award») غا ئېرىشتى. بۇ مۇكاپات ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ پەخىرلىنىدىغان بىر ئىشى بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ نەگە بارسا بۇ مۇكاپاتنى بىرگە ئېلىۋېلىپ، ئۆز ئىشخانىسىدا ساقلاپ كەلمەكتە. ئەركىن سىدىقنىڭ UCD دىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى تاكى ھازىرغىچە باشقىلارغا «ئەركىن سىدىق مەن ھازىرغىچە تەربىيىلىگەن ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرسى» دەپ يۈرۈيدۇ.

1994 - 1995 - يىللىرى شىمالىي كالىفورنىيىدە ئەركىن سىدىق ئائىلىسىدىن باشقا ئۇيغۇرلار يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەركىن سىدىق 1995 - يىلى 6 - ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىن بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولالاتتى. شۇڭا ئۇ 1994 - يىلى 6 - ئايدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ ۋاقىتتا ئامانگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسمۇ تېخى ئامېرىكىدا بار بولغاچقا، ئۇلارنىڭمۇ بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ بېرىشى ئەركىن سىدىق ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئالاھىدە خۇشال قىلغان ئىدى.




1994 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى UCD دىكى 1994 - يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش

مۇراسىمدىن بۇرۇن مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ئالدىدا تارتىلغان بىر خاتىرە رەسىم.



يۇقىرىقى رەسىم: 1994-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى UCD مەكتەپ قوروسى ئىچىدە. رەسىمدىكى چوڭلار ئامانگۈلنىڭ دادىسى ئەيسا سالى بىلەن ئامانگۈلنىڭ ئاپىسى رەھمەتلىك ھاۋاخان بولىدۇ. ئۇلار 1993-يىلى 9-ئايدا ئامېرىكىغا كەلگەن بولۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئوغلى دىلشاتنى ئاشۇلار ئامېرىكىغا ئەكىلىپ قويغان.



ئەركىن سىدىقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى 1994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئامېرىكىغا ئوغلىنى يوقلاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ رەسىم ئۇلار 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كالىفورنىيە بىلەن نېۋادا شتاتىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان ئىنگلىزچە «Mammoth Lakes» دەپ ئاتىلىدىغان جايغا نانىسى بىلەن جونلارنىڭ يېنىغا تاماشا قىلىپ بارغاندا تارتىلغان. نانىسلەر بۇرۇن «Northridge» دېگەن شەھەردە تۇرىدىغان بولۇپ، 1991 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ يەر تەۋرەشتىن كېيىن ھازىرقى جايغا كۆچۈپ كەتكەن. بۇ جاي قار تېيىلىش مەيدانى بىلەن ئامېرىكىغا داڭلىق بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئائىلىسى تاكى ھازىرغىچە بەزى يىللىرى قىش مەزگىللىرى نانىسلارنىڭ يېنىغا قار تېيىلىش ئۈچۈن بارىدۇ.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىقنىڭ دوكتورلۇق يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور ئاندرە كنوسەن (Andre Knoesen) ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر. رەسىمدىكى توڭلاپ كېتىپ ئەركىن سىدىقنىڭ چاپىنىنى كىيىۋالغان ئايال كىشى ئامانگۈل، ئۇنىڭ قېشىدىكىسى دىلشات بولىدۇ. بۇ رەسىم 2000 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تارتىلغان. ئەركىن سىدىقنىڭ ئۇستازىنىڭ يېشى ئەركىن سىدىقنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، باللىرى ئەركىن سىدىقنىڭكىدىن سەل كىچىكرەك.



دىلنارەنىڭ پىئانىنو ئوقۇتقۇچىسى بىر كورىيەلىك ئايال بولۇپ، رەسىمدە داۋىس دېگەن شەھەردىكى كورىيەلىكلەرنىڭ بىر يىغىلىشىدا ئەركىن سىدىق دۇتار چېلىپ، دىلنارە ئۇسۇل ئوينىماقتا. ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلارنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكىدا پۇرسەت بولسىلا مۇشۇنداق قىلىپ يۈردى. ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئەركىن سىدىق ئۆز مەكتىپىدىكى بىر قېتىملىق تالانت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە دۇتار چېلىپ ئويۇن كۆرسەتكەن بولۇپ، 2-كۈنى مەكتەپ گېزىتى ئەركىن سىدىق توغرىسىدا «ئۇيغۇر دۇتتارچىسى ئەركىن سىدىق بىر 2 تارلىق سازدا مۇزىكا ئورۇنلىدى» دەپ خەۋەر بەرگەن ئىدى.

## 12. شىمالىي كالىفورنىيەدىكى پوست-دوكتورلۇق تەتقىقاتى

ئەركىن سىدىقنىڭ دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى، بىر ئالىي مەكتەپكە پروفېسسور بولۇش ئىدى. بۇنداق بولۇشنىڭ بىر سەۋەبى، ئۇ ئوقۇتقۇچىلىققا ئىنتايىن قىزىقىدىغان بولسا، يەنە بىر سەۋەبى ئۇنىڭ ھەر يىلى ۋەتەندىن بىر ياكى بىر قانچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئەكىلىپ تەربىيىلەش ئارزۇسىدىن بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ 1994-يىلىدىن باشلاپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خىزمەت ئېلانلىرىغا قاراپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان پروفېسسورلۇق خىزمەت ئورۇنلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ھەمدە ئۆزىنىڭ شەرتى توشىدىغان خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىلتىماس

قىلدى. نەتىجىدە ئۇ 3 ئالىي مەكتەپ تەرىپىدىن خىزمەتكە ئېلىشتىن بۇرۇنقى كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىندى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەركىن سىدىقتىن «ئەگەر بىز سېنى ئالساق، سەن قانچىلىك تەتقىقات خىراجىتى ئېلىپ كېلەلەيسەن؟» دەپ سورىدى. ئەسلىدە شۇ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى بىلەن، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورۇنلىرى تاقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئوپتىكا كەسپى ساھەسىدە ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان، دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرى بار نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى ئىزدەۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قولىدا خېلى كۆپ تەتقىقات خىراجىتى بار ئىكەن. ئامېرىكا ۋاشىنگتون شتاتىنىڭ ئۈچ-شەھەر (ئىنگلىزچە «Tri-City») دېگەن شەھىرىگە جايلاشقان ۋاشىنگتون شتات ئۇنىۋېرسىتېتى (ئىنگلىزچە « Washington State University at Tri-Cities») ئەركىن سىدىق بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشكەندە، بۇ بىر خىزمەتكە ئىلتىماس قىلغان كاندىداتلارنىڭ سانى 300 دىن ئاشىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەتقىقات پۇلى بىلەن كېلەلەيدىغانلارمۇ خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. مۇشۇنداق كەسكىن رىقابەت ئىچىدە ئۇ ئىككى يىل تىرىشىپ، بىرەر پروفېسسورلۇق خىزمىتىگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر مەزگىل پوست-دوكتورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىدىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئۇ بىرەر خىزمەت تېپىۋالغىچە يېرىم كۈن دەرس ئۆتۈپ، يېرىم كۈن ئۆزى بىلەن پوست-دوكتورلۇق قىلىپ تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئەركىن سىدىق ئېلېكتر ئېنژېنېرلىكى فاكۇلتېتىدىكى يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا «فورتران» كومپيۇتېر تىلىنى ئۆزى مۇستەقىل ئۆتۈۋاتقان ئىدى. 1995-يىلى 4-ئايدا باشلانغان «ئەتىيازلىق مەۋسۇم» دا، ئۇ ئۆز فاكۇلتېتىدىكى تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا «ئېلېكتر توك يولى» بىلەن «ئېلېكتر توك يولى تەجرىبىسى» دىن ئىبارەت 2 دەرسنى «لېكتور» لۇق سالاھىيىتى بىلەن مۇستەقىل ئۆتتى. ھەمدە كالىفورنىيەنىڭ پايتەختى بولغان ساكرامېنتو (ئىنگلىزچە «Sacramento») شەھىرىگە جايلاشقان كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتر ئېنژېنېرلىكى فاكۇلتىتىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلارغىمۇ

«ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش سىستېمىسى تەجرىبىسى» دەرسىنى لېكتور بولۇپ ئۆتتى. مۇشۇنداق پۈتۈن كۈنلۈك ئەمەس ئوقۇتقۇچىلارنى ئامېرىكىدا ئىنگلىزچە «part-time instructor» دەپ ئاتايدۇ. قالغان ۋاقىتتا ئۇستازى بىلەن بىرلىكتە پوست-دوكتورلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى.

ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە قىلغان تەتقىقات ماۋزۇسى لازېر نۇرى ئارقىلىق دىئامېتىرى 10 مىكرومېتىر (1 مېتىر بىر مىليون مىكرومېتىرگە تەڭ) كېلىدىغان دىئېلېكترىك زەررىچىلەرنى تۇتۇش ۋە ئۇنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش ئاپپاراتىنى لايىھەلەپ ياساپ چىقىش بولدى. بۇنداق ئاپپاراتلار ئىنگلىزچە «Laser Tweezers» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «لازېر نۇرلۇق قىسقۇچ» دېگەنگە يېقىن كېلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ چېچىنىڭ توملۇقى 17 مىكرومېتىردىن 181 مىكرومېتىرغىچە كېلىدۇ. شۇڭا 10 مىكرومېتىرلىق زەررىچە دېگىنىمىز ئىنتايىن كىچىك نەرسە بولۇپ، ئۇنى ئادەتتە باشقا ئۇسۇل بىلەن تۇتۇش ۋە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش ئاسان ئەمەس. شۇڭلاشقا بىئولوگىيە ساھەسىدە بۇنداق زەررىچىلەرنى لازېر نۇرى ئارقىلىق تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. ئەركىن سىدنىق ئالدى بىلەن بىر نۇر بىر دانە ناھايىتى كىچىك دىئېلېكترىك شارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندە پەيدا قىلىدىغان كۈچلەرنى فورمۇلالاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ھېسابلاپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ مەزمۇندىكى تەتقىقات نەتىجىسى ئامېرىكىنىڭ «قوللانما فىزىكىسى» (ئىنگلىزچە «Journal of Applied Physics») ژورنىلىنىڭ 1997-يىلى 9-ئايلىق سانىدا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ ئاپپاراتنى لاھىيلەپ، ھەمدەھ ئۇنىڭدىن بىرنى تەجرىبىخانىدا ياساپ چىقىپ، سىناق قىلدى. بۇ ئاپپارات بىلەن ئۇنىڭ سىناق نەتىجىسى خەلقارا ئوپتىكا جەمئىيىتى (SPIE) ژورنىلىنىڭ 1997-يىلى فېۋرالدىكى سانىدا ئېلان قىلىندى (ئاشۇ ماقالىدا 4-يۆنىلىشلىك نۇر بىلەن بىر كىچىك زەررىچىنى تۇتقان رەسىمدىن بىرسى بار).

1995-يىلى 8-ئايدا خىزمەت ئىزدەش ئارقىلىق ئەركىن سىدىق شىمالىي كالىفورنىيەدىكى ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپكە 120 كىلومېتىر كېلىدىغان، ئىنگلىزچە «Livermore» دىگەن شەھەرگە جايلاشقان «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دىن بىر پوست-دوكتورلۇق خىزمىتى تاپتى. بۇنداق دۆلەت تەجرىبىخانىسىدىن ئامېرىكىدا بىر قانچىسى بار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى تارماقلىرى ئۈچۈن

مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەخپىي بولۇپ، سىرتتقا ئاشكارىلانمايدۇ. ئەركىن سىدىق ئىشقا چۈشىدىغاندا قارىسا، ئۇ جۇڭگو گراژدانى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېلىقى تەجرىبىخانىنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە يول قويۇلمايدىكەن. يەنى، ئامېرىكا بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىنىڭ دۆلەت تەجرىبىخانىلىرىدا ئىشلىشىنى چەكلىگەن بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە جۇڭگومۇ بار ئىكەن. ئامالسىزلىقتىن بۇ تەجرىبىخانا پۇلنى ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ، ئەركىن سىدىق ئۆز مەكتىپىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىن سىدىققا بېرىلگەن ئىش ھەققىنىڭ 42 پىرسەنتىنى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تۇتۇپ قالدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ ساندىئادىكى ئۇستازىنىڭ ئىسمى Rich Trebino بولۇپ، ئۇ كىشى دوكتۇرلۇقنى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئالغان، ئۇپتىكا ساھەسىدە دۇنيا بويىچە خېلى نامى بار بىر كىشى ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ بويى ئېگىز، داۋاملىق بىر خۇرۇم شىلەپە كىيىۋالىدىغان بولۇپ، بىر قاراشقا ئۇ كىشى بىر داڭلىق ئالىمغا ئەمەس، ئامېرىكىنىڭ «غەربىي ماكان» كىنولىرىدىكى كالا ھەيدىگۈچى (ئىنگلىزچە «Cow_boy») دىن بىرسىگە ئوخشايتتى. بۇ كىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكى تور بېتىدە بەزى ئىنگلىزچە مەلۇماتلار بار ئىكەن:

http://www.spie.org/web/oer/october/oct00/spiescene.html

بۇ مەزگىلدە ئەركىن سىدىق، Rich Trebino قاتارلىق 4 كىشى ئاسماندىكى ھاۋا قاتلىمىدىكى ئوزون قەۋىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر لازېر نۇرى ئۈسكۈنىسىنى لايىھىلەپ ياساپ چىقماقچى بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭ ئۇپتىكىلىق لايىھىسىگە مەسئۇل بولدى. مۇشۇ تەرجىمىھالنىڭ كېيىنكى قىسمىدا تەسۋىرلىنىدىغان CVI لازېر شىركىتىنىڭ بىر تارمىقىمۇ ساندىئا بىلەن ئوخشاش شەھەردە بولۇپ، بۇ تارماق شىركەتنىڭ يەھۇدىيدىن بولغان باشلىقى ئالېكس (ئىنگلىزچە «Alex») ئاشۇ ئۈسكۈنىنىڭ ئۇپتىكا ۋە مېخانىكىلىق زاپچاسلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىشقا مەسئۇل بولدى. ئەركىن سىدىق يېڭى لايىھەلەرنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىزمەتتىكى يۇقىرى ئۈنۈم ۋە ئىجادكارلىق جەھەتتە بۇ 5 كىشلىك گۇرۇپپىدىكى باشقا ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. Rich Trebino ئەپەندى شۇنىڭدىن باشلاپ نەگە بارسا «مەن ئۆمرۈمدە ئەركىندەك قاتتىق ئىشلەيدىغان ئادەمنى كۆرۈپ

باقمىغان» دەيدىغان بولدى. مۇشۇ مەزگىلدە بۇ 5 كىشىلىك گۇرۇپپا خەلقئارالىق يىغىن ۋە ئىلمىي ژورناللاردا جەمئىي 10 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئىككى پارچە پاتېنت ئالدى. Rich Trebino ئەپەندى شۇنىڭدىن تارتىپ ئەركىن سىدىقنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالغان بولۇپ، 1996-يىلى 9-ئايدا بىر يېڭى شىركەت قۇرماقچى بولغان ئىككى تونۇشىغا ئەركىن سىدىقنى كۆرسىتىپ بەردى (بۇ جەھەتتە كېيىنكى بۆلۈمدە يەنە ئازراق توختىلىمىز). 1998-يىلى ئۇ كىشى گېئورگىيە تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتى (ئىنگلىزچە «Georgia Institute of Technology») نىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا مۇدىر بولۇپ يۆتكەلگەن بولۇپ، 2003-يىلى ئۆزى گېئورگىيە شتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھرىدە يۇقۇرىقى مەكتەپنىڭ تارمىقىدا قۇرغان بىر شىركىتىگە ئەركىن سىدىقنى ئىشلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن ئەركىن سىدىق ئۆزى كالىفورنىيەنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، ئۇ خىزمەتنى رەت قىلدى. لېكىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ ھازىرمۇ قويۇق ئالاقىسى بار. Rich Trebino ئەپەندى كېيىن يەنە بىر شىركەت قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ تور بەت ئادرېسى: http://www.swampoptics.com

ئامېرىكىنىڭ بىرەر رەسمىي ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدىغاندا، ئۇنى ئالدى بىلەن بىر باش تەھرىر كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەگەر ئۆزى ئۇ ماقالىنى مۇۋاپىق كۆرسە، ئۇنى ماقالىنىڭ ئاپتورى بىلەن ئوخشاش كەسىپىي ساھەدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باشقا پروفېسسور ياكى تەتقىقاتچىلاردىن 3 كىشىگە ماڭدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ كىشىلەر ئىنگلىزچە «Reviewer» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئۇيغۇرچە مەنىسى «تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچى» مەسئۇل مۇھەررىر دىگەنگە يېقىن كېلىدۇ. ئەگەر بۇ 3 كىشى ماقالىنى تەستىقلىسا، ئۇ ماقالە يوللانغان ئىلمىي ژورنالدا ئېلان قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار تەستىقلىمىسا، ماقالە ئېلان قىلىنمايدۇ. ئەگەر ماقالىدىكى مەسىلە كىچىكرەك بولسا، ئاپتورغا ئۇنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىدىن بىر قېتىم بېرىلىدۇ. ئەركىن سىدىق پوست-دوكتورلۇق بىلەن شۇغۇللانغان مۇشۇ بىر يېرىم يىل ۋاقىت جەريانىدا ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، ئامېرىكىنىڭ ئوپتىكا ساھەسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژورناللار بولغان «Applied Optics»، «Journal of the Optical Society of America»، ۋە «Optics Letters» دېگەنلەرگە «تەكشۈرۈپ

تەستىقلىغۇچى» يەنى مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ بەردى.



ئەركىن سىدىق كالىفورنىيەنىڭ لىۋەرمورە شەھىرىگە جايلاشقان ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا پوست-دوكتورلۇق قىلغان ۋاقىتتىكى ئۇستازى دوكتور Rich Trebino.



ئوڭدىن سانىغاندىكى 4-كىشى ئەركىن سىدىققا ياپونىيىدە كۆپ ياخشىلىق قىلغان، ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ماگوتو تسۇتسۇمى ئەپەندى بولىدۇ. ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتىپىنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولۇپ، ئەركىن سىدىق ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، ماگوتو ئەپەندى يول كىراسىنى ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ، ئەركىن سىدىقنى بىر يىلدەك ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشتۇرغان. كېيىن ئەركىن سىدىقنى ئۆز مەكتىپىگە ئىمتىھانسىز ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىش ئاخىرىدا ئەمەلگە ئاشماي قالغان. 1996-يىلى 6-ئايدا بۇ كىشى سان فرانسىسكودىكى بىر

خەلقئارالىق يىغىنغا كەلگەندە، ئەركىن سىدىق ئۇ كىشى بىلەن يەنە بىر ياپونلۇق پروفېسسورنى ئۆزىنىڭ داۋىس شەھىرىدىكى مەكتىپىگە ئەكىلىپ، ياتىقىدا ئۇيغۇرچە تاماق بىلەن مېھمان قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەجرىبىخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى. رەسىمدىكىسى مانا شۇ چاغدىكى بىر كۆرۈنۈش.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىقنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدى. ئەركىن سىدىق ئائىلىسى بۇ ئۆيدە 1997-يىلى 5-ئايدىن 2004-يىلى 7-ئايغىچە تۇرغان بولۇپ، مۇشۇ مەزگىلدە بۇ ئۆي سان فرانسىسكودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئۆيلىك رولىنى ئۆتىگەن. ۋەتەندىكى ۋە ئامېرىكىنىڭ باشقا يەرلىرىدىكى ئۇيغۇرلار سان فرانسىسكوغا تاماشىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ ئۆيگە چۈشكەن. 3-4 يىلغىچە يېڭى يىل ۋە باشقا بايراملىق ئولتۇرۇشلارمۇ مۇشۇ ئۆيدە بولغان (كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، بۇ ئۆيگە پاتمايدىغان بولۇپ قالغان). رەسىمدىكىلەر ئوڭدىن سولغا: غەيرەت سابىت، ئادىل ئاتاۋۇللا، دىلنارە، ئەركىن سىدىق، ئامانگۈل، دىلشات، ئەرافات، ماھىرە، ئەلانۇر ئاپپاي، ھوشۇر ئىسلام مۇئەللىم، دىلنۇر، راھىلە، نۇرى ئابلىكىم، ۋە پولات ئۆمەر. بۇ رەسىم 2000-يىلى 4-ئاينىڭ 3-كۈنى تارتىلغان.



ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپىسى پاتەمخان ئامېرىكىغا 1999-يىلى 2-قېتىم كەلگەندە ئۆينىڭ ئالدىدا چۈشكەن رەسىم. رەسىمدىكىسى ئەركىن سىدىقنىڭ تويوتا 4 رۇننېر ماركىلىق ماشىنىسى بولۇپ، ھازىرمۇ شۇ ماشىنىنى ھەيدەيدۇ.



سان فرانسىسكو شەھىرىنىڭ يىراقتىن تارتىلغان بىر كۆرۈنۈشى. بۇ رەسىم 2003-يىلى 10-ئاينىڭ 25-كۈنى ئامانگۈلنىڭ ھەدىسى گۈلباھار خانىم (ئوتتۇرىدىكى كىشى) ئامېرىكىغا تۇققان يوقلاش ئۈچۈن كەلگەندە تارتىلغان.

## 13. ئامېرىكا يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلىرىدىكى خىزمەت

بىز ئەسلىدە بۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈملەرنىمۇ ئالدىنقى بۆلۈملەرگە ئوخشاش بىر ئاز تەپسىلىيرەك يېزىپ تەييارلاشنى ئويلىغان ئىدۇق. بىراق، ئەركىن سىدىقنىڭ چەت ئەلدىكى ئوقۇش ۋە خىزمىتىگە ئائىت بولغان ئوقۇرمەنلەر بىر قەدەر قىزىقىدىغان نۇرغۇن مەلۇماتلار ئەركىن سىدىقنىڭ بىلىۋال تور بېتى بىلەن ئۆتكۈزگەن يازما سۆھبىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلىماسلىقنى مۇۋاپىق كۆردۇق. قىزىققۇچىلار بىلىۋال، بوستان ۋە بىلىك تور بەتلىرىدىن سۆھبەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى كۆرۈۋالسا بولىدۇ، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈملەر نىسبەتەن قىسقا بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت چوڭ-چوڭ ۋەقەلەرلا خۇلاسىلەندى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى، ھەمدە توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

### (1) CVI لازېر نۇرى شىركىتى (CVI Laser Corporation)

ئەركىن سىدىق شىمالىي كالىفورنىيىدىكى «Livermore» دېگەن شەھەرگە جايلاشقان ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا پوست-دوكتورلۇق قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بۇ دۆلەت تەجرىبىخانىسى ئىدارىسىنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە يول قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پروجەكت (تەتقىقات) گۇرۇپپىسى ئاچىدىغان ھەپتىلىك تەتقىقات يىغىنىنى مۇشۇ ئىدارىگە 10 كىلومېتىردەك كېلىدىغان «CVI لازېر نۇرى شىركىتى» (ئىنگلىزچە « CVI Laser Corporation، www.cvilaser.com») دېگەن شىركەتتە ئاچتى. بۇ شىركەتنىڭ باش ئىدارىسى يېڭى مېكسىكا (New Mexico) شتاتىدا بولۇپ، شىمالىي كالىفورنىيەدىكىسى ئۇنىڭ بىر تارماق شىركىتى ئىدى. بۇ تارماق شىركەتنىڭ باشلىقى، پۈتۈن شىركەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئالېكس ( Alex Jacobson) ئەسلىدە كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېركلېي (Berkeley) شۆبىسىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئۇستازى Rick Trebino بىلەن ئالېكس ئىككىسى ئوقۇغۇچى دەۋرىدىن تارتىپلا تونۇش ئىدى. ئالېكس يەھۇدىي مىللىتىدىن بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇمۇ ئىنتايىن

تالانتلىق ۋە ئەقىللىق كىشى بولۇپ، ئوپتىكا ۋە ئوپتىكىلىق مېخانىكا ساھەسىدە ئىنتايىن يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. CVI نىڭ پۈتۈن ئوپتىكىلىق مېخانىكا مەھسۇلاتلىرىنى ئۇ ئۆزى لايىھەلەپ چىقارغان ئىدى. ئالېكسىنىڭ ئىقتىدارىغا بەك ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، رىك ئەپەندى ئۆزلىرى ياساپ چىقارماقچى بولغان ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى ئوزون قەۋىتىنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان بىر «Lidar» ئۈسكۈنىنىڭ ئوپتىكىلىق ۋە مېخانىكىلىق زاپچاسلىرىنى ياساپ چىقىش ئىشىنى ئاشۇ ئالېكسكە بەرگەن ئىدى.

ئالېكسكە ئەركىن سىدىق بەك ياراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ CVI نىڭ باش شىركىتى بىلەن قايتا-قايتا مۇزاكىرىلىشىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ساندىئادىكى پوست-دوكتورلۇق ئىشى تاماملانغاندا، ئۇنى CVI غا خىزمەتكە ئالدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1996-يىلى 9-ئاينىڭ 26-كۈنى ئەركىن سىدىق CVI دا ئالى دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى (ئىنگلىزچە « Senior Optical Engineer») بولۇپ خىزمەت باشلىدى. دەسلەپتە ئۇ لازېر نۇرى ئۈسكۈنىلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ئوپتىكىلىق زاپچاسلارنى لايىھەلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئالتە ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ شىركەتنىڭ لازېر نۇرى زاپچاسلىرىنى چىقىرىدىغان بۆلۈمىگە باشلىق بولۇپ، ئىنژېنېرلىق بىلەن بۇ خىزمەتنى تەڭ ئىشلىدى. بۇنداق زاپچاسلارنى چىقىرىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىسمى «ھەقىقىي بوشلۇق چەمبىرى» بولۇپ، ئىنگلىزچە «Vacuum Chamber» دەپ ئاتايدۇ. CVI نىڭ شىمالىي كالىفورنىيەدىكى تارماق شىركىتىدە بۇنداق ئۈسكۈنىدىن جەمئىي ئۈچى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرسى ھەر 2 سائەتتە بىر نەچچە مىڭ دوللاردىن 10 مىڭ دوللارغىچە قىممەتتىكى ئوپتىكا زاپچاسلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. بىر ئۈسكۈنىنىڭ ھەر بىرسىنى بىر تېخنىك باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغاچقا، تېخنىكتىن ئىنتايىن يۇقىرى ئىقتىدار تەلەپ قىلىدۇ. ئەركىن سىدىق بۇ ئۈسكۈنىنى باشقۇرۇشنى ئۆزى پۇختا ئۆگىنىپ، يېڭىدىن ئىشقا ئېلىنغان تېخنىكلارنى تەربىيىلەش ئىشىنى ئۆزى ئېلىپ باردى. بىر قېتىم ئۇ ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن يېڭى تېخنىكتىن 3 كىشىنى ئىشقا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى بۇ ئۈسكۈنىنى باشقۇرۇش ماھارىتىنى زادىلا ئۆگىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 كىشىنى 3 ھەپتىدىن كېيىن ئىشتىن بوشاتتى. كىتابلارغا يېزىلىشىچە، مۇشۇنداق

ئۇسكۇنىدە ئىشلەپ چىقارغان ئوپتىكىلىق زاپچاسنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسىدىكى دۇنيا رېكورتى 2 پىرسەنت بولۇپ، ئەركىن سىدىق مۇشۇنداق تەكشىلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇستىدە بىر مەزگىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسىنى 0.5 پىرسەنتكە يەتكۈزدى. بۇ ئىشنىڭ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە زور پايدىسى بولۇپ، CVI دا چوڭ تەسىر قوزغىدى. مۇشۇ بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە ئالېكس ئەركىن سىدىقنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچراپ، ئۇيغۇرلارغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇيغۇرلارغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن، چوشقا گۆشى يېيىشنىمۇ توختاتتى. مۇشۇ مەزگىلدە ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا پۈتتۈرۈپ، كېيىن ئامېرىكىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان دوستى ئادىل ئاتاۋۇللانىمۇ CVI غا ئوپتىكا ئىنژېنېرى قىلىپ ئىشقا ئېلىپ، ئىككىسى بۇ شىركەتتە بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بىرگە ئىشلىدى. ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماقتا بۇ ئىككىسى ئۇيغۇرچە مۇڭداشتى. ئىش ئارىلىقىدىمۇ ئەركىن سىدىق ئادىلنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىر قانچە مىنۇت پاراڭلىشىپ كېلەتتى. ئەركىن سىدىق ئۈچۈن بۇ بىر مەزگىل CVI دىكى ئەڭ ياخشى ئۆتكەن ۋاقىتلار بولدى.

CVI ۋە ئامېرىكىدىكى باشقا بىر قىسىم شىركەتلەر ئىشلەپ چىقىرىدىغان، ئىنتايىن قىسقا ئوپتىكا پۇلسى (ئىنگلىزچە « ultra-short optical pulse» ) ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بەزى زاپچاسلار بار بولۇپ، شىركەتلەر ئۇنى ئىشلەپ چىقارغان بىلەن، ئۇنىڭ ئۆلچەمگە يەتكەن-يەتمىگەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقىدىغان ئاپپارات يوق ئىدى. شۇڭا ئالېكس ئەركىن سىدىققا ئىنگلىزچە «White light interferometer» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوپتىكىلىق ئۆلچەش ئاپپاراتىنى لايىھەلەپ ئىشلەپ چىقىشنى تاپشۇردى. ئەركىن سىدىق CVI نىڭ ئىچىدە بىر ئېلېكترو-ئوپتىكىلىق تەجرىبىخانا قۇرۇپ، ئۇ ئاپپاراتنى ئۆزى لايىھەلەپ، ئۇنىڭ ئوپتىكا، ئېلېكترونىكا، مېخانىكا ۋە يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى لايىھەلەپ، ئەڭ ئاخىرقى ئاپپاراتنىمۇ ئۆزى ياساپ چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق ئاپپاراتتىن دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىكى تەجرىبىخانىلاردا پەقەت ئۈچىلا بار ئىدى. كالىفورنىيىدىكى «Coherent» دېگەن چوڭ كۆلەملىك ئوپتىكا شىركىتى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ئاپپاراتتىن ھەر بىرسىنى 15 مىڭ دوللاردىن ئۈچ دانە سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئالېكس ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى. بىرىنچىدىن، بۇ

ئاپپاراتنى باشقۇرۇش بەك قىيىن بولۇپ، سېتىلىپ بولغان ئاپپاراتنىڭ كېيىنكى تېخنىكىلىق ياردەم ئىشلىرىنى قىلىدىغانغا CVI نىڭ ئادەم كۈچى يوق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، Coherent بۇ ئاپپاراتنى سېتىۋالسا، ئۇلار CVI ۋە باشقا شىركەتلەر ئىشلەپ چىقارغان زاپچاسلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالاتتى. بۇ CVI ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى.

CVI بىر مەزگىل دۇنياغا مەشۇر بولغان، كومپيۇتېر CPU سىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان «Intel» دېگەن شىركەتكە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ھەقىقىي بوشلۇق چەمبىرى» ئوسكۇنىسىنىڭ كىچىك تىپتىكىسىنى ئىشلەپ چىقىرىپ ساتتى. Intel بۇ ئوسكۇنىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق چىقىپ قالغان CPU سىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. بۇ ئوسكۇنىگە ئىشلىتىدىغان ئىنگلىزچە «Lock-in Amplifier» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېلېكترونلۇق ئاپپارات بار بولۇپ، بۇرۇن CVI ئۇ ئاپپاراتنى باشقا بىر شىركەتتىن بىرسىنى 3 مىڭ دوللارغا سېتىپ ئالاتتى. ئۇنىڭ ھەجمى چوڭ ۋە باھاسى يۇقىرى بولغاچقا، ئالېكس ئەركىن سىدىققا مۇشۇنداق ئاپپاراتتىن ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان قىلىپ بىرنى لايىھىلەپ ياساپ چىقىشنى تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق UCD دىن بىر كىتابنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئەكېلىپ، شۇ كىتابتىكى بىلىملەرگە ئاساسەن بۇنداق ئاپپاراتتىن بىرنى ئۆزى لايىھىلەپ، ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ئۇ بۇ شىركەتلەردىن سېتىپ ئېلىپ تەييارلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا 100 ـ 200 دوللار چىقىم بىلەن بۇ ئاپپاراتنىڭ بىر سىناق نۇسخىسىنى ياساپ چىقتى. لېكىن، Intel شىركىتى CVI دىن يېڭى ئوسكۇنە ئېلىشنى توختىتىش سەۋەبى بىلەن، بۇ ئېلېكترونلۇق ئاپپارات ئەمەلىي ئىشلارغا ئىشلىتىلمىدى.

ئەركىن سىدىق CVI غا يېڭى ئىشقا چۈشكەندە، ئۇنىڭ ئائىلىسى تېخىچە داۋىس دېگەن شەھەردە بولۇپ، ئىككى يەرنىڭ ئارىلىقى 100 كىلومېتىر كېلەتتى. ھەر كۈنى بۇنداق ئۇزۇن ئارىلىقنى بېسىپ ئىشقا كېلىپ-كېتىش بەك قىيىن بولغاچقا، ئەركىن سىدىق Livermore غا يېقىن يەنە بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقان ئادىل ئاتاۋۇللا، نۇر ۋە غەيرەت سابىت قاتارلىق 3 ئۇيغۇر ياشلىرىغا قوشۇلۇپ، بىر ياتاقتا تۇرۇپ تۇردى. بۇ ياتاققا كېيىنچە پولات ئۆمەر ئىسىملىك يەنە بىر ياش كېلىپ قوشۇلدى. ئەركىن سىدىق ئۆيىگە ھەر جۈمە كۈنى كەچتە قايتىپ كېتىپ، كېيىنكى دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە قايتىپ كەلدى. بۇ مەزگىلدىكى ياتاق تۇرمۇشى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

ياتاقتىكىلەر ئاخشىمى ئوخشىمىغان ۋاقىتتا قايتىپ كېلىپ، ھەر خىل تاماقلارنى ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، تاماقنى تەرتىپسىز ھالدا كۆپ يەۋېلىپ، ئەركىن سىدىقمۇ بىر قانچە ئاينىڭ ئىچىدە باشقىچىلا سەمرىپ، قورساق سېلىپ كەتكەن ئىدى. مۇشۇنداق تۇرمۇشنى 6 ئايدىن كۆپرەك ئۆتكۈزۈپ، 1997 ـ يىلى ئامانگۈل ساكرامېنتودىكى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر ئىلمي ماگىستىرلىقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەركىن سىدىقنىڭ شىركىتىگە 25 كىلومېتىر كېلىدىغان « San Ramon» دېگەن شەھەردىن بىر ئۆي سېتىۋېلىپ، ئۆيىنى شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلدى. ئەركىن سىدىق كېيىنچە بىرەر يىل ۋاقىت تىرىشىپ، ئۆز بەدىنىنى ئاران ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى.

CVI دىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خىزمەتلەر ئەركىن سىدىق ئۈچۈن ناھايىتى قىزىقارلىق تۇيۇلغان ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ مائاشىمۇ ئىككى يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە شىركەتكە يېڭى كىرگەن ۋاقتىتكىگە قارىغاندا 45 پىرسەنت ئۆستۈرۈپ بېرىلگەن ئىدى. لېكىن، 1999 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، CVI دا ئەركىن سىدىققا چۈشلۇق قىزىقارلىق ۋە يۇقىرى تالانت بىلەن يۇقىرى ئىقتىدار تەلەپ قىلىدىغان يېڭى ئىشلار ئانچە كۆپ قالمىدى. ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇ شىركەتتە نېمە ئىش بولسا، شۇنى قىلىپ تۇردى. بەزى كۈنلىرى تېلېفوندا خېرىدارلار بىلەن سۆزلىشىپ، شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغانلاردىن بىرەرسى ئاغرىپ قالسا، شۇلارنىڭ ئورنىدا خېرىدارلارغا ئوپتىكا زاپچاسلىرىنى سېتىش ئىشلىرىنىمۇ قىلىپ باقتى. بىر قېتىم شىركەتنىڭ مېخانىكىلىق ئوپتىكا زاپچاسلىرىغا شىركەت ئىسمى بىلەن زاپچاس ماركىسىنى يازىدىغان قىممەت باھالىق لازېر نۇرلۇق ئۈسكۈنە بۇزۇلۇپ قالغاندا، ئەركىن سىدىق ئۇنى چۇۋۇپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىر ئېلېكترونلۇق زاپچىسى كۆيۈپ كەتكىنىنى بايقاپ، ئۇ زاپچاسنى سېتىپ ئەكەلدۈرۈپ، بۇ ئۈسكۈنىنى رېمونت قىلىپ ساقايتتى. بۇ ئىش ئالېكسنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. لېكىن، ئەركىن سىدىق ئۆز ئۆمرىنىڭ قالغان قىسمىنى مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشنى خالىمايتتى.

1999 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئەركىن سىدىق باشقا 2 كىشى بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان بىر شىركەتنىڭ ئىشى بىلەن (بۇ شىركەت توغرىسىدا مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئايرىم توختىلىمىز)، جەنۇبىي كالىفورنىيەدىكى بىر چوڭ تەجرىبىخانىغا بىر ھەپتىلىك خىزمەتكە بارىدىغان بولدى. ئۇ يەرگە مېڭىشتىن

بۇرۇن ئەركىن سىدىق ئىنتېرنېت ئارقىلىق باشقا خىزمەت ئىزدەشكە باشلىغان بولۇپ، جەنۇبىي كالىفورنىيىدىكى يېڭى قۇرۇلغان بىر شىركەتتە ئۆزىگە لايىق بىر خىزمەت بارلىقىنى بايقىدى. ھەمدە ئۇلار بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئەركىن سىدىق بىلەن بىر قېتىم يۈز تۇرانە كۆرۈشىدىغان بولدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشنى يۇقىرىقى بىر ھەپتىلىك ئىش بىلەن ئوخشاش ۋاقىتقا توغرىلىدى. ھەمدە شۇ قېتىم بۇ يېڭى شىركەت بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار ئەركىن سىدىقنى ئىشقا ئېلىشنى قارار قىلدى. ئەركىن سىدىق شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنى ئالېكسىكە ئۆز خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدىغان خەتنى تاپشۇردى (ئامېرىكىنىڭ شىركەتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملاردىن ئۆز خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدىغاندا 2 ھەپتە بۇرۇن ئىلتىماس قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ). ئالېكسىمۇ بۇ ۋاقىتلاردا CVI نىڭ ئەركىن سىدىققا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ ئىلتىماسىغا ئازراقمۇ خاپا بولمىدى. ئەركىن سىدىق 12-ئاينىڭ ئاخىرغىچە CVI دا تۇرۇپ، يېڭى يىلدىن باشلاپ ھېلىقى يېڭى شىركەتكە ئىشقا چۈشىدىغان بولدى.

**(2) كالارمەكس تېخنولوگىيە شىركىتى ( ColorMax Technology (Incorporated**

ئەركىن سىدىق 2000-يىلى يېڭى يىل بايرىمىنى ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ، 1- ئاينىڭ 2-كۈنى تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئۆزىنىڭ تويوتا 4 رۇنېر ماركىلىق ماشىنىسىغا قاچىلاپ، جەنۇبىي كالىفورنىيىگە قاراپ يول ئالدى. بۇ ئەركىن سىدىقنىڭ ياپونىيىگە بارغان ۋە ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەن ۋاقتىتىن كېيىنكى ئۆز ئۆيىدىن يەنە بىر قېتىم، يەنى 3-قېتىم ئايرىلىشى ئىدى. ئۇ بىر ئامېرىكىلىقنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى ئېيىغا 450 دوللار تۆلەيدىغانغا ئىجارىگە ئالدى. دەسلەپتە ئۇ يەرگە ئۆزى يالغۇز بېرىپ، يېرىم يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇ يەردىن ئۆي ئېلىپ، ئائىلىنى يۆتكەپ كېتىشنى پىلانلىدى. ئۇ يەرنىڭ ھازىرقى ئۆيى بىلەن بولغان ئارىلىقى 600 كىلومېتىر كېلەتتى. ئۇ يولدا يالغۇز كېتىۋېتىپ، ماشىنىدا ئۇيغۇرچە ناخشا CD سى ئاڭلاپ ماڭدى. ناخشىلارنىڭ ئارىسىدىن «تۇمانلىق كېچە» دېگەن ناخشا چىققاندا، ئەركىن سىدىقنىڭ كۆڭلى بىراقلا بۇزۇلۇپ، كۆزىدىن ياش ئېقىپ كەتتى. ئەركىن سىدىق بۇ چاغدا ئۆزىنى خۇددى ئۇيغۇر

يېزىسىدىكى ياز كۈنلىرى ھاشارغا ماڭغان دېھقانلاردەكلا ھېس قىلدى. ئامېرىكىدىكى رىقابەتنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە ئۆزىنىڭ كەسپتە ئىمكان قەدەر ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىش غايىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئۇ يېشى 42 گە يېتەي دېگەندە يەنە ئۆيىدىن ئايرىلىپ، يالغۇز ياشايدىغان مۇشۇنداق بىر يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

ئەركىن سىدىقنى قوبۇل قىلغان شىركەتنىڭ ئىسمى كالارمەكس (ئىنگلىزچە «ColorMax») بولۇپ، قۇرۇلغىلى تېخى 6 ئايدەك ۋاقىت بولغان ئىدى. ئۇ جەنۇبىي كالىفورنىيىدىكى دىسنېي باغچىسى بار شەھەرگە 30 كىلومېتىردەك كېلىدىغان «Tustin» دېگەن شەھەرگە جايلاشقان ئىدى. ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ ئىچىدە 8 پىرسەنت ئەرلەر بىلەن 3 پىرسەنت ئاياللار رەڭ كۆرمەيدىغان (رەڭ قارىغۇسى) بولۇپ، بۇ شىركەتنىڭ ئىشلەپ چىقارماقچى بولغىنى ئاشۇنداق كىشىلەرنى رەڭ كۆرىدىغان قىلالايدىغان بىر خىل كۆزەينەك ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر يېقىن تۇغقىنىمۇ رەڭ كۆرمەس (رەڭ قارىغۇسى) بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ناھايىتى يۇقىرى نومۇر ئالغانلىقىغا قارىماي ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەن ئىدى. بۇنداق كۆزەينەكنىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «ھەقىقىي بوشلۇق چەمبىرى» ئىچىدە ئىشلەپ چىقىراتتى. بۇ بىر يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۈسكۈنە بولۇپ، ئەركىن سىدىق CVI دا 3 يىل ئىشلەش جەريانىدا بۇ تېخنىكىدا تولۇق يېتىشكەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. كالارمەكس ئەينى ۋاقىتتا ئەركىن سىدىقنى ئىشقا ئېلىپ بولۇپ، ئۇ تېخى رەسمىي ئىشقا چۈشمىگەن ۋاقىتتا ئامېرىكىدىكى بىر «ئىگىلىك خەۋىرى» دە ئەركىن سىدىق توغرىسىدا بىر مەخسۇس خەۋەر تارقاتقان بولۇپ، ئۇ خەۋەرنى ھازىرمۇ تۆۋەندىكى تور بېتىدىن كۆرۈشكە بولىدىكەن:

http://www.findarticles.com/p/articles/mi_m0EIN/is_1999_Nov_18/ai_57619597

ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ شىركەتتىكى خىزمەت مەنسىپى «تەتقىقات، تەرەققىيات ۋە ئىشلەپچىقىرىش دىرېكتورى» بولۇپ، شىركەت بويىچە بۇنداق تېخنىكىنى ۋە ئوپتىكا ئىلمىنى بىلىدىغانلاردىن ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىم يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ يالغۇز ناھايىتى زېرىكىشلىك ھېس قىلىپلا قالماي، پۈتۈن شىركەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقىمۇ ئۆز زىممىسىدە بولغاچقا، داۋاملىق ئىنتايىن ئېغىر بېسىم ھېس قىلاتتى. بۇ شىركەت مائاشتىن

باشقا، ئەركىن سىدىققا شىركەتنىڭ پاي چېكىدىنمۇ يەنە خېلى كۆپ مىقداردا بەرگەن بولۇپ، ئەگەر بۇ شىركەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا، ئەركىن سىدىق 5 يىلغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە مىليونېر بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. مانا مۇشۇنداق قىلىدىغان ئىشىمۇ يېڭى ۋە ئىقتىسادىي كىرىمىمۇ ياخشى بولغاچقا، ئەركىن سىدىق شىمالىي كالىفورنىيەدىن جەنۇبىي كالىفورنىيەدىكى بۇ شىركەتكە يۆتكىلىپ كېلىشكە رازى بولغان ئىدى.

ئەركىن سىدىق ئىشقا چۈشىدىغانغا بىرەر ئاي ۋاقىت قالغاندا، بۇ شىركەتنى ئامېرىكىنىڭ بىر مەملىكەتلىك چوڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پۈتۈن مەملىكەتكە بىر قېتىم تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەتنىڭ تېخى ئىشلەپ چىقارمىغان مەھسۇلاتىغا نۇرغۇن كۆز دوختۇرخانىلىرى ۋە شەخسىيلەر ئۆچىرەت بولۇپ كەتتى. بۇ شىركەتتە مەھسۇلاتنى ساتىدىغان خادىملاردىن 6 ـ 7 نەپىرى بار بولۇپ، ئەركىن سىدىق شىركەتكە كېلىپلا، ئۇلارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە توختىماي ئۆزلىرىگە تېلېفون قىلغان خېرىدارلارغا «كۆزەينەك چىقىدىغانغا يەنە بىر ـ ئىككى ئايلا ۋاقىت قالدى. شۇڭا سەل ساقلاپ تۇرۇڭ» دەپ چۈشەندۈرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ شىركەتتە ئىش باشلاپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ نيۇ ـ يورك شتاتىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بىر شىركەتتىن ھەقىقىي بوشلۇق چەمبىرىدىن بىرنى سېتىۋېلىش ئىشىغا قاتناشتى. ئۇنى يۆتكەپ كېلىشكە بىر قانچە ھەپتە كېتىدىغان بولغاچقا، ۋاقىتنى زايە قىلماسلىق ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق نيۇ ـ يوركتا تۇرۇپلا ھېلىقى ئۈسكۈنىنى سىناق قىلىشقا باشلىدى. ئۇنى 3 ھەپتىدىن كېيىن يۆتكەپ كېلىپ، ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە دەرھال قاتتىق ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى سائەت 6 بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاخشىمى سائەت 10 غىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا مۇشۇ كۆزەينەكلەرنى تېزرەك ئىشلەپ چىقىرىشتىن ئىبارەت بىرلا خىيال ئورناپ كەتكەن ئىدى. ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۇ شىركەت بىلەن ھەر 2 ئايدا ئۆيىگە بىر قېتىم قايتىپ، بىر ھەپتە ئۆيىدە تۇرۇپ ئىشلەپ بېرىپ ئاندىن قايتىپ كېلىشنى كېلىشىۋالغان ئىدى. شۇڭا بۇ ئارىلىقتا ئۆيىگىمۇ قايتمىدى. پەقەت كېيىنكى 2 قېتىملىق ئۆيىگە بېرىپ كېلىشنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ قويدى.

ئىنسانلارنىڭ رەڭ كۆرمەيدىغان كۆزىنىڭ 8 خىل تۈرى بار بولۇپ، ئۇلارغا 8 خىل ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتتىكى كۆز ئەينەكنى ئىشلەپ چىقىرىشقا توغرا

كېلەتتى. بۇ شىركەتنى قۇرغان كىشى بىر كورىيەلىك سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىي پەندىن ھېچ قانداق خەۋىرى يوق ئىدى. لېكىن ئىگىلىك يارىتىش ئىشلىرىغا ماھىر بولغاچقا، كورىيەلىكلەردىن 10 مىليون دوللاردەك پۇل يىغىپ، مۇشۇ شىركەتنى قۇرغان ئىكەن. بۇ كىشى دەسلەپتە ئەركىن سىدىققا خېلى تۈزۈكتەك كۆرۈنگەن بولۇپ، كېيىن بۇ يەردە بىر ئايدىن ئارتۇق ئىشلىگەندىن كېيىن قارىسا، ئۇ كىشى ئىنتايىن ئەسكى مىجەزلىك ئادەم ئىكەن. يۇقىرىقى 8 خىل كۆزەينەكنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن، ھەقىقىي بوشلۇق چەمبىرىدىكى پۈتۈن ھاۋانى تولۇق شۈمۈرۈپ چىقىرىۋېتىپ («ھەقىقىي بوشلۇق» دېگەننىڭ مەنىسى ئەنە شۇ)، ئۇنى 300 گرادۇسقىچە قىزىتىپ، ئاندىن 2 ـ 3 خىل قاتتىق ماتېرىيالنى ئېلېكترون ئېقىمى بىلەن سوقىدۇ. بۇ سوقۇلۇشتىن ھېلىقى ماتېرىياللار پارچىلىنىپ، ئۇنىڭدىكى مولېكۇلىلار ۋە ئاتوملار ئاجراپ چىقىپ، ھەقىقىي بوشلۇقتا ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ يۈرۈش جەريانىدا كۆزەينەكنىڭ ئەينىكىگە قونىدۇ. ئەينەك ناھايىتى قىزىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مولېكۇلىلار ۋە ئاتوملارنىڭ بىر قىسمى ئاشۇ ئەينەككە چاپلىشىپ تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنداق ماتېرىيالنىڭ قېلىنلىقىنى 1ـ2 نانومېتىرگىچە كونترول قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاشۇ ماتېرىيالنىڭ تەسىرى بىلەن كۆز ئەينەك بىر قىسىم رەڭدىكى نۇرنى ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر قىسىم رەڭنى ئۆتكۈزمەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇنى تاقىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كىرىدىغان نۇرنىڭ رەڭگىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ بېرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر شۇنىڭ بىلەن رەڭلىك نەرسىلەرنى ئەينەن كۆرەلەيدىغان بولىدۇ. ئەركىن سىدىق كومپيۇتېردا ھېسابلاپ كۆرۈپ، ھېلىقى 8 خىل كۆزەينەكنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن كەم دېگەندە 6 خىل ماتېرىيال ئىشلەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى تېپىپ چىقتى. لېكىن شىركەتنىڭ ھېلىقى كورىيەلىك باشلىقى پەقەت 2 خىل ماتېرىيالدىن باشقىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. ئەركىن سىدىق قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرسىمۇ ۋە مۇنازىرىلەشسىمۇ ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ جاھىللىقىدا چىڭ تۇرۇۋالدى. نەتىجىدە پەقەت 4 خىل كۆزەينەك نورمال چىقىپ، قالغان 4 خىلى يازدىلا تەلەپكە لايىق چىقمىدى. بۇ شىركەتتىكى ھېچ قانداق ئادەم بۇ كۆزەينەكلەرنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەركىن سىدىق قايتا ـ قايتا سۈرۈشتە قىلىپمۇ ئۇ كۆرسەتكۈچلەرگە ئېرىشەلمىدى. ھېلىقى كورىيەلىك باشلىقنىڭ قىزى ئىقتىساد كەسپىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ شىركەتنىڭ بارلىق ئىقتىسادىغا مەسئۇل

مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ قويۇلغان ئىكەن. ئۇ قىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھېچ ئىش قىلماي، ئۆز ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ كورېيەچە گېزىت ئوقۇيدىكەن. ئامېرىكىدا بىر شىركەتتىكى بىر يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىم ئۆزىنىڭ تېخنىكىلىق دائىرىسىدە خۇددى بىر پادىشاھقا ئوخشايدۇ. پۈتۈن تېخنىكىلىق قارارلارنى ئۆزى چىقىرىدۇ. ياخشى - يامان نەتىجىلەرگىمۇ ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ شىركەتتە دۇچ كەلگىنى بىر ئىنتايىن نورمالسىز، ئىلمىسىز ئەھۋال بولۇپ، بۇنداق ئىشنى ئامېرىكىغا كەلگەندىن بۇيان زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ بىر قانچە ھەپتە كۈنىگە 16 سائەتتىن ئىشلەپ بېقىپمۇ، ھېلىقى 4 خىل كۆزەينەكنى ئىشلەپ چىقىرىشتا ھېچ قانداق ئىلگىرىلەش پەيدا قىلالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت 2 خىل ماتېرىياللار بىلەن ئۇلارنى ئىشلەپ چىقىرىشقا ھېچ قانداق كۆزى يەتمەي، «مەن خاتا يەرگە كېلىپ قاپتىمەن» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇ شىركەتكە كېلىپ ئەمدى 2 ئاي توشقان كۈنى خىزمەتتىن ئىستېپا بەردى. ئۇ ياتىقىغا بېرىپ، نەرسە كېرەكلىرىنى 2 سائەت ئىچىدە يىغىشتۇرۇپ ماشىنىسىغا قاچىلاپ، شىمالىي كالىفورنىيىدىكى ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئەركىن سىدىق بۇ شىركەتتىن چىقىپ كېتىپ 3 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئاتا-قىز ئىككى كورېيەلىك بۇ شىركەتنىڭ مەبلىغىگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، كالارمەكسكە مەبلەغ سالغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلىقى خەۋەر قىلىندى. ئۇنىڭدىن 6 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇ شىركەت پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، تاقىلىپ كەتتى. ھازىر بۇ شىركەتنىڭ ھېچ قانداق ئىز-دېرىكى يوق. (ئەركىن سىدىق ئىشلىگەن شىركەتنىڭ تولۇق ئىسمى «ColorMax Technology Incorporated» بولۇپ، ئۇ ھازىر مەۋجۇت ئەمەس. ئامېرىكىدا ھازىرمۇ «ColorMax» سۆزى بىلەن باشلىنىدىغان باشقا شىركەتلەردىن بىر قانچىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپ چىقىرىدىغىنى رەڭ كۆرمەيدىغانلارنىڭ (رەڭ قارىغۇلىرىنىڭ) كۆز ئەينىكى ئەمەس.)

شۇنداق قىلىپ ئەركىن سىدىق بۇ قېتىم خىزمەت يۆتكىلىپ، ئەسلىدە ئويلىغىنىدەك مىليونېر بولالمىدى. رەڭ كۆرەلمەيدىغانلار (رەڭ قارىغۇلىرى) ئىشلىتىدىغان كۆز ئەينەكنىمۇ ئىشلەپ چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سىنىقى ئۆزىنىڭ CVI دىكى خىزمىتىدىن ئايرىلىش بىلەن 2 قېتىملىق ئايروپىلان يول كىراسى ۋە بىر ئايلىق ياتاققا ئالدىن تۆلىگەن ئۆي ئىجارىسى پۇللىرىدىن قۇرۇق قېلىش بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەركىن سىدىق ئۈچۈن ئىشنى

يەنە يېڭى باشتىن باشلاشقا توغرا كەلدى.

**(3) WaveSplitter تېخنولوگىيە شىركىتى (WaveSplitter Technology Inc)**

ئەركىن سىدىق جەنۇبىي كالىفورنىيەدىن قايتىپ كېلىپ، بىر كۈنىمۇ ئىسراپ قىلماي، يەنە خىزمەت ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئۆپتىكا ساھەسىدىكى شىركەتلەرگە يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىم تېپىپ بېرىدىغان بىر شىركەت بىلەن ئالاقىلەشتى. بۇنداق ئورۇنلار ئامېرىكىدا «خىزمەت تېپىپ بېرىش شىركىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار باشقا شىركەتلەرنىڭ ئادەم ئېلىش ئېلانلىرىنى يىغىپ، ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن خىزمەت ئىزدەۋاتقان كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان خىزمەتلەر بولۇپ قالسا، خىزمەت ئىزدىگۈچىنى خىزمەتكە ئالغۇچى شىركەتكە تونۇشتۇرىدۇ. ئەگەر بىر شىركەت بىر ئادەمنى ئاشۇنداق يول بىلەن ئىشقا ئېلىپ قالسا، بۇ خىزمەت تېپىپ بېرىش شىركىتىگە ئادەم ئالغان شىركەت مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىدۇ. كالىفورنىيىنىڭ سىلىكون جىلغىسىدا (بۇ ئاتالغۇ ئېلىمىزدە كىرىمنىي جىلغىسى دېگەن نام بىلەن ئومۇملاشقان — مۇھەررىردىن) بۇنداق شىركەتكە بېرىلىدىغان پۇل ئىشقا ئېلىنغان ئادەمنىڭ بىر يىللىق مائاشىنىڭ 15 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ. يەنى ئەگەر ئىشقا ئېلىنغان ئادەمنىڭ يىللىق مائاشى 100 مىڭ دوللار بولسا، بۇ ئىش تېپىپ بېرىش شىركىتىدىكىلەرگە ئىشقا ئالغۇچى شىركەت 15 مىڭ دوللار ئەتراپىدا پۇل بېرىدۇ. ئىش ئىزدىگۈچىگە ھېچ قانداق چىقىم بولمايدۇ.

ئەركىن سىدىق ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى خىزمەت تېپىپ بېرىدىغان شىركەتنىڭ ياردىمىدە جەمئىي 3 شىركەتنى ئۆزىگە لايىق تېپىپ، شۇلارغا ئىلتىماس قىلدى. ئارىلىقتىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەركىن سىدىقنى كۆرۈشۈشكە چاقىردى. ھەر بىر شىركەتتە پۈتۈن بىر كۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن، بۇ 3 شىركەتنىڭ ھەممىسى ئەركىن سىدىقنى خىزمەتكە ئالىدىغان بولدى. ئەركىن سىدىق «KLA Tencor» دېگەن شىركەتنىڭ مائاشىنى، قىلىدىغان ئىشىنى ۋە تۇرغۇنلۇقىنى ياخشى كۆردى. بۇ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چوڭ تېپلىق ئۈسكۈنىلەرنى ياساپ چىقىرىدىغان بىر چوڭ شىركەت بولۇپ، يىللىق سودىسى

4 مىليارد دوللاردىن ئاشاتتى. («WaveSplitter Technology» (www.wavesplitter.com دېگەن شىركەت قۇرۇلغىلى تېخى 2 يىلدەك بولغان، نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان ئوپتىكا زاپچاسلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان بىر يېڭى شىركەت بولۇپ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشمۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شىركەتنىڭ پاي-چېكى تېخى بازارغا سېلىنمىغان بولغاچقا، ئەگەر ئۇ ئوبدان مېڭىپ قالسا، شىركەتتىن بېرىدىغان پاي - چەك ئارقىلىق قىسقا ۋاقىتتا نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق WaveSplitter دېگەن شىركەتنى تاللىدى. ھەمدە 2000-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى بۇ شىركەتكە ئىشقا چۈشتى.

بۇ شىركەت كالىفورنىيەدىكى دۇنياغا داڭلىق بولغان سىلىكون جىلغىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە 40 كىلومېتىر كېلىدىغان «Fremont» دېگەن شەھەرگە جايلاشقان ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ شىركەتتىكى خىزمەت مەنسىپى دەسلەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى بولدى. ئارىلىقتىن بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندە شىركەت ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك نۇرلۇق-تالا ئوپتىكا تېخنولوگىيىسىگە مەسئۇل ئىنژېنېرلار باشلىقىغا ئۆستۈردى. بۇنى ئىنگلىزچە « Engineering manager, Advanced fiber-optic technology» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ۋاقىتقىچە ئەركىن سىدىقنىڭ مائاشىمۇ شىركەتكە يېڭى كەلگەن ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا 25 پىرسەنت ئۆستۈرۈلدى.

بۇ شىركەت ئىشلەپ چىقىرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئىنگلىزچە «Interleaver» دەپ ئاتىلىدىغان بىر زاپچاس بار بولۇپ، ئەركىن سىدىق بۇ شىركەتكە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئاشۇ مەھسۇلاتنى تەتقىق ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشتى. بۇ زاپچاس نۇرلۇق تالادىكى ئۇچۇر كانىلىنىڭ سانىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىش (مەسىلەن، 20 كانالنى 40 كانالغا، 40 كانالنى 80 كانالغا كۆپەيتىش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەركىن سىدىق دەسلەپكى 3 - 4 ئاي ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ زاپچاسنىڭ تېخنىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ تېپىپ چىقتى. ھەمدە ئۇنى ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىشلارنى ئەركىن سىدىقتىن بۇرۇن كەلگەن باشقا ئىنژېنېرلار قىلالمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق بۇ زاپچاسنىڭ تېخنىكا

جەھەتتىكى باش مۇتەخەسسىسكە ئايلاندى. پۈتۈن شىركەت ئەركىن سىدىق تۈزۈپ چىققان قوللانمىنى ئىشلىتىدىغان، ئەركىن سىدىق ئويلاپ چىققان تېخنىكىلىق ئاتالغۇلارنى قوللىنىدىغان بولدى. بىر قېتىملىق خەلقئارالىق چوڭ تاللاشتا، WaveSplitter نىڭ بۇ مەھسۇلاتى پۈتۈن دۇنيا بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ ATT شىركىتى، ياپونىيىنىڭ NEC شىركىتى، ۋە گېرمانىيىنىڭ Siemens شىركىتى قاتارلىق خەلقئارالىق چوڭ كۆلەملىك شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىدە WaveSplitter نىڭ ئاشۇ زاپچىسىنى ئىشلىتىدىغان بولدى.

ئۇزۇن يوللۇق نۇرلۇق-تالا خەۋەرلىشىشىدە، نۇرلۇق تالادا ھەر خىل ئۇچۇرلارنى ئېلىپ مېڭىۋاتقان نۇرنى ھەر 100 كىلومېتىر ئارىلىقتا بىر قېتىم لازېر نۇرى ئارقىلىق كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر لازېر نۇرىنىڭ قۇۋۋىتى بەك يۇقىرى بولمىغاچقا، بىر ئورۇندا بىر قانچە لازېر نۇرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ لازېر نۇرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولغاچقا، ئۇلارنى بىر - بىرىگە قوشۇش ئۈچۈن بىر خىل ئالاھىدە زاپچاس ئىشلىتىلىدۇ. WaveSplitter بىر خىل ئالاھىدە نۇرلۇق تالادىن ياسىلىدىغان مۇشۇ زاپچاسنى ئىشلەپ چىقىرىشنى قارار قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئەركىن سىدىققا بەردى. ئەركىن سىدىق دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار ئېنژېنېرلاردىن 4 كىشى ۋە باشقا ئىنژېنېر بىلەن تېخنىكلاردىن يەنە 5 كىشىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، بۇ پروجەكتنى (تەتقىقاتنى) باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا دۇنيادا WaveSplitterبىلەن مۇشۇ زاپچاسنى ئىشلەپ چىقىرىشتا رىقابەتلىشىدىغان شىركەتلەردىن يەنە بىر قانچىسى بار ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ گۇرۇپپىسى باشقىلارنىڭ ئىلمي ماقالىلىرى ۋە نۇرغۇن پاتېنتلىرىنى ئوقۇپ، شۇ ئارقىلىق تېخنىكىلىق ئۆتكەللەردىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئاشۇ ئارىلىقتا ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ CVI دىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئالېكس ئۈچۈن يول مېڭىپ، ئۇنىمۇ WaveSplitter گە خىزمەتكە ئالدۇرغان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئوپتىكا ئېنژېنېرلىكىنىڭ باشلىقى بولغاندا، ئالېكسمۇ ئوپتىكىلىق مېخانىكىنىڭ باشلىقى بولدى. ئەركىن سىدىق ھازىر قىلىۋاتقان بۇ پروجەكتنىڭ ھەممە مېخانىكىلىق ئىشلىرىغا ئالېكس مەسئۇل بولدى. ئالېكسنىڭ ۋە ئەركىن سىدىقنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى يەنە بىر دوكتورنىڭ ئۆيلىرى ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە 10 كىلومېتىر

كېلىدىغان يەردە بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئاندىن بۇ 3 كىشى بىر ماشىنىدا ئىشقا بېرىپ كەلدى. يولدا ماشىنا بەك كۆپ، يول قىستا ـ قىستاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ 40 كىلومېتىر يولنى بېسىشقا 40 مىنۇتتىن بىر يېرىم سائەتكىچە ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ۋاقىتتا تېخنىكىلىق مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئاشۇ ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ھەل قىلدى. ۋاقىت بەك قىس بولغاچقا، بۇ مەھسۇلاتنى تېزرەك چىقىرىش ئۈچۈن ئەركىن سىدىق مۇشۇ ئارىلىقتا نۇرغۇن شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرىنىمۇ شىركەتتە ئۆتكۈزدى. ھەمدە بۇ پروجەكتنى باشلاپ بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بىر شەنبە كۈنى ئەركىن سىدىق يەنە بىر تېخنىك ئايال بىلەن بىرلىكتە تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچى دۇنيادىكى باشقا بارلىق شىركەتلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان مەھسۇلاتتىن بىرنى ياساپ چىقتى. ئاشۇ پەيتتە ئەركىن سىدىق خۇشاللىق ۋە ھاياجانلىقتا چۆمۈپ سەكرەپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە بۇ شىركەت ھېلىقى مەھسۇلاتنى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىشقا تەييار بولغاندا، خەلقئارالىق نۇرلۇق ـ تالا خەۋەرلىشىش سانائىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇ خىل مەھسۇلاتقا بولغان ئېھتىياج بىراقلا يوقاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن WaveSplitter بۇ مەھسۇلاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىر مىليون دوللاردىن ئارتۇق پۇل خەجلىگەن بولسىمۇ، ئاخىرى بۇ مەھسۇلاتتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئوپتىكىلىق خەۋەرلىشىش ساھەسىدە نۇر دولقۇنى ئۆتكۈزگۈچ ئاساسىدا ياسىلىدىغان ھەر خىل ئوپتىكا زاپچاسلىرى كىشىلەرنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. بۇ خىل زاپچاسلار ئىنگلىزچە «( Planar Lightwave Circuits (PLC» دەپ ئاتىلىدۇ. نۇرلۇق تالانىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى نۇر ماڭىدىغان قىسمىنىڭ توملۇقى 9 مىكرومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ پوستى 125 مىكرومېتىر كېلىدۇ (ئىنسانلارنىڭ چېچىنىڭ توملۇقى 17 مىكرومېتىردىن 180 مىكرومېتىرغىچە كېلىدۇ). PLC نۇر يولىنىڭ كەڭلىكى بولسا ئاران 4 مىكرومېتىرلا كېلىدىغان بولۇپ، بىر يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تاختىينىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن ئوپتىكىلىق زاپچاسلارنى ياسىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن WaveSplitter مۇ ئاشۇ ساھەگە كىرىشنى قارار قىلىپ، 6 دوكتوردىن بىر ئوپتىكىلىق لايىھەلەش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەركىن سىدىقنى مەسئۇل قىلدى. ئەركىن سىدىق بۇ بىر يېڭى ساھەگىمۇ ئىنتايىن تېزلا

كىرىشىپ، 2 ـ 3 ئايدىن كېيىنلا يېڭى زاپچاسلارنى لايىھىلەپ چىقتى. شىركەت 10 مىليون دوللارلىق PLC ياساش ئۈسكۈنىلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، ياپونىيىنىڭ NEC شىركىتى بىلەن بىرلىكتە بۇ خىل زاپچاسلارنى ئىشلەپ چىقارماقچى بولدى. بۇ جەرياندا ئەركىن سىدىق پۈتۈن شىركەتنىڭ ئوپتىكا تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئەڭ نوپۇزلۇق خادىملىق رولىنى ئوينىدى. ئوپتىكا زاپچاسلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپلا قالماي، شىركەت ئۈچۈن يېڭى تېخنولوگىيىلەرنى باھالاپ بېرىش، ۋە شىركەتنىڭ پاتېنت ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاپ بېرىش ئىشلىرىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلىدى. ئۇ 2001 ـ ۋە 2002 ـ يىللىرى ياپونىيىنىڭ NEC، Hitachi ۋە Fujitsu شىركەتلىرىگە كۆپ قېتىم بېرىپ، WaveSplitter گە ۋاكالىتەن تېخنىكىلىق سۆھبەتلەشكۈچى رولىنى ئوينىدى. گېرمانىيىنىڭ Siemens شىركىتىگىمۇ بىر قېتىم باردى. ئەركىن سىدىق ياپونغا بارغاندا، ئۇنىڭ ياپون تىلىنى بىلگىنى شىركەت ئۈچۈن كۆپ پايدا قىلدى. ئۇ ياپونىيىدىكى شىركەتلەردە ئىلمىي دوكلات بەرگەندە، ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ياپونلۇقلار ئىنتايىن ھەيران قالدى. يەنى، ئەركىن سىدىق PLC زاپچاسلىرىنىڭ زاۋۇتتا ئىشلەپ چىقىرىشتىن باشقا لايىھىلەشتىن ئەڭ ئاخىرقى ئۆلچەپ سىناق قىلىشقۇچە بولغان بارلىق جەريانلىرىنى ئۆزى بىۋاستە قىلالايتتى. بىر قېتىم ئۇ Fujitsu شىركىتى بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، ئۇ شىركەتنىڭ بىر باشلىقى ئۇنى ئايرىم چاقىرىپ، «بىزنىڭ شىركەتكە يۆتكىلىپ كېلىشنى خالامسەن؟» دەپ سورىغان ئىدى. PLC تېخنىكىسى جەھەتتە WaveSplitter نىڭ ئەڭ چوڭ رىقابەتچىسى ياپونىنىڭ NEL شىركىتى بولۇپ، ئوپتىكىلىق زاپچاسلارنى لايىھىلەش جەھەتتە ئەركىن سىدىق يالغۇز بىر ئادەم NEL نىڭ بىر گۇرۇپپا ئادەملىرى بىلەن رىقابەتلىشەتتى. NEL بىر ئالاھىدە شىركەت بولۇپ، ئۇلار كونكرېت مەھسۇلاتنى ئانچە كۆپ ئىشلەپ چىقارمايدۇ. ئۇلارنىڭ 500 نەپەردەك ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېرلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى يېڭى تېخنىكا بايقاپ ياكى كەشىپ قىلىپ، ئۇلارنى پاتېنت قىلدۇرۇپ، ئاندىن باشقا شىركەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ پاتېنتلىرىنى سېتىش ئارقىلىق پۇل تېپىشتىن ئىبارەت.

ئالېكستىن باشقا، ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ ئادىل ئاتاۋۇللا بىلەن پولات ئۆمەر قاتارلىق ۋەتەنداشلىرىنىمۇ ئىشقا ئالدۇرغان بولۇپ، بىر مەزگىل WaveSplitter ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ يۇقىرى تېخنىكىلىق

شىركەتكە ئايلانغان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئۇلاردىن باشقىلارنىمۇ ئىشقا ئالالايدىغان بولسىمۇ، سان فرانسىسكو رايونىدا تەبىئىي پەندە ئوقۇغان باشقا ئۇيغۇرلار قالمىغان ئىدى.

2002-يىلىنىڭ ئاخىرى دۇنيا نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش سانائىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. يېڭى تېخنىكىغا چۈشىدىغان ئېھتىياج توغرىسىدىكى بۇرۇنقى مۆلچەرلەرنىڭ ھەممىسى خاتا بولۇپ چىقىپ، ئەسلىدە ئىشلەپ چىقارماقچى بولغان يېڭى تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى زور دەرىجىدە قىسقارتىشقا توغرا كەلدى. WaveSplitter 2001-يىلى 11-ئايدىكى بىر شەنبە كۈنىلا ئىنگلىزچە «Open House» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ، بىر كۈندىلا 30 كىشىنى خىزمەتكە ئالغان بولسا، 2002-يىلى 3-ئايغا كەلگەندە شىركەتتىن بىر كۈندىلا بىراقلا 100 دەك كىشىنى قىسقارتتى. بۇ چاغدا ئالېكسىنىڭ بۇ شىركەتكە كەلگىنىگە ئاران 6 ئايدەك ۋاقىت بولغان بولۇپ، ئۇنىمۇ شۇ قاتاردا ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. ھەممە كىشىلەر ئۆزلىرىنى خۇددى دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىر پاراخوتنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ، بىر تەرەپتىن باشقا ئىش ئىزدەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىن چىقىرىلىش نۆۋىتىنىڭ ئۆزىگە قاچان كېلىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ يۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىركەتتە يەنە بىر قانچە قېتىم ئادەم قىسقارتىش بولدى. بۇ قېتىمقى نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش سانائىتىنىڭ ئارقىغا چېكىنىش دولقۇنى دۇنيا مىقياسىدىكى بىر ھادىسە بولغاچقا، ئوپتىكا ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار ئۈچۈن يېڭى ئىش تېپىشمۇ بىراقلا تەس بولۇپ كەتتى. 2002-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، WaveSplitter دىكى 10 نەچچە ئوپتىكا ئىنژېنېرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشتىن بوشىتىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرلىرىدىن يالغۇز ئەركىن سىدىقلا قالدى. شىركەت ئۆزىنىڭ ئىنژېنېرلىق ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تەيۋەنگە يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئۈسكۈنىلىرىنى ئەرزان پۇلغا سېتىۋەتتى. شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ بىر شىركىتى WaveSplitter نىڭ بىر مىليون دوللارلىق ئۈسكۈنىلىرىنى 200 مىڭ دوللارغا سېتىۋالغان ئىدى. 2003-يىلى 3-ئايغا كەلگەندە، WaveSplitter ئەركىن سىدىقتىن تەيۋەنگە يۆتكىلىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى، ئەگەر تەيۋەنگە بېرىشقا قوشۇلسا، ئۇنىڭغا شىركەتنىڭ بىر پىرسەنتىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەركىن سىدىق «تەيۋەنگە بېرىشتىن كۆرە، يۇرتۇمغا قايتقىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلاپ، بۇ ئىشنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر دۈشەنبە كۈنى

شىركەتنىڭ باشلىقى كېلىپ، «ئەركىن، مۇشۇ ھەپتە سىنىڭ WaveSplitter دىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەپتەڭ بولىدۇ. خەۋەر تېپىپ قال» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئەركىن سىدىقنىڭ ئىشلىگىلى 3 يىلدىن ئاشقان بۇ خىزمىتى ئاخىرلاشتى. بۇ 3 يىل ئەركىن سىدىق ئۈچۈن «ئامېرىكىنىڭ ئامېرىكىسى» دەپ ئاتىلىدىغان سىلىكون جىلغىسىدىكى ئەڭ قاينام-تاشقىنلىقتا تولغان بىر يۇقىرى تېخنىكا شىركىتىدە ئەڭ قىزىقارلىق، ئەڭ ھاياجانلىنارلىق ۋە ئەڭ پەخىرلىنەرلىك ھاياتىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن 3 يىل بولدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئەركىن سىدىقنى خىزمەتكە ئالغان KLA-Tencor دېگەن شىركەت ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىلىكى ھازىرمۇ ناھايىتى ياخشى مېڭىۋاتىدۇ. ئەركىن سىدىقنى ئىشقا ئالغان 3- شىركەتنى 2002- يىلى باشقا بىر چوڭ شىركەت سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئەركىن سىدىققا ئېنىق ئەمەس. ئاشۇ قېتىم نۇرلۇق تالا سانائىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن كالىفورنىيىگە بولغان زىيان بىر تىرىليون دوللاردىن ئاشىدۇ. WaveSplitter مۇ ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 5 يىل ۋاقىت ئىچىدە باشقىلار مەبلەغ سالغان 125 مىليون دوللاردىن ئارتۇق پۇلنى خەجلەپ تۈگەتتى.

**(4) مىكرو-ئېقىم سىستېمىسى شىركىتى (MicroFluidic Systems Inc, MFSI)**

Wave Splitter دىكى خىزمىتى توختاپ قالغاندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق يەنە يېڭى خىزمەت ئىزدەشنى باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇپتىكا ئىنژېنېرلىرى ئۈچۈن خىزمەت تېپىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، Wave Splitter شىركىتى 2 يىلنىڭ ئالدىدا ئىشتىن بوشاتقان ئامېرىكىلىق ئېنژېنېرلاردىن تېخىچە خىزمەت ئىزدەپ يۈرگەنلەرمۇ بار ئىدى. بەزى خەنزۇ ئىنژېنېرلار جۇڭگوغا قايتىپ كەتكەن ئىدى. ئەركىن سىدىق Wave Splitter دىكى ئىشىدىن بوشاپ 3 ھەپتىدىن كېيىن، ئۆيىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان «Pleasanton» دېگەن شەھەردىكى «مىكرو-ئېقىم سىستېمىسى شىركىتى» (www.mfsi.biz, MFSI) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شىركەتتىن خىزمەت تاپتى. بۇ شىركەتتە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بارلاردىن 3 كىشى بار بولۇپ، بىرسىنىڭ كەسپى بىئولوگىيە، بىرسىنىڭ خىمىيە، يەنە بىرسىنىڭ مېخانىكا ئىدى. بىئولوگىيە كەسپىدىكى كىشى ئامېرىكىدا خېلى داڭلىق بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ ئامېرىكا مىكرو - ئېقىم ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇلاردىن باشقا ماگىستىرلىق ھەم باكلاۋۇر ئۇنۋانى بارلاردىن يەنە 4 كىشى بار بولۇپ، ئەركىن

سىدىق بۇ شىركەتكە 8 ـ خادىم بولۇپ كىردى.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ شىركەت ئامېرىكىنىڭ فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى (ئىنگلىزچە «Federal Bureau of Investigation, FBI») دىن بىر يېرىم مىليون دوللار پۇلغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ پۇل ئارقىلىق ھاۋادىكى خىمىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك قوراللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈسكۈنىسىدىن بىرنى لايىھىلەپ ياساپ چىقماقچى ئىكەن. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە بۇ ئۈسكۈنىنى ئىراق ئۇرۇشىدىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ، ئەگەر ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا، ئۇنى ئىراق ئۇرۇشىغا ئاپىرىپ ئىشلىتىش ئىكەن. بۇنداق ئۈسكۈنە ئالدى بىلەن ھاۋادىكى ھەر خىل زەررىچىلەرنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى DNA لارنى ئايرىپ چىقىپ، بىر خىل خىمىيىلىك رېئاكسىيە ئارقىلىق بۇ DNA نى كۆچەيتىپ، بۇ كۆچەيتىلگەن DNA غا ئوخشىمىغان رەڭدىكى نۇرنى چۈشۈرۈپ، مۇشۇ نۇرنىڭ قوزغىتىشى بىلەن DNA دىن چىقىدىغان باشقا يېڭى رەڭدىكى نۇرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن بۇ DNA نىڭ قانداق DNA ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدىكەن. ئەركىن سىدىقنىڭ ۋەزىپىسى بۇ ئۈسكۈنىنىڭ ئوپتىكىلىق قىسمىنى لايىھىلەپ ياساپ چىقىش ئىدى. ئەركىن سىدىق ئۈچۈن بۇ بىر يېڭى ئىش بولۇپ، ئۇ بۇنىڭغا ئىنتايىن قىزىقتى. لېكىن، بۇ شىركەتتە ئوپتىكىنى بىلىدىغانلاردىن ئەركىن سىدىقتىن باشقا ھېچ كىم بولمىغاچقا، شىركەتتىكى ھايات بىر ئاز زېرىكىشلىك بولدى. ئەركىن سىدىق بۇ شىركەتتە 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىش باشلاپ، 8 ـ ئايغا بارغاندا ئوپتىكىلىق ئاپپاراتتىن بىرنى ياساپ چىقتى. پەقەت ئوپتىكىلىق ئانالىزنىلا قىلىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەجمى چوڭ ۋە باشقا ئىقتىدارلىرى مۇۋاپىق بولمىغاچقا ئۇلارنى بۇ ئۈسكۈنىگە بىۋاسىتە ئىشلەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا بۇ شىركەت ئوپتىكىلىق ئاپپاراتنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ياساپ چىقىشنى قارار قىلغان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئاپپاراتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى تەجرىبە ئارقىلىق سىناق قىلىپ، چىققان نەتىجىلەرنى باشقا ئاپپاراتتا ئېلىپ بارغان سىناق نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇردى. نەتىجىدە ئەركىن سىدىق ياسىغان ئاپپاراتنىڭ نەتىجىسى باشقا ئاپپاراتنىڭكىدىنمۇ ياخشىراق چىقىپ، شىركەت باشلىقلىرى ئەركىن سىدىقتىن ئىنتايىن رازى بولدى. لېكىن، بۇ ئۈسكۈنىنىڭ مىكرو ـ ئېقىم مېخانىكىلىق قىسمىدا چوڭ مەسىلە بار بولۇپ، شىركەت ئۇنى زادىلا ھەل قىلالمىدى. ئۆزلىرى لايىھىلەپ، 600 مىڭ دوللار پۇل بىلەن باشقا بىر شىركەتكە ياساتقان

مىكرومېتىر چوڭلۇقتىكى سۇيۇقلۇق تۇرۇبىسى بار بىر ئەينەك قۇرۇلما مۇۋاپىق ئىشلىمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئۇسكۇنىنى FBI غا تاپشۇرۇش ۋاقتى 12 ـ ئاي بولغاچقا، ۋاقىتنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇلار بۇ ئۇسكۇنىدىن بىرنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. مۇشۇ پەيتكە كەلگەندە، ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ بۇ شىركەتتە ئۇزۇن تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شىركەت باشلىقى بىر ئاق تەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. ئۇ كىشى ئامېرىكىنىڭ مەملىكەتلىك ئىلىم - پەن فوندى جەمئىيىتى (ئىنگلىزچە «National Science Foundation, NSF») نىڭ بىئولوگىيىگە ئاجرىتىلغان پۇلنى تەقسىم قىلىشقا بىۋاسىتە قاتنىشىدىغان كىشى بولغاچقا، ھەر يىلى ئۆز شىركىتىگە پۇل ھەل قىلىشتا ئاساسەن مەسىلە يوق ئىكەن. شۇڭا بۇ MFSI دېگەن شىركەت ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ، ئۆتكەن يىلى (يەنى 2006 ـ يىلى) تېخى بىر چوڭراق بىناغا كۆچۈپتۇ. لېكىن، ئۆز ئۆمرىنى ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشنى ئىستەيدىغان بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى ياساپ چىققان مەھسۇلاتى نورمال ئىشلىمەيدىغان بىر شىركەتتە ئۆتكۈزۈش بىر خىل ئىسراپچىلىق ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق يەنە دەرھال خىزمەت ئىزدەشكە باشلىدى. كىچىك شىركەتلەردىن بىر قانچىسىدە ئىشلەپ تويغان ئەركىن سىدىق بۇ قېتىم بىر قانچە چوڭ شىركەتلەردىن خىزمەت ئىزدەپ بېقىشنى قارار قىلدى. ھەمدە شۇ چوڭ شىركەتلەرنىڭ قاتارىدا JPL نىڭ تور بېتىگىمۇ كىرىپ، ئۇلار ئېلان قىلغان ئادەم ئېلىش ئۇقتۇرۇشلىرىغىمۇ تەپسىلىي قاراپ چىقتى. ھەمدە ئۆزىنىڭ شەرتى تولۇق توشىدىغان خىزمەتلەردىن بىر قانچىنى بايقىدى. ئەركىن سىدىق ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىلتىماسىنى JPL گە ماڭدۇرۇپ، ئارىلىقتىن 2 ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، JPL ئۇنى خىزمەتكە ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرتتى. ئەركىن سىدىق جەنۇبىي كالىفورنىيىدىكى JPL غا بېرىپ، بىر كۈن ئىلمىي دوكلات بېرىش ۋە كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇنىڭ بىلەن 5 گۇرۇپپا باشلىقى ۋە بىر چوڭ باشقارما (JPL نىڭ مەمۇرىي قۇرۇلمىسى ئىنگلىزچە «Directorate, Section, Group» دېگەنلەرگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، بۇ يەردىكى باشقارما دېگەن سۆز «Section» گە قارىتىلدى) باشلىقى بىلەن بىر سائەتتىن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى ئەركىن سىدىق تەييارلاپ ماڭدۇرۇپ بەرگەن خىزمەت تارىخى (ئىنگلىزچە «Resume») بويىچە ئەركىن سىدىقتىن كومپيۇتېر ئارقىلىق ئوپتىكىلىق زاپچاس لايىھىلەش،

ئوپتىكىلىق سىستېما ئىقتىدارىنى ئىنقىلاپ چىقىش، ئوپتىكىلىق سىستېما ۋە ئاپپارات لايىھىلەش، ئۇلارنى تەجرىبىخانىدا ئىشلىتىش، ياساپ چىقىش ۋە سىناق قىلىش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا نۇرغۇن كەسپىي سوئاللارنى سورىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەركىن سىدىققا «سېنىڭ هازىرغىچە قىلغان ئىشلىرىڭ بەك كەڭ دائىرىلىك ۋە تەسىرلىك ئىكەن» دېدى. بۇ كۆرۈشۈش ئاخىرلىشىپ، ئارىلىقتىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، JPL دىن ئەركىن سىدىققا خىزمەتكە ئېلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى كەلدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشتىن سۆز بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خۇشال بولدى. 2003-يىلى 12-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۇ MFSI غا خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىش خېتىنى تاپشۇرۇپ، 2004-يىلى 1-ئايدىن باشلاپ JPL دا خىزمەتكە چۈشتى.

### (5) يېڭى شىركەت قۇرۇش

ئەركىن سىدىق 30 ياشقا كىرگەندە ئامېرىكىغا كېلىپ، 37 ياشقا كىرگەندە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. رەسمىي خىزمەتنى 38 ياشتىن ئاشقاندا ئاندىن باشلىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۆمرىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتى 25 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان ۋاقىت بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا سەل كېچىككەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى بىر يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەت قۇرۇپ بېقىشنى ئىزچىل تۈردە ئارزۇ قىلىپ كەلدى.

1996-يىلى يازدا، ئۆزىنىڭ پوست-دوكتورلۇق ئۇستازى Rick Trebino نىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئەركىن سىدىق يېشى 50 تىن ئاشقان، سىلىكون جىلغىسىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەپ، ئۆز ئالدىغا بىر قانچە شىركەت قۇرۇپ باققان كىشىلەردىن ئىككىسى بىلەن تونۇشتى. ھەممە بۇ 3 كىشى بىلەن بىرلىشىپ، شۇ يىلى 7-ئايدا بىر يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەت قۇردى. شىركەتنىڭ ئىسمىنى «Rick Trebino Telelase» دەپ قويۇپ بەردى. شىركەتنىڭ پىلانى، خەۋەرلىشىش نۇرىنى نۇرلۇق تالادا ماگدۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ھاۋا بوشلۇقى ئارقىلىق ماگدۇرۇپ، بىر بىنا بىلەن يەنە بىر بىنانى يۇقىرى سۈرئەتلىك خەۋەرلىشىش لىنيىسى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئوپتىكىلىق خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسى لايىھىلەپ چىقىپ، ئاندىن خۇسۇسىي مەبلەغچىلەرنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق شىركەتكە مەبلەغ توپلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق مەھسۇلاتنى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىش ئىدى. ئۇلارنىڭ

ئىچىدىكى بىر كىشى شىركەتنىڭ رەئىسى، يەنە بىر كىشى سودىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ئەركىن سىدىق تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ئەركىن سىدىق شىركەتتىكى بىردىنبىر تېخنىكىلىق خادىم بولغاچقا، ئاخشىمى، شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە بايرام كۈنلىرىمۇ دەم ئالماي، ئاشۇ شىركەتنىڭ مەھسۇلاتىنى لايىھىلەپ چىقىش بىلەن شۇغۇللاندى. CVI غا ئىشقا كىرىپ، باشقا 4 نەپەر ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن بىر ياتاقتا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلاردىمۇ، ئاخشىمى قالغانلارنىڭ ھەممىسى ياتاقتا تېلېۋىزور كۆرسە، ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە سولىنىۋېلىپ، كارىۋات ئۈستىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. مۇشۇنداق ئىشلەش ئارقىلىق ئوپتىكىلىق سىستېمىدىن بىرنى لايىھىلەپ چىقىپ، ئۇنىڭغا دەسلەپكى پاتېنت ئېلىش ئۈچۈن ئۆز لايىھىسىنى بىر پاتېنت ئورگىنىغا يوللىدى. شىركەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئەركىن سىدىق SMNP بىلەن «Windows Programming» قاتارلىق بەزى يۇمشاق دېتاللارنىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ چىقتى. 1997-يىلى يازدا بۇ 3 كىشى بىر تەپسىلىي «ئىگىلىك پىلانى» نى تۈزۈپ، ئۇنىڭغا سىستېما لايىھىسىنى قوشۇپ، سىلىكون جىلغىسى ئەتراپىدىكى بىر قىسىم خۇسۇسىي مەبلەغچىلەر ۋە بەزى چوڭ شىركەتلەرنىڭ ئالدىغا مەبلەغ سوراپ بېرىشقا باشلىدى. دەل ئاشۇ چاغدا، ئامېرىكىنىڭ غايەت زور خەلقئارالىق شىركىتىنىڭ بىرسى بولغان «Lucent Technology» شىركىتى ۋاشىنگتون شتاتىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان، Telelase نىڭكى بىلەن ئوخشاش ئۈسكۈنىنى چىقارماقچى بولغان «Terabeam» ئىسىملىك بىر شىركەتكە 500 مىليون دوللار پۇلنى مەبلەغ سېلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن Telelase نىڭ يولى پۈتۈنلەي ئېتىلىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ Telelase نىڭ رەئىسى بىلەن ئەركىن سىدىق ئۆز شىركىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەي، ئۇنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شىركەتنىڭ رەئىسى بۇ شىركەت ئۈچۈن پۈتۈن كۈن ئىشلەپ، باشقىلار ياساپ چىقارغان خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسىنى سېتىش بىلەن ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغۇدەك پۇل تېپىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئەركىن سىدىق 2004-يىلى جەنۇبىي كالىفورنىيىگە يۆتكىلىپ كېلىدىغاندا بۇ شىركەتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. بۇ شىركەت ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئەركىن سىدىق ھازىرمۇ ئاشۇ شىركەتنىڭ ئاساسلىق پاي-چەك ئىگىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

2001-يىلى 3-ئايدا، ئەركىن سىدىق «Wave Splitter» دېگەن

شىركەتتە ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، جەنۇبىي كالىفورنىيىدىكى 5 كۆنلۈك بىر خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشتى. شۇ جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن ئوپتىكا شىركەتلىرىنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىغان بىر چوڭ كۆلەملىك ئوپتىكا كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا، «زەينەپ ھاكىم ئوغلى» ئىسىملىك بىر تۈرك ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ ئايال ئەسلىدە كانادادىكى «ئۆمەر» ئىسىملىك بىر تۈرك ئادەم قۇرغان «ئۆز ئوپتىكس» (ئىنگلىزچە «Oz Optics») دېگەن شىركەتنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ئەركىن سىدىق بىلەن بىر سائەتتەك پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ شىركىتىگە كېلىپ ئىشلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەركىن سىدىق ئۇ چاغدا خىزمەت ئالماشتۇرۇشنى قىلچىمۇ ئويلاشمىغان بولغاچقا، بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. شۇ يىلى يازدا، زەينەپ خانىم ئەركىن سىدىقنى يەنە قايتا ئىزدىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئەركىن سىدىقنى ئۆز ئوپتىكسقا ئىشلەپ بېرىشكە ئەمەس، بىرلىكتە ئۆز ئالدىغا بىر ئايرىم شىركەت قۇرۇشقا ئىزدىگەن ئىدى. ئۇزۇن يوللۇق نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىشىدە، ئوپتىكىلىق سىگنال 500 كىلومېتىردەك ئارىلىققا نۇرلۇق تالا ئارقىلىق ماڭغاندا، سىگنال سۈپىتىدە بۇزۇلۇش بولىدۇ. زەينەپنىڭ شىركەت قۇرۇپ ئىشلەپ چىقارماقچى بولغىنى مانا مۇشۇنداق بۇزۇلغان سىگنالنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانغا ئىشلىتىدىغان ئوپتىكىلىق ئاپپارات ياساپ چىقىش ئىدى. زەينەپنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش بولۇپ، ياسىماقچى بولغان ئاپپاراتنىڭ بارلىق ئوپتىكا تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا ئەركىن سىدىقنى مەسئۇل قىلماقچى ئىدى. ئەركىن سىدىق بۇ شىركەت ئۈچۈن ھازىرقى خىزمىتىنى ساقلاپ قالغان ھالدا قوشۇمچە ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. بۇ ئىككىسىدىن باشقا زەينەپ خانىم يەنە يۇمشاق دېتال قىلىدىغان ئادەمدىن بىرنى ۋە ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەمدىنمۇ بىرنى تاپقان ئىدى. بۇ 4 كىشى بىرلىكتە بىر «ئىگىلىك پىلانى» تۈزۈپ چىقتى. ئەركىن سىدىق بىر قانچە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىسا، بۇ خىل ئاپپاراتنى لايىھىلەپ چىقالايتتى. لېكىن، زەينەپ بەك ئالدىراپ كېتىپ، ئوپتىكىلىق لايىھىنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا، «ئىگىلىك پىلانى» غا «بىزدە بۇ خىل ئاپپاراتنى ئىشلەپ چىقىرىشتا باشقا ھېچ كەمدە يوق تېخنىكا بار» دېگەندەك سۆزلەرنى كىرگۈزدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل

ئىگىلىك پىلانى بىلەن پۇل مەبلەغ سالغۇچىلارنى قايىل قىلىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، زەينەپنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن بۇ 4 كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك پىلانىنى كۆتۈرۈپ، 4 ـ 5 مەبلەغ سالغۇچى شەخسىلەر ۋە چوڭ شىركەتلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئەركىن سىدىق يالغان گەپ قىلالمايدىغان بولغاچقا، مەبلەغ سالغۇچىلارغا بېرىلىدىغان دوكلاتنىڭ تېخنىكىلىق قىسمىنى ئۆزى بېرىشكە قوشۇلمىدى. دەل ئەركىن سىدىق پەرەز قىلغاندەك، مەبلەغ سالغۇچىلار بۇ 4 كىشىنى بىر دەمدىلا سوئالدا تۇتۇۋالدى. ھەممە ئۇلارنى «بىزنى قايىل قىلغۇدەك نەرسىنى تەييارلىغاندىن كېيىن قايتا كېلىڭلار»، دەپ يولغا سالدى. بۇ ۋاقىتلار 2001-يىلىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە نۇرلۇق ـ تالا خەۋەرلىشىش سانائىتىدە تۆۋەنگە چۈشۈشكە قاراپ مېڭىش باشلانغان بولۇپ، ھېچ كىم بۇ سانائەتكە مەبلەغ سالمايدىغان بولۇپ قالدى (زەينەپ خانىمنىڭ تېزرەك پۇل ئېلىۋېلىشقا ئالدىرىشىدىكى بىر سەۋەب مۇشۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى). شۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەتنىڭ ئىشى توختاپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زەينەپ خانىم ئۆز خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، سىلىكون جىلغىسىدىكى باشقا بىر ئوپتىكا شىركىتىگە يۆتكەلدى. لېكىن، ئۆز ئوپتىكس شىركىتىنىڭ باشلىقى ئۆمەر كېيىن بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ، زەينەپنىڭ ئۈستىدىن «بىزنىڭ شىركەتنىڭ تېخنىكىسىنى ئوغرىلىغان» دېگەن باھانە بىلەن ئەرز قىلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ چاغدا ئۆز ئوپتىكس شىركىتىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئۇنداق ئاپپارات ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا ھېچ قانداق تېخنىكىسى يوق ئىدى. مۇشۇ قانۇنىي جېدەل جەريانىدا، زەينەپ خانىم ئەركىن سىدىقنى 2 قېتىم سان فرانسىسكو شەھىرىگە ئىسپاتلىققا چاقىرتتى. ئەركىن سىدىق Wave Splitter شىركىتىنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، ئىككى كۈن ۋاقىتنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلدى. زەينەپ خانىم بىلەن ئۆمەر ئەپەندىنىڭ بۇ جېدىلى ئەڭ ئاخىرى قانداق بولغىنى ئەركىن سىدىققا ئېنىق ئەمەس. ئىشقىلىپ ئەركىن سىدىق بۇ ئىشتا ھېچ پايدا كۆرمەي، بىر قىسىم «يېڭى ئىشلار» نى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

2000-يىلى 3-ئايدا ئەركىن سىدىق يېڭى خىزمەت ئىزدىگەندە، «KLA-Tencor» دېگەن شىركەتتىن ئۇنى ئىشقا ئالغىنى شىركەتنىڭ بارلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «Mehrdad Nikoonahad» ئىدى. بۇ كىشى ئەسلى ئىرانلىق بولۇپ،

دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئەنگلىيىنىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېلىپ، كېيىن ئامېرىكىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىدى. يېشى ئەركىن سىدىقنىڭكى بىلەن باراۋەر كېلەتتى. ئەركىن سىدىقنى خىزمەتكە ئېلىش ئۈچۈن يۈز كۆرۈشكەندە، ئۇ ھەر خىل تېخنىكىلىق سوئاللارنى سوراپ، ئەركىن سىدىقنىڭ جاۋابىغا ئىنتايىن قايىل بولۇپ، ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. كېيىن ئەركىن سىدىق ئۇ بەرگەن خىزمەتنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا ئەركىن سىدىق بىلەن دوست بولۇپ قالغان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئۇنىڭدىن كېيىن تېخى مېھرداد بىلەن ئالېكسنى بىر قېتىم ئۆز ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرغان ئىدى. 2002-يىلى يازدا، مېھرداد ئەركىن سىدىقنى ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ بىر شىركەت قۇرۇش پىلانىنى، ھەمدە ئەركىن سىدىقنىڭ ئاشۇ يېڭى شىركەت قۇرۇش ئىشىغا قاتنىشىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئۆزىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مېھرداد ئۆز ئالدىغا ئايرىم شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن بۇرۇنقى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ **KLA** دا ئىشلەش جەريانىدا ئالغان 50 دىن ئارتۇق پاتېنتى بار بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان مىليونېر بولۇپ بولغان ئىدى. لېكىن ئۇ پۇلغا بەك چىڭ بولۇپ، 1-قېتىم ئەركىن سىدىقنى يېڭى شىركەت قۇرۇش ئىشى بىلەن خېلى يىراق جايدىكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەرگە چاقىرتىپ، چۈشلۈك تاماقنى بىرگە يېگەندە، ئەركىن سىدىقنىڭ تاماق پۇلىنى ئۆزىگە تۆلەتكۈزگەن ئىدى (بۇنداق ئىش ئامېرىكىدا بەك ئاز ئۇچرايدۇ). مېھردادنىڭ كەسپى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ساھەسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرلۇق-تالا خەۋەرلىشىش تېخنىكىلىرىدىن ئانچە خەۋىرى يوق ئىدى. مېھردادنىڭ يېڭى شىركەت قۇرۇپ ياساپ چىقارماقچى بولغىنى ئۇزۇن يوللۇق نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش لىنىيىسىگە ئىشلىتىدىغان بىر زاپچاس ئىدى. بۇنداق لىنىيە بىر يۇقىرى سۈرئەتلىك ماشىنا يولىغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر شەھەرگە بارغاندا، بۇنداق لىنىيىدىن بىر خەۋەرلىشىش كانىلىنى ئايرىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خۇددى تېز سۈرئەتلىك يولنىڭ چىقىش ئېغىزىغا ئوخشايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا يېڭى بىر خەۋەرلىشىش كانىلىنى قوشۇشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. بۇ خۇددى تېز سۈرئەتلىك يولنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئوخشايدۇ. مېھردادنىڭ ئىشلەپ چىقارماقچى بولغىنى مانا مۇشۇ ئىشنى قىلىدىغان زاپچاس ئىدى. ئەركىن سىدىق **Wave Splitter** ئۈچۈن يېڭى مەھسۇلات ئىزدەپ، يۇقىرىقى زاپچاسقا ئىشلىتىدىغان ھەر خىل تېخنىكىلار ۋە ئۇنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى شىركەتلەر توغرىسىدا

خېلى كۆپ ئىزدەنگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە خېلى مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە ئىدى. ئۇ چاغدا Wave Splitter دېگەن شىركەتمۇ تۆۋەنگە چۈشۈشكە يۈزلەنگەن بولغاچقا، مېھردادنىڭ نوپۇزىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خىزمىتىنىڭ سىرتىدا ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. مېھرداد ئەركىن سىدىقنى شىركەتنىڭ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى قىلدى. ھەممە قۇرغان شىركەتكە «MN Technology » دەپ ئىسىم قويىدى (بۇ يەردىكى MN مېھردادنىڭ ئىسىم فامىلىسىنىڭ باش ھەرپلىرىدىن ئىبارەت). ئەركىن سىدىق ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ يېڭى شىركەت ئىشلەپ چىقارماقچى بولغان ئوپتىكىلىق ئاپپاراتنىڭ لايىھىسىنى ئىشلەپ چىقتى. سىلىكون جىلغىسىدىكى نۇرغۇن يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلەردە باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىرانلىقلار بار بولۇپ، مېھرداد ئامېرىكىدا چىققىدىغان ئىرانلىقلارنىڭ بىر ژۇرنىلىغا مەسئۇل بولغاچقا، نۇرغۇن ئىرانلىقلارنى تونۇيتتى. شۇڭا مېھرداد بىلەن ئەركىن سىدىق ئىككىسى پۇل مەبلەغ سالىدىغان شىركەتلەردىكى ئىرانلىقلار بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلىدى. لېكىن، نۇرلۇق - تالا خەۋەرلىشىش سانائىتى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تۆۋەنگە قاراپ مېڭىۋاتقان بۇنداق بىر شارائىتتا، بىر ئىككى ئاينىڭ ئىچىدىلا يېڭى قۇرۇلغان شىركەتكە مەبلەغ ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن 2002-يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ شىركەتمۇ مەۋجۇت بولۇشتىن توختىدى. ئەركىن سىدىق ئېرىشكەن بۇ شىركەتنىڭ پاي-چېكىمۇ بىر قۇرۇق سانغا ئايلاندى.

### (Jet Propulsion Laboratory) JPL (6)

JPL دېگەن ئىسىم توغرىسىدا تۆۋەندىكى تور بېتىدە بىر قىسىم ئۇچۇرلار بار:

http://www.meripet.com/Kainat/JPL.htm

2004-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ئامېرىكىنىڭ بايرام كۈنى بولۇپ، بۇ كۈن بىر شەنبە كۈنگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، JPL كېيىنكى دۈشەنبە كۈنى (يەنى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى) نى بايرام كۈنى قىلىپ بېكىتكەن ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق 1-ئاينىڭ 4-كۈنى JPL غا ئىشقا كەلدى. ئەتىگىنى كېلىپ قارىسا، JPL نىڭ ئىچى ئامېرىكىدىكى ھەممە چوڭ مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە

ئىستانسىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى ۋە ئۇستىدە ئانتېننىسى بار سىگنال تارقىتىش ماشىنىلىرى بىلەن لىق تولۇپ كېتىپتۇ. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدى ۋە چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمدى. كېيىن ئىشخانىسىغا بېرىپ باشقىلاردىن سوراپ، ئەسلى ئەھۋالنى بىلدى: JPL بىلەن NASA مارسقا ماڭدۇرغان «خىسلەت» (ئىنگلىزچە «Mars Eploration Rover – Spirit») ناملىق مارسنى تەكشۈرۈش ماشىنىسى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى مارسقا ساق-سالامەت قونغان بولۇپ، بۇ مۇخبىرلار ئاشۇ ئىش توغرىسىدا خەۋەر تەييارلاش ئۈچۈن JPL گە يىغىلىپ قالغان ئىكەن.

ئەركىن سىدىقنىڭ JPL دىكى خىزمەت مەنسىپى يەنىلا «يۇقىرى دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى» بولۇپ، ئۇ بۇ ئىدارىدە بۇرۇن قىلىپ باقمىغان بىر ساھەدە يېڭى ئىش باشلىدى. ئۇنىڭ WaveSplitter شىركىتىدە قىلغىنى دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك، 4 مىكرومېتىر كەڭلىكتىكى ئوپتىكا زاپچىسى بولسا، JPL دە قىلىدىغىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، دىئامېتىرى بىر قانچە مېتىر كېلىدىغان ئالەم تېلېسكوپى بولدى. ئۇ ئىشنى بىر ئالەم تېلېسكوپىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچىنى ئىشلەپ چىقىرىشتىن باشلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ياسىلىدىغان ئالەم تېلېسكوپلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەينىكى توك ئارقىلىق شەكلىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ئەينەك بولۇپ، ئاشۇ ئەينەكنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش ئارقىلىق ئالەم بوشلۇقىدىكى ۋە يەر شارى ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئىنتايىن ئوچۇق سۈرەتكە ئالغىلى بولىدۇ. ھازىر ئەركىن سىدىق يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېڭى تىپتىكى ئالەم تېلېسكوپىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچىدىن باشقا، يەنە ئۇلارنىڭ يېڭى لايىھىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەينىكىنى كونترول قىلىشقا ئىشلىتىدىغان ئالگورىسمى (ھېسابلاش ئۇسۇلى) بىلەن يۇمشاق دېتاللارنى تەتقىق قىلىپ چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قىلىۋاتىدۇ. ھازىر ئەركىن سىدىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئالەم تېلېسكوپىدىن 2013-يىلى قويۇپ بېرىلىدىغان «James Webb ئالەم تېلېسكوپى (JWST)» بىلەن 2016- يىلى قويۇپ بېرىلىدىغان، ئۇستىدە جانلىقلار بولۇش ئېھتىمالى بولغان باشقا پلانېتىلارنى ئىزدەپ تېپىشقا ئىشلىتىدىغان TPF تېلېسكوپى قاتارلىقلار بار. نۆۋەتتە كائىناتنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئالەم تېلېسكوپىنىڭ ئىسمى «Hubble ئالەم تېلېسكوپى» بولۇپ، ئۇ 1990-يىلى قويۇپ بېرىلگەن. James Webb ئالەم تېلېسكوپى ئالەمگە چىقىرىلغاندىن كېيىن، Hubble ئىشلىتىلىشتىن

توختايدۇ. ئەركىن سىدىق 2006 ـ يىلى TPF توغرىسىدا ئۆزى ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئاساسىدا 3 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ يىل TPF ۋە باشقا تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا ئىككى خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا 5 پارچە ۋە بىر ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىغا بىر پارچە ماقالە ماقۇللىنىپ بولدى. ئۇ ھازىر ئۆز گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى بىر ياپونلۇق قىز ۋە بىر يەھۇدىي ئەر كىشى بىلەن بىرلىكتە ئەڭ قىيىن تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

### گرىئېن-سىدىق ئالگورىسمى

ئەركىن سىدىق ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ كونترول قىلىنىدىغان ئالەم تېلېسكوپى تېخنىكىسىدا بىر چوڭ يۈكسىلىش پەيدا قىلىدىغان بىر ماتېماتىكىلىق ئالگورىسىم ۋە ئۇنىڭ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى باشلىغان بولۇپ، يېقىندا ئۇنىڭدا زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. NASA باش ئىدارىسى بۇ ئالگورىسمنى «NASA يېڭى تېخنولوگىيە رېكورتى» (ئىنگلىزچە «New Technology Records, NTR») غا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. ھەمدە JPL ئۆزىنىڭ باش ئىدارىسى بولغان كالىفورنىيە تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتىغا بۇ يېڭى تېخنىكا ئۈستىدە بىر پاتېنت ئېلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى. JPL بۇ يېڭى ئالگورىسمغا بىر ئىسىم قويىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىقتىن ئۇنىڭغا «سىدىق ـ گرىئېن ئالگورىسمى» دەپ ئىسىم قويسا مۇۋاپىقمۇ، ياكى «گرىئېن ـ سىدىق ئالگورىسمى» دەپ ئىسىم قويسا مۇۋاپىقمۇ، دەپ سورىغاندا، ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەردلىكىگە خاس ھالدا، «گرىئېن ـ سىدىق ئالگورىسمى» دەپ ئىسىم قويۇش تەكلىپىنى بەردى. بۇ يەردىكى «گرىئېن» دېگەن سوز ئەركىن سىدىق ئېلىپ بېرىۋاتقان يۇقىرىقى پروجەكتنىڭ مەسئۇلى «Joseph Green» (يەھۇدىي مىللىتىدىن) نىڭ ئىسىم فامىلىسى بولۇپ، گەرچە تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەركىن سىدىق ئۆزى قىلغان، ھەمدە بۇ ساھەدە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەركىن سىدىق بىرىنچى ئاپتور بولغان بولسىمۇ، ئۆزىگە مۇشۇنداق پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن كىشىگە يۇقىرىقىدەك قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆردى. ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق دەرىجىدىن تاشقىرى تىرىشچانلىقى ۋە

كەڭ ـ قورساق مىجەزى بىلەن ئىزچىل تۈردە ئۆز خىزمەتداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئىسمى JPL دىكى 4 چوڭ ئالەم تېلېسكوپى پروجەكتىسىنىڭ ھەممىسىدە بار. ھەر قېتىم ۋەزىپىگە ئادەم تەقسىم قىلىش بولغاندا ھەممە پروجەكتنىڭ مەسئۇللىرى ئەركىن سىدىقنى تالىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەركىن سىدىق JPL دە ئىش باشلىغاندىن بۇيان JPL ۋە NASA قىلغان، ياكى كائىناتتا يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇرچە يېزىپ چىقىۋاتقان بولۇپ، بۇ يازمىلارنى بىلىۋال تور بېتى مۇنبىرىنىڭ «كائىناتتىكى ئىشلار» دېگەن سەھىپىسى بىلەن مەرىپەت تور بېتىنىڭ ئىلىم-پەن سەھىپىسىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ سەھىپىلەرنىڭ ئادرېسى تۆۋەندىكىدەك:

http://www.meripet.com/Kainat/0Kainat.htm

http://www.biliwal.com/GoogleTap_SG_forum_26.html

ئەركىن سىدىقنىڭ قىزى ھازىر كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ Northride دېگەن شەھەردىكى شۆبىسىدە ئىقتىساد كەسپى بويىچە باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئۈچۈن 4-يىللىقتا ئوقۇۋاتىدۇ. بۇ مەكتەپ ئەينى ۋاقىتتا ئەركىن سىدىق ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇغان مەكتەپتۇر. دىلنارە 2006- يىلى 5- ئايدا ئوقۇغۇچى خىزمەتچى (Student Intern) بولۇپ JPL غا خىزمەتكە كىرگەن بولۇپ، ھازىرمۇ مۇشۇ ئىدارىنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ھەپتىسىگە 30 سائەت ئىشلەۋاتىدۇ (رەسمىي خىزمەتچىلەر ھەپتىسىگە 40 سائەت ئىشلەيدۇ). دىلنارە ئىشلەيدىغان باشقارما ئىدارە مالىيىسىنىڭ 3 تىن بىر قىسمىنى، يەنى يىلىغا 500 مىليون دوللاردىن ئارتۇق پۇلنى باشقۇرىدۇ.  دىلنارەمۇ خىزمەتنى ياخشى قىلغانلىقى ئۈچۈن، JPL غا ئىشقا كىرىپ 3 ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئىدارىنىڭ «مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» دېگەن بىر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھازىر ئۇنىڭ بۆلۈمىدىكىلەر دىلنارەدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇشۇ ئىدارىدە رەسمىي خادىم بولۇپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. 2006- يىلى 12- ئاينىڭ 14- كۈنى دىلنارە ئىشلەۋاتقان باشقارما ئۆزىنىڭ بارلىق خادىملىرىغا ئامېرىكىنىڭ بىر  بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. زىياپەتنى قىزىتىش ئۈچۈن ئۇلار بىر تالانت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا دىلنارەمۇ نومۇر كۆرسەتتى.  بۇ مۇسابىقىدە ئالدى

بىلەن ئەركىن سىدىق سەھنىگە چىقىپ، مېھمانلارغا ئۇيغۇر بىلەن ئۇيغۇر دىيارىنى، ھەمدە دىلنارەنى تونۇشتۇردى. ئۇ مېھمانلارغا «دىلنارە 6 يېشىدا ئامېرىكىغا كەلگەن بولۇپ، ھېچ قانداق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى كۆرمەي چوڭ بولدى. ئۇ بىرەر ئۇيغۇرچە ئۇسۇل مەكتىپىدە ئوقۇپ باقمىغانلا بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار يىغىلىشىدا ئۇسۇل ئويناپ بېقىش پۇرسىتىمۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا يىلىغا پەقەت بىرەر قېتىملا بولدى. سىلەرنىڭ ھازىر كۆرىدىغىنىڭلار مانا مۇشۇنداق بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇلى. دىلنارەنىڭ نۇرغۇن تالانتى بار. مەن ئۇلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. بۈگۈن سىلەر ئۇنىڭ تالانتلىرىدىن پەقەت بىرىنىلا كۆرىسىلەر. قالغىنىنى ئۆزۈڭلار تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىڭلار» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دىلنارە ئۆزى يالغۇز ئۇيغۇرچە ئۇسۇل ئويناپ بەردى. دىلنارەنىڭ ئۇسۇلى تۈگەپ بولغۇچە، زىياپەتتىكىلەر نەچچە قېتىم قىزغىن چاۋاك چېلىپ كەتتى. دىلنارە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ JPL دە چوڭ پائالىيەتلەر بولغاندا، ئۇ پائالىيەتلەرگە دادىسى بىلەن ئۇيغۇرچە تاماقلارنى تەييارلاپ ئاپىرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى تەشۋىق قىلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۆلۈمىدىكى ھەر بىر كىشى ھەر جۈمە كۈنى نۆۋەت بويىچە باشقىلار ئۈچۈن ئەتىگەنلىك يېمەكلىك تەييارلاپ ئەكېلىدىغان بولۇپ، دىلنارە ھازىرغىچە 3 قېتىم ئەتىگەنلىك ئىشقا بېرىشتىن بۇرۇن ئامانگۈل بىلەن ئۇيغۇر سامسىسى پىشۇرۇپ، ئاشۇ تاماقنى ئاپىرىپ بەردى. دىلنارەنىڭ بۆلۈمىدىكىلەر بۇ سامسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ كېتىپ، بىر قىسىم كىشىلەر دىلنارە تاماق ئەكېلىدىغان كۈننى ئۆز كالېندارىغا كىرگۈزۈۋالدى. ھازىر تاماق ئەكىلىش نۆۋىتى دىلنارەگە كەلگەندە، دىلنارە ئىشقا يېتىپ بارغىچە ئۇنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرىدىغانلارمۇ بار.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىقنىڭ WaveSplitter شىركىتىدىكى ئىنژېنېرلىق گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى. ئوڭدىن 2-كىشى ئەركىن سىدىقنىڭ يەھۇدىي مىللىتىدىن بولغان ئۇزۇن مەزگىللىك خىزمەتدىشى ۋە دوستى ئالېكس بولىدۇ. بۇ رەسىم 2000-يىلى 12-ئاينىڭ 4-كۈنى شىركەتنىڭ بىر تەجرىبىخانىسىدا ئىنگلىزچە «polarization beam combiner» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوپتىكىلىق زاپچاستا بىر چوڭ بۆسۈش بولغاندا تارتىلغان.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق «James Webb ئالەم تېلېسكوپى» نىڭ مودېلىنىڭ قېشىدا. رەسىمدىكى مودېلىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە قۇرۇلمىسى 2013-يىلى ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىلىدىغان رەسمىي تېلېسكوپىنىڭكى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش. بۇ رەسىم 2006-يىلى 5-ئايدا فلورىدا شتاتىنىڭ ئورلاندو شەھىرىدە تارتىلغان.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق JPL دىكى بىر تەجرىبىخانىدا تەجرىبە ئېلىپ بارماقتا.



يۇقىرىقى رەسىم: ئەركىن سىدىق ۋە ئۇنىڭ قىزى دىلنارە 2006-يىلى فىزىكا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىم، NASA نىڭ «گوددارد ئالەمگە ئۇچۇش مەركىزى» (Goddard Space Flight Center) دىكى دوكتور John Mather ئەپەندىم بىلەن بىرگە. بۇ رەسىم 2007-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى، John Mather ئەپەندىم JPL كە «چوڭ پارتلاشتىن نوبېل مۇكاپاتىغىچە» دېگەن ماۋزۇدا بىر ئىلمىي دوكلات بېرىشكە كەلگەندە تارتىلغان. بۇ مەزمۇن توغرىسىدا تەپسىلىيرەك ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن ماۋۇ تور بېتىنى زىيارەت قىلىڭ:

http:// www.meripet.com/Kainat/JohnMather.htm



يۇقىرىقى رەسىم: دىلنارە JPL نىڭ مالىيە باشقارمىسى خادىملىرى ئۇيۇشتۇرغان بىر «تالانت كۆرسىتىش» مۇسابىقىسىدە يالغۇز كىشىلىك ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بويىچە نومۇر كۆرسەتمەكتە. بۇ رەسىم 2006-يىلى 12-ئاينىڭ 14-كۈنى تارتىلغان.



ئەركىن سىدىق ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ هازىرقى بىر پارچە رەسىمى. بۇ رەسىم ئۇلارنىڭ لوس ئانژېلىستىكى ئۆيىنىڭ «ئائىلە ئۆيى» ئىچىدە تارتىلغان.



يۇقىرىقى رەسىم: لوس ئانژېلىس شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 2006-يىلى يېڭى يىل بايرىمى يىغىلىشىنىڭ بىر خاتىرىسى.

## 14. خۇلاسە

شۇنداق قىلىپ بىز 2006-يىلى 12-ئاينىڭ بېشىدا تەييارلاشقا باشلىغان بۇ قىسقىچە تەرجىمىھال تاماملاندى. بىز ھەممىمىز چەت ئەلدىكى داڭلىق كىشىلەرنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئاڭلاپ كەلدۇق. بەزىدە ئۇلارنىڭ ھايات ھېكايىلىرىنى ئاڭلاش ياكى ئوقۇشقىمۇ مۇيەسسەر بولدۇق. لېكىن، يېقىنقى بىر قانچە ئەسىر مابەينىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان، باشقا مىللەتلەر قىلغان چوڭ ئىشلارنى قىلالىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئانچە كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىغان ئىدۇق. بىز ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تەييارلاپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش ئارقىلىق، مۇشۇ ساھەدىكى بوش ئورۇننى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدۇق. بولۇپمۇ بىز مۇشۇ تەرجىمىھالنى تەييارلاش ئارقىلىق «قانداق ئادەم ئەركىن سىدىقتەك ئادەم بولالايدىغاندۇ؟»، «ئەركىن سىدىقتەك بولۇش ئۈچۈن قانداق ياشاش كېرەكتۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب تاپماقچى بولدۇق. شۇ سەۋەبتىن، بىز زېھنىمىزنى ئەركىن سىدىقنىڭ ھاياتىدىكى ياخشى ئىشلارنىلا يېزىشقا مەركەزلەشتۈرمىدۇق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىز ئەركىن سىدىقنىڭ ھەقىقىي ھاياتىنى يېزىشقا تىرىشتۇق. بىزنىڭچە، مۇشۇ قىسقىچە تەرجىمىھال ھەمدە بىلىۋال تور بېتىنىڭ ئەركىن سىدىق بىلەن ئۆتكۈزگەن 2 قىسىملىق يازما سۆھبىتىنى ئوقۇغان ھەر بىر ئۇيغۇر ئەركىن سىدىقنىڭ ھاياتى، ئۇنىڭ ياشاش پرىنسىپى، ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى، مىللەتكە ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بولغان كۆز-قارىشى ۋە ئۆز تۇرمۇشى ۋە ئائىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتارلىقلار بىلەن خېلى مۇكەممەل تونۇشۇپ چىقالايدۇ. بۇلارنى تولۇق ئوقۇپ چىققان كىشى ئەركىن سىدىقنىڭ بەدىنىنىڭ «ئۇيغۇر ئىزى» بىلەن تولغان، ۋۇجۇدى «ئۇيغۇر روھى» بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر ئاددىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ.

ئەركىن سىدىق ھازىرمۇ ئامېرىكىدىكى دۇنياغا مەشھۇر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقات مەركىزى بولغان JPL دە كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئالەم تېلېسكوپىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇ 2006- يىلى ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدە 3 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ يىل (يەنى 2007- يىلى) ئۇ يەنە ئىككى خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنى بىلەن بىر خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات

ژۇرنىلىغا جەمئىي 5 پارچە ئىلمىي ماقالە ماڭدۇرۇپ بولدى. بۇ JPL نىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئېيتقاندىمۇ ناھايىتى چوڭ نەتىجە بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئەركىن سىدىق يېقىندا ئوپتىكىلىق سىستېمىلاردىكى فازا خاتالىقىنى ئۆلچەپ تاپىدىغان بىر يېڭى ئۇسۇلنى تېپىپ چىقتى. بۇ ئۇسۇل يېڭى تىپلىق ئالەم تېلېسكوپى تېخنىكىسىدا بىر يۈكسىلىش پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا JPL «گرىئېن-سىدىق ئالگورىسمى» دېگەن ئىسمنى بەردى. شۇنداق قىلىپ بىر ئۇيغۇرنىڭ تۆھپىسى تەبىئىي پەن دۇنياسىدىكى تەسىرى چوڭ يېڭى بىلىملەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 2006-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئەركىن سىدىققا ئۆزىنى «2008-يىلىدىكى ئامېرىكىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈش توغرىسىدا ئاشۇ كىتابنىڭ نەشرىياتچىلىرىدىن بىر تەكلىپ كەلدى.

ئاخىرىدا بىز ھەر بىر ئۇيغۇر ياشلىرىدىن مۇشۇ تەرجىمىھالنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان «مۇۋەپپەقىيەت فورمۇلىسى» بىلەن تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەركىن سىدىقنىڭ بىر قىسىم ھايات تەجرىبىلىرىنى ئەستە چىڭ ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز:

- ئۇيغۇر دېھقان بالىلىرىمۇ ئالىم بولالايدۇ.
- ئارزۇ ئىقتىدارغا تەڭ ئەمەس. چوڭ ئىشقا يۈرۈش قىلىشنى ئۆزىڭىز قىلالايدىغان كىچىك ئىشتىن باشلاڭ.
- ئادەملەرنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئىقتىدارى ئوخشىمايدۇ. سىز ئۆز غايىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇيىڭىز بىلەن ئىقتىدارىڭىزنىڭ بىرىكمىسى ئاساسىدا تىكلەڭ.
- ئۆز-ئۆزىنى بايقاش ئۆمۈرلۈك ئىش. سىز بىر ئىشنى ياخشى قىلالىغان بىلەن، يەنە بىر ئىشنى ياخشى قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. شۇڭا سىز ئۆز ئالاھىدىلىكىڭىزنى تولۇق بايقاپ، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىڭ.
- ئادەم ھاياتلا بولسا، ئۆگىنىشنى توختاتماسلىقى كېرەك. بىلىم ئارقىلىق يېڭى پۇرسەت ياراتقىلى بولىدۇ، ھەمدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلىمۇ بولىدۇ.
- پۇرسەت ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ. پەقەت بىر يولنى ئىككى قىلالايدىغان، كىچىك يولنى چوڭايتالايدىغان ئادەملەرلا ئەڭ ئاخىرى ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇنداق قىلالمايدىغان ئادەملەر قولىدىكى

نەرسىلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ.

- قولغا چۈشكەن پۇرسەتلەرنى قوغداپ قېلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ مېڭىشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى ھەممە ئىشنى تەلەپتىن يۇقىرى قىلىش.
- سىز كەسپتە ئاجىزراق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن باشقىلار سىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئورۇن تۇتۇپ ياشايمەن دېسىڭىز، كەم دېگەندە ئۆز كەسپىڭىزنى باشقىلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇكەممەل قىلىڭ.
- باشقىلار قىلالمىغان ئىشنى قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم باشقىلاردىن بەكرەك تىرىشىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق.
- ئادەم جاپاغا ئۆلۈپ قالمايدۇ. ئادەم ياش ۋاقتىدا توغرا ئىشلار ئۈچۈن چەككەن ئېغىر جاپا ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر بەخت ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

# NASA دىكىلەرنىڭ بىر ئۇيغۇرغا بەرگەن باھالىرى

2015 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

خېلى كۆپ ئوقۇرمەنلەر مېنىڭ ئامېرىكىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەيدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. ئەمما، مېنىڭ بۇ ئىدارىدە قانداقراق ئىشلەپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئانچە ياخشى بىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنداق بولىشىدىكى سەۋەب، مەزكۇر ئىدارىدە مەن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان باشقا بىرەر ئۇيغۇر يوق بولۇپ، مېنىڭ JPL دىكى ئەھۋالىمنى بۇگۈنگىچە باشقا بىرەر ئۇيغۇر قېرىنداشىمىز تونۇشتۇرۇپ باقمىدى. ھازىرغىچە مەن ئۇ يەر بۇ يەرلەردە ئۆزۈم ھەققىدە ئانچە ـ مۇنچە سۆزلەپ بېرىپ كەلدىم.

بىزنىڭ ئىدارىدە جانلىقلار ياشاش ئېھتىماللىقى بار بولغان تاشقى پىلانېتىلارنى بىۋاستە كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىدىغان بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئالەم تېلېسكوپىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بىر گۇرۇپپا تەتقىقاتچىلار بار. مەنمۇ شۇ گۇرۇپپىنىڭ بىر ئەزاسى. ئاشۇ گۇرۇپپا 2015 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇن كۈنى ھازىرغىچە ھاسىل قىلغان تېخنولوگىيىدىكى يۈكسىلىش ھەققىدە بىر پارچە دوكلات تەييارلاپ، ئۇنى NASA باش شتابىغا يوللىدى. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تەييارلانغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر پارچە دوكلات NASA نىڭ سىرتىدىكىلەرگىمۇ تور ئارقىلىق تارقىتىلغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى دوكلاتمۇ ئاشۇنداق تارقىتىلامدۇ ـ يوق، مەن ئۇنى بىلمەيمەن. ئەگەر كېيىنچە تارقىتىلىپ قالسا، مەن ئۇنىڭ تور ئادرېسىنى ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى بىر پارچە يازمىسىدا تورداشلارغا دەپ بېرىمەن.

بۇ قېتىمقى دوكلاتتا مەزكۇر تۈرنىڭ تۆھپىكارلىرى قاتارىدا ماڭا بېرىلگەن بىر ئابزاس باھامۇ بار بولۇپ، مەن ئاشۇ مەزمۇننى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ يازمىنى تەييارلاش ـ تەييارلىماسلىق مەسىلىسى ئۈستىدە ئۇزۇن ئويلاندىم. ئەڭ ئاخىرى بۇ يازمىنى تەييارلاشنى، شۇ ئارقىلىق مەن قىلىۋاتقان بىر

پروجېكت (تەتقىقات تۈرى) نىڭ باشلىقى ماگا بەرگەن باھالاردىن ۋەتەندىكىلەرنى خەۋەردار قىلىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ ماقالىدە يۇقىرىدىكى مەزمۇندىن باشقا، مەن يەنە مەن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغانلار ھازىرغىچىلىك بولغان يىللىق باھالاشلاردا ماگا بەرگەن باھالارنىڭ بىر قىسمىنى، شۇنداقلا مەن بۇ بىر يىل ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ كەسپىي ساھەسىدە ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتىمەن. يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلارنى تورداشلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنۇشىمدىكى ئاساسىي مەقسەت، تورداشلارنى ئۆزۈم توغرىسىدا تولۇق ۋە توغرا چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلىش، شۇنداقلا مېنىڭ سالامەتلىكىم بىلەن خىزمىتىمگە ھەققىي تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەندىن ئازراق ئەنسىرەپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلارنى بىر ئاز خاتىرجەم قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت.




1-رەسىم: مەن NASA مەركىزى JPL نىڭ دىرېكتورى (1-قول باشلىقى) دوكتۇر چارلېس ئېلاچى بىلەن بىللە. بۇ رەسىم 2015-يىلى 4-ئاۋغۇست كۈنى JPL نىڭ ئىچىدە تارتىلغان.

مەن ھازىرغىچە بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشمايدىغان مۇنداق 4 خىل ئىلمىي تەتقىقات مۇھىتىدا ياشاپ ياكى ئىشلەپ باقتىم:

--(1) ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىلمىي تەتقىقات

--(2) ئامېرىكا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات

--(3) يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ مەقسەت قىلغان يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركەتلىرىدىكى ئىلمىي تەتقىقات

--(4) قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان يېڭى تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەسىدە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان NASAدىكى ئىلمىي تەتقىقات.

مېنىڭ پەرىزىمچە، ئۇيغۇرچە تورلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرسى بىلەن، يەنى ئالىي مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپكە تەۋە بولغان ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن بىر ئاز تونۇشۇپ چىقتى. ياكى بولمىسا ئاشۇنداق مۇھىتتا ئىشلەپ باقتى. قالغان 3 خىل مۇھىت بولسا ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنچىۋالا تونۇشلۇق ئەمەس. شۇڭلاشقا مەن مەزكۇر ماقالىدە يۇقىرىدىكىدەك 4 خىل ئورۇنلاردىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ پەرقى ھەققىدىمۇ بىر ئاز توختىلىمەن. مەن بۇ يەردە ۋەتەندىكىلەرگە دەپ قويىدىغان بىر خوش-خەۋەر شۇكى، ھازىر ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە يۇقىرىدىكى 4 خىل ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەيدىغان قېرىنداشلار بار. مەن ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېما ئاستىدا تونۇشتۇرۇپ بولدۇم.

مەن ھازىرغىچە قولۇمغا كەلتۈرگەن ھەر بىر نەتىجىنى «بىر ئۇيغۇرنىڭ نەتىجىسى» دەپ ھېسابلاپ كەلدىم. شۇنداقلا مەن ئۆزۈم قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردىن باشقا قېرىنداشلارنىمۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنىمۇ خەۋەردار قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، ۋە ئۇلاردا ئۆز-ئۆزىگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا قولۇمدىن كېلىشچە ياردەم قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدىم. مەن مەزكۇر ماقالىنىڭمۇ ئاشۇنداق بىر مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇڭلاشقا مەن مەزكۇر ماقالىگە «NASA دىكىلەرنىڭ بىر ئۇيغۇرغا بەرگەن باھالىرى» دېگەن تېمىنى ئىشلەتتىم.

مەن مەزكۇر ماقالىدە ئۆز-ئۆزۈمگە باھا بەرمەي، ئۆزۈمگە ئائىت بىر قىسىم ئەمەلىي پاكىتلارنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىمەن. مەن مۇشۇنداق ئۆزۈمنى ئۆزۈم يازغاندا، بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر ئۇنى «ئۆزىنى ئۆزى ماختاش» ۋە «كۆپتۈرمىچىلىك قىلىش» دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن. ئۇ بىر خىل تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، ئۇنى توغرا چۈشىنىشكە ۋە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. شەخسەن مەن شۇنداق قىلىمەن. بەزى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ قىلغىنىم ھەقىقەتەنمۇ ئۆز-ئۆزىنى ماختاش بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ مەقسىتىنى ۋە نىيىتىنى ھەر دائىم يۈزدە-يۈز توغرا بىلەلمەيدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. يەنى، ئاللاھ ئىنسانلارغا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ نىيىتىنى كۆرەلەيدىغان ياكى بىلەلەيدىغان ئىقتىدارنى ئاتا قىلمىغان. مەن يېقىندا تورلارغا چىقارغان «نام-ئاتاق، كىشىلىك تۇرمۇش، ۋە مەجبۇرىيەت» دېگەن ماقالىدە تونۇشتۇرغان نۇتۇقنىڭ ئىگىسى «ئويغان» بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ گۈزەل دىنىمىزدا، بىز كىشىلەرنى بىر پەيغەمبەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەلۇم دەرىجىدىكى گۈزەللىك بار دەپ قارايمىز. بىز كىشىلەرنىڭ بۇزۇلغان نىيەتلىرى ھەققىدىكى قىياسلارنى قوبۇل قىلماي، باشقىلارغا باھا بېرىشتە پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىش-ھەرىكىتىگە قارايمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، سىز ۋە مەن بىر-بىرىمىزنىڭ گەپ-سۆزلىرى بىلەن ئىش-ھەرىكەتلىرىنى تەنقىد قىلساق بولىدۇ، ئەمما، بىزنىڭ بىر-بىرىمىزنىڭ نىيەتلىرىنى تەنقىد قىلىشىمىز پۈتۈنلەي چەكلەنگەن ئىش. بۇ بىزنىڭ بارلىق دىنداش قېرىنداشلىرىمىزغا چىقىرىلغان ئورتاق پرىنسىپتۇر.» مەن ئۆزۈمنىڭ نىيىتى توغرا، دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرى مەزكۇر يازمىنى تەييارلاشنى قارار قىلدىم.

مەن ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ماڭا بېرىلگەن ئىنگلىزچە يازما باھالارنى ئەينەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىمەن. ماقالىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بولسا ئۆز-ئارا ئوخشاش بولمىغان 4 خىل ئىلمىي تەتقىقات مۇھىتىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

## 1. NASA ئارخىپىدا ساقلىنىدىغان بىر پارچە مۇھىم دوكلاتتىكى باھا

بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر بىر ئالەم تېلېسكوپىنى لايىھىلەپ ياساپ چىقىشقا

ئوخشاش چوڭ تۈرلەردىن بىرەرنى تاماملاپ بولۇش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. مەسىلەن، 5 يىلدىن 10 يىلغىچە، بەزىدە ھەتتا 20 يىلدەك ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنداق چوڭ تۈرلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشتا، ئۇنى كۆپلىگەن كىچىك باسقۇچلارغا ياكى كۆپلىگەن كىچىك پەللىلەرگە بۆلۈپ، ھەر بىر پەللە ئۈچۈن بەلگىلىك ۋاقىت ۋە خىراجەت ئاجرىتىپ، ھەر بىر پەللىنى ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ۋە خىراجەت ئىچىدە بىرمۇ-بىر ئورۇنلاپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق كىچىك پەللىلەر ئىنگلىزچە «milestone» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىنگلىزچە سۆزگە يۇلغۇن تور لۇغىتىدە «نامايەندە، مۇساپە بەلگىسى، بۇرۇلۇش نۇقتىسى (تۇرمۇش، ھايات)» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى «milestone» نىڭ مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمىگەچكە، مەن ئۇنى بۇ يەردە «پەللە»، دەپ ئالدىم. مېنىڭچە ئۇنى «باسقۇچ» دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.

مۇشۇنداق پەللىنىڭ چوڭ-كىچىكلىرى بار بولۇپ، ئۇلارغا ئاجرىتىلغان ۋاقىتمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر ھەر بىر پەللىگە يېتىشتىن بۇرۇن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 3 ئايدا بىر قېتىم «باھالاش يىغىنى» (review meeting) ئېچىپ، تۈرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باھالايدۇ. بىر پەللە تاماملانغاندىن كېيىن بولسا بىر پارچە «پەللىنى تاماملاش دوكلاتى» (Milestone report) تەييارلاپ، ئۇنى NASA باش شتابىغا يوللايدۇ. بەزى تۈرلەر مەخپىي بولۇپ، ئۇلار ھەققىدىكى بارلىق ئۇچۇر ۋە دوكلاتلار مەخپىي ساقلىنىدۇ. بەزى تۈرلەر مەخپىي ئەمەس بولۇپ، ئۇلار ھەققىدىكى دوكلاتلار NASA ئارخىپىدا ساقلانغاندىن باشقا، باشقىلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن NASA تور بېتىگە قويۇپ قويۇلىدۇ.

مەن بىزنىڭ ئىدارىدە 12 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرى «كوروناگراف تېخنولوگىيىسى» ( coronagraph technology) پرىنسىپى ئاساسىدىكى تاشقى پىلانېتىلارنى بىۋاستە كۆرەلەيدىغان ئالەم تېلېسكوپىنى لاھىيىلەش ۋە تەجرىبە قىلىپ ياساپ چىقىش ئىشى بولۇپ، بىز يېقىندا ئۇنىڭ «A3-پەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پەللىسىنى تاماملاپ، ئاشۇ پەللە ھەققىدە بىر دوكلات تەييارلىدۇق. دوكلاتنىڭ 1-بېتى ئۇنىڭ مۇقاۋىسى، 2-بېتى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئىمزا قويۇش ۋارىقى بولۇپ، ئۇنىڭ 3-بېتى بولسا بىر پارچە «تەشەككۈرنامە» (Acknowledgement) دىن تەركىپ تاپقان. مەن بۇ

خەتنىڭ ئەسلىدىكى ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى تۆۋەندە «2-رەسىم» قىلىپ كىرگۈزۈپ قويدۇم. دوكلاتنىڭ 3-بېتىدىكى تەشەككۈرنامىنىڭ يېرىمى مەن توغرۇلۇق بولۇپ، ئۇ خەتنىڭ ماڭا قارىتىلغان قىسمىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«بۇ دوكلاتقا يېزىلغان خىزمەتلەرنى ئاساسەن ئەركىن سىدىق بىلەن ئەرىك كېيدى (Eric Cady) ئىككەيلەن ئىشلىدى. ئەركىن سىدىق ھاردىم-تالدىم دېمەي قاتتىق ئىشلەپ، دوكلاتنىڭ 4-چوڭ قىسمىنىڭ 1-5 كىچىك بۆلۈملىرىدە بايان قىلىنغان ھېسابلاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئىشلەپ تاماملىدى. ئۇ MATLAB يۇمشاق دېتال پروگراممىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يېزىپ، ئۇلارنى MACOS يۇمشاق دېتال ھېسابلاش قورالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ سىناپ چىقتى، ھەمدە ئاشۇ ئىككى يۇمشاق دېتال ئارقىلىق ھېسابلاپ چىققان نەتىجىلەرنى جون كرىست يازغان PROPER يۇمشاق دېتالى پروگراممىلىرىنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن سېلىشتۇردى. ئەركىن ئاشۇ بۆلۈملەردىكى ھەممە رەسىملەرنى سىزىپ چىقتى، جەدۋەللەرنى تەييارلىدى، ھەمدە ئۇ بۆلۈملەردىكى تېكىستلەرنىمۇ ئاساسەن ئۆزى يېزىپ چىقتى. ئەركىن ھەممە ئىشلارنى ئوچۇق-ئاشكارە، ۋە ناھايىتى مۇكەممەل قىلدى. ھەر ۋاقىت زۆرۈر بولغاندا كوروناگراف تېلېسكوپى تەجرىبە ئۈسكۈنىسىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشتىن ئۆزىنى تارتمىدى. ئەركىن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىجابىي پوزىتسىيىسى ۋە خىزمەت ئىستىلىغا يۇقىرى باھا بېرىپ كەلدى. ئەركىن «A3-پەللىسى» ھېسابلاشلىرىنىڭ دەسلەپكى ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ، ئۇنى 2011-يىلى «خەلقئارا ئوپتىكا ئىنژېنېرلىقى جەمئىيىتى» (SPIE) نىڭ يىللىق يىغىنىدا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزكۇر پەللىگە دائىر بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنىمۇ ئەركىن يېزىپ، ئۇنى SPIE يىغىنلىرىدا ئېلان قىلدى. ئەركىن «A3-پەللىسى» گە دائىر ئەڭ ئاخىرقى ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىنىمۇ يېزىپ، ئۇنى SPIE نىڭ 2015-يىلىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا ئوقۇيدۇ.»


ExEP Coronagraph Technology Milestone #3 Final Report

Acknowledgement

The work reported here was carried out in large part by Erkin Sidick and Eric Cady. Eric ran the testbed for all of the experiments and performed all of the preprocessing of the data to create the dark holes. He ensured that the data was of the highest quality and kept detailed records that have proved invaluable in subsequent analysis. Eric also performed the Coherent and Incoherent Estimation analysis reported in Section V.F, and he wrote the SPIE paper on the subject.

Erkin Sidick tirelessly performed all of the analysis reported in Sections V.A-E. He wrote all of the MATLAB analysis code and tested it along with the MACOS model, comparing results to the PROPER model created by John Krist. He generated every figure and table in these sections, and much of the text. Erkin worked with great transparency and thoroughness, and was always open to peeling back another layer of the HCIT onion when necessary. All who work with him appreciate his positive attitude and work ethic. Erkin wrote the initial Milestone 3A modeling paper for the 2011 SPIE meeting, and several subsequent SPIE papers reporting the results of this TDEM. He will author the final two Milestone 3A papers at the 2015 SPIE meeting.

Other important contributors include Brian Kern, whose knowledge of the HCIT testbed and coronagraph behavior were critical to the success of the tests and analyses; John Krist, who worked closely with us to ensure the accuracy and consistency of our models; and K. "Bala" Balasubramanian, who created and calibrated the coherent spots on the Mask, and meticulously characterized the masks using optical, scanning electron, and atomic force microscopes.

2ـ رەسىم: مەن قىلغان پروجېكتنىڭ باشلىقى دوكتور ستورت شاكلان ( Stuart Shaklan) ئەپەندى يازغان «تەشەككۈرنامە» نىڭ ئەسلىدىكى ئىنگلىزچە نۇسخىسى. بۇ خەت «تاشقى پىلانېتلارنى تەكشۈرۈش كورونوگراف تېخنولوگىيىسى A3 ـ پەللىسىنىڭ ئاخىرقى دوكلاتى» غا 3 ـ بەت قىلىپ كىرگۈزۈلگەن.

مەن يۇقىرىدىكى «تەشەككۈرنامە» دە تىلغا ئېلىنغان 2015 ـ يىلىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئوخشىمىغان 3 تېمىدا 3 مەيدان ئىلمىي دوكلات بەردىم. مەن بۇ ھەقتە مۇشۇ ماقالىنىڭ 3 ـ قىسمىدا ئايرىم توختىلىمەن.

## 2. JPL نىڭ يىللىق باھالاشلىرىدىكى ماڭا بېرىلگەن باھالار

بىزنىڭ ئىدارە بىر ماترىتسالىق ئىدارە (Matrix organization) بولۇپ، ماڭا ئوخشاش تېخنىكىلىق خادىملارنىڭ ھەر بىرسى پەقەت بىرلا

مەمۇرىي گۇرۇپپىغا تەۋە بولسىمۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر ئادەم بىر قانچە پروجېكت گۇرۇپپىلىرىدا ئىشلەيدۇ. شۇڭلاشقا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەمۇرىي باشلىقىدىن بىرسى، ئەمما پروجېكت باشلىقلىرىدىن بولسا بىر قانچىسى بار بولىدۇ. مەن ھازىر 4 خىل ئوخشىمىغان پروجېكت گۇرۇپپىلىرىغا تەۋە بولۇپ، ئۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ئوخشىمىغان باشلىقلىرى بار. مېنىڭ مەمۇرىي باشلىقىم ئامېرىكىلىق ئاق تەنلىك. قالغانلىرىنىڭ بىرى يەھۇدى، بىرى گېرمانلىق، بىرى رۇس، يەنە بىرى بولسا ئىرانلىق.

بىزنىڭ ئىدارىدە يىلدا بىر قېتىم خادىملارنى باھالاش ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاشۇ بىر يىل ئىچىدىكى خىزمەت تۆھپىسى باھالىنىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ كېيىنكى بىر يىل ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ۋە تىرىشىش نىشانلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ، مۆلچەرلىنىدۇ. بۇ ئىشقا مەمۇرىي باشلىقىمىز مەسئۇل بولىدۇ. ئەمما باھا سۆزلىرىنى پروجېكت باشلىقلىرى ۋە ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدە بىر پروجېكت گۇرۇپپىسىدا بىللە ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن خىزمەتداشلار يازىدۇ. مائاش ۋە خىزمەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق باھالاش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. خىزمەت تۆھپىسى ئەڭ تۆۋەنلەرگە مائاشمۇ ئەڭ ئاز ئۆستۈرۈلىدۇ، ياكى بولسا ئۆستۈرۈلمەيدۇ. تۆھپىسى ئەڭ يۇقىرىلارنىڭ بولسا مائاشمۇ ئەڭ كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. مەن ئىزچىل تۇردە بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزدا مائاشى ئەڭ كۆپ ئۆستۈرۈلگەن خادىملار قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ مېڭىۋاتىمەن.

بىزنىڭ ئىدارىدە ئىنژېنېرلار جەمئىي تۆت دەرىجىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، 1-دەرىجىلىك ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا، 4-دەرىجىلىكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. مېنىڭ 4-دەرىجىلىككە ئۆسكىنىمگە 6-7 يىلدەك ۋاقىت بولدى.

تۆۋەندىكىسى مېنىڭ باشلىقلىرىم ۋە خىزمەتداشلىرىمنىڭ يىللىق باھالاشلاردا مەن توغرىلىق يازغانلىرى. مەندە ئۇلارنىڭ يازمىلىرىنىڭ بېسىپ چىقىرىلغان نۇسخىسى بار بولۇپ، مېنىڭ كەلگۈسىدىكى پىنسىيىگە چىقىپ بولغان ۋە ئاللاھ بۇيرىغان بىر كۈنى ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئانا مەكتەپلىرىنىڭ بىرىگە تەقدىم قىلىش ئارزۇيۇم بار. كەلگۈسىدە قايسى باھانىڭ قايسى مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىشمگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن ھەر بىر باھانىڭ ئاخىرىغا باھالاش ئېلىپ بېرىلغان يىلنى يېزىپ قويدۇم.

مەن يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى مەن توغرۇلۇق باھالارنى تەرجىمە قىلىپ يېزىشنى باشلاشتىن بۇرۇن يازغان ئىدىم. باھالارنى تەرجىمە قىلىپ يېزىشنى

باشلىغاندىن كېيىن، مەن مۇنداق بىر قانچە ئىشقا ھەيران قالدىم: (1) ماڭا بېرىلگەن باھالارنىڭ مىقتارى بەك ئۇزۇن ئىكەن. مەن بۇرۇن پەقەت ھەر يىللىق باھالارنى باھالاشتىن كېيىن بىر قېتىملا ئوقۇپ باققان بولۇپ، ھەممە باھالارنى بىرلا ۋاقىتتا ئوقۇپ باقمىغان ئىكەنمەن. (2) بىر ئادەمنى باھالاشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆپەتلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. مەن بۇ قېتىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم ھەيران قالدىم — ئەگەر مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم باھالىماقچى بولغان بولسام، ئۇنچىۋالا كۆپ سۆپەتلەرنى ھەرگىزمۇ تاپالمىغان بولاتتىم.

قىسقىسى، ماڭا بېرىلگەن باھالارنى تەرجىمە قىلىپ يېزىپ يېرىمدىن سەل كۆپرەك يەرگە كەلگەندە، مەن قالغىنىنى يازماسلىق قارارىغا كەلدىم. سەۋەبى باھالارنى تولۇق يازسام، بۇ ماقالە بەكلا ئۇزىراپ كېتىدىكەن. مەن ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشنى خالايدىغان قېرىنداشلار تۆۋەندىكى مېنى باھالاش مەزمۇنلىرىنى تولۇق ئوقۇپ باقساڭلار بولىدۇ. قالغانلار ئۇنىڭ قانچىلىك قىسمىنى ئوقۇشنى خالىساڭلار شۇنچىلىك ئوقۇڭلار. ئەمما مەن ھەممە ئوقۇرمەنلەردىن ماقالىنىڭ 3-قىسمىدىن باشلاپ يەنە تولۇق ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنى باھالىغان مەزمۇنلارنى ئەمدى باشلايمەن.

--ئەركىنىنىڭ ناھايىتى ئېسىل خىزمەت ئادىتى بار. ئۇ ھېسابلاپ چىققان نەتىجىلەرنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ، ھەمدە يەكۈنلەپ چىققان خۇلاسىلەرنى بىر تەتقىقات دوكلاتى شەكلىدە تولۇق خاتىرلەپ ماڭىدۇ. (04)

--ئۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى ( Exceptionally well) ئورۇنلاپ مېڭىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ مودېللاش (modeling) ياكى ھېسابلاش، ۋە ئانالىز قىلىش جەھەتلەردە شۇنداق بولۇپ، بىزنىڭ ئاشۇ ساھەلەردىكى ئېھتىياجىمىزمۇ ئەڭ زور. ئۇ تېخنىكىلىق بىلىملەرنى ئۆز كۆچىگە تايىنىپ، سىرتنىڭ ياردىمىسىز ئىنتايىن تېز ( exceptionally quickly) ئىگىلىيەلەيدۇ. ئۇ قىلالايدىغان ئىشلار تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇ ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆسۈش جەھەتتە ناھايىتى زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. ئۇ بىزنىڭ گۇرۇپپىغا ناھايىتى ياخشى سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى (04) .(excellent)

--ئەركىن TPF قاتارلىق ئىككى چوڭ پروجېكتلەردە خىزمەتنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشى ئىشلىدى (did outstanding job). ھەمدە ئۆزى قىلغان ئىشلار ھەققىدە ئىنتايىن پۇختا دوكلات تەييارلاپ ماڭدى. (04)

- ـ ئۇ ئۆزىنىڭ تېخنىكىلىق خىزمەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ۋەزىپىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. (04)

- ـ ئۇ خىزمەتداشلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى چوڭقۇر ھۆرمەتلەندى، ھەمدە بىزنىڭ ھەممە پروجېكتلىرىمىز ئۇنى تالاشتى. (05)

- ـ ئۇ يېڭى نەرسىلەرنى ئىنتايىن تېز ئۆگىنىۋالىدۇ، ھەمدە ئۇ ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بىلىملەرگە ئىگە. (05)

- ـ ئەركىن قاتناشقان پروجېكتلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولدى. (05)

- ـ ئۇ خىزمەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى، ھەمدە قىلغان ئىشلىرى ھەققىدە گۇرۇپپىمىزدىكى باشقا ھەممە خادىملاردىن ياخشىراق دوكلات تەييارلاپ ماڭدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن كۈچىنى پروجېكتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا قاراتتى. (05)

- ـ ئەركىن باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئىنتايىن ئۈنۈمدار (extremely effective). ئۇ ھەممە ئادەمگە قۇچاق ئاچىدۇ ۋە ھەممە ئادەملەرگە ياردەم قىلىدۇ. (05)

- ـ ئەركىن ئىنتايىن كۆپ ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ئۇ يېڭى نەرسىلەرنىمۇ ناھايىتى تېز ئۆگىنىدۇ. ئۇ مودېللاش ۋە دولقۇن-فرونتىنى كونترول قىلىش ساھەسىدە بىر مۇتەخەسسىس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، ھەتتا مۇتەخەسسىسلەر ئىچىدىكى مۇتەخەسسىسكە ئايلاندى ( even among the experts! ). (06)

- ـ ئەركىن خىزمەت قىلغان ۋە بىللە ئىشلىگەن خادىملارنىڭ ھەممىسى ئۇ قىلغان خىزمەتلەرنىڭ ئېسىللىكى (excellence)، ئۇنىڭ ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى، ھەمدە ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشالايدىغانلىقىغا مەدھىيە ئوقىدى. (06)

- ـ ئۇ بىز قىلىۋاتقان پروجېكتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە كۆزگە كۆرۈنەرلىك (outstanding) تۆھپىلەرنى قوشتى. (06)

- ـ ئەركىن بىزنىڭ تەجرىبە گۇرۇپپىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ يېرىم كېچىدىكى ۋە ئەتىگەنكى تاڭ سەھەردىكى نۆۋەتچى گۇرۇپپىلار بىلەن بىللە ئىشلەپلا قالماي، دولقۇن-فرونتىنى كونتروللاش كومپيۇتېر پروگراممىسىنىڭمۇ ئاساسلىق مۇتەخەسسىسى بولۇپ ئىشلىدى. (06)

- ـ ئەركىن ئىشلىگەن خىزمەت ئىنتايىن ئېسىل. ئۇ ياراتقان نەتىجىلەر

ناھايىتى ئەتراپلىق (thorough) ۋە تولۇق (comprehensive) بولۇپ، ئۇ ئۆزى قىلغان ھەر بىر ئىش ئۈستىدە بىر پارچىدىن ئېنىق سۈپەتلىك دوكلات تەييارلاپ ماڭدى. ئەركىن مەن ئۆز ئۆمرۈمدە ئۇچرىتىپ باققان، خىزمەتكە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەڭ كۆپ ئاتىغان، ۋە ئەڭ قاتتىق ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەن ئۇنىڭ بىزنىڭ گۇرۇپپىدا بولۇپ قالغانلىقىغا تولىمۇ مىننەتدارمەن. مەن ھەر قانداق بىر ۋەزىپىنى غەلىبىلىك تاماملاشتا ئەركىنگە تايىنالايمەن. (06)

- -ئەركىن بىلەن ئىشلىگەن ھەر قانداق بىر ئادەم روھلانماي ۋە ئاجايىپ خۇشاللانماي قالمايدۇ. ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان پروجېكتكە ۋە خىزمەتداشلىرىغا ھەقىقىي تۈردە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ كۆپ قېتىم ھېچ قانداق ۋايىسماي تۇرۇپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېچىلىك ۋە شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرىدىكى گۇرۇپپىلار بىلەن بىللە ئىشلىدى. زۆرۈر بولغاندا ئۇ دەرھال باشقىلاردىن مەسلىھەت ۋە ياردەم سورايدۇ. ئۇ بىر ئوچۇق-يورۇق ۋە سەمىمىي ئادەم بولۇپ، ئۆز گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئېنىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىنى ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن ئىستەيدۇ. (06)

- -ئەركىن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش جەھەتتە توختاۋسىز ھالدا قاتتىق تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ تېخنىكىلىق ماھارەتلىرى ئىنتايىن ئېنىق. مەن دولقۇن-فرونتىنى كونترول قىلىش كومپيۇتېر پروگراممىسىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش ئىشىدا ئەركىنگە يۈزدە-يۈز ئىشىنىمەن — بۇ سۆزلىرىمنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر! (06)

- -ئەركىنگە بىر قىسىم ۋەزىپىلەرنى باشقۇرۇش پۇرسىتى بېرىلىشى كېرەك. (06)

- -ئەركىن ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئىجادكارلىق تەلەپ قىلىدىغان تەرەپلىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ھەمدە قىلغان يېڭىلىقلىرىنى كېلەر قېتىملىق SPIE يىغىنلىرىدا دوكلات قىلىشنى ئىستەيدۇ. مەن ئەركىنگە داۋاملىق تۈردە يېڭىلىق يارىتىش ۋە قىيىن ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسەتلىرى يارىتىپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. (06)

- -ئەركىن ئىنتايىن قاتتىق ئىشلەيدۇ. ئۇ مەن ھازىرغىچە ئۇچرۇتۇپ باققان ئەڭ ئۈنۈمدار خادىملارنىڭ بىرى. ئۇ ھەر دائىم ۋەزىپىلەرنى كۆپرەك ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. بىز ئۇنىڭغا ۋەزىپىلەرنى دۆۋىلەۋەرسەكمۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ

«ياق» دېمەيدۇ. كۆپىنچە خادىملار ئۇچۇن بۇنداق ئىش بىر خىل مەسىلە بولۇپ قالىدۇ، ئەمما ئەركىن بىر ئاماللارنى قىلىپ كۆپ خىل ۋەزىپىلەرنى تەڭلا ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلايدۇ. ئۇ كۈچىنى خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ، ھەمدە ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلەيدۇ. ئۇ 3-4 كومپيۇتېرلارنى تەڭلا ماڭدۇرۇپ، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ساندىكى ۋەزىپىنى ئورۇنلاش جەھەتتە تولىمۇ ئەقىللىق. ئەركىن دائىم مەندىن ئۆزىگە بېرىلگەن ۋەزىپىلەرنىڭ مۇھىملىق دەرىجىلىرى ۋە دائىرىلىرىنى سوراپ ئېنىقلىۋېلىپ، ھەممە ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ ماڭىدۇ. (06)

--ئەركىن ناھايىتى چىقىشقاق. ئۇ خىزمەتداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىر ئادەم سۆزلەۋاتقاندا ئۇ ھەرگىزمۇ سۆزنى بۆلۈۋەتمەي، ئۇنىڭ سۆزىنى ئەڭ ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ چىقىدۇ. شۇنداقلا ئۇ قانچىلىك ۋاقىت كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، زۆرۈر بولغاندا قارشى تەرەپكە بىر ئىشنى ئىنتايىن تەپسىلى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ھەر دائىم باشقىلار بىلەن ئوچۇق ۋە ئېنىق چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. (06)

--ئەركىن قىلغان ئىشلىرىنى دوكلات قىلىپ يېزىپ چىقىشتا ناھايىتى داڭلىق. ئۇ ھەر يىلى ناھايىتى كۆپ ساندا دوكلات تەييارلايدۇ (ئەسكەرتىش: مەن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 پارچە خىزمەت دوكلاتى تەييارلايمەن). بۇ دوكلاتلار بىزنىڭ پروجېكتىنىڭ نۇتۇقلىرى ۋە دوكلاتلىرى ئۈچۈن بىر تۈۋرۈك بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ دوكلاتلار بىر قانچە ھالقىلىق پەيتلەردە بىز ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇش رولىنىمۇ ئوينىدى. (06)

--ئەركىن MATLAB يۇمشاق دېتالىدا ئەڭ يۇقىرى ماھارەتلەر (Top-rate skills) گە ئىگە بولۇپ، ئۇ يەنە داۋاملىق ئۆز بىلىملىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. كومپيۇتېر پروگراممىلىرىغا كىرگۈزگەن يېڭى ئۆزگەرتىشلەرنى خاتىرلەپ مېڭىش ۋە پروگراممىلارنىڭ نۇسخىلىرىنى كونترول قىلىپ مېڭىش جەھەتتە ئۇ ئالىقاچان كۈتكەن تەلەپتىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ قانچىلىك ۋاقىت كەتسە شۇنچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مودېللاش ياكى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىنىڭ ئاساسى بولغان ماتېماتىكىلىق فورمۇلالارنى ئۇ ئۆزى قايتىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھېسابلاشلارنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ ماڭىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. (06)

--مەن ئەركىننىڭ مېنىڭ گۇرۇپپامنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىدىن

ئۆزۈمنى ناھايىتى تەلەيلىك ھېس قىلىمەن. ناھايىتى پۇختا تېخنىكىلىق ئىدىيىلەرگە ئېرىشىش، تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش، ئۆز-ئارا ئېنىق چۈشىنىش ھاسىل قىلىش، ۋە ۋەزىپىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملاش جەھەتلەردە مەن ئەركىنگە يۈزدە-يۈز تايىنالايمەن. (06)

--ئەركىن HCIT تەجرىبە ئۈسكۈنىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ناھايىتى قىزغىن ئاۋاز قوشىدۇ، ھەممە تېخنىكىلىق يىغىنلاردا ئۆزى ئىشلەپ چىققان نەتىجىلەرنى ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ دوكلات قىلىدۇ. (06)

--ئەركىن كورونوگرافلىق تېلېسكوپ ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك بىلىملەرگە ئىگە بولۇپ، بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كۆپلىگەن مەسىلىلەردە مول تەجرىبىلەرگىمۇ ئىگە. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەش بىر ناھايىتى خۇشاللىنارلىق ئىش بولۇپ، ئەركىن بىزنىڭكىگە ئوخشاش گۇرۇپپىلار ئۈچۈن بىر ناھايىتى قىممەتلىك بايلىق. (06)

--ئەركىن ئۆزى قىلغان يېڭىلىقلارنى ئىلمىي ماقالە قىلىپ ئېلان قىلىش جەھەتتە بىزنىڭ گۇرۇپپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ پروجېكتكە كۆپلىگەن مۇھىم ۋە ھالقىلىق تۆھپىلەرنى قوشتى. (07)

--ئەركىن مودېللاش ۋە تېخنىكىلىق دوكلات تەييارلاش جەھەتتە گۇرۇپپىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىدا. ئۇنىڭدا ئىنتايىن ئېسىل خىزمەت ئادىتى بار بولۇپ، ئۇ ئالدىنقى ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدىكى بىر ھەقىقىي مۇتەخەسسىسكە ئايلاندى. (07)

--ئەركىننىڭ خىزمەت نەتىجىسى ھەقىقەتەنمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇ بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزدىكى بىر ھەل قىلغۇچ رولنى ئويناۋاتقان ئەزا بولۇپ، بىز يولۇققان بىر قانچە ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ئۇ ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدىكى مۇستەقىللىق ۋە ئۈنۈمدارلىق بىلەن ھەل قىلدى. (07)

--ئەركىن ئۆز خىزمىتىدە بۇرۇنقىدەكلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە دوكلات تەييارلاپ، تېخنىكىلىق يىغىنلاردا ئۇلارنى ئۇتتۇرلۇق دوكلات قىلىپ سۆزلەپ تۇردى. بۇ ئىش يېڭى-يېڭى مۇزاكىرىلەرگە، ۋە مەسىلىلەرنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە تۈرتكە بولدى. بىزنىڭ پۈتۈن گۇرۇپپىدىكىلەر ئەركىننىڭ مۇشۇ ئىشىغا تولىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. (07)

--ئەركىن بىر قانچە پروجېكتلەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بولسىمۇ، بىز تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملاپ ماڭدى. پەقەت

ۋەزىپىلەرنىلا ئورۇنلاپ قالماي، زوّرۇر بولغاندا ئۆزى مۇستەقىل ئويلاپ، قوشۇمچە تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا ھەممىمىزنىڭ چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاتتى ۋە كېڭەيتتى. بىز ئۇنىڭغا ھەيران قالىمىز. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ گۇرۇپپىنىڭ بىر قىممەتلىك ئەزاسى. (07)

- - ئەركىن ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدە ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىش ۋە تاشقى تەتقىقات مەركەزلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھازىر ئەس-شۆۋ (بىر خىل دولقۇن-فرونتىنى ئۆلچەش ئۇسۇلى) ساھەسىدە دۇنيادىكى بىر باشلامچى مۇتەخەسسىس (The world leading expert) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەركىننىڭ ئۇسۇلى بىر تال كامېرا چېكىتىدىنمۇ كىچىك بولغان يۆتكىلىشنى ئۆلچىيەلەيدىغان بولۇپ، دۇنيادا بۇ ئىشنى قىلالايدىغان باشقا ئۇسۇل يوق. بۇ ئىدارىمىزدىكى بىر چوڭ پروجېكتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بولۇپ، JPL نىڭ يەنە بىر چوڭ پروجېكتكە ئېرىشىشىدىمۇ ئاساسىي رول ئوينىدى. (08)

- - ئەركىن دولقۇن-فرونتىنى كونتروللاش ساھەسىدىمۇ بىر مۇتەخەسسىس بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇسۇلىنىڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇل ئىكەنلىكى بىر قانچە چوڭ پروجېكتلەردە قايتا-قايتا ئىسپاتلاندى. (08)

- - جىددىي ۋەزىپە ئوتتۇرىغا چىققاندا، تېز نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئەركىننى ئىزدەيدۇ. (08)

- - ئەركىن خىزمەتنى ناھايىتى ياخشى ۋە تېز قىلىدۇ. باشقىلار نەچچە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ پۈتتۈرىدىغان ئىشنى ئەركىن بىر كۈن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قىلىپ بولىدۇ. (08)

- - ئالدىنقى 3 يىل جەريانىدا ئەركىن ئۆزىنىڭ بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكى MACOS، Code V، Zemax يۇمشاق دېتاللاردىن پايدىلىنىپ ئوپتىكىلىق مودېللاش ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندىكى مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنى ھەممە ئادەم ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق خادىملارنىڭ سانى بەك كۆپ بولسىمۇ، ئۇ باشقىلار بىلەن ناھايىتى ئېنىق ۋە ئوچۇق سۆزلىشىپ، ئۇستىدىكى ۋەزىپىلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋەزىپىلەرنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. (08)

- - ئەركىن خىزمەت تەجرىبىسى جەھەتتە ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان

خادىملارغا زېرىكمەي ياردەم قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن ناھايىتى يېقىن ھەمكارلىشىدۇ. (08)

-- مەن 2006-يىلى ئەركىننى باھالىغاندا مۇنداق دەپ يازغان ئىدىم: «مېنىڭ ئەركىنگە بېرىدىغان ئەڭ يۇقىرى مەدھىيە سۆزۈم مۇنداق: ئەگەر ماڭا بىر مودېللاش ۋە ئانالىز قىلىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەش ۋەزىپىسى چۈشسە، مەن ئەركىننى 1-بولۇپ تاللايمەن.» بۇ سۆزۈم ھازىرمۇ كۈچكە ئىگە. مەن ئەركىننىڭ ئۆزۈم تەۋە بولغان ھەر قانداق بىر گۇرۇپپا ياكى پروجېكتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشنى ئىستەيمەن. (08)

-- ئەركىن بۇ يىل يەر تەۋرەشنى كائىنات بوشلۇقىدا تۇرۇپ ئۆلچەيدىغان تېلېسكوپ پروجېكتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. ئۇ كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىدىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، 6 خىل تېلېسكوپ تارتقان رەسىملەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا زۆرۈر بولغان يېڭىچە ئۇسۇللارنى ئۇ ئۆز ئالدىغا ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئۇ قىلغان ئىشلار كېيىنكى يىللاردا يەر تەۋرەشنى ئالەم بوشلۇقىدا تۇرۇپ ئۆلچەيدىغان تېلېسكوپ قۇرۇلۇشى (mission) نى تەستىقلىتىش ئىشىدا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. ئەركىن ھەر ۋاقىت ۋەزىپىنى ئۆز ۋاقتىدا، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن، تەلتۆكۈس ۋە تولۇق ئورۇنلايدۇ. (12)

-- ئەركىن ناھايىتى كۆپ مودېللاش ئىشلىرىنى قىلدى. ئۇنىڭ ئالاھىدە مودېللاش ماھارەتلىرى ئۇنى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئېھتىياجلىق ئادەمگە ئايلاندۇردى. مەن مەسئۇل بولغان بىر پروجېكتتىكى بەزى مەسىلىلەر بىر خىل كىرىزىسقا ئايلانغاندا، ئەركىن دەرھال ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن ئويلاپ چىققان ئۇسۇل ھازىرقى لايىھىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسىغا ئايلاندى. بۇ ئىشنىڭ ئافتا (يېڭى تىپتىكى ئالەم تېلېسكوپى) پروجېكتىگە بولغان قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئەركىن بۇ ئىشلاردا ئاساسى رول ئويىندى. ئەركىن خىزمەتنى ناھايىتى ئېپىسل قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ئىشلەپ، ئوخشىمىغان گۇرۇپپىلاردىن كەلگەن تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەركىن ئىشنى ئىنتايىن تېز ۋە ئىنتايىن يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن قىلىدۇ. بەزىدە تېز نەتىجە چىقىرىمەن دەپ، قىسمەت خاتالىقلارنى سادىر قىلىدىغان ۋاقتىمۇ بار. بىز ئۇنىڭ بىزنىڭ گۇرۇپپىدا بولغانلىقىدىن ئۆزىمىزنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمىز. ئۇ بىزنىڭ گۇرۇپپىغا ھەقىقەتەنمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشتى. (15)

- -ئەركىن WFIRST - AFTA پروجېكتىدە ماڭا ئىشلەپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ پروجېكتە كورونوگرافلىق تېلېسكوپلارنى مودېللاش خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدە ئەركىن ناھايىتى كۆپ تەتقىقات تۈرلىرىنى تاماملىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆھپىسى بىزنىڭ پۈتۈن پروجېكتكە ئىنتايىن زور ياردەملەرنى قىلدى. ئۇ قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى LOWFS كونترول ئالگورىزمى (ماتېماتىكىلىق ئۇسۇلى) نى ئىشلەپ چىقىش بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى بىلەن بىز تېلېسكوپنىڭ ھالقىلىق تەكشۈرۈش ئەھۋاللىرى ھەققىدە ئالدىن مۆلچەرلەش ئېلىپ بارالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولدۇق. يېقىندىن بۇيان مەن ئەركىن بىلەن مۇددەتلىك ھالدا ئايرىم يىغىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تېلېسكوپ مودېلىنى ئىسپاتتىن ئۆتكۈزۈش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە مەخسۇس مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋاتىمەن، ھەمدە ئۇنىڭ ستورت شاكلان بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان تېخنولوگىيىنى يۈكسەلدۈرۈش خىزمەتلىرىدىكى تەجرىبىلىرىدىن ناھايىتى زور پايدا ئېلىۋاتىمەن. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەركىن خىزمەتنى ئىنتايىن ئېسىل ئىشلىدى. ئۇ قىلغان خىزمەتلەرنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئۇ تاماملىغان خىزمەت مىقدارىمۇ ناھايىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇ ناھايىتى قىيىن ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ھەمدە ئىنتايىن قاتتىق تىرىشىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. بىزنىڭ پروجېكىنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئەركىننىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە خىزمەت - تەجرىبىلىرىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئەركىن ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىن قىلچىمۇ قورقمايدىغان بولۇپ، ئەركىننىڭ بىزنىڭ باشقارمىدا بولغىنى بىز ئۈچۈن بىر مۇھىم بايلىق، دەپ قاراشقا بولىدۇ. (15)

- -مەن ئەركىننىڭ ئەڭ چوڭ قوللىغۇچىسى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەش مەن ئۈچۈن بىر ھۇزۇرلۇق ئىش. ئۇ مەن مەسئۇل بولغان بىر پروجېكتتە ناھايىتى زور (huge) رول ئويناپ، يەنە بىر پروجېكتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئەركىن بىلەن بىللە ئىشلىگەننىڭ يەنە بىر ياخشى تەرىپى شۇكى، ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغان بولسا، ئۇنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ، ھەمدە بارلىق ئامالLARنى قىلىپ، يۈز بەرگەن مەسىلىنى ئوڭشايدۇ. تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەن مەسئۇل بولغان پروجېكتتە بىز توختاۋسىز ھالدا يۇقىرىغا قاراپ يۈكسىلىش ھاسىل قىلدۇق: (1) ئەركىن ئىنتايىن قاتتىق ئىشلەپ، ۋەزىپىلەرنى داۋاملىق

ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاپ ماڭدى. ئۇ باھانە كۆرسىتىدىغان ياكى بىزنى تۈيۈقسىز چۆچۈتىدىغان ئىشلارنى قىلمىدى. (2) ئۇ ئوچۇق-ئاشكارە بولغانلىقى (transparency) ئۈچۈن، بىز پروجەكتتە كۆرۈلۈۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشتا ھېچ قانداق ۋاقىت ئىسراپ قىلمىدۇق. بىز بىللە ئولتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كېيىنكى قەدەمدە قايسى ئىشلارنى سىناپ بېقىشنى قارار قىلدۇق. مەن ھەر قانداق ۋاقىتتا ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى سۈپەتتە ئورۇنلاشتا ئەركىنگە تايىنالايمەن. شۇنداقلا مەن گۇرۇپپىمىزدىكى باشقا ئەزالار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشتىمۇ ئەركىنگە تايىنالايمەن. مەن كېلەر يىل ئەركىننىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەنلەر چوقۇم مۇكاپاتلىنىشى كېرەك. (15)

مەن يۇقىرىدىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمدەك، ماقالىنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن 2009-يىلىدىن 2014-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىللىق باھالاشلارنى بۇ يەرگە كىرگۈزمىدىم.

### 3. مەن 2015-يىلى ئېلان قىلغان كەسپىي ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى

بۇ يىل (يەنى 2015-يىلى) مەن ئۈچۈن ئىلمىي تەتقىقات ھاياتىمدىكى ئەڭ ھوسۇللۇق بىر يىل بولدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان مەن جەمئىي 9 پارچە ئىلمىي ماقالىگە ئاپتور بولدۇم. بۇ ماقالىلەرنىڭ 7 پارچىسى بۇ يىل 8-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە كالىفورنىيە شتاتى سان دىئېگو شەھىرىدە ئېچىلغان SPIE نىڭ يىللىق يىغىنىدا دوكلات قىلىنغان بولۇپ، قالغان 2 پارچىسى بولسا SPIE نىڭ ئىنگلىزچە «Journal of astronomical telescopes, instruments, and systems» دەپ ئاتىلىدىغان ژۇرنىلىغا يوللىنىپ، قوبۇل قىلىندى. SPIE يىغىنىدا بېرىلگەن 7 مەيدان دوكلاتنىڭ ئىچىدىكى 6 دوكلات ئۈستىدىمۇ 9 - 12 بەتلىك ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار SPIE نىڭ ئىنگلىزچە «SPIE Conference Proceedings» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئىلمىي تەتقىقات دۇنياسىدا بۇ توپلاملارمۇ ئىلمىي ژۇرناللار بىلەن ئوخشاش قارىلىدۇ. مەن بۇ قېتىمقى SPIE يىغىنى ھەققىدە تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمەن. ژۇرنالغا چىققان ياكى ئەمدى چىقىدىغان 8 پارچە ماقالىنىڭ 3 پارچىسىغا مەن

1-ئاپتور بولۇپ، ئۇلارنى مەن ئۆزۈم يازدىم. بىزنىڭ ئىدارىدە ئىلمىي ژۇرناللارغا چىقىرىدىغان ماقالىلەرنى ئۇنىڭ 1-ئاپتورى يازىدۇ. ئاندىن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ماقالىنىڭ 2-ئاپتورى، ياكى ئاشۇ ماقالىدە بايان قىلىنغان پروجېكتنىڭ مەسئۇلى ئۇنى بىر قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، ماقالىگە تۈزىتىش ياكى تولۇقلاش تەكلىپ پىكىرلىرىنى بېرىدۇ. ئۈچىنچى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدىغان ئاپتورلار بولسا ۋاقتىنىڭ قىسلىقى، ياكى ئۆزىنى مۇھىم ئاپتورلارنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىماسلىقى سەۋەبىدىن ماقالىنى بىرەر قېتىممۇ ئوقۇپ باقمايدىغان ئەھۋال ناھايىتى كۆپ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ماقالە ئاپتورى قاتارىدا ئورۇن ئالغانلىقى ماقالىدە بايان قىلىنغان يېڭىلىقلارغا ئۇلارنىڭمۇ تۆھپە قوشقانلىقىنى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ماقالىدىكى بارلىق مەزمۇنلارغا تولۇق قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەن بۇ يىل ئاپتور بولغان 9 پارچە ماقالىنىڭ ئىزدەپ تېپىشتا زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلىرىنى تۆۋەندە 3-رەسىم قىلىپ كىرگۈزۈپ قويدۇم. ھەر يىللىق SPIE يىغىنى پروگراممىسى بىر 300 بەتلىك كىتاب بولۇپ، بۇ يىللىق پروگراممىنىڭ بىر بېتىدە مېنىڭ ئىسمىم جەمئىي 5 پارچە ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مەن ئاشۇ بەتنى تۆۋەندە 4-رەسىم قىلىپ قىستۇرۇپ قويدۇم.


1.Erkin Sidick, and F. Shi, "Effect of DM actuator gain errors on the WFIRST/AFTA coronagraph contrast performance", Proc. SPIE, vol. 9605, pp. 9505-5, August 2015.

2.Erkin Sidick, Stuart Shaklan, and Eric Cady, "High-contrast coronagraph performance in the presence of DM actuator defects", Proc. SPIE, vol. 9605, pp. 9505-68, August 2015.

3.Erkin Sidick, Stuart Shaklan, K. Balasubramanian, and Eric Cady, "Studies of the effects of control bandwidth and dark-hole size on the HCIT contrast performance", Proc. SPIE, vol. 9605, pp. 9505-16, August 2015.

4.F. Shi, others, Erkin Sidick, others, "Low order wavefront sensing and control for WFIRST/AFTA coronagraph," Proc. SPIE, vol. 9605, pp. 9505-8, August 2015.

5.John Krist, others, Erkin Sidick, others, "An overview of WFIRST-AFTA coronagraph modeling," Proc. SPIE, vol. 9605, pp. 9505-4, August 2015.

6.Brian Kern, others, Erkin Sidick, others, "PIAACMC coronagraphic occulting mask fabrication, characterization, and modeling," Proc. SPIE, vol. 9605, pp. 9505-11, August 2015.

7.F. Shi, others, Erkin Sidick, others, "Low order wavefront sensing and control for WFIRST-AFTA coronagraph," Journal of Astronomical Telescopes, Instruments, and Systems (JATIS), submitted (2015).

8.Brian Kern, others, Erkin Sidick, others, "PIAACMC mask fabrication, characterization, and modeling for WFIRST-AFTA," Journal of Astronomical Telescopes, Instruments, and Systems (JATIS), submitted (2015).

9. Ilya Poberezhskiy, others, Erkin Sidick, others, "An overview of WFIRST-AFTA coronagraph modeling," Proc. SPIE, vol. 9605, pp. 9505-2, August 2015 (The names of other authors were not included in the SPIE conference program, but were included in the conference presentation).

3-رەسىم: مەن 2015-يىلى ئاپتور بولغان 9 پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ تىزىملىكى، ۋە ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلار.



CONFERENCE 9605

**External occulter edge scattering control using metamaterials for exoplanet detection**, Eduardo A. Bendek, Dan Sirbu, NASA Ames Research Ctr. (USA); Zhaowei Liu, Univ. of California, San Diego (USA); Stefan R. Martin, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-85]

**Scaling relation for occulter manufacturing errors**, Dan Sirbu, NASA Ames Research Ctr. (USA); N. Jeremy Kasdin, Robert J. Vanderbei, Princeton Univ. (USA) .......... [9605-86]

**Astrometry with JWST-NIRISS AMI cryovac data**, Deepashri Thatte, Space Telescope Science Institute (USA); Alexandra Z. Greenbaum, Johns Hopkins Univ. (USA); André R. Martel, Space Telescope Science Institute (USA); Étienne Artigau, Univ. de Montréal (Canada); Anand Sivaramakrishnan, Space Telescope Science Institute (USA) .......... [9605-87]

**A method to directly image exoplanets in multi-star systems such as Alpha-Centauri**, Sandrine J. Thomas, Ruslan Belikov, Eduardo A. Bendek, NASA Ames Research Ctr. (USA) .......... [9605-88]

**Modeling of planetary signal detection through ray-tracing based beam propagation**, Dongok Ryu, Sug-Whan Kim, Yonsei Univ. (Korea, Republic of) .......... [9605-89]

**Initial look at the technology gap for direct imaging of exo-earths**, Rhonda M. Morgan, Nicholas Siegler, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-90]

TUESDAY 11 AUGUST

SESSION 1 .......... TUE 8:00 AM TO 10:00 AM

WFIRST/AFTA I

Session Chair: **M. Charley Noecker,** Jet Propulsion Lab. (USA)

**Requirements and design reference mission for the WFIRST-AFTA coronagraph instrument**, Richard Demers, Frank G. Dekens, Robert J. Calvet, Zensheu Chang, Robert T. Effinger, Eric M. Ek, Laura Jones, Anthony Loc, Bijan Nemati, Martin Charley Noecker, Timothy Neville, Hung Pham, Hong Tang, Jet Propulsion Lab. (USA); Juan Villalvazo, Applied Sciences Lab. Inc. (USA) .. [9605-1]

**WFIRST/AFTA coronagraph technology development: component maturation and testbed validation**, Ilya Poberezhskiy, Jet Propulsion Lab. (USA) .... [9605-2]

**The WFIRST/AFTA coronagraph instrument optical design**, Hong Tang, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-3]

**An overview of WFIRST/AFTA coronagraph optical modeling**, John Krist, Gary Gutt, Jeffrey Jewell, Brian Kern, Bijan Nemati, David C. Palacios, Jet Propulsion Lab. (USA); A. J. Eldorado Riggs, Princeton Univ. (USA); Erkin Sidick, Hanying Zhou, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-4]

**Effect of DM actuator gain errors on the WFIRST/AFTA coronagraph contrast performance**, Erkin Sidick, Fang Shi, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-5]

**Wavefront correction with Kalman filtering for the WFIRST/AFTA coronagraph instrument**, A. J. Eldorado Riggs, N. Jeremy Kasdin, Tyler D. Groff, Princeton Univ. (USA) .......... [9605-6]

SESSION 2 .......... TUE 10:30 AM TO 12:00 PM

WFIRST/AFTA II

Session Chair: **M. Charley Noecker,** Jet Propulsion Lab. (USA)

**Current best estimates of planet populations** *(Invited Paper)*, Leslie A. Rogers, California Institute of Technology (USA) .......... [9605-7]

**Low order wavefront sensing and control for WFIRST/AFTA coronagraph**, Fang Shi, Kunjithapatham Balasubramanian, Randall D. Bartos, Randall C. Hein, Brian D. Kern, John Krist, Raymond K. Lam, James Moore, Keith Patterson, Joel F. Shields, Ilya Poberezhskiy, Erkin Sidick, Hong Tang, Tuan Truong, Brent Tweddle, J.Kent Wallace, Xu Wang, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-8]

**Shaped pupil Lyot coronagraph designs for WFIRST/AFTA**, Neil T. Zimmerman, A. J. E. Riggs, N. Jeremy Kasdin, Princeton Univ. (USA); Alexis Carlotti, Institut de Planétologie et d'Astrophysique de Grenoble (France); Robert J. Vanderbei, Princeton Univ. (USA) .......... [9605-9]

**Laboratory performance of the shaped pupil coronagraphic architecture for the WFIRST/AFTA coronagraph**, Eric Cady, Camilo A. Mejia Prada, Xin An, Kunjithapatham Balasubramanian, Rosemary T. Diaz, Jeffrey Jewell, Jet Propulsion Lab. (USA) and California Institute of Technology (USA); N. Jeremy Kasdin, Princeton Univ. (USA); Brian D. Kern, Andreas Kuhnert, Bijan Nemati, Keith Patterson, Ilya Poberezhskiy, Jet Propulsion Lab. (USA) and California Institute of Technology (USA); A. J. Eldorado Riggs, Princeton Univ. (USA); Daniel J. Ryan, Hanying Zhou, Robert P. Zimmer, Jet Propulsion Lab. (USA) and California Institute of Technology (USA); Neil T. Zimmerman, Princeton Univ. (USA) .......... [9605-10]

Lunch Break .......... Tue 12:00 pm to 1:30 pm

SESSION 3 .......... TUE 1:30 PM TO 3:10 PM

WFIRST/AFTA III

Session Chair: **Lucas Labadie,** Univ. of Cologne (Germany)

**PIAACMC coronagraphic occulting mask fabrication, characterization, and modeling**, Brian D. Kern, Daniel W. Wilson, Jet Propulsion Lab. (USA); Olivier Guyon, Subaru Telescope, National Astronomical Observatory of Japan (USA); Richard E. Muller, Kunjithapatham Balasubramanian, Erkin Sidick, Ilya Poberezhskiy, Jet Propulsion Lab. (USA); Ruslan Belikov, NASA Ames Research Ctr. (USA) .......... [9605-11]

**AFTA coronagraph performance: feedback from post-processing studies to overall design**, Bertrand Mennesson, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-12]

**The impact of radiation damage on photon counting with an EM-CCD for the WFIRST-AFTA coronagraph**, Nathan L. Bush, David J. Hall, Andrew D. Holland, Ross Burgon, Neil J. Murray, Jason P. D. Gow, Matthew R. Soman, The Open Univ. (United Kingdom); Douglas Jordan, e2v technologies (UK) Ltd. (United Kingdom); Richard Demers, Leon K. Harding, Michael E. Hoenk, Darren Michaels, Bijan Nemati, Pavani Peddada, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-13]

**Electron multiplication CCD detector technology advancement for the WFIRST-AFTA coronagraph integral field spectrograph**, Leon K. Harding, Michael Cherng, Richard Demers, Michael E. Hoenk, Darren Michaels, Bijan Nemati, Pavani Peddada, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-14]

**Prototype imaging spectrograph for coronagraphic exoplanet studies (PISCES) for WFIRST/AFTA**, Qian Gong, Michael Mcelwain, Bradford Greeley, Bryan Grammer, Catherine Marx, Nargess Memarsadeghi, George Hilton, NASA Goddard Space Flight Ctr. (USA); Marshall Perrin, Space Telescope Science Institute (USA); Jorge Domingo Llop Sayson, Karl Stapelfeldt, NASA Goddard Space Flight Ctr. (USA); Richard Demers, Hong Tang, Brian Kern, Janan Ferdosi, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-15]

SESSION 4 .......... TUE 3:40 PM TO 5:20 PM

High Contrast Laboratory Results

Session Chair: **Stuart B. Shaklan,** Jet Propulsion Lab. (USA)

**Studies of the effects of control bandwidth and dark-hole size on the HCIT contrast performance**, Erkin Sidick, Stuart B. Shaklan, Kunjithapatham Balasubramanian, Eric Cady, Jet Propulsion Lab. (USA) .......... [9605-16]

**High-contrast imager for complex aperture telescopes (HiCAT): 3. First laboratory results including wavefront control**, Mamadou N'Diaye, Élodie Choquet, Johan Mazoyer, Space Telescope Science Institute (USA); Alexis Carlotti, Institut de Planétologie et d'Astrophysique de Grenoble (France); Laurent A. Pueyo, Space Telescope Science Institute (USA); Sylvain Egron, Lucie Leboulleux, Olivier Levecq, Institut d'Optique Graduate School (France); Marshall D. Perrin, Space Telescope Science Institute (USA); J.Kent Wallace, Jet Propulsion Lab. (USA); Chris A. Long, Rachel Lajoie, Charles-Philippe Lajoie, Space Telescope Science Institute (USA); A. J. Eldorado Riggs, Neil T. Zimmerman, Robert J. Vanderbei, Tyler D. Groff, N. Jeremy Kasdin, Princeton Univ. (USA); Dimitri Mawet, California Institute of Technology (USA); Bruce A. Macintosh, Stanford Univ. (USA); Stuart B. Shaklan, Jet Propulsion Lab. (USA); Rémi Soummer, Space Telescope Science Institute (USA) .......... [9605-17]

**EXCEDE technology development III: demonstration of polychromatic contrast in vacuum at 1.2 L/D**, Dan Sirbu, Sandrine J. Thomas, Ruslan Belikov, NASA Ames Research Ctr. (USA); Julien Lozi, National Astronomical Observatory of Japan (USA); Eduardo A. Bendek, Eugene A. Pluzhnik, Dana Lynch, NASA Ames Research Ctr. (USA); Troy T. Hix, Lockheed Martin Space Systems Co. (USA); Peter T. Zell, NASA Ames Research Ctr. (USA); Glenn H. Schneider, The Univ. of Arizona (USA); Olivier Guyon, National Astronomical Observatory of Japan (USA) .......... [9605-18]

**Broadband results with the visible nulling coronagraph**, Brian A. Hicks, Richard G. Lyon, NASA Goddard Space Flight Ctr. (USA); Peter Petrone III, Sigma Space Corp. (USA); Ian J. Miller, LightMachinery Inc. (Canada); Matthew R. Bolcar, Mark Clampin, Udayan Mallik, NASA Goddard Space Flight Ctr. (USA) .......... [9605-19]

**Fabrication and characterization of exoplanet coronagraph shaped pupil masks and laboratory scale star-shade masks**, Kunjithapatham Balasubramanian, Victor E. White, Karl Y. Yee, Pierre M. Echternach, Richard Muller, Matthew R. Dickie, Eric Cady, Daniel J. Ryan, Jet Propulsion Lab. (USA); A. J. Eldorado Riggs, Neil T. Zimmerman, N. Jeremy Kasdin, Princeton Univ. (USA) .......... [9605-20]

4 ـ رەسىم: SPIE نىڭ 2015 ـ يىللىق ئىلمىي دوكلات يىغىنى پروگراممىسىنىڭ بىر بېتى. بۇ بەتتىكى 5 پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئىسمىم بار.

## 4. تۆت خىل ئىلمىي تەتقىقات مۇھىتى ھەققىدە

مەن ھازىرغىچە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ 4 خىل ئوخشىمىغان مۇھىتىدا ئىشلەپ باققان بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىش ۋە باھالاش جەھەتتە ئاشۇ 4 خىل مۇھىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك پەرقلەر بار. مەن ماقالىنىڭ مۇشۇ قىسمىدا ئاشۇ 4 خىل مۇھىتنىڭ پەرقلىرىنى ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى مۇھىت: مەن ماقالىنىڭ بېشىدىكى كىرىش سۆز قىسمىدا

ئۆز-ئارا ئوخشاش بولمىغان 4 خىل ئىلمىي تەتقىقات مۇھىتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. ئۇنىڭ بىرىنچىسى تەبىئىي-پەن ۋە ئىنژېنېرلىق كەسىپلىرىدە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرەلەيدىغان ئالىي مەكتەپلەر، ۋە ئاشۇنداق ئالىي مەكتەپلەرگە قاراشلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى بولۇپ، بۇنداق ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى كۆپىنچە ئەھۋالدا يىغىن ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ سانى، ۋە ئاشۇ ماقالىلەرنى باسقان ژۇرناللارنىڭ سۈپىتى ياكى دەرىجىسى ئارقىلىق باھالىنىدۇ. ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ تۈپ مەقسىتى يېڭى تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى بايقاش ۋە پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇپ، بايقالغان يېڭىلىقلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىرەر ئەمەلىي ئېھتىياج ئۈچۈن زۆرۈر بولىشىمۇ ياكى بولمىسىمۇ بولۋېرىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغانلار ئۈچۈن «تەبىئەت» ۋە «ئىلىم-پەن» ژۇرناللىرىغا ئوخشاش داڭلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىش، ھەمدە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئىمكانقەدەر كۆپلەپ ئېلان قىلىش تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت دەرىجىسى ۋە مائاشلىرىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ خىل مۇھىتتا ماقالە ئېلان قىلىدىغانلار ئاساسەن بىرەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئادەم ياكى ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، ئۆزى خالىغانچە شۇنداق قىلالايدۇ. مەن ياپونىيەدىكى بىلىم ئاشۇرۇش، ۋە ئامېرىكىدىكى ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشلىرى جەريانىدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەتقىقاتلار ئەنە شۇنداق ئالىي مەكتەپ مۇھىتىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، مەن ئاشۇ مەزگىللەردە يىغىن ۋە ژۇرناللاردا جەمئىي 37 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدىم (مەن ماقالىلەرنى سانىغاندا، ئۇنى ياكى ژۇرنال ماقالىسى، ياكى يىغىن ماقالىسى، دەپ پەقەت بىر قېتىملا سانايمەن. بىر ماقالىنى «يىغىن ماقالىسى» دەپ بىر قېتىم، ۋە «ژۇرنال ماقالىسى» دەپ يەنە بىر قېتىم بولۇپ، ئىككى قېتىم سانىمايمەن).

ئىككىنچى مۇھىت: مەن ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا داڭلىق «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا بىر يېرىم يىل دوكتۇر-ئاشتى بولۇپ ئىشلىدىم (ئامېرىكىنىڭ يەر شارىنى ئايلىنىۋاتقان سۈنئىي ھەمراھلارنى ئېتىپ چۈشۈرىۋېتىدىغان لازېر نۇرى قورالىنى ياسىغان ئورۇن مۇشۇ شۇ). مېنىڭ قىلغىنىم ئاتموسفېرادىكى بىزنى زىيانلىق قۇياش رادىئاتسىيىسىدىن قوغدايدىغان ئوزۇن قەۋىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر لازېر نۇرى ئۈسكۈنىنى

لايىھەلەپ ئىشلەپ چىقىش بولۇپ، ساندىئادىكى ئۇستازىم ۋە باشقا بىر قانچە شىركەت ۋە تەجرىبىخانا خادىملىرى بىرلىكتە ھېلىقى يۇقىرى تېخنولوگىيىلىك ئۈسكۈنىنى ياساپ چىقتۇق. بۇ ھەقتە بىز خەلقئارادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئوپتىكا ژۇرنىلىدا بىر قانچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، بىر پارچە ژۇرنال بىز ماقالىغا كىرگۈزگەن بىر پارچە رەسىمنى ژۇرنالنىڭ تېشىغا باستى. شۇ چاغدا بىز بىر پارچە ئامېرىكا پاتېنتىغىمۇ ئېرىشتۇق. بۇ بىر ئەمەلىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەتقىقات، تەرەققىيات ۋە ئىنژېنېرلىق جەريانىدۇر. ئەمما، مېنىڭ ئۇستازىم شۇ چاغدا بىر خىل ئىنگلىزچە «Femto-second laser pulse» دەپ ئاتىلىدىغان لازېر نۇرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكىنىڭ كەشپىياتچىسى ۋە خەلقئارادىكى باشلامچىسى بولۇپ، ئۇ قىلغان ئىشنىڭ ساندىئاغا شۇ چاغدا بىۋاستە پايدىسى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئاشۇ ساھەدىكى ئىلمىي تەتقىقاتىنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ ماڭدى. ھەر يىلى كۆپلىگەن جايلارغا ۋە چەت ئەللەرگە بېرىپ، ئىلمىي دوكلات بېغىشلارغا قاتناشتى، ھەمدە ھەر يىلى كۆپ ساندا ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلدى. دېمەك، مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، بۇنداق ئورۇنلاردا ئالىي مەكتەپلەردىكىدەك ئاساسىي پەن تەتقىقاتلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلىدىكەن، شۇنداقلا ئەمەلىي ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان يۇقىرى تېخنولوگىيە ۋە ناھايىتى قىيىن ئىنژېنېرلىق ساھەسىدىكى تەتقىقات-تەرەققىيات ئىشلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلىدىكەن.

ئۈچىنچى مۇھىت: يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا يۇقىرى تېخنولوگىيىلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىملارمۇ ئۆزلىرى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن يېڭىلىقلارنى مەزمۇن قىلغان ئاساستا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى شىركەت رەھبەرلىرى قاتتىق كونترول قىلىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا شىركەت خادىملىرى يىغىن ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىدىغان ماقالىلەر ئاشۇ شىركەتنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلغان بولىدۇ. ئەگەر شىركەت مەھسۇلاتىنى تەشۋىق قىلىش رولى بولمايدىكەن، چىقىمنى ئازايتىش ۋە ئۆزىنىڭ ئەقلىي مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن، سىز قىلغان ئىشنىڭ قايسى دەرىجىدىكى يېڭىلىققا ياتىدىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا شىركەت سىزنىڭ ئۇنى ئېلان قىلىشىڭىزغا يول قويمايدۇ. ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا پاتېنت ھوقۇقى ئالىدۇ. مەن شىركەت مۇھىتىدىمۇ بىر قانچە پارچە

ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ باقتىم، ھەمدە يالغۇز ئۆزۈمنىڭ ئاپتورلىقىدا 2 پارچە ئامېرىكا پاتېنت ھوقۇقى ئالدىم.

تۆتىنچى مۇھەت: ئەمدى مەن NASA دىكى ئۆزۈم بىلەن ئوخشاش خىلدىكى ئىشلارنى قىلىدىغان كىشلەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. ئالدى بىلەن ئەسكەرتىپ قويىدىغىنىم، بىزنىڭ ئىدارىدە 5000 نەپەر خادىم بار بولۇپ، ئىدارىمىز قىلىدىغان ئىشلارنىڭ 70 پىرسەنتى يەر شارى ئىلمىگە ئائىت ئىشلار. مېنىڭ بىلىشىمچە، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش تېخنولوگىيىسىنىڭ ھازىرقىدەك يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىشىدە بىزنىڭ ئىدارە بىلەن بىزنىڭ باش ئىدارىمىز كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاساسىي رول ئوينىغان. بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر قىلىدىغان ئىشلارنىڭ قالغان 30 پىرسەنتى بولسا كائىناتنى تەكشۈرۈشكە ئائىت ئىشلار.

مەن تەۋە بولغان، 30 ـ 40 دەك ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىملىرى بار بولغان بىر چوڭ گۇرۇپپا كىشلەر ھازىر 2020ـ يىللىرى ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىلىدىغان، تاشقى پىلانېتىلارنى بىۋاستە كۆرەلەيدىغان تېلېسكوپنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىمىز. بۇ ئىشنىڭ مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىكى بار:

ـ ـ(1) ئۇ ئاساسەن ئىنتايىن قىيىن دەرىجىدىكى تەتقىقات، تەرەققىيات ۋە ئىنژېنېرلىق تۈرى. بىز ياسايدىغان تېلېسكوپ يەر يۈزىدە تۇرۇپ، ھىمالايا تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدىكى بىر تال ئادەم چېچىنىڭ ئۇستىدىكى مۇدۇر-چۇقۇرلارنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇ تاشقى پىلانېتىلارنى بىۋاستە كۆرەلەيدۇ. ھىمالايانىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 10 كىلومېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئادەم چېچىنىڭ توملۇقى 17 مىكرو-مېتىردىن 181 مىكرو-مېتىرغىچە كېلىدۇ. يەنى، بىز ياسايدىغان تېلېسكوپ يەر يۈزىدىن 10 كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر قانچە مىكرو-مېتىر چوڭلۇقتىكى نەرسىنى كۆرۈپ، ئۇنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

ـ ـ(2) بىز ئۆزىمىز يولۇققان يۇقىرى تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەسىدىكى توسالغۇلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېڭىلىق يارىتىمىز. ئەنە شۇ يېڭىلىقلار يىغىن ۋە ژۇرناللار ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە ماتېرىيالى بولىدۇ. بىزنىڭ ئىدارىدە ئاساسىي-پەن تەتقىقاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان

خادىملارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار تەتقىقات خىراجەت پۇلىنى ئۆزلىرى ئىلتىماس قىلىپ ئايرىم ھەل قىلىدۇ، ھەممە ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز كېلىدۇ.

- -(3) ئالەم تېلېسكوپلىرى ئالەم بوشلۇقىدا بىر «ھەقىقىي بوشلۇق (ھاۋاسىز)» مۇھىت ئىچىدە ئىشلەيدۇ. بىز ئاشۇنداق بىر تېلېسكوپنى تەتقىق قىلىپ ياسىغاندا، ئۇنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆز ئىدارىمىزدە بەرپا قىلغان بىر ھەقىقىي بوشلۇق مۇھىتىدا ئېلىپ بارىمىز. بىز تەجرىبە ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان چوڭ ھەجىملىك «ھەقىقىي بوشلۇق ئۆيى» (vacuum chamber) گە ئوخشاش ئۈسكۈنە-ئەسۋابلار بىزنىڭ ئىدارىدىن باشقا جايلاردا يوق. شۇڭلاشقا بىز بىلەن ئوخشاش خىلدىكى ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئامېرىكا ۋە چەت ئەلدىكى باشقا ئورۇنلارنىڭ خادىملىرى قاتتىق پىلانلاش ۋە كېلىشىش ئاساسىدا بەزىدە بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىپ، بىزنىڭ ئىدارىدىكى ئۈسكۈنە-ئەسۋابلارنى ئىشلىتىپ، تەجرىبە ئېلىپ بېرىۋالىدۇ.



5-رەسىم: بىزنىڭ ئىدارىدىكى بىر «ھەقىقىي بوشلۇق ئۆيى». بۇ ئۆينىڭ يەنە بىرى رەسىمدىكىسىدىن 3 ھەسسىدىنمۇ كۆپرەك چوڭ. بىز تېلېسكوپ تەجرىبە ئۈسكۈنىسىنى مۇشۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ياساپ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھاۋانى پۈتۈنلەي سۈمۈرۈپ چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق بىر «ئالەم بوشلۇقى» ھاسىل قىلىپ، ئاندىن تەجرىبە ئېلىپ بارىمىز.

--(4) پۈتۈن دۇنيادىكى بىز قىلىۋاتقان ئىشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پروفېسسور، تەتقىقاتچى ۋە ئىنژېنېرلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز. مېنىڭ مۆلچەرىمچە ئۇلار 500 ئادەمگىمۇ بارمايدۇ. بۇ 500 ئادەمنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىملار ۋە باشلىقلار ئۆز-ئارا ئاساسەن تونۇشىمىز. مۇشۇ كىشىلەر مۇددەتلىك باھالاش يىغىنلىرى ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا داۋاملىق بىرگە بولۇپ تۇرىمىز. بىرسى يازغان ئىلمىي ماقالىگە يەنە بىرسى «تەستىقلىغۇچى مۇتەخەسسىس» (reviewer) بولۇپ بېرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ كەسپىي ساھەسىدىكى ھەقىقىي مەنىدىكى «ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى» نى قوبۇل قىلىدىغان ھەر قانداق ژۇرنالغا ماقالە ماڭدۇرساق، ئۇ ماقالىلەر ئاساسەن بېسىلىدۇ.

--(5) بىزنىڭ ئىدارە بىزنىڭ تەتقىقات، تەرەققىيات ۋە ئىنژېنېرلىق جەھەتلەردىكى نەتىجىلىرىمىزنى ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىگە قاراپ ئەمەس، ئۆزىمىز قىلىۋاتقان پروجېكتلەردە كۈتكەندەك ئالغا بېسىشلار ھاسىل قىلىنىدىمۇ-يوق، ياسىغان نەرسىمىز نىشانلىغان يەرگە بارىدىمۇ-يوق، ئەگەر بارغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پىلانلىغان ئىشلارنى قىلدىمۇ-يوق، دېگەنلەرگە قاراپ باھالايدۇ. ئىدارىمىز بىزنى ئۆزىمىزنىڭ نورمال خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئىلمىي ماقالە چىقىرىشقا، شۇ ئارقىلىق NASA قىلىۋاتقان ئىشلاردىن خەلقنى ۋە دۇنيانى خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەمما، ھەرگىزمۇ بىزدىن ماقالە چىقىرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. يىللىق باھالاش ۋە مائاش ئۆستۈرۈش ئىشلىرىدا چىقارغان ئىلمىي ماقالىنىڭ سانى ۋە سۈپىتى دېگەندەك نەرسىلەرگە ئانچە قاراپ كەتمەيدۇ. بىزنىڭ دەرىجىمىز ۋە مائاشىمىزنى ئۆستۈرۈشتە، بىزنىڭ ھەر خىل پروجېكتلەرگە قوشقان تۆھپىمىزنى ئاساس قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ساھەسىدىكى ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىنى چىقىرىش جەھەتتە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا

تۇرىدىغان ئىككى ئورۇن بار. ئۇنىڭ بىرى مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان SPIE بولۇپ، يەنە بىرى بولسا «ئامېرىكا ئوپتىكا جەمئىيىتى» (Optical Sokiety of America, OSA). مەن NASAغا ئىشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئاساسەن OSA نىڭ يىغىنلىرىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ژۇرناللىرىدا ماقالە ئېلان قىلغان. NASAغا كىرگەندىن كېيىن ئاساسەن SPIE نىڭ يىغىنىغا بېرىپ، شۇنىڭ ژۇرناللىرىغا ماقالە چىقىرىۋاتىمەن. بىزنىڭ ئىدارىدىكى مەن بىلەن ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن SPIE يىغىنى ۋە ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىدۇ. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب OSA بىلەن SPIE مەسئۇل بولغان ساھەلەر ئوخشاش ئەمەس بولۇپ، SPIE ئىنژېنېرلىقنى ئاساس قىلىدۇ. SPIE ژۇرناللىرى ماقالىنى فورماتلاشقا يۇقىرى تەلەپ قويمايدىغان بولۇپ، ئۇلارغا ماقالە چىقارغاندا فورماتلاش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتنى زور دەرىجىدە تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. مەن ئادەتتە نەتىجىلىرى تەييار بولۇپ بولغاندا، بىر پارچە 12 بەتلىك SPIE ماقالىسى يېزىشقا ئاران 2 كۈندىن 5 كۈنگىچە ۋاقىت سەرپ قىلىمەن. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ۋاقىتقا بىز چىقىنالمايمىز. ئۇلارنىڭ بەت سانىغا قويغان چەكلىمە «12 بەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك» بولۇپ، بىز ھەر بىر پارچە ماقالىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى 12 بەتتىن ئاشۇرۇۋەتمەسكىلا ئۇلار بېسىۋېرىدۇ. ھەمدە SPIE نىڭ يىغىن ۋە ژۇرناللىرىدا بىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان ساھەلەر بار.

مەسىلەن، مەن 2015-يىلى 9-ئاۋغۇستتىن 13-ئاۋغۇستقىچە SPIE نىڭ كالىفورنىيە سان دىئېگو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 5 كۈنلۈك «ئوپتىكا ۋە فوتونىكا» (http://www.spie.org/x13188.xml) دېگەن خەلقئارالىق چوڭ يىغىنىغا قاتناشتىم. ئۇ يىغىن 4 چوڭ قىسىمغا، ھەر بىر قىسىم 10 غا يېقىن ساھەگە، ۋە ھەر بىر ساھە يەنە كۆپلىگەن تېخنىكىلىق يىغىنلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاشۇ يىغىنلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى «تاشقى پىلانېتلارنى تاپىدىغان تېخنىكىلار ۋە ئەسۋابلار» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يىغىنىنىڭ رەئىسى مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان، ماقالىنىڭ 1-قىسمىدىكى «تەشەككۈرنامە» نى يازغان دوكتور «ستورت شاكلان» بولىدۇ. يۇقىرىدىكى 3-رەسىمدىكى مېنىڭ 2- ۋە 3-ماقالەمنىڭ 2-ئاپتورىمۇ ئاشۇ ستورت ئەپەندى. مەن ھازىر جەمئىي 4 پروجېكتكە قاتنىشىۋاتقان بولۇپ، ستورت ئەپەندى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر پروجېكتنىڭ باشلىقى، يەنى مېنىڭ باشلىقلىرىمنىڭ بىرى. SPIE يىغىنىنىڭ كىچىك ساھەلىرى ئىچىدە «ئاسترونومىيە ئوپتىكىسى ۋە ئەسۋابلىرى» دېگەن

يىغىنمۇ بار.  بۇ يىغىن ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ «تاشقى پىلانېتىلارنى تاپىدىغان تېخنىكىلار ۋە ئەسۋابلار» دېگەن تارماق يىغىنىغا ھەر قېتىم ستورت ئەپەندى رەئىس بولىدۇ.  ھەر بىر تارماق يىغىن يەنە كۆپلىگەن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر گۇرۇپپا ئىنگلىزچە «session» دەپ ئاتىلىدۇ.  ھەممە ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭمۇ بىردىن رەئىسى بار بولىدۇ.  ستورت ئەپەندى بۇ قېتىم يىغىنىنىڭ رەئىسلىكىدىن باشقا يەنە 2 گۇرۇپپىنىڭ رەئىسلىكىنىمۇ قىلدى.  بۇ قېتىم گۇرۇپپا رەئىسلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە JPL دىن كەلگەن 5 دىن ئارتۇق ئادەم بار.


CONFERENCE 9605 · LOCATION: CONV. CTR. ROOM 33B

Monday–Thursday 10–13 August 2015 • Proceedings of SPIE Vol. 9605

Techniques and Instrumentation for Detection of Exoplanets VII

*Conference Chair:* **Stuart Shaklan,** Jet Propulsion Lab. (USA)

*Program Committee:* **Olivier Guyon,** Subaru Telescope, National Astronomical Observatory of Japan (USA), Research Corp. of Univ. of Hawaii (USA), The Univ. of Arizona (USA); **Lucas Labadie,** Univ. of Cologne (Germany); **Bruce A. Macintosh,** Lawrence Livermore National Lab. (USA); **Dimitri P. Mawet,** California Institute of Technology (USA); **M. Charley Noecker,** Jet Propulsion Lab. (USA); **Rémi Soummer,** Space Telescope Science Institute (USA)

6-رەسىم: ئىسمىنىڭ ئاستىغا قىزىل سىزىق سىزىلغان «Stuart Shaklan» ئەپەندى مېنىڭ باشلىقلىرىمنىڭ بىرى بولۇپ، يۇقىرىدىكى «تەشەككۈرنامە» نىمۇ ئاشۇ كىشى يازغان.  ستورت ئەپەندى بۇ يىلقى SPIE يىغىنىدا بىر يىغىنىنىڭ رەئىسى ۋە يەنە ئىككى گۇرۇپپىنىڭ رەئىسى بولدى.




7 ـ رەسىم: بۇ يىلقى SPIE چوڭ يىغىنىنىڭ يىغىن بىناسى ئالدىدىكى بىر كۆرۈنۈش.



8-رەسىم: مەن بۇ يىلقى SPIE يىغىنىدا دوكلات بېرىۋاتقان بىر كۆرۈنۈش. مەن بىزنىڭ ئىدارىدىن كەلگەن بىرسىگە مەن سۆزلەۋاتقاندا ئۆزۈمنى رەسىمگە تارتىپ قويۇشنى هاۋالە قىلسام، ئۇ پەقەت ئىككى باشنىلا تارتىپتۇ. يەنە بىر باش مەزكۇر گۇرۇپپىغا رەئىسلىك قىلىۋاتقان ستورت ئەپەندىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تارتىلغان كۆرۈنىشى.



9-رەسىم: بۇ يىلقى SPIE يىغىن بىناسىنىڭ يىراقتىن تارتىلغان بىر كۆرۈنىشى.



10-رەسىم: مەن SPIE يىغىنى جەريانىدا تۇرغان، يىغىن بىناسىغا يانداش بولغان مېهمانخانىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.



11 ـ رەسىم: ياتاقنىڭ ئىچىدىن تارتقان بىر كۆرۈنۈش. مەن چۈشكەن مېھمانخانا ئامېرىكىنىڭ بىر دېڭىز ئارمىيە بازىسىغا يېقىن بولۇپ، دەرىزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان مەنزىرە ئىچىدە 4 دانە چوڭ تىپلىق ھەربىي پاراخوتمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئايروپىلان توشۇغۇچى پاراخوت.

بۇ قېتىمقى «تاشقى پىلانېتلارنى تاپىدىغان تېخنىكىلار ۋە ئەسۋابلار» دېگەن يىغىنغا سۇنۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى تەستىقلىغان كىشى، ئۇلارنى ھەر خىل گۇرۇپپىلارغا بۆلگەن كىشى، ۋە يىغىندىن كېيىن يىغىننىڭ «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزىلىدىغان ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان كىشىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ستورت ئەپەندى بولدى. قىسقىسى، چەت ئەلدىكىلەرنىڭ بۇ يىغىنغا ماقالە ئەۋەتىپ، ئۇنى قوبۇل قىلدۇرۇشى خېلى تەسكە توختايدۇ. يەنى ئۇلار قىلغان ئىشلارنىڭ سەۋىيىسى ۋە يازغان ماقالىسىنىڭ ئىنگلىز تىلى سۈپىتى جەھەتتە خېلى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئەمما بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر ئۈچۈن ئۇلار ئىنتايىن ئاسان ئىشلار بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر بۇنداق يىغىنلارنى مونوپول قىلىۋالغان»، دېسەكمۇ خاتالاشمايمىز. بۇ يىغىندىكى بىرەر گۇرۇپپىغا رەئىس بولۇشمۇ ئاساسەن بىزنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىمىزدىكى ئىش: ئەگەر بىز ئۆزىمىز ئارزۇ قىلىپ تەلەپ قىلساق، ئاساسەن شۇنداق بولالايمىز.

ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە تورلارغا «تەبىئەت» ۋە «ئىلىم-پەن» ژۇرنىلى، ۋە ژۇرناللارنىڭ «تەسىر كۆرسەتكۈچى» (Impact Factor) ھەققىدىكى

مەزمۇنلار ئارىلاپ-ئارىلاپ چىقىپ تۇرىدىكەن. ئالىي مەكتەپ ۋە بىر قىسىم تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى نەرسىلەر ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ۋە ئورۇنلۇق. ئەمما بىزنىڭ ئىدارىدىكى مېنىڭكىگە ئوخشاش كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇلار ئانچە مۇھىم ئەمەس. مېنىڭ مۆلچەرىمچە «تەبىئەت» ۋە «ئىلىم-پەن» ژۇرنىلىنىڭ ھەر قېتىملىق سانىغا JPL، بىزنىڭ مەمۇرىي باش ئىدارىمىز بولغان كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى، ۋە NASA دىكىلەرنىڭ بىر ياكى بىر قانچە پارچە ماقالىسى چىقىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ كەسىپتىكىلەر ۋە بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر ئۇ ئىككى ژۇرنالغا چىقىرىدىغان ماقالىلەر يېڭى بايقاشلار ھەققىدىكى ۋە ئىنتايىن قىيىن تېخنولوگىيىلەردىكى يېڭىلىقلار ھەققىدىكى دوكلات ياكى خەۋەر تۈسىنى ئالغان ماقالىلەر بولۇپ، ئۇ بىز ئىلمىي دوكلات يىغىنى ۋە باشقا ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللاردا ئېلان قىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىگە ئاساسەن ئوخشمايدۇ. ھەمدە بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر چىقىرىۋاتقان ماقالىلەرنى ئاساسەن پروجېكت باشلىقلىرى، يەنى ئاساسەن ئۆزلىرى بىۋاستە قول تىقىپ، كونكرېت ئىشلارنى قىلمايدىغان كىشىلەر يازىدۇ.


nature International weekly journal of science

Access
To read this story in full you will need to login or make a payment (see right).

nature.com > Journal home > Table of Contents

Letter

Nature 446, 771-773 (12 April 2007) | doi:10.1038/nature05729; Received 28 September 2006; Accepted 26 February 2007

A laboratory demonstration of the capability to image an Earth-like extrasolar planet

John T. Trauger[1] & Wesley A. Traub[1]

1. Jet Propulsion Laboratory, California Institute of Technology, 4800 Oak Grove Drive, Pasadena, California 91109, USA

Correspondence to: John T. Trauger[1] Correspondence and requests for materials should be addressed to J.T.T. (Email: john.trauger@jpl.nasa.gov).

The detection and characterization of an Earth-like planet orbiting a nearby star requires a telescope with an extraordinarily large contrast at small angular separations. At visible wavelengths, an Earth-like planet would be $1\times10^{-10}$ times fainter than the star at angular separations of typically 0.1arcsecond or less[1,2]. There are several proposed space telescope systems that could, in principle, achieve this[3,4,5,6]. Here we report a laboratory experiment that reaches these limits. We have suppressed the diffracted and scattered light near a star-like source to a level of $6\times10^{-10}$ times the peak intensity in individual coronagraph images. In a series of such images, together with simple image processing, we have effectively reduced this to a residual noise level of about $0.1\times10^{-10}$. This demonstrates that a coronagraphic telescope in space could detect and spectroscopically characterize nearby exoplanetary systems, with the sensitivity to image an 'Earth-twin' orbiting a nearby star.

▲ Top

ARTICLE LINKS
- Figures and tables
- Supplementary info

SEE ALSO
- Editor's Summary

ARTICLE TOOLS
- Send to a friend
- Export citation
- Export references
- Rights and permissions
- Order commercial reprints

SEARCH PUBMED FOR
- John T. Trauger
- Wesley A. Traub

open innovation challenges
New Concepts for Remote Fish Detection
Deadline: Aug 26 2015
Reward: $20,000 USD

12-رەسىم: بىزنىڭ پروجېكت گورۇپپىمىزدىكىلەر 2007-يىلى «تەبىئەت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان، كوروناگراف تېلېسكوپى ھەققىدىكى بىر پارچە ماقالىنىڭ ئۈچۈرى.

مەسىلەن، بىز قىلىۋاتقان كوروناگراف تېلېسكوپى پروجېكتىنىڭ 2 نەپەر باشلىقى 2007-يىلى بىز قىلىۋاتقان ئىش ھەققىدە «تەبىئەت» ژۇرنىلىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى (يۇقىرىدىكى 12-رەسىم). شۇ چاغدا بىزنىڭ گۇرۇپپىدا بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 20 دەك ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر يىغىندا «ھەممە ئىشنى بىز قىلىۋاتساق، ماقالىدە بىزنىڭ ئىسمىمىزنى تىلغا ئېلىپمۇ قويماپتۇ»، دەپ غودۇڭشىدى. ئەمما ماقالىنىڭ ئىككى ئاپتورى پەقەت «20 دەك ئادەمدىن قايسىبىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بولىمىز»، دەپ قويدى. ئۇ ماقالىنىڭ 1-ئاپتورى جون تروگېر ( John T. Trauger) مەن يازغان 2 پارچە ئىلمي تەتقىقات ماقالىسىگە قوشۇمچە ئاپتور بولۇپ باققان (تۆۋەندىكى 13-رەسىمگە قاراڭ).

دېمەك، يۇقىرىدىكى 4 خىل مۇھىتتا ئىشلەيدىغان كىشىلەر ئۆز نەتىجىلىرىنى باھالايدىغانغا ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم ئۆلچەملەرنى بېكىتىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇۋاپىق ۋە ئاقىلانە ئۆلچەملەر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ئەمما، ماۋۇ بىر مۇھىتنىڭ ئۆلچىمىنى يەنە بىر مۇھىتتىكى كىشىلەرنى باھالاشقا ئىشلىتىش توغرا ئىش ئەمەس بولۇپ، ئۇ ئالما بىلەن شاپتۇلنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرغاندەك بىر ئىش بولىدۇ. مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ سانى 500 كىشىگىمۇ يەتمەيدىغان بولغاچقا، بىزنىڭ ماقالىلىرىمىز بېسىلغان ئىلمي تەتقىقات ژۇرناللىرىنىڭ «تەسىر كۆرسەتكۈچى» (Impact Factor) قىممىتى ئىنتايىن كىچىك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ بىز قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ھېچ بىر قىممىتى يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.


32. **Erkin Sidick** and Daniel W. Wilson, "Behavior of imperfect band-limited coronagraphic masks in a high-contrast imaging system ," *Applied Optics* vol. 46, No. 9, pp. 1397-1407, 20 March 2007.
33. **Erkin Sidick** , A. C. Kuhnert, and J. T. Trauger, "Broadband performance of TPF's High-Contrast Imaging Testbed: Modeling and simulations ," *Proc. SPIE* vol. 6306, pp. 63060U, August 2006.
34. **Erkin Sidick** , F. Shi, S. Basinger, D. Moody, A. E. Lowman, A. C. Kuhnert, and J. T. Trauger, "Performance of TPF's High-Contrast Imaging Testbed: Modeling and simulations ," *Proc. SPIE* vol. 6265, pp. 62653L, May 2006.

13-رەسىم: مەن ئاپتور بولغان ئىلمي ماقالىلەر تىزىملىكىنىڭ بىر قىسمى. ئىسمىگە قىزىل رەڭدە بەلگە ئۇرۇلغان «J. T. Trauger» ئەپەندى يۇقىرىدىكى «تەبىئەت» ژۇرنىلى ماقالىسىنىڭ 1-ئاپتورى بولىدۇ.

## 5. ئۆزۈم ھەققىدە قىسقىچە خۇلاسە

بىزنىڭ ئىدارىدە مېنىڭ 3 خىل كەسپىي دەرىجە نامىم (job title) بار:

- -(1) ئىسىم كارتۇشكامدا «تېخنىكىلىق خادىملارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەزاسى» دەپ يېزىقلىق

- -(2) مائاش دەرىجەمدە «4-دەرىجىلىك ئىنژېنېر» دەپ ئايرىقلىق (بىزنىڭ ئىدارىدە ئىنژېنېرلار 4 دەرىجىگە ئايرىلغان بولۇپ، مەن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە ئۆسكىلى 6-7 يىل بولۇپ قالدى)

- -(3) مېنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىم ۋە دەرىجەم «ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى» دەپ يېزىلىدۇ.

بەزى ئورۇندا ئىشلەيدىغانلار ئۈچۈن كەسپىي دەرىجە نامى ناھايىتى مۇھىم بولىدۇ. ئەمما بىزنىڭ ئىدارىدە ئۇنداق ئەمەس. بىز ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى يۇقىرىدىكى 2-نەرسە بولۇپ، بىز قالغانلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيمىز. مەن 2003-يىلى كرېمنىي جىلغىسىدىكى بىر يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتىگە خىزمەتكە كىرىپ، ماڭا ئىسىم كارتۇشكىسى باستۇرىدىغاندا، بىر باشلىق مەندىن «ئەركىن، سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىشنى ياخشى كۆرىسەن؟ ئۆزۈڭگە بىر كەسپىي دەرىجە نامى تاللىغىن. بىز ئىسىم كارتۇشكىسىنى شۇ بويىچە باستۇرۇپ بېرەيلى»، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ھېچ قانداق چاق-چاق ئارىلاشتۇرماي تۇرۇپ، «ماڭا بىرەر كەسپىي دەرىجە نامى بەرمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنىڭ يىللىق مائاشىمنى ھازىرقىدىن 10 مىڭ دوللار ئۆستۈرۈپ بەرسەڭلار بولامدۇ؟»، دېدىم. ئۇ كىشى كۈلۈپ كېتىپ، «ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمگە «Staff Optical Engineer» دېگەن نامنى تاللىۋالدىم.

ئىقتىسادىي چېكىنىش ئازايتىش ئۈچۈن، NASA 4-5 يىلنىڭ ئالدىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر بىر يىغىنغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانىنى 50 كىشىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بولۇپمۇ چەت ئەلدىكى يىغىنلارغا بارىدىغانلارنىڭ سانىنى ئىنتايىن قاتتىق چەكلەيدىغان بولدى. NASAنىڭ جەمئىي 10 مەركىزى بار. JPL ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى بولۇپ، ئۇنىڭدا 5000 ئادەم ئىشلەيدۇ. قالغان 9 مەركەزدە ئىشلەيدىغان

ئادەملەرنى قوشقاندا، مېنىڭ مۆلچەرىمچە NASAدا جەمئىي 15 ـ 20 مىڭدەك ئادەم ئىشلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بىر چوڭ ئورۇندا بىر يىغىنغا قاتنىشىدىغان 50 ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىش ناھايىتى قاتتىق رىقابەت بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدىغان ئىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ سانىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى باشلىقلار ئېلىۋالىدۇ. مەن ئىزچىل تۆردە ھەر يىلى SPIE يىغىنىغا قاتنىشىدىغان 50 كىشىنىڭ بىرى بولۇپ كېلىۋاتىمەن.

مېنىڭ كۆپلەپ ماقالە چىقىرىشىمغا تۆرتكە بولىدىغان نەرسە، بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزۈمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، شۇ ئاساستا باشقىلار قىلالىغان ئىشلارنى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىغا بىر ئىسپات بولۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئوقۇشقا كىرگەن 1978-يىلىدىن باشلاپ ھېسابلىساق، مېنىڭ بۇ يولدا تىرىشىۋاتقىنىمغا ھازىر 37 يىل بولدى. مەن ھازىرغىچە ئادەتتە قاتتىق ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلەپ، بىر قىسىم دەم ئېلىش ۋاقتىمنى قۇربان قىلىپ، بۇ جەھەتتە باشقا خېلى كۆپ كىشىلەرگە قارىغاندا كۆپرەك بەدەل تۆلەپ كەلدىم. شۇنىڭغا چۇشلۇق تىرىشچانلىقىمنىڭ مېۋىسىنىمۇ كۆردۈم ـ بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا مىڭ رەھمەت ئېيتىمەن. مەن JPL گە خىزمەتكە كىرگەن 12 يىلغا يېقىن ۋاقتىنىڭ ئىچىدە جەمئىي 37 پارچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىگە ئاپتور بولدۇم. يەنى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 3 پارچە ئىلمىي ماقالىغا ئاپتور بولدۇم.

NASA دا ئىشلىگەن 12 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مەن 8 دانە «NASA يېڭى كەشپىيات ۋە ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى»، ۋە 14 دانە JPL «ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىش مۇكاپىتى» ئالدىم. مەن 2008 ـ 2015-يىللىرى قىلغان 8 دانە يېڭىلىق «NASA يېڭى تېخنولوگىيە خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىدا خەۋەر قىلىندى. مەن قىلغان 12 دانە يېڭى لىق «NASA يېڭى تېخنولوگىيە تىزىملىكى» گە كىردى. بۇ تىزىملىككە كىرگەن تۆرلەرگە NASA «نەشىرھوقۇقى» ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ تىزىملىك خۇددى «NASA پاتېنتى» غا ئوخشايدۇ.

مەن ھازىرغىچە ئاپتور بولغان ئىلمىي ژۇرنال ماقالىسى، كىتاب ماقالىسى (ئىلمىي ماقالە توپلىمى قىلىپ تۈزۈلگەن كىتابلارنىڭ ھەر بىر بابى بىر پارچە ئىلمىي ماقالىدىن تەركىپ تاپىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىنگلىزچە «book chapter» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق كىتابلارغا پەقەت كىتابنى بېسىپ تارقىتىدىغان

نەشرىيات ئورنى مەخسۇس تەكلىپ قىلغان كىشىلەرلا ماقالە يوللىيالايدۇ)، ئامېرىكا پاتېنتى، NASA يېڭى تېخنولوگىيە تىزىملىكى، NASA يېڭى تېخنولوگىيە خەۋىرى، ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنلىرىدا سۆزلەنگەن ئىلمىي دوكلاتلارنىڭ سانى قوشۇلۇپ 115 پارچىگە باردى.

يۇقىرىدىكىسى مېنىڭ JPL گە خىزمەتكە كىرگەن 12 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدىكى ئەھۋالىمنىڭ قىسقىچە بايانى. مېنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەھۋالىم «ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» دېگەن بىر ھۆججەتتە قىسقىچە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۆزۈمگە ئائىت ۋە بىزنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىمىزغا ئائىت يەنە بىر قىسىم ئەھۋاللار سابىق «بىلىۋال» تور بېتى مەن بىلەن 2005 ـ 2006 ـ يىللىرى ئۆتكۈزگەن ئىككى قېتىملىق يازما سۆھبەت خاتىرىسىدە بار. چەت ئەلدىكى بىر نەپەر ئەلسۆيەر ئوت يۈرەك ئۇكىمىز نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھېلىقى «تەرجىمھال» بىلەن «سۆھبەت» نى قايتا بىر قېتىم تولۇق تەھرىرلەپ، شۇ ئىككى نەرسىنى مەزمۇن قىلغان بىر پارچە ئېلېكترونلۇق ـ كىتاب (PDF ھۆججىتى) نى ئىشلەپ چىقتى. ئەگەر سىز ئۇ كىتابقا قىزىقسىڭىز، ماڭا «bilim.humar@yahoo.com» ئارقىلىق خەت يازسىڭىز، سىزگە ئۇنى ئەۋەتىپ بېرىمەن. مەن شارائىتى بار قېرىنداشلارنىڭ بۇ PDF ھۆججىتىنى ۋەتەندىكىلەر چۈشۈرەلەيدىغان بىر تور بېتىگە قويۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئەسلىدە بۇ ھۆججەتنى ئۆز چىقىمىم بىلەن چەت ئەلدە كىتاب قىلىپ باستۇرۇپ، ئاندىن تارقىتىشنى ئويلىغان. ئەمما ئۇنى تارقىتىش ئىشىنى ئۈنۈملۈك قىلالايدىغانغا كۆزۈم يەتمەي، توختاپ قالدىم.

## 6. بۇ يىل «خەلقئارالىق نۇر يىلى» قىلىپ بېكىتىلدى

مەن بۇ يىلقى SPIE يىغىنىغا بارغاندا، يىغىن تەشكىللىگۈچىلىرى يىغىندا دوكلات بەرگۈچىلەر سالاھىيىتىگە ئىگە خادىملار قاتارىدا ماڭا بىر دانە ئىزنەك بەردى. ئۇنىڭغا قارىسام ئۈستىدە «خەلقئارا نۇر يىلى 2015» دېگەن سۆز بار ئىكەن. بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى تەكشۈرسەم، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) 2013 ـ يىلى 2015 ـ يىلىنى «خەلقئارا نۇر يىلى» قىلىپ بېكىتىپتۇ (http://www.light2015.org/Home/About.html). بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت، دۇنيا خەلقىنى يورۇقلۇق تېخنولوگىيىلىرىنىڭ مۇھىملىقىدىن

خەۋەردار قىلىش، ئۇلارغا يورۇقلۇق تېخنولوگىيىلىرىنىڭ ئېنېرگىيە، مائارىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە ساقلىقنى-ساقلاش ساھەسىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان روللىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىكەن.




14-رەسىم: SPIE تەرىپىدىن يىغىندا دوكلات بېرىدىغان ئاپتورلارغا تارقىتىپ بەرگەن بىر دانە ئىزنەكنىڭ كۆرۈنۈشى. ئىزنەككە بېسىلغىنى «INTERNATIONAL YEAR OF LIGHT 2015» دېگەن ئىنگلىزچە سۆز ئىكەن.

## 7. ئاخىرقى سۆز

مەن ۋەتەندىكىلەر ئۈچۈن ئۇيغۇرچە ماقالە يېزىشنى 2005-يىللىرى باشلىغان بولسامۇ، مېنىڭ ۋەتەندىكى ياشلارغا يېڭى بىلىملەرنى تونۇشتۇرىدىغان، ئۆزۈمنىڭ كەسپى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان مەزمۇنلاردا ھەر ھەپتىدە كەم دېگەندە بىر پارچىدىن ماقالە تەييارلاپ، ئۇيغۇرچە تورلارغا يوللاۋاتقىنىمغا ھازىر بىر يىلدىن ئاشتى. مېنىڭ ئۆز خىزمىتىمدىكى ۋەزىپەممۇ ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، خېلى كۆپ ئىنى-سىڭىللار مېنىڭ سالامەتلىكىم ۋە خىزمىتىمدىن ئەنسىرەپ، تورلارغا يازغان ئىنكاسلىرىدا، ھەمدە ماڭا يازغان ئايرىم ئېلخەت ۋە ئۈچۈرلىرىدا ماڭا توختىماي روھىي جەھەتتىن مەدەت بېرىش بىلەن بىرگە، سالامەتلىككە دىققەت قىلىش ۋە خىزمەتكە دەخلى يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئىشلىرىنىمۇ ئېسىمگە سېلىپ تۇردى. مېنىڭ مەزكۇر ماقالىنى تەييارلىشىمدىكى مەقسەتلىرىمنىڭ بىرى، مۇشۇ يازمام ئارقىلىق ئاشۇ ئىنى-سىڭىللارنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت. مەن بۇرۇن بەزى ئۆكىلارغا قايتۇرغان

جاۋابىمدا ئۆزۈمنىڭ ھازىر JPL دە بىر «تەتقىقات چولپانى» ئىكەنلىكىنى چاقچاق تەرىقىسىدە تىلغا ئالغان ئىدىم. مېنىڭچە ئۇ ئۇكىلار مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ سۆزنى نېمە ئۈچۈن دېگەنلىكىمنى ئەمدى چۈشەندى. مېنىڭ كەسپىي بىلىملىرىم بىلەن كەسپىي ئىقتىدارلىرىم ئىدارىمىزگە ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولۇپ، مەن ئىدارەمدە خېلىلا ئەتىۋارلىنىپ ئىشلەۋاتىمەن. ئىدارىمىز بىزگە ئادەتتە ئورۇنلىغان خىزمەت مىقتارىنى پەقەت 100 پىرسەنتتىن ئاشۇرىۋەتمەسلىكنى تەكىتلەپ تۇرسىمۇ، ماڭا چۈشكەن ئېھتىياج 200 ـ 300 پىرسەنت ئارىلىقىدا بولۇپ كېلىۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولدى (ماڭا چۈشكەن ئېھتىياجنىڭ مىقتارى ماڭا ئاجرىتىلغان پۇلنىڭ مىقتارىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما ماڭا مائاش سۈپىتىدە بېرىلىدىغان پۇلنىڭ مىقتارىنى كۆرسەتمەيدۇ. ماڭا بېرىلىدىغان مائاش ھەرگىزمۇ 100 پىرسەنتتىن ئاشمايدۇ. ئەگەر سىزگە چۈشكەن ئېھتىياج 100 پىرسەنتكە توشمىسا، سىز كەم قالغان مائاشنى «قۇتقۇزۇش پۇلى» بىلەن تولۇقلاشقا مەجبۇرى بولىسىز).

مېنىڭ ئۆزۈم قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىدىغانلىقىمنى بىلمەكچى بولسىڭىز، «بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق ـ ـ بەدرى ئۇرۇشىدىن ئويلىغانلىرىم» دېگەن ماقالەمنى ئوقۇپ باقسىڭىز بولىدۇ. مېنىڭ ئەھۋالىم ئاشۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قىسىم ئىدىيىلەرگە ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (10)» دېگەن ماقالىسىدە جون ماكسۋېلنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن ئىدىم: «كىشىلەر بىزدىكى يوشۇرۇن كۈچ ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان سوۋغىتى بولۇپ، بىزنىڭ ئاشۇ يوشۇرۇن كۈچلىرىمىز بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلالىغانلىقىمىز بولسا بىزنىڭ ئاللاھقا قىلغان سوۋغىمىز بولىدۇ، دەيدۇ. بىزدىكى يوشۇرۇن كۈچ بىزدىكى ئەڭ زور، تېخىچە ئېچىلمىغان بايلىق بولۇشى مۇمكىن.» ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈر تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، زۆرۈر بەدەللەرنى تۆلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرالاش تولىمۇ مۇھىم. ئۆزىدىكى بارلىق ئىقتىدارلارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ھەر بىر ئىنسانغا چەكسىز خوشاللىق ۋە كۈچلۈك رازىمەنلىك ئېلىپ كېلىدۇ. ھەمدە بىر ئادەمنىڭ كۆندىلىك خىزمىتىنى بىر خىل ھۇزۇر ئېلىش جەريانىغا ئايلاندۇرىدۇ.

مەن ھازىر ئىلمىي تەتقىقات ھاياتىنى يېڭىدىن باشلىغان

ئىنى-سىڭىللارنىڭ ئازراق ئىش قىلىپ قويۇپلا ئۇنى باھالىتىش، ياكى قىلغان ئىشىنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىپ چىقىشقا ئوخشاش چاكىنا ئىشلارغا بېرىلمەي، ئىلمىي تەتقىقات دۇنياسىدا ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا ھەممىدىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن خۇددى ئۆزۈمنىڭ «نام-ئاتاق، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە مەجبۇرىيەت» دېگەن ماقالىسىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىدەك، نام-ئاتاق تىرىشچانلىقنىڭ تۈپ مەقستى بولماسلىقى، بەلكى ئۇنىڭ «قوشۇمچە مەھسۇلاتى» بولىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا تىرىشچانلىق كىشىنى كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېلىپ بارالايدۇ.

بىز تورلاردا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى باھالايدىغان مەزمۇنلارنى داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى باھالىماقچى بولغاندا، باھالىغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى بىر قېتىم دەڭسەپ بېقىشى كېرەك. يەنى، باھالىغۇچى باھالانغۇچى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا لاياقەتلىكمۇ-ئەمەسمۇ، دېگەن مەسىلىدە ئوبدان ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. مەن مەزكۇر يازمىدا ئىلمىي-تەتقىقات دۇنياسىدىكى 4 خىل مۇھىتنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. مېنىڭچە كۆپىنچە ئوقۇرمەنلەر ھازىرغىچە ھېلىقى 4 خىل مۇھىت ئىچىدىكى پەقەت بىرىدە، يەنى بىر ئالىي مەكتەپتە ياكى ئالىي مەكتەپ تارمىقىدىكى بىر ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا ياشاپ باققان. ياكى بولمىسا ئاشۇنداق مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي-تەتقىقاتلارغا ئائىت يازمىلارنى ئوقۇپ باققان. كۆپلىگەن ئىشلار نىسپىي بولىدۇ. بۇ نۇقتا مەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ھېلىقى 4 خىل ئىلمىي تەتقىقات مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەردە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ئىلمىي تەتقىقات ھاياتىنى ئەمدى باشلىغان ياكى بۇنىڭدىن كېيىن باشلايدىغان ئىنى-سىڭىللار مەزكۇر يازمىنى ئوقۇش ئارقىلىق 4 خىل ئىلمىي-تەتقىقات مۇھىتى ھەققىدە بىر قىسىم يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالىغان بولسا، مەن شۇنىڭدىن ناھايىتى رازى ۋە خوشال بولىمەن.

مەن ئۆز يازمىلىرىمدا توغرا ئىش، ئاقىلانە ئىش، خاتا ئىش، ۋە ھاماقەتلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ناھايىتى كۆپ تەكىتلەپ كەلدىم. يەھۇدىيلار، ياپونلار ۋە گېرمانلارنىڭ توغرا ئىش بىلەن ئاقىلانە ئىشتىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، چوقۇم ئاقىلانە ئىشنى تاللاپ قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ بولدۇم. مەزكۇر يازمىدا ئىزاھلاپ

ئۆتكىنىمدەك، ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىدە، ھېلىقى 4 خىل مۇھىتتىكى كىشىلەرمۇ ناھايىتى ئاقىلانە ئىش تۇتقان. مېنىڭچە بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن ئارتۇق توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئاخىرىدا مەن ھەر بىر ئىنى-سىڭىللاردىن، ئۆز-ئۆزىدىن داۋاملىق ھالدا «ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە؟ مەن قانداق قىلسام ياشىغان ھاياتىمنىڭ قىممىتى بار بولىدۇ؟ مېنى ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان دەرىجىدە بەختلىك قىلىدىغان نەرسە نېمە؟» دەپ سوراپ تۇرۇشىنى، بۇ ئىشلارنى ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، ئەتراپىدىكى جامائەتكە، مىللەتكە ۋە ئۆز يۇرت-ماكانىغا باغلاپ تەھلىل قىلىشنى، ھەمدە ئۆزىدىكى بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارلارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ياشىغان ھايات ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ بەختلىك ھايات بولىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئادەم تىرىشسا ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلماسلىقتا باھانە تاپالايدۇ. شۇنداقلا قاتتىق نىيەت قىلىپ ئىزدەنسە، ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق بولغان ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشقا ئامالمۇ تاپالايدۇ. بىز قانداق بىر جۈپ ئاتا-ئانىدىن يارىلىشنى ئۆزىمىز تاللىيالمايمىز. قانداق بىر ئائىلىگە تۇغۇلۇشنى، قانداق بىر جەمئىيەتكە تۇغۇلۇشنى، قانداق بىر مائارىپ سىستېمىسىغا تۇغۇلۇشنى ئۆزىمىز تاللىيالمايمىز. قانداق بىر دۆلەت ئىچىدە تۇغۇلۇشنىمۇ ئۆزىمىز تاللىيالمايمىز. ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-ھوشىنى تاپقاندىن كېيىن، ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە ئۆزىمىز قارار چىقىرالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۆز ھاياتىمىزنى قانداق ياشاشنى ئۆزىمىز بەلگىلىيەلەيمىز. ھاياتىمىزنىڭ ھەر قانداق بىر مەزگىلىدە، ئەگەر ئۆزىمىز خالىساق ۋە ئۆزىمىز نىيەت قىلساقلا، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۆزگەرتەلەيمىز. مەيلى سىز قانداق شارائىتتا ياكى قانداق مۇھىتتا ياشاڭ، بار شارائىت ۋە بار مۇھىتتا ئىشنى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئاقىلانە قىلىشنى، ھەمدە پەقەت ئاقىلانە ئىشلارنىلا تاللاپ قىلىشنى ئۆزىڭىزگە بىر ئادەت قىلىۋېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىز باسقان ھەر بىر قەدەم ئۆز ئىشلىرىڭىزدا ھاسىل قىلغان بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەش بولۇپ ماڭىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئاشۇ كىچىك-كىچىك يۈكسىلىشلەر ئۆزىڭىز بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بىر دۆۋە ئۇتۇقلارغا ئايلىنىپ، بىر خىل ئادەتتىن تاشقىرى ھاياتنى ياشىغان كىشىلەر قاتارىغا قوشۇلالايسىز. مەن سىزنىڭ ئاشۇنداق بىر قاتاردىن ئورۇن ئېلىشىڭىزغا چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.


National Aeronautics and
Space Administration

Certificate of Recognition

Presented to

Erkin Sidick

For the creative development of a technological contribution which has been determined to be of significant value in the advancement of the space and aeronautical activities of NASA and is entitled:

An Algorithm for Shack-Hartmann Wavefront Sensing Using Extended Scenes

Chairperson, Inventions, and Contributions Board

May 16, 2008
Date

15 ـ رەسىم: ماڭا NASA بەرگەن مۇكاپاتلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ مۇكاپات تېخنولوگىيىلىق تۆھپىسى ئۈچۈن ئەركىن سىدىققا بېرىلدى. NASA ‹ئەركىننىڭ تۆھپىسى NASA نىڭ ئالەم بوشلۇقى ۋە ئالەم قاتنىشى خىزمەتلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە› ، دەپ جەزملەشتۈردى.»


National Aeronautics and Space Administration

NASA presents this

SPACE ACT AWARD

to **Erkin Sidick**

For the development of a significant scientific or technical contribution, entitled **A Novel Method for Pre-Conditioning a Measured Surface Height Map for Model Validation NPO-47593-1**, that has been determined to be of value in the conduct of an aeronautical or space activity of NASA.

Chairperson, Inventions and Contributions Board

June 15, 2010
Date

16 ـ رەسىم: ماڭا NASA بەرگەن مۇكاپاتلارنىڭ يەنە بىرى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «NASA بۇ ئالەم خىزمىتى مۇكاپاتىنى ئەركىن سىدىققا بەردى. NASA ‹ئەركىننىڭ مەزكۇر تۆھپىسى NASA نىڭ ئالەم بوشلۇقى ياكى ئالەم قاتنىشى خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىدا مۇھىم قىممەتكە ئىگە› ، دەپ جەزملەشتۈردى.»

# ھاياتنىڭ مەقسىتى ۋە قىممىتى ھەققىدە

2015 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

يېقىنقى بىر - ئىككى يىلنىڭ مابەينىدە ماڭا خېلى كۆپ ساندىكى ئۇكىلار خەت ياكى ئۇچۇر يېزىپ، ماڭا ھازىر ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىدا زور دەرىجىدە چېكىنىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ھەمدە مەندىن مۇمكىن بولسا بىرەر يازما تەييارلاپ، ئاشۇنداق ياش - ئۆسمۈرلەرنى ياخشى ئوقۇشقا ئۈندەپ قويۇشۇمنى ئىلتىماس قىلدى. مەن بۇ ھەقتە تاكى بۈگۈنگىچە قەلەم تەۋرىتەلمىدىم. ئۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى يازمىلىرىدا ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ھەققىدە ئۆزۈم ئويلاپ تاپالىغان ۋە ئىزدىنىپ ئېرىشەلىگەن ياخشى گەپلەرنىڭ خېلى كۆپلىرىنى قىلىپ بولدۇم. ئىككىنچىدىن، ئۆزۈمنىڭ بىلىم ۋە ئوقۇتقۇچى قەدىرلەنمەيدىغان، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلار قاتتىق كۈرەشكە تارتىلغان بىر دەۋردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا بىلىمنى ۋە ئوقۇشنى قەدىرلىگەنلىكىمنى، يالغۇز ئۆزۈملا شۇنداق قىلىپ قالماي، سىنىپىمدىكى باشقا ساۋاقداشلارنىمۇ ياخشى ئوقۇشقا چاقىرغانلىقىم ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلغانلىقىمنى، ئاشۇنداق قىلغىنىم ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ ھازىرقىدەك بىر ئىلىم - پەن، تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىقتا دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئورۇندا ئىشلىيەلىشىمدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى بۇرۇنقى يازمىلىرىمدا كۆپ قېتىم بايان قىلدىم. مېنىڭ يازمىلىرىمنى ئوقۇپ، ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساپ، يېڭىچە تىرىشىشقا ئاتلىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن ئۇكىلاردىنمۇ خېلى كۆپلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى نىشان قىلغان چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتەك بىرەر چوڭ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، ماڭا مەخسۇس خەت يېزىپ، ماڭا رەھمىتىنى ئېيتتى. ئۇنداق ئەھۋال ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ رەھمىتى ماڭا ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىمىزغا تەۋە.

سەۋەبى، ئەگەر ياراتقۇچىمىز مەلۇم بىر ئۆزگىرىشكە يېشىل چىراغ يېقىپ بەرمەيدىكەن، يەنى مەلۇم بىر ئۆزگىرىشنى نېسىپ قىلمايدىكەن، يەنە بىر ئىنساندا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ھېچ قانداق بىر ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. كىمدە ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى ۋە كىمدە بولمايدىغانلىقىنىمۇ ياراتقۇچىمىز ئۆزى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئوخشاش نەرسىنى ئوقۇغان ئىنسانلاردا پەيدا بولىدىغان ئۆزگىرىشنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەردە بولسا زادىلا ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

ئەمدى يۇقىرىدىكى ماۋزۇغا كەلگەن ئىلتىماسقا قايتىپ كەلسەك، گەرچە مەن ھازىرغىچە بىرەر ئايرىم تېما تەييارلاپ، ھېلىقى ئۇكىلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىمىغان بولساممۇ، ئۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشنى توختاتمىدىم. يەنى، «قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ ئۇكىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىدا بىر ئاز يۈكسىلىش پەيدا قىلغىلى بولار؟» دېگەن سوئال ئۈستىدە ئىزچىل تۈردە ئويلىنىپ كەلدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ھازىر باشقىلارغا ئۆگىنىش قىزغىنلىقى سۇس بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقان ئاشۇ ئۇكىلارنىڭ كەم دېگەندە 95 پىرسەنتى ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ھازىر ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان كېلەچەك ئۇلاردا ھازىرقىدەك بىر ياشاش ئۇسۇلىنى پەيدا قىلغان. يەنى، ئەگەر ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى خىزمەت تېپىش پۇرسىتى ۋە تاپىدىغان خىزمەتنىڭ ياخشىلىق دەرىجىسى ھەر بىر ئادەمنىڭ مەكتەپتىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئوقۇش نەتىجىسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولغان بولسا، ياكى ھېچ بولمىغاندا شۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولسا، ئاشۇ ئۇكىلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويمايتتى. ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ قويمايتتى. گەرچە مەن بۇ يەردە ئوچۇق يازالمىساممۇ، ئاشۇ ئۇكىلىرىمىز ھازىر تارتىۋاتقان روھىي ئازابنى ئۆزۈممۇ بۇرۇن تارتىپ باققان. شۇڭلاشقا مېنىڭ ئۇلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىقىم بار.

قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇش ئارقىلىق ياخشى كۈنگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئانچە ئىشەنچ قىلالماي، گاڭگىراش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئۇكىلار ھازىر ئاتا-ئانىسىغا يۈز كېلەلمەسلىك، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست-بۇرادەرلىرىگە يۈز كېلەلمەسلىك، ئانا مەكتەپلىرى ۋە بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچىلىرىغا يۈز كېلەلمەسلىك، ۋە جەمئىيەتكە، ئۆز يۇرتىغا ۋە ئۆز خەلقىگە يۈز كېلەلمەسلىك تۇيغۇسىنىڭ روھىي ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقانلىقىدا گەپ يوق. مەن

ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئازابلىرىنىمۇ ئوبدان چۈشىنىمەن. ئۇ ئۇكىلار ھەقىقەتەنمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئادەملەر ۋە جەمئىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ، ھازىر ئۇلار ئۆز بۇرچلىرىنى ئادا قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ. ئەمما، ھەر بىر ئىنسان جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ساھەلەر يالغۇز يۇقىرىقىلارلا ئەمەس. ئەگەر سىز ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ مەقسىتى ۋە قىممىتىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنسىڭىز، ئەگەر سىز ئەڭ ئاخىرىدا كىمنىڭ ئالدىدا جاۋابكار ئىكەنلىكىڭىزنى، نېمە ئۈچۈن جاۋابكار ئىكەنلىكىڭىزنى، ھەمدە قانداق جاۋابكار ئىكەنلىكىڭىزنى تولۇق چۈشەنسىڭىز، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ھايات يولىدىكى تاللىشىڭىزنى باشقا بىرسىگە ئۆزگەرتىسىز. مەن ئۆزۈمنىڭ «NASA دىكىلەرنىڭ بىر ئۇيغۇرغا بەرگەن باھالىرى» دېگەن يازمامدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك، سىزدە ئاشۇنداق قىلىش، يەنى قانداق ياشاشنى ئۆزىڭىز تاللاش ھوقۇقى ۋە ئىقتىدارى بار. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى بىر يازمىسىدا يەنە بىر مۇھىم ئىشنى سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئۇ بولسىمۇ، ئىنسانلار بىر-بىرىنى ئىنتىلىشىغا ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا قاراپ ئەمەس، پەقەت قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن باھالايدۇ. پەقەت ياراتقۇچىمىزلا ھەر بىر ئىنساننى ئۇنىڭ ئىنتىلىشى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى، ۋە ئۆزىگە سوۋغا قىلىنغان يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنىڭ ئىشقا سېلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ باھالايدۇ. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، ياراتقۇچىمىزنىڭ ئىنسانلاردىن نېمىنى كۈتىدىغانلىقى ۋە ھەر بىر ئادەمنى قانداق باھالايدىغانلىقى ھەققىدە مۇقەددەس كىتابنىڭ كۆپ يەرلىرىدە ناھايىتى ئېنىق بايانلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇ كىتاب باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغاندا ھېلىقىدەك ئىنتايىن مۇھىم سۆزلەر توغرا ياكى تولۇق تەرجىمە قىلىنمىغان. مەن بۇ ئەھۋالنى ئامېرىكىدىكى بىر قانچە داڭلىق ياش دىني زىيالىيلارنىڭ لېكسىيەلىرىدىن بىلدىم.

مەن مەزكۇر يازمىنى ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تەييارلىدىم. گەرچە مەن ئۇنى ماڭا ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولماي‌ۋاتقان ئۇكىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن بىر يازما تەييارلاش ئىلتىماسىنى سۇنغان ئۇكىلارنىڭ تەلىپىگە جاۋابەن يازغان بولسامۇ، تۆۋەندىكى مەزمۇندىن بارلىق ياش-ئۆسمۈرلەر پايدا ئالالايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا تورلارغا چىقارغان «نام-ئاتاق، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە مەجبۇرىيەت» دېگەن ماقالىسىدە «ئويغان» ئىسمىلىك

بىر داڭلىق دىنىي زاتنى، ۋە ئۇنىڭ بىر لېكسىيەسىنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم. بۇ يىل 21-ئاۋغۇست كۈنى يۇتيۇب (YouTube) قا ئۇنىڭ يەنە بىر يېڭى لېكسىيەسى چىققان بولۇپ، مەن ئۇنى كەم دېگەندە 10 قېتىم ئاڭلاپ چىقتىم، ھەممە ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆردۈم. بۇ لېكسىيە تېخى توي قىلمىغان، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان ياشلارنى ئاساسىي نىشان قىلغان ئاساستا كانادادا ئۆتكۈزۈلگەن، نەچچە مىڭ كىشى قاتناشقان بىر دىنىي قۇرۇلتايدا دوكلات شەكلىدە سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مىنۇتتىن سەل ئاشىدىكەن. مەن مەزكۇر يازمىدا ئاشۇ لېكسىيەنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىمەن. مەن تورداشلاردىن بۇ مەزمۇننى خۇددى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەندەك دەرىجىدە ياقتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۆۋەندىكىسى «ئۇيغان» نىڭ لېكسىيەسىنىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا مەن ئۆز كۆز-قارىشىمنى قوشۇپ قويماقچى بولسام، ئۇنى بىر «ئىلاۋە» شەكلىدە قىستۇرۇپ قويىمەن.

ھەممە ئادەم خۇشال بولۇشنى، ياكى بەختلىك بولۇش (be happy) نى ئىستەيدۇ. ئەمما مۇقەددەس كىتابتا «خۇشاللىق» ھەققىدە ھېچ قانداق مەزمۇن يوق بولۇپ، مەن ئاشۇنىڭغا ماس كېلىدىغان مەزمۇننى ئىزدەۋاتقىلى ھازىر 15 يىل بولدى. مەن «خۇشاللىق ياكى بەخت ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئاساسىي ئىستەكلەرنىڭ بىرى تۇرسا، ياراتقۇچىمىز بۇ نەرسىنى نېمە ئۈچۈن تىلغا ئالمايدۇ؟» دەپ ئەجەبلىنىپ كەلدىم. مۇقەددەس كىتاب «خۇشاللىق» ھەققىدە زادىلا سۆزلىمەي، پەقەت «رازىمەنلىك، قانائەتچانلىق» (contentment) ھەققىدە سۆزلەيدۇ. دېمەك دىنىمىزدىكى ئەڭ يۇقىرى نىشان رازىمەنلىك، ياكى تىنچلىق بولۇپ، خۇشاللىق ياكى بەخت ئەمەس. يۇقىرىقى ئىككى نەرسە بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ.

ئىلاۋە: مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ئۇيغۇرچىدە كىچىك خۇشاللىقنى «خۇشاللىق» دەپ، چوڭ ياكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان خۇشاللىقنى «بەخت» دەپ ئاتايمىز. ئەمما، ئۇيغان ئۆز لېكسىيەسىدە ئىشلەتكەن ئىنگلىزچە «happy, happiness» دېگەن سۆزنىڭ «خۇشاللىق» ۋە «بەخت» دېگەن ھەر ئىككى خىل مەنىسى بار بولۇپ، بۇ يەردە ئۇيغان ئاساسەن قىسقا مۇددەتلىك بەخت ياكى خۇشاللىقنى كۆزدە تۇتقان.

پىسخولوگىيە ئىلمى مۇقەددەس كىتابتىكى بىر بايانىنى چۈشىنىشكە زور دەرىجىدە ياردەم قىلىدىغان بولۇپ، مەن بۈگۈن ئاساسەن ئاشۇ مەزمۇن

ھەققىدە سۆزلەيمەن.

مۇقەددەس كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىنتىلىپ قاتتىق تىرىشقان نەرسىلەردىن باشقا ئۆزلىرىگە پايدىلىق نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ.» (بۇ سۆز مۇقەددەس كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ (53:39)» دەپ ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ «ئويغان» نىڭ ئەرەبچىدىن بىۋاستە ئالغان مەنىسىگە زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە مەن تۆۋەندە يەنە ئازراق چۈشەنچە بېرىمەن.--ئاپتوردىن.)

## 1. خۇشاللىق (Happiness)

كىشىلەر ئۆز ھاياتىدا ئىنتىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك نەرسە خۇشاللىقتىن ئىبارەت. مەسىلەن،

--سىز شەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، تاپشۇرۇق ئىشلەشنى ياخشى كۆرمەيسىز. شۇنىڭ بىلەن چۈشكىچە ئۇخلاپ، ئاندىن ئۇنىڭغا خۇشال بولىسىز. بۇ خۇشاللىققا ئېرىشىش ئۇنچىۋالا ئەجىر تەلەپ قىلمايدۇ.

--بەزى باللار ئاخشىمى كېچىچە كومپيۇتېر ئويۇنى ئويناپ، بىر قانچە قېتىم ئۇتۇپ، ئۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ.

--بەزىلەرگە باشلىقىدىن تېلېفون كېلىپ، «بۈگۈن قار بەك كۆپ يېغىپ كەتتى، شۇڭا ئىشقا كەلمىسەڭمۇ بولىدۇ» دېسە، ئۇلار خۇشال بولىدۇ.

دېمەك، خۇشاللىققا ئېرىشىش ناھايىتى ئاسان. كىچىك ئىشلاردا خۇشاللىققا ئېرىشىش ناھايىتى ئاسان. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە خۇشاللىققا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس. ئاتا-ئانىڭىزنى خوش قىلىش، ياكى ئاتا-ئانىڭىزدىن رازى بولۇپ خوش بولۇش ناھايىتى تەس. ئايالىڭىزنى خوش قىلىشنىڭ تەسلىكىنى تىلغا ئالمايلا قويايلى. ئۆزىڭىزنى خوش قىلىش ناھايىتى ئاسان. مەسىلەن، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كىنودىن بىرنى كۆرسىڭىز خوش بولىسىز. دوستلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشسىڭىز، خوش بولىسىز. بىر رېستورانغا بېرىپ تاماق يېسىڭىز، خوش بولىسىز. بۇنداق خۇشاللىقلارغا ئېرىشىش ئانچە ئەجىر تەلەپ قىلمايدۇ.

ئەمما، بۇنداق خۇشاللىقلار تېز كېلىپ، تېز كېتىدۇ. بىر ئىشقا ھازىر

خۇشال بولسىڭىز، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن زېرىكىپ، ئۇنىڭغا خۇشال بولالمايدىغان بولۇپ قالىسىز. سىزنىڭ يەنە ئېچىڭىز پۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە يېڭى خۇشاللىق ئىزدەيسىز. بەزىلەر زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن ئۆزىنى خوش قىلىدۇ. ئەمما ئۇنداق خۇشاللىق ئۇ ئادەملەردە ساقلىنىپ تۇرۇۋەرمەي، بىر دەمدىن كېيىنلا يوقاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە زەھەرلىك چېكىملىك ئىستەيدۇ. دېمەك، خۇشاللىق بارلىق ئىنتىلىشلەر (pursuit) نىڭ ئېچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىكىدۇر.

بەزىلەر «مېنىڭ پەقەتلا خۇشال يۈرگۈم بار» ، دەيدۇ. ئەمما سىز داۋاملىق ئۇنداق قىلالمايسىز. ياراتقۇچىمىز ئىنسانلارغا ناھايىتى كۆپ خىلدىكى روھىي ھالەتلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، خۇشاللىق پەقەت ئۇلارنىڭ ئېچىدىكى بىرى. ساغلام ھاياتنىڭ مەزمۇنلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خۇشاللىق پەقەت ئۇلارنىڭ بىرى. ئەگەر سىز داۋاملىق خۇشال يۈرمەكچى بولىدىكەنسىز، سىز نۇرغۇن ئۈمىدسىزلىنىشلەرگە دۇچ كېلىسىز. ئۇنداق ئىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. ھايات ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. بۇ دېگەنلىك سىز چوقۇم چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايسىز، دېگەنلىك ئەمەس. تۇرمۇشنىڭ مەنىسى «ئېلىشىش» تىن ئىبارەت. سىز ئىمتىھان بەرگەندە خۇشال بولمايسىز. بەدەن چېنىقتۇرۇپ، ناھايىتى چارچاپ كەتكەندە خۇشال بولالمايسىز، ئەمما ئۇنىڭ نەتىجىسىگە خۇشال بولىسىز.

## 2. سىغىش ياكى سىڭىپ كېتىش (Cool)

ئىنتىلىشنىڭ ئىككىنچى بالدىقى «سىغىش» ياكى «قوبۇل قىلىنىش» تىن ئىبارەت. ئىنتىلىشنىڭ يەنە بىر يۇقىرى بالدىقىغا ئېرىشىش ئالدىنقى بالدىقىغا قارىغاندا كۆپرەك ئەجىر تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىكى «سىغىش» دېگىنىمىز «ھېچ كىم سىزدىن قۇسۇر تاپالمايدۇ» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. باشقىلار سىزگە تىكىلىپ قاراپ، «نېمىشقا ئانداق كىيىم كىيىسەن؟ نېمىشقا ئانداق گەپ قىلىسەن؟ نېمىشقا ئانداق گىرىم قىلىسەن؟ نېمىشقا ئانداق ماڭىسەن؟ نېمىشقا ئاشۇنداق كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىسەن؟» دەپ سورىمايدۇ، سىز باشقىلارنىڭ ئېچىگە پۈتۈنلەي سىڭىپ كېتىسىز، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەھۋالدا ھېچ كىم سىزنى تەنقىد قىلمايدۇ. سىز باشقا ھەممە كىشىلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، باشقىلارغا سىز ئاساسەن كۆرۈنمەس بولۇپ

تۇيۇلسىز. مۇشۇنداق بىر ھالەتكە ئېرىشىش ئەجىر تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، سىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، مەكتەپكە قانداق كىيىم كىيىپ بېرىشنىڭ ئۆزى بىر چوڭ مەسىلە ئىدى. سىز ئەتىگىنى كىيىدىغان كىيىمنى تاللىغاندا، «بۇ كىيىمنى كىيسەم، بىرەرى مېنى زاڭلىق قىلارمۇ؟» دەپ ئويلايتتىڭىز. سىز تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن تاللاشلىرىڭىزنى «بۇنى قىلسام باشقىلار مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟» دېگەن نەرسە ئۈستىدە ئويلىنىپ تۇرۇپ بەلگىلەيسىز. مانا بۇ سىزنىڭ «سىغىش» قا ئىنتىلىشىڭىز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش سىزدىن بەلگىلىك دەرىجىدە ئەجىر تەلەپ قىلىدۇ. بىر قىسىم ياش-ئۆسمۈرلەر پەقەت «سىغىش» ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى، ياكى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ساقلاپ ياشىيالماي، باشقا بىر ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ.

## 3. نام-ئاتاق (Popularity)

ئىنسانلار ئىنتىلىشىنىڭ يەنە بىر بالدىقى نام-ئاتاقتىن ئىبارەت. سىز ئارىلىشىۋاتقان ئادەملىرىڭىز ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كىيىنگەن بىرى بولۇشنى ئىستەيسىز، باشقىلار ئەڭ دورايدىغان بىرى بولۇشنى ئىستەيسىز، ۋە تاماق ئۈستىلىدە باشقا ھەممە ئادەملەردىن ئۈنلۈكرەك گەپ قىلىدىغان بىرى بولۇشنى ئىستەيسىز. سىزنى باشقا بىرى زاڭلىق قىلىشتىن بۇرۇن، سىز ئۇلارنى زاڭلىق قىلىۋالىدىغان بىرى بولۇشنى ئويلايسىز. مەكتەپتە نام-ئاتىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېلى كۆپى باشقىلارنى زاڭلىق قىلىش بىلەن نام-ئاتاققا ئېرىشىدۇ. باشقىلار بۇنداق باللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. يۇقىرىدىكى گەپلەرنى ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىپ دېگەن بولساقمۇ، بۇنداق ئىشلار چوڭلار ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. چوڭلارمۇ ئۆزى توغرىسىدا ياخشى پاراڭلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى، ۋە ئۆزىنىڭ ھەر خىل پاراڭلارنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇشنى ئىستەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئالاھىدە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزى توغرىسىدىكى پاراڭلار سەل پەسىيىپ قالسا، ئۇلار يېڭى ئىشتىن يەنە بىرەرنى قىلىپ، پاراڭنى يېڭىۋاشتىن ئۇلغايتىشقا تىرىشىدۇ.

نام-ئاتاق قوغلىشىش بىر خىل غەلىتە ئىش بولۇپ، بەزى كىشىلەر نام-ئابرۇي قوغلىشىپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋالىدۇ. يەنى، بەزى

ئادەملەرنىڭ نام-ئاتىقىنىڭ تەسىرى سەل تۆۋەنلەپ قالسا، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەزى غەلىتە ياكى نومۇسسىز ئىشلارنى قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋالىدۇ.

نام-ئاتاققا ئېرىشىشمۇ بەلگىلىك ئەجىر تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن سىز مەخسۇس ۋاقىت، مەخسۇس پۇل ۋە باشقا مەخسۇس تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمىسىڭىز بولمايدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ ئوبرازىغا پەرۋىش قىلمىسىڭىز، ھەمدە بىر خىل ياخشى ئوبرازنى ساقلىمىسىڭىز بولمايدۇ. قىسقىسى، نام-ئاتاقمۇ كىشىلەرنىڭ ئېنتىلىشىنىڭ بىر بالدىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## 4. ئابرۇي (Prestige)

ئىنسانلار ئېنتىلىشىنىڭ يەنە بىر يۇقىرى بالدىقى «ئابرۇي» دىن ئىبارەت. باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ بالداق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن بەكرەك مۇھىم تۇيۇلىدۇ. «ئابرۇي» دېگىنىمىز ئۆزى بىلەن مەلۇم بىر ناھايىتى قىممەتلىك نەرسە ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، سىز خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بولسىڭىز، سىز تېخى ھېچ قانداق بىر نەتىجە ياراتمىغان بولىسىز. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سىز ئۆزىڭىزنى «مەن خارۋاردتا ئوقۇيمەن»، دەپ، باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىسىز. پۇرسەت بولسا سىز بەزى داڭلىق كىشىلەر بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشۈۋېلىشنى ئىستەيسىز. سىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭىزدىكى مەقسەت ئۇ كىشىنى ئەستە ياخشىراق قالدۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئاشۇ رەسىمنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئالاھىدە ئادەم ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭغا ئاشۇنداق بىر مۇھىم ئادەم بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشەلىگەنلىكىڭىزنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر بۇنداق ئىشلار پەقەت ئۆزىڭىز توغرىسىدا بولغان بولسا، ئۇ بىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما، سىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭىزدىكى مەقسىتىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئالاھىدە ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بولۇپ، ئۇ ئابرۇي قوغلىشىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بالىلارلا ئەمەس، بەزى ئاتا-ئانىلارمۇ باشقىلارغا «بالام خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتتى»، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق، ئابرۇي قوغلىشىدۇ. بۇنداق ئابرۇي بىر

قىممەتلىك نەرسە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى قۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ ياراتقان نەتىجىسى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەمەس.

ئىلاۋە: مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىپ قالغان مەزگىلدە، بىر قاراردا مەكتەپتە قالغان بەزى ئوقۇتقۇچىلار ھەر قانداق يەرگە بارسا ئۆزىنىڭ ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەن ئىزنەكنى مەيدىسىگە تاقىۋالاتتى. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئىشلارغا ئائىت سىن ھۆججەتلىرىنى كۆرگەندە، ھەربىي كىيىمنى كىيىپ ئولتۇرۇشلارغا بارغان، ۋە ساقچى كىيىملىرىنى كىيىپ ئولتۇرۇشقا بارغان ئۇيغۇرلارنى كۆپ ئۇچراتتىم. ئامېرىكىدا ئاكتىپ خىزمەت ئۆتەۋاتقان ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئىدارىسىدىن تارقاتقان خىزمەت كىيىمنى كىيىپ يۈرۈشنى چەكلەيدۇ.

## 5. پۇل (Money)

شۇنداق بىر خىل كىشلەر باركى، ئۇلار خۇشاللىق، سىغىش، نام-ئاتاق ۋە ئابرۇيلارنىڭ ھېچ قايسىسىغا قىزىقماي، پەقەت پۇلغىلا قىزىقىدۇ. ھەمدە ئۇلار قانداق قىلىپ پۇل تېپىشنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. بۇنداق كىشلەرنىڭ بەزىلىرى كىر كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدۇ، يىرتىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدۇ، بىر جەپپىر ماشىنىنى ھەيدەيدۇ، چاچلىرى قالايمىقان يۈرىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى نېمە دەپ ئويلاپ قېلىشىغا قىلچىلىكمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇلار ھەر يىلى نەچچە مىليون سوم پۇل تاپىدۇ. بۇ خىل كىشلەر زادىلا دەم ئالمايدۇ. بۇ بالداققا چىقىش ئالدىنقى بالداققا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئەجىر تەلەپ قىلىدۇ. تېخىمۇ كۆپ جاپا چېكىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 6. مۇنەۋۋەرلىك ياكى مەشھۇرلۇق (Excellence)

بۇنداق ئىنتىلىشى بار كىشلەر شىركىتىدە بىر ئادەتتىكى خىزمەتچى بولۇشنى خالىماي، بارلىق خىزمەتچىلەردىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئادەم، ياكى خىزمەتچىلەرنىڭ بېشى بولۇشنى ئىستەيدۇ. سىنىپتا ئوتتۇراھال ئوقۇغۇچى ئەمەس، 1-ئورۇندا تۇرىدىغان ئوقۇغۇچى بولۇشنى ئىستەيدۇ. ئىمتىھانلاردا يۇقىرى نومۇر ئېلىشنى ئىستىمەيدۇ، بەلكى تولۇق نومۇر ئېلىشنى ئىستەيدۇ.

بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىگە زادىلا رازى بولماي، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق ئىشلەشكە، تېخىمۇ كۆپرەك ئىش قىلىشقا، ۋە تېخىمۇ يۇقىرىراق بالداققا چىقىشقا قىستايدۇ. بۇنداق كىشىلەر مەيلى ئوقۇشتا بولسۇن، چېنىقىشتا بولسۇن، تەنھەرىكەتتە بولسۇن، خىزمىتىدە بولسۇن، تەتقىقاتىدا بولسۇن، نېمىلا ئىش قىلسا قىلسۇن، ئەتراپىدىكى باشقا ھەممە ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر ئورۇنغا چىقىۋېلىشنى ئىستەيدۇ. داۋاملىق بىرىنچى بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تۆنۈگۈنكى ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن قىلچە كارى بولمايدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئەھۋالىغا قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ. داۋاملىق «ئىشىمنى بۇنىڭدىن ياخشىراق قىلالايتتىم»، دەپ ئويلايدۇ. ئۆز-ئۆزىگە مەڭگۈ رازى بولمايدۇ. مەڭگۈ بېلىنى قويۇۋەتمەيدۇ، ۋە مەڭگۈ ئۆزىنى سەل قويۇۋېتىپ، راھەتلەنمەيدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ماختىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئۆزىنى «ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق قىلالايتتىم»، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى توختاۋسىز ھالدا تېخىمۇ قاتتىق ئىشلەشكە قىستايدۇ. خەلقئارالىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە سۇ ئۈزۈش تۈرى بويىچە 18 ئالتۇن مېدال ئېلىپ، دۇنيا رېكورتى ياراتقان ئامېرىكىلىق مايكۇل فېلپس (Michael Phelps) ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىر مىسالىدۇر. دۇنيادا بۇنداق ئادەملەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز. نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ كۆپلىگەن ياشلار كىچىككىنە نەتىجە يارىتىپ قويۇپلا قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ قويۇپ، «خۇشاللىق» قوغلىشىپ كېتىپ قالىدۇ. ئەمما، مۇنەۋۋەرلىكنى قوغلىشىدىغان كىشىلەر ئىمتىھاندا 99 نومۇر ئالسىمۇ ئۆز-ئۆزىدىن نارازى بولىدۇ.



1ـ رەسىم: خەلقئارالىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە سۇ ئۈزۈش تۈرى بويىچە 18 ئالتۇن مېدال ئېلىپ، دۇنيا رېكورتى ياراتقان ئامېرىكىلىق مايكول فېلپس (Michael Phelps).

## 7. چوڭ تەسىر كۆرسىتىش (Impact)

باشقىلارغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىشنى قوغلىشىدىغان كىشىلەر نام-ئاتاق، ئابروي، پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھېچ قايسىسىغا ئانچە قىزىقمايدۇ. ئۇلار پەقەتلا باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئويلايدۇ. ئۆز ئۆمرىدىن بىر ئابىدە قالدۇرۇشنى ئىستەيدۇ. ئۆلگەندە يەر شارى يۈزىدە بىر ئىز قالدۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا «مەن باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشتىم» دېيەلەيدىغان بولۇشنى كۆزلەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ تۈپ مەقسىتى باشقىلارغا ۋە ئەتراپىدىكى ھەر خىل ئىشلارغا زور ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

ئىلاۋە: مەن بۇ يىل 5ـ ئايۇندا تورلارغا چىقارغان «NASA خادىملىرىغا ئۆتتۈلگەن لىدېرلىق دەرسلىرى» دېگەن ماقالىدە «تەسىرچى» ياكى «تەسىرلەمچى» دېگەن بىر دەرسنى تونۇشتۇرغان ئىدىم. ئۇ دەرسكە ئىشلىتىلگەن ئىنگلىزچە سۆز «influence» بولۇپ، ئۇمۇ ئۇيغۇرچىدە «تەسىر كۆرسىتىش» دەپ ئېلىنىدۇ. ئەمما بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىنگلىزچە «impact» دېگەن سۆز ناھايىتى كۈچلۈك ۋە ناھايىتى

چوڭ دائىرىلىك تەسىرلەرگە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، مەن ئۇنى «چوڭ تەسىر كۆرسىتىش» دەپلا ئالدىم. بۇنىڭدىن ياخشىراق سۆز بولسا، ئۇنى ماڭا دەپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئالىي مەكتەپتە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشسا يىلىغا يۈزمىڭ دوللاردىن ئارتۇق مائاش ئالالايدىغان بەزى ياشلار ئۇنداق خىزمەتلەردىن ۋاز كېچىپ، مائارىپ سىستېمىسىنى ئىسلاھات قىلىشقا ئوخشاش خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىرىمسىز تەشكىلاتلارغا بېرىپ ئىشلەيدۇ. بەزىلەر دوختۇرلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ، ناھايىتى يۇقىرى مائاش بېرىدىغان رەسمىي خىزمەت پۇرسەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، «چېگراسىز دوختۇرلار» دېگەنگە ئوخشاش پىدائىيلار تەشكىلاتلىرىغا ئەزا بولۇپ ئىشلەيدۇ. «چېگراسىز دوختۇرلار» دېگەنگە ئوخشاش تەشكىلاتتا ئىشلىگەنلەرگە ھېچ قانداق مائاش بېرىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت باشقىلار ئۈچۈن ھەقسىز ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئازراقمۇ ئويلاپ قويمايدۇ. دۇنيادا بۇنداق ئادەملەرنىڭ سانى بەك كۆپ ئەمەس، ئەمما ئۇلار كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىر ناھايىتىمۇ چوڭ ۋە كۈچلۈك. ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ بىر مىسالى ئافرىقىلىقلارنىڭ داھىيسى نېلسون ماندېلادۇر. ئۇ ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، ئادالەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرمىدە يېتىشقىمۇ رازى بولدى. بۇنداق ئادەملەر مەلۇم بىر داۋانىڭ خىزمەتچىسى بولىدۇ. ئۇلار «مۇنەۋۋەرلىك» دەرىجىسىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئادەملەر ئۈچۈن «مۇنەۋۋەرلىك» بىر نىشان بولماستىن، ئۇ بىر «قوشۇمچە مەھسۇلات» بولىدۇ.

بىر قىسىم كىشىلەر «چوڭ تەسىر كۆرسىتىش» نى ئىنسانلار قوغلىشىدىغان ئەڭ يۇقىرى بالداق، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر بالداق بار.

## 8. ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەقىقەت (Ultimate Truth)

بەزى ئادەملەر ئادالەتكە ئىنتىلىدۇ. بەزى ئادەملەر بىر ئىدېئالغا ئىنتىلىدۇ. بەزى ئادەملەر بولسا ھەقىقەتكە ئىنتىلىدۇ. بەزى ئادەملەر ئادالەتكە ئىشىنىدۇ. ئەمما سىز دۇنيادا تولۇق ھەقىقەتنى كۆرەلمەيسىز. سىزگە تولۇق كۆرۈنمەيدىغان بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش بۇ دۇنيادىكى ئەڭ

قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى. ئەگەر سىز زور تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ، كىچىككىنە تەسىر پەيدا قىلالىسىڭىزمۇ، ناھايىتى ئىلھاملىنىپ كېتىسىز. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ قاتتىق تىرىشىسىز. بىر خىل ئىدىيە ياكى ئادالەت داۋاسى يولىدا تىرىشسىڭىز، سىز ئىستىگەن ئاشۇ ئادالەتنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسىز. ئەمما بىر قىسىم ئادەملەر ئاشۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ قاتتىق تىرىشىدۇ. ئۇ كىشىلەر بىر نەرسىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى نېمە دەپ ئويلىشىغا ئازراقمۇ پەرۋا قىلماي، ئۆز غايىسى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئادالەت ئۈچۈن، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان كىشىلەردۇر. بۇ بالداقنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا تۇرىدىغان كىشىلەر ياراتقۇچىمىز ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملاردۇر (ئەسلىدىكى لېكسىيەنىڭ مۇشۇ يەردىكى دىنىمىزغا ئائىت بىر قىسىم مەزمۇنى قىسقارتىلدى).

## 9. ئويغان لېكسىيەسىنىڭ خۇلاسە قىسمى

مۇنەۋۋەرلىككە ئىنتىلىدىغان كىشىلەر ئۆز-ئۆزىگە مەڭگۈ رازى بولمايدۇ. ياراتقۇچىمىز ھەر قانداق بىر ئادەمگە ئاشۇ ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى يۈكلىگەن ئەمەس (بۇ ئويغاننىڭ ئەرەبچە ئايەتنى چۈشەندۈرۈشى بولۇپ، بۇ ئايەت قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ، (2:286)» دەپ ئېلىنىپتۇ. بۇ 2 مەزمۇندا ناھايىتى چوڭ پەرق بار بولۇپ، ئويغان بۇ ئايەتنىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمىسىدە ئېغىر مەسىلە بارلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى). شۇڭلاشقا سىزدە ئىشلارنى ھازىرقىدىن ياخشىراق قىلالايدىغان قابىلىيەتلەر بار. ئىشلارنى ھازىرقىدىن كۆپرەك قىلالايدىغان قابىلىيەتلەر بار. ياراتقۇچىمىز سىزدىن پەقەت ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىگە چۇشلۇق ئىشلارنىلا قىلىشنى كۈتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگە چۇشلۇق ئىشلارنى قىلىشنى كۈتىدۇ. ئۇ سىزنى قانداق خۇرۇچلار بىلەن ياراتقان بولسا، سىزدىن ئاشۇ خۇرۇچلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىشقا سېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز خۇشاللىق قوغلاشمايمىز، چۈنكى ياراتقۇچىمىز خۇشاللىقنى بىر قوشۇمچە پايدا سۈپىتىدە بىزگە بېرىپ بولغان.

بىز «سىڭىپ كېتىش» كە ئىنتىلمەيمىز، چۈنكى ئۇ بىر خىل ئاقساقلىقنىڭ ئىپادىسى. سىڭىپ كېتىش يولىنى تاللىغانلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەتچىلەر بولۇپ، بىز شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ قېلىشنى خالىمايمىز.

بىز نام-ئاتاققىمۇ ئىنتىلمەيمىز. نام-ئاتاققا ئىنتىلگۈچىلەر ھاياتىنىڭ مەقسىتى يوق كالۋالاردىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ، ئەگەر بىزمۇ نام-ئاتاق قوغلىشىدىكەنمىز، ئاشۇ كالۋالارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كالۋا بولۇپ قالىمىز.

بىز ئابرۇيغىمۇ ئىنتىلمەيمىز، چۈنكى ئابرۇي ياراتقۇچىمىزدىن كېلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئابرۇينى خاتا نەرسىلەرگە باغلىۋالىدۇ.

بىز (يەنى ئىمان ئېگىلىرى) ئادەتتىكى سەۋىيەدىكى ھايات بىلەن ئۆز-ئۆزىمىزگە قانائەت ھاسىل قىلالمايمىز. بىز چوقۇم ئۇنىڭدىن ياخشىراق ھايات يولىنى تاللىشىمىز، ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشىشىمىز كېرەك. سىز قايسى ئىش بىلەن شۇغۇللىنىسىڭىز شۇغۇللىنىڭ، ئۇنى ياخشىراق قىلىڭ. ئەگەر سىز ئوقۇۋاتقان بولسىڭىز، چوقۇم ھازىرقىدىن ياخشىراق ئوقۇيالايسىز. ئەگەر ئىشلەۋاتقان بولسىڭىز، خىزمىتىڭىزنى ھازىرقىدىن ياخشىراق قىلالايسىز. ئەگەر سىز پىدائىيلىق قىلىۋاتقان بولسىڭىز، ئۇ ئىشنىمۇ ياخشىراق قىلالايسىز. ئۆزىڭىزنى بۇرۇنقىدىن ياخشىراق بولۇشقا قىستاڭ. ھازىرقىدەك ياش ۋاقتىڭىزدا تېخىمۇ شۇنداق قىلىڭ. سىزنىڭ ھازىر ئوقۇشتىكى تاپشۇرۇقلىرىڭىز بار، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ ناھايىتى ئېغىر مەسئۇلىيەت ئەمەس. سىز توي قىلغاندىن كېيىن، ۋە بالىڭىز بار بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سىزگە ھەقىقىي مەنىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكلىنىدۇ. ھازىر سىز ناھايىتىمۇ ئەركىن. ھازىر سىز ئۆز ئۆمرىڭىزنىڭ باشقا باسقۇچلىرىدا ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمەيدىغان دەرىجىدىكى ئەركىنلىككە ئىگە بولۇپ، ھازىرقى ۋاقىت سىز پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن قاتتىق تىرىشىدىغان، ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگىچە جارى قىلدۇرىدىغان ۋاقىت. ھازىر سىزنىڭ كومپيۇتېر ئويۇنى ئوينايدىغان ۋاقتىڭىز ئەمەس. كۈن بويى تېلېۋىزور كۆرىدىغان ۋاقتىڭىزمۇ ئەمەس. سىز قىلىشقا تېگىشلىك ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇن چوڭ-چوڭ ئىشلار بار. خەلقىڭىز سىز كۆرسىتىدىغان زور تەسىرلەر (impact) نى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. باشقىلار قانداق قىلسا قىلىۋەرسۇن. بەزىلەردە ھېچ قانداق ئىنتىلىش مەۋجۇت ئەمەس.

ئەمما سىز ئۇلارغا ئوخشىمايسىز. سىز مۇنەۋۋەرلىككە ئىنتىلىشىڭىز كېرەك. ھەر بىر ياش ئۆز-ئۆزىدىن مۇنداق دەپ سوراپ بېقىشى كېرەك: «ياراتقۇچىمىز ماڭا نېمىلەرنى ئاتا قىلغان؟ ماڭا بېرىلگەن ئاشۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، مەن باشقىلارغا زور تەسىر كۆرسىتىش ساھەسىدە قانداق ئىشلارنى قىلالايمەن؟ مەن ئاشۇ قابىلىيەتلەرنى نېمىگە ئىشلىتىمەن؟» سىز ئاشۇنداق ئويلاش بىلەن بىللە، بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ياراتقۇچىمىزغا ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىز ھەققىدە جاۋاب قايتۇرۇشىڭىز كېرەك.

سىزدە ئەڭ ياخشى ئۇخلاش ئادىتى بار بولسۇن. سىزدە ئەڭ ياخشى يېيىش ئادىتى بار بولسۇن. سىزدە ئەڭ ياخشى چېنىقىش تۈزۈمى بار بولسۇن. ئوقۇشنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ياخشى ئېلىپ مېڭىڭ. ئۆز ھاياتىڭىزدا قىلغان ھەر بىر ئىشتا چوققۇم بىر مۇنەۋۋەرلىك ئورنىغا، ياكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىڭ. ئەتراپىڭىزدىكى ياشلار سىزنى ئۈلگە قىلىدىغان بولسۇن. بىزنىڭ خەلقىمىز ئەنە شۇنداق مۇنەۋۋەر ياشلارغا موھتاج.

ھازىرغىچە نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە ھاياتنىڭ مەقستى ۋە قىممىتىدىكى يۇقىرىدەك بالداقلارنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ قويمىدى. ئۇلارنىڭ بالا تەربىيىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ «ئابروي» ۋە «پۇل» دېگەن بالداقلاردىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى. ئۇلار ئەڭ كۆپ سورىغان سوئاللارمۇ «قاچانلىققا خىزمەت تېپىپ ئىشلەيسىز؟ قاچانلىققا پۇل تاپىسىز؟ قاچانلىققا ئۆي ئالىسىز؟» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى. ئەمما ھاياتتىكى ئىشلار ئۇلاردىن جىق كۆپ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار يالغۇز ئابروي ۋە پۇلنىلا ئويلىسا، يالغۇز ئابروي ۋە پۇل ھەققىدىلا سۆزلىسە، بالىلارنى مۇنەۋۋەر كىشىلەردىن بولۇشقا، ۋە چوڭ تەسىر كۆرسەتكۈچىلەردىن بولۇشقا كىم يېتەكلەيدۇ؟

مۇقەددەس كىتابىمىزدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىنتىلىپ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن نەرسىلەردىن باشقا پايدىلىق نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ.» بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە «ئىنتىلىش» ۋە «تىرىشچانلىق» تىن ئىبارەت. يەنى ياراتقۇچىمىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە «ئىنتىلىش» ۋە «تىرىشچانلىق» تىن ئىبارەت. نام-ئاتاق، ئابروي ۋە پۇل قاتارلىق نەرسىلەر ئۆزلۈكىدىن كېلىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ياراتقۇچىمىز ئەڭ قەدىرلەيدىغان نەرسە «ئىنتىلىش» ۋە «تىرىشچانلىق» تىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا ياشلار ئىنتىلگۈچىلەر ۋە تىرىشقۇچىلاردىن بولۇشى كېرەك. ئويلاپ

بېقىڭ: سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئەگەر سىز ۋاقتىنى پەقەت كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپلا ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىڭىز، ئەگەر سىز ۋاقتىڭىزنى پەقەت تېلېۋىزور كۆرۈپلا ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىڭىز، سىزدىكى ئىنتىلىش زادى نېمە؟ سىزنىڭ كومپيۇتېر ئويۇنلىرىدا ئۇتتۇۋاتقانلىقىڭىزغا كىم پەرۋا قىلىدۇ؟ سىز قانداق كىنولارنى كۆرۈۋاتقانلىقىڭىزغا كىم پەرۋا قىلىدۇ؟ سىز ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئويلىشىڭىز كېرەك. سىز ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئويلىشىڭىز كېرەك. سىز شۇنداق قىلىشقا باشلىغاندا، ياراتقۇچىمىز سىز تىلىگەن نەرسىنى بېرىدۇ. ئۇ سىزگە خۇشاللىق بېرىدۇ. سىزدە بىر خىل ھەقىقىي ئىنتىلىش بار بولغاندا، ئاندىن ھاياتىڭىز بىر خىل مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ھاياتىڭىز بىر خىل مەنىگە ئىگە بولغاندا، سىزدىمۇ خۇشاللىق پەيدا بولىدۇ.

مۇقەددەس كىتابىمىزدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىق كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ.» (ئۇيغۇرچە قۇرئاندا «ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ (53:40)» دەپ ئېلىنىپتۇ.)

ئىلاۋە: مەزكۇر ئايەتنىڭ ئىنگلىزچىسى ۋە ئويغاننىڭ لېكسىيەسىدە «تىرىشچانلىق» دېگەن سۆز بار بولۇپ، ئۇيغۇرچە قۇرئاندا ئەسلىدىكى «ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى» دېگەن سۆز «ئۇنىڭ قىلغان ئىشى» دەپ يېزىلىپتۇ. بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىدە زور پەرق بار. ئالدىنقىسى تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدۇ، كېيىنكىسى بولسا تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

سىز بىرەر ئورۇنغا ئىش ئىزدەپ بارغاندا، قەغەزگە ئۆزىڭىزنىڭ مەكتەپ ئوقۇشىدىكى نەتىجىلىرىڭىز ۋە ھەر خىل پروجېكت (ھەر خىل تۈر) لەردە ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى يېزىپ ئاپىرىسىز. ھەرگىزمۇ ئاشۇ نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭىزنى يازمايسىز. بەزىدە سىز بىر ئىمتىھان ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەييارلىق قىلىسىز، ئەمما شۇنداق قىلىشىڭىزغا قارىماي سىز ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيسىز. ياكى بولمىسا ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان نومۇرغا ئېرىشەلمەيسىز. ئىنسانلار بىر-بىرىنى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن باھالايدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر ئادەم قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىگە، قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگىنىگە قارىمايدۇ. تىرىشچانلىق بىلەن ئەجىرگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. پەقەت نەتىجىسىگىلا قارايدۇ. سىز قانچىلىك تىرىشسىڭىز تىرىشىڭ، ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتمىسىڭىز، سىز ئوقۇش پۈتتۈرەلمەيسىز. ئەمما، قىيامەت كۈنى

ياراتقۇچىمىز ھەر بىر ئادەمنى ئۇلارنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئەمەس، ئۇلار كۆرسەتكەن تىرىشچانلىققا قاراپ باھالايدۇ. يەنى، «ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ.» بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇنى قانچىلىك تەكىتلىسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ. يەنى، يەر يۈزىدىكى ھېچ قانداق بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرەلمەيدۇ. پەقەت ياراتقۇچىمىزلا ھەر بىر ئادەم كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنى كۆرەلەيدۇ. بىز بولساق پەقەت ئاشۇنداق تىرىشچانلىق پەيدا قىلغان تەسىرنى كۆرەلەيمىز، پەقەت ئۇنىڭ نەتىجىسىنىلا كۆرەلەيمىز. بىز ئىنسانلار «نەتىجە ئادەملىرى» بولۇپ، ياراتقۇچىمىز بولسا «تىرىشچانلىق ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقارغۇچى» دۇر. پەقەت ياراتقۇچىمىزلا بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزنى قەدىرلەيدۇ. شۇڭلاشقا تىرىشچانلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلىماڭ. سىز كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنى باشقىلار ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ياراتقۇچىمىز كۆزگە ئىلىدۇ، ياراتقۇچىمىز قەدىرلەيدۇ.

ئىلاۋە: مەن يېقىندا تورلارغا چىقارغان «بالىڭىزنىڭ غايىسىگە يول قويۇڭ» دېگەن ماقالىنىڭ «ئاخىرقى سۆز» قىسمىدا يۇقىرىدىكى مەزمۇنغا ماس كېلىدىغان ئۆزۈم ھەققىدىكى بايانلار بار بولۇپ، تېخى ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارغا ئاشۇ بايانلارنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئويغانىنىڭ لېكسىيەسىدىكى مەزمۇنلار مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## ئاخىرقى سۆز

مەن 1983-يىلى 1-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىنى تاماملىدىم. مەكتەپ بىزنىڭ خىزمەت تەقسىماتىمىزنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ماڭا ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىققا تاللانغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ، مېنى شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭدۇردى (شاڭخەيدىكى دەرس باشلىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا، مەن تەقسىمات نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش ۋاقتىنى ساقلىمايلا شاڭخەيگە كېتىپ قالدىم). بۇ ئىشلاردىن بۇرۇن، ماڭا يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇ بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتىكى مەكتەپ پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1-قول باشلىقى جاڭ ياڭ ئەپەندى مېنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، ماڭا مۇنداق دېدى: «بىز سىزنى ‹كادىرلىققا مەخسۇس

تەربىيلەش ئۇبيېكتى» قىلىپ بېكىتكىنىمىزگە بىر قانچە يىل بولدى. ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئىككى يول بار. ئۇنىڭ بىرى مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش. ئۇنداق قىلسىڭىز سىز ماڭا ئوخشاش باشلىق بولىسىز. ئۆز ئالدىڭىزغا شوپۇرىڭىز، ئۆز ئالدىڭىزغا ئاشپىزىڭىز بار بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلارنى ھەر خىل زىياپەتلەرگە قاتنىشىپ، ۋاقتىڭىزنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزىسىز. بۇنداق خىزمەتنىڭ جاپاسىمۇ بار، ئەمما ئۇنىڭ جاپاسى ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار ئىچىدە باشلىقلار كەم ئەمەس. سىزنىڭ ئالدىڭىدىكى 2-يول ئۆز كەسپىڭىز بىلەن شۇغۇللىنىش. باشلىق بولۇش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ يول تولىمۇ جاپالىق، ھەمدە ئۇنىڭدا باشلىق بولۇش بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە باي بولغىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمما شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى ئىچىدىن ھازىرغىچە سىزدەك ئوقۇيالىغان ئادەم چىقىپ باقمىغان. ئەگەر بۇ يولنى ماڭسىڭىز، سىز ئۆز مىللىتىڭىز ئۈچۈن بىر بوشلۇقنى تولدۇرىسىز. شۇڭلاشقا بىر قانچە كۈن ئويلىنىپ، قايسى يولنى تاللايدىغانلىقىڭىز ھەققىدە بىزگە جاۋاب بېرىڭ.»

مەن بىر قانچە كۈن ئويلاندىم، ھەمدە مەكتەپ رەھبەرلىرىگە ئۆزۈمنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش يولىنى تاللىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن ئۇ چاغدا ھاياتنىڭ مەقسىتى ۋە قىممىتى ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى 8 بالداقنى بىلمەيتتىم. ماڭا ئۇلارنى ھېچ كىم ئۆگەتمىگەن. ئۇ چاغدا ئاشۇنداق مەسىلىلەرنى تېما قىلغان ماقالە-كىتابلارمۇ تېپىلمايتتى. ئەمما يۇقىرىقىدەك قارارنى ئېلىشتا، مەن مۇنداق 3 ئامىلنى كۆزدە تۇتقان ئىدىم: (1) مەن ئۆز كەسپىمنى سۆيەتتىم، ھەمدە چەت ئەلگە چىقىپ، ئەڭ يۇقىرى پەللىگىچە ئوقۇش غايەم بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن شۇ چاغدا ئۆز كەسپىم بىلەن شۇغۇللانسام، مىللەت ئۈچۈن چوڭراق تۆھپە قوشالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. (2) مەمۇرى خىزمەتنى ياخشى كۆرمەيتتىم. مەن ھەر دەرىجىلىك ئوقۇغۇچىلار خىزمەتلىرىنى ئىشلەش جەريانىدا يۇقىرىدىكىلەرنى رازى قىلسام ئوقۇغۇچىلارنى رازى قىلالمايدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى رازى قىلسام يۇقىرىدىكىلەرنى رازى قىلالمايدىغان، ئۆز-ئۆزۈمگە ئىگە بولالماي، بىر قورچاققا ئوخشاش رول ئېلىشقا مەجبۇرى بولىدىغان ئەھۋاللارغا كۆپ قېتىم يولۇقتۇم. ھەمدە ھەر قېتىم قاتتىق ۋىجدان ئازابى تارتىپ، نۇرغۇنلىغان كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. (3) مەن كۆڭلۈم راۋا كۆرمىگەن ئىشلارنى قىلالمايمەن، يالغانچىلىق قىلالمايمەن، ھەمدە كۆڭلۈمدىكى ھېسسىياتلىرىمنى

ئىچىمدە ساقلىيالماي، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا چىرايىمدا ئىپادىلەپ قويىمەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر دىيارىدا باشلىق بولۇپ ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قىسىم «ماھارەتلەر» مەندە بولمىغاچقا، مەن ئۆزۈمنىڭ «بەختىيار زامان» غا مەنسۇپ مۇددىتىنىڭ ئانچە ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەن ئىدىم.



2-رەسىم: بېيجىڭدا 1979-يىلى 5-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 19-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خاتىرە رەسىمىدىن بىر كۆرۈنۈش. شۇ قېتىم مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك جۇڭگو دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا، يەنى 1-قۇردا ئولتۇرغان بولۇپ، شۇلارنىڭ قاتارىدا مەنمۇ 1-قۇردا ئولتۇرغان ئىدىم (سولدىن 3-كىشى). بىرىنچى قۇر ئوڭدىن بىرىنچى كىشى شۇ ۋاقىتتىكى مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ شاۋزۇ ئەپەندى بولۇپ، ئۇ كېيىنچە مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى (مىنىستىر دەرىجىلىك ئورۇن) گە 1-قول باشلىق بولدى. بۇ رەسىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان بولۇپ، بۇ يەردىكىسى ئاشۇ رەسىمنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى. ئۇنىڭ يەنە 2 قىسمىنى تۆۋەندە 3- ۋە 4-رەسىم قىلىپ بەردىم. بۇ

رەسىملەر بۇ يەردە پەقەت ئۆز ھاياتىمغا ئائىت بىر قىسىم تارىخىي خاتىرىلەر سۈپىتىدىلا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن باشقىچە چۈشىنىشكە مۇۋاپىق ئەمەس.



3 ـ رەسىم: بېيجىڭدا 1979 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 19 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خاتىرە رەسىمىدىن 2 ـ كۆرۈنۈش. بىرىنچى قۇر سولدىن 4 ـ كىشى سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى بولىدۇ. شۇ قېتىم 1 ـ قۇردا ئولتۇرغان ئۇيغۇرلاردىن سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى بىلەن مەن ئىككىمىزلا بار ئىدۇق.



4-رەسىم: بېيجىڭدا 1979-يىلى 5-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 19-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خاتىرە رەسىمىدىن 3-كۆرۈنۈش. بۇ رەسىمنىڭ بىرىنچى قۇرىدا ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت رەھبەرلىرىدىن خۇا گوفېڭ، دېڭ شىياۋپىڭ، يې جيەنيىڭ ۋە خۇ ياۋباڭلار بار.




5-رەسىم: NASA مەركىزى JPL نىڭ ئىشىكى يېنىدا. بۇ رەسىم 2015-يىلى 9-ئايدا تارتىلغان.

مەن ئۆزۈمنىڭ 1983 ـ يىلىدىكى ئاشۇ قارارىمغا ھازىر ئازراقمۇ پۇشايمان قىلمايمەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ رازى ۋە ئۇنىڭغا تولىمۇ خۇشال. مەن ھازىر يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرىش جەھەتتىكى بىر قىسىم ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالدىم. يەنى، نۇتۇق سۆزلەپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش، شۇ ئارقىلىق «چوڭ تەسىر كۆرسەتكۈچى» بولۇش مېنىڭ بىر قىزىقىشىم، تالانتىم ۋە ئارزۇيۇم ئىدى. مەن ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان يىللاردا «مەن قانداق ئۆگەندىم؟» دېگەن تېمىدا بىر قانچە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە لېكسىيە سۆزلەپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ئىدىم. ئۇ لېكسىيە كېيىنچە رادىئودا كۆپ قېتىم بېرىلىپ، ھەممە ئۇنىڭ مەزمۇنى گېزىت ـ ژۇرناللارغا بېسىلىپ، ناھايىتى ياخشى ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى. مەن ئۇنداق ئىشلارنى ھازىر پەقەت چەت ئەلدىلا قىلالايمەن، ھەممە ئازراقتىن قىلىۋاتىمەن. ئۆزۈم بىلەن ئوخشاش ھالەتتە تۇرۇۋاتقان باشقا بىر قىسىم كىشىلەر ئېرىشىۋاتقان ئىمتىيازلارغا مەن ئېرىشەلمىدىم. ئەمما مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ئەمەس، ئۆزۈمدە يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرماي، ئۆزۈمدە بار نەرسىلەرنى ئېسىمدىن چىقارماي، ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر رازىلىقىمنى ۋە رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپ، ئۆزۈم قىلالايدىغان ئىشلاردا قاتتىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بىر ھالەتتە ياشاۋاتىمەن. مەن ھازىرمۇ يەنىلا ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش باسقۇچىدا. يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان بىلىملەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر قىسىم يېڭى ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىۋاتىمەن. ئادەم ئۆز ـ ئۆزىدىن داۋاملىق «مەن نېمە ئۈچۈن يارالغان؟ مەندە قانداق خۇرۇچلار بار؟ مەن ئۆزۈمگە ئارتىلغان مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلالىدىممۇ؟ مەن ئۆزۈمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى تولۇق ئىشقا سالالىدىممۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن ياراتقۇچىمىزغا يۈز كېلەلەيمەنمۇ؟» دەپ سوراپ تۇرسا، ھەممە ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا ئىنتىلسە، ئۆزى كۆرسىتەلەيدىغان تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسەتسە، ئاندىن ئۇ تىرىشچانلىقلاردىن قانداق نەتىجە چىقىشىنى ياراتقۇچىمىزغا قويۇپ قويسا، ھەر بىر ئادەم ئاجايىپ ئىشلارنى قىلالايدىكەن. ئۆز ھاياتىدىن ئاجايىپ ھۇزۇرلىنالايدىكەن. مەن ھازىر مۇشۇنداق بىر ھەقىقەتنى ياش ـ ئۆسمۈرلىرىمىزگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن. مەزكۇر يازمىمۇ ئاشۇنداق تىرىشچانلىقنىڭ بىر قىسمى. ئەگەر ھازىر ئوقۇش

قىزغىنلىقى تۈۋەنلەپ كېتىۋاتقان ئۇكىلار بۇ يازمىدىن بىر ئاز نەپ ئالالىسا، مەن ئۆز ئەمگىكىمدىن رازى بولىمەن، ھەمدە مەن ئۇنى ياراتقۇچىمىزنىڭ ماڭا بەرگەن تارتۇقى، دەپ چۈشىنىمەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە بىر ئادەم ياكى بىر گۇرۇپپا كىشىلەر ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى بىر قىسىم ئىلمىي نەزەرىيىلىرىنى بايان قىلدىم. ئۆزۈمنىڭ «بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق-بەدرى ئۇرۇشىدىن ئويلىغانلىرىم» دېگەن ماقالىسىدە بىر قوۋم كۆزلىگەن نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنىڭ بىر قىسىم دىنىي پاكىتلىرى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئانالىزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەزكۇر ماقالە يۇقىرىدىكى 2 پارچە ماقالىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر بىر ئادەم ئۆز ھاياتىنى مەنىلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈشتە قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنىڭ دىنىي ئىسپاتلىرى ۋە پسىخولوگىيە ئىلمىدىكى بىر قىسىم نەزەرىيىلەرنى تەسۋىرلىدىم. مەن ئۆز ھاياتىنى ئىسراپ قىلىۋەتمەي، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىستەيدىغان بارلىق قېرىنداشلارغا بۇ 3 پارچە ماقالىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇپ، ئۇلاردا بايان قىلىنغان مەزمۇنلارنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى:

Nouman Ali Khan | "Between the Lines" | #YC2015
https://www.youtube.com/watch?v=qHRZADvSFfY

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇئەللىم بىلەن ياپوندا بىللە بولغان ۋاقىتلار

2014 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆۋەندىكى 1 - رەسىمدىكى يەنە بىر كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئەل سۆيگەن ۋە ئەلنى سۆيگەن، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە، ۋە ھازىر ئەڭ كۆپ ئەسلىنىدىغان رەھمەتلىك ئۇستازىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولىدۇ. 1980 - يىللىرى مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى رادىئو - ئېلېكترونىكا كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋاقتىمدا بۇ ئۇستازىمىز ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. شۇڭلاشقا مەن تۆۋەندە مەرھۇمنى «ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم» دەپ ئاتايمەن. مەن تۆۋەندىكى 1 - رەسىمنى ئۆزۈمنىڭ تورلاردىكى باش سۈرىتى قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن بۇيان، بىر قانچە قېرىنداشلار مەندىن ئاشۇ رەسىم توغرىسىدا بىر چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشۈمنى ئۆتۈندى. ئاخىرقى قېتىم شۇنداق قىلغىنى «a. sayrami» ئىسىملىك قېرىندىشىمىز بولۇپ، ئۇ بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن 1 - مەنبەدە مۇنداق دەپ ئىنكاس قالدۇرۇپتۇ [1]:

«ئەمدى، مەن بۇ يەردە سىزدىن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز، بىراق سىزنىڭ مۇنبەردە «بىلىمخۇمار» نامى بىلەن ئىشلىتىۋاتقان باش سۈرىتىڭىز توغرىلىق كىچىككىنە سوئالىم بار ئىدى. مەلۇمكى: سۈرەت سىز ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىل، مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1986 - يىلى ياپونىيەگە ئىلمىي زىيارەتكە بارغاندا تارتىلغان بولۇپ، سىز شۇ چاغدا مەرھۇمغا تەرجىمانلىق قىلىپتىكەنسىز. مۇشۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر ماتېرىيال كۆرمىدىم. ئەتىيازدا مەرھۇم ئالىمىمىزنىڭ «مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم» ناملىق تەرجىمىھال خاراكتېردىكى كىتابىنى سېتىۋېلىپ كۆرۈپمۇ باقتىم. كىتابتا ئاشۇ ئىشلار توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمەپتۇ. مۇمكىن بولسا

1986 ـ يىلدىكى ئاشۇ قېتىملىق زىيارەتنىڭ سىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى، بولۇپمۇ ئاشۇ سۈرەت تارتىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلار ھەققىدە ئازراق ئۇچۇر بەرسىڭىز. تېمىغا مۇناسىۋەتسىز سوئال سوراپ، شۇنچە ئالدىراشلىقىڭىزدا سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، ئەپۇ قىلارسىز.»

مەن «a. sayrami» قېرىنداشىمىزنىڭ تەلپىگە ماقۇل بولغان بولۇپ، مەزكۇر ماقالىدا مەن ئالدى بىلەن ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم بىلەن ياپوندا بىللە بولغان ۋاقىتلاردىكى مۇھىم ئىشلار ۋە ئۆزۈمنىڭ بەزى تەسىراتلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئاندىن مەن نېمە ئۈچۈن ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ياپونىيىدىكى بۇ پائالىيىتى ھەققىدە ئۆزىنىڭ بىرەر يازمىلىرىدا توختالمىغانلىقى ھەققىدىكى ئۆزۈمنىڭ پەرىزىنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمدەك ئۆزىنى مەلۇم بىر ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاتىۋەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىللار ھەققىدىكى بىر ئىلمىي نەزەرىيىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.




1 ـ رەسىم: 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رەھمەتلىك ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم كوبېدىكى كانسېي گاكۇيىن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور كوداما شىنجىرو ئەپەندى قاتارلىق بىر قانچە پروفېسسورلارنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ياپونىيىگە ئىلمىي دوكلات بېرىشكە كەلدى. مەن شۇ چاغدا ياپونىيىدە بىلىم

ئاشۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ ئۇيغۇرچە دوكلاتىنى نەق مەيداندا ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بەردىم. بۇ رەسىم 1986-يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى بىر ئىلمىي دوكلات جەريانىدا تارتىلغان.

## 1. مۇئەللىمنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى ھەققىدە

يۇقىرىدىكى 1-رەسىم 1986-يىلى 6-ئۆكتەبىر كۈنى تارتىلغان. ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم شۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىگە كېلىپ، ئۇ يەردە بىر قانچە كۈن ئىلمىي دوكلات بېرىش ۋە زىيارەت قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن. مەن ئۇ چاغدا توكيونىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، توكيو بىلەن بولغان ئارىلىقى 500 كىلومېتىردەك كېلىدىغان ئوساكا شەھىرىدە بولۇپ، ئوساكا ئېلېكترو-خەۋەرلىشىش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ئىدىم. شۇڭلاشقا توكيودىكى پائالىيەتلەرگە مەن قاتناشمىغان بولۇپ، توكيودىكى تەرجىمانلىق ئىشىنى ئۇيغۇر دىيارىدىن كېلىپ بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان، شىۋە مىللىتىدىن بولغان بىر ياش ئۆز ئۈستىگە ئېلىپتۇ. يەنى، توكيودا ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم خەنزۇچە سۆزلەپ، ھېلىقى شىۋە ياش ئۇنىڭ نۇتقىنى خەنزۇچىدىن ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىپتۇ. ساياھەت جەريانىدىكى تەرجىمانلىقنىمۇ ئاشۇ ياش ئۆز ئۈستىگە ئېلىپتۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنى ياپونغا تەكلىپ قىلغان ئىككى پروفېسسور مەن ياپونغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر دىيارىغا بېرىپ ساياھەتتە بولغان، ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغىمۇ كېلىپ، ئىلمىي سۆھبەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، مەن ئۇلار بىلەن شۇ چاغدا تونۇشۇپ قالغان ئىدىم. ئۇلار كېتىشتىن بۇرۇن ماڭا ئۆزلىرىنىڭ ياپوندىكى ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرىنى قالدۇرۇپ، مەندىن ياپونغا بارغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن چوقۇم ئالاقىلىشىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى كوبېدىكى كانسېي گاكۇيىن ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، «كوداما» ئىسىملىك يەنە بىر كىشى بولسا ئوخشاش مەكتەپنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىدى. كوداما مۇئەللىم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان بولۇپ، بىر قانچە كىتاب يازغان، ھەمدە ئاشۇ كىتابلىرىغا ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىمۇ بىر قىسىم مەزمۇنلارنى كىرگۈزگەن ئىدى. مەن ياپونغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار بىلەن

مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈۋاتقان ئىدىم. بولۇپمۇ كوداما مۇئەللىم ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقلىرىغا بەك ئامراق بولۇپ، ئۇنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن مەن ئۇنىڭغا پولۇ ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن بەزى شەنبە كۈنلىرى كەچتە ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇ پولۇ ئېتىپ تۇرىدىغان بولغانىدى. شۇڭلاشقا مەن ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ ياپونغا كېلىدىغانلىقىنى ئاشۇ پروفېسسورلاردىن ئەڭ دەسلەپىدىن تارتىپلا بىلىپ تۇرغان ئىدىم. ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ئوساكا رايونىغا كەلگەندىن كېيىن، تەرجىمانلىقنى مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، يۇقىرىدىكى 1-رەسىم ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر گۇرۇپپا ياپونلۇق پروفېسسورلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسلىرىگە بىر مەيدان ئىلمىي دوكلات بېرىۋاتقاندا تارتىلغان بولۇپ، ئۇ دوكلاتنىڭ تېمىسى «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى - قۇتادغۇبىلىك» ئىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم سۆزلىگەن كونكرېت مەزمۇنلار ئېسىمدە قالمىدى. مەن شۇ قېتىم ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم بىلەن جەمئىي 2-3 كۈندەك بىرگە بولغان بولۇپ، بىز ئاشۇ يىغىن ئېچىلغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا كيوتو، ئوساكا ۋە كوبېدىكى بىر قىسىم داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. ھەمدە ئاشۇ رايوندىكى بىر قانچە گۈزەل جايلارنى تاماشا قىلدۇق. بىر كۈنى كەچتە بىر قانچە ياپونلۇق پروفېسسورلار بىلەن بىللە بىر ئىسسىق كۆلگە كىرىپ، ھۇزۇرلاندۇق . تۆۋەندىكى 2-رەسىم ئەنە شۇ چاغدا تارتىلغان.



2ـ رەسىم: كوداما ئەپەندى ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنى بىر ئىسسىق سۇ كۆلگە ئاپارغان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.

ماڭا شۇ چاغدا ئەڭ تەسىر قىلغان نەرسە، ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ قولىدىن زادىلا چۈشمەيدىغان بىر خاتىرە دەپتەر بىلەن بىر قەلەم بولدى. مۇئەللىم بارغان ھەممە يەرلەردە ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى. بىر نەرسە ئېسىگە كېلىپ قالسا، مېڭىشتىن ياكى قىلىۋاتقان باشقا ئىشىدىن توختاپ، بىر يەردە ئولتۇرۇپ، ئېسىگە كەلگەن نەرسىنى خاتىرىسىگە دەرھاللا يېزىۋالاتتى. بىز بىر كۈنى كەچتە ياپونلۇق پروفېسسورلار بىلەن بىللە تاماق يەۋاتقاندا، مۇئەللىم تۇرۇپ-تۇرۇپلا خاتىرىسىنى ئېچىپ، بىر نەرسىلەرنى يازدى. ئۇ ئاشۇنداق بىر نەرسە يازغاندا، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭ خىيالىغا ئازراقمۇ كىرىپ قويمايتتى. ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭغا ئازراقمۇ تەسىر قىلمايتتى. ئۇ بىر نەرسە يېزىۋاتقاندا بەزى ياپونلۇق پروفېسسورلار ئۇنىڭدىن سوئال سورىسىمۇ، ئۇ ياپونلۇقنىڭ گېپى مۇئەللىمگە ئاڭلانمايتتى. مەن خۇددى بىر ئۇخلاپ قالغان ئادەمنى ئويغاتقانغا ئوخشاش مۇئەللىمنىڭ قولىنى تارتىپ، ئۇنىڭغا بىرەيلەننىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قوياتتىم. يەنى، كاللىسىدا ئويلاۋاتقان ئىش ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالىدىغان بولۇپ، ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە گويا ئۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە باشقا بىر دۇنيادا ئۆزى يالغۇز

تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇنى بېرەتتى.

تۆۋەندىكى 3-رەسىمنى بىز كوبېدىكى بىر گۈزەل يەرنى ساياھەت قىلىۋاتقاندا تارتقان. مۇشۇ رەسىمدىكى ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ قولىدىكى خاتىرە دەپتەرگە دىققەت قىلىپ قويۇڭ. يەنى، مۇئەللىم ساياھەت جەريانىدىمۇ قولىغا بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىۋالغانىدى.



3-رەسىم: ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم قاتارلىق بىر قانچە كىشى كوبېدا بىللە ساياھەت قىلىۋاتقاندىكى بىر كۆرۈنۈش. بۇ رەسىمدىكى قالغان ئىككى كىشى كوداما مۇئەللىمنىڭ ئايالى بىلەن توكيودا تەرجىمانلىق قىلغان شىۋە ئوقۇغۇچى.

بىز بىللە بولغان بىر كەچلىك تاماق ئەنە شۇنداق ئۆتتى. تاماقتىن كېيىن مۇئەللىم ماڭا: «ئەركىن، مەن ھازىرلا بىر پارچە شېئىر يازدىم. ئۇنى سىزگە ئوقۇپ بېرەي»، دەپ، يازغان شېئىرىنى ماڭا ئوقۇپ بەردى. يازغان ئۇ

شېئىرى ئۆزى ياپوندا كۆرگەن ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى مېنىڭ ئېسىمدە قالماپتۇ.

مەن مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىت مېنىڭ ياپونغا كەلگىنىمگە بىر يىلدىن سەل ئاشقان ۋاقىت بولۇپ، ئۇ چاغلاردا مېنىڭ كۆڭلۈك ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن جىددىي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇ چاغدا ھەرگىزمۇ ئاشۇ بىر قانچە كۈننىڭ مېنىڭ مۇئەللىم بىلەن كۆڭلەپ بىللە بولالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى كۈنلەر بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىدىم. ئەگەر ئاشۇنداق بولۇپ قېلىشىنى بىلگەن بولسام، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بارلىق ۋاقتى ۋە زېھنىنى مۇئەللىمنى كۆزىتىش، ۋە ئۇ قىلغان ئىشلارنى ۋە ئۇ يازغان نەرسىلەرنى تەپسىلىي خاتىرىلىۋېلىشقا قاراتقان بولاتتىم.

مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، يەنى 1980 ـ يىللىرى، قېيۇم باۋۇدۇن ئاكىمىز مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ كۆپ قېتىملىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار چوڭ يىغىنلىرىدا «بىز 30 يىلدا پروفېسسورلاردىن ئاران ئىككىنى يېتىشتۈردۇق. ئۇلارنىڭ بىرى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، يەنە بىرى بولسا جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدىكى مىجىت خۇدابەردى. ئەگەر بىز كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە پروفېسسوردىن يەنە ئاران ئىككىنى يېتىلدۈرسەك، ئۇ بىز ئۈچۈن بىر چوڭ نومۇس بولىدۇ. شۇڭا سىلەر تىرىشىپ ئوقۇڭلار، بۇنداق ئەھۋالغا خاتىمە بېرىڭلار»، دېگەن مەزمۇندىكى گەپلەرنى قىلغانىدى. مەن ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ ئىسمىنى ئەڭ دەسلەپىدە ئەنە شۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن مەن فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغۇچى، مۇئەللىم بولسا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، ماڭا ئۇ چاغدا مۇئەللىم بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولمىغان ئىدى.

مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا، ئۈرۈمچىدە ھەر يىلى بىر قېتىم داڭلىق شائىرلار تاللاپ قاتناشتۇرۇلىدىغان شېئىر دېكلاماتسىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلەتتى. مەن ئۇ چاغدا بىر شائىر ئەمەس ئىدىم (مەن ھەرگىزمۇ «شائىر» دېگەن سالاھىيەتكە يېقىن كېلەلەيدىغان بىرى بولۇپ باققان ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنداق بولۇپ باقمىدىم). پەقەت شۇ چاغلاردا مېنىڭ بىر قانچە پارچە شېئىرلىرىم شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلغان ئىدى. ئەمما مەن ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ۋە

مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق 5 چوڭ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالغان بولۇپ، شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھەر يىلى بىر قېتىم مەكتەپ بويىچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ شېئىر دېكلاماتسىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىدىم (شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ فاكۇلتېتلار ئارا سەنئەت كۆرىكىنىمۇ يىلدا بىر قېتىم تەشكىللەپ تۇرغان ئىدىم). ئوقۇشۇم ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، ئۆزلۈكۈمدىن ئىنگلىز تىلىمۇ ئۆگىنىۋاتقان ئىدىم. شۇڭلاشقا رادىئو ۋە گېزىت-ژۇرناللاردا كۆپلەپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان ئىدىم (ئۇ چاغدا ئائىلىلەردە تېخى تېلېۋىزورلار يوق بولۇپ، ئۇيغۇر دىيارىدا تارقىتىلىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىسى بار-يوقلۇقىنى بىلمەيدىكەنمەن. بىزنىڭ مەكتەپتىكى بىر دەرس پروجېكتى سۈپىتىدە قىلغان بىر ئىشىمىز بىر قانچە ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە بىردىن رەڭسىز تېلېۋىزور قۇراشتۇرۇپ چىقىش بولغانىدى). قايسى سەۋەبتىنىكىن ئۇ ھازىر ئېسىمدە قالماپتۇ، ئىشقىلىپ مەن ھېلىقى پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى داڭلىق شائىرلار يىغىلىپ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىدىغان يىغىنغا ئۇدا 2 يىل تەكلىپ قىلىندىم. بۇ يىغىندا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىدىغان سانغا ئېرىشىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئۇ يىغىندا دېكلاماتسىيە قىلىنغان شېئىرلار ناھايىتى تېزلا ئاپتونوم رايونلۇق گېزىت ياكى ژۇرناللارغا بېسىلاتتى. مەن شۇ چاغدا ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم، تېيىپجان ئىلىيوپ قاتارلىق داڭلىقلارنىڭ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغىنىنى بىۋاستە ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بىر قېتىملىق يىغىندا مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇرغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ بىر ئايال مۇئەللىمى ماڭا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشقا بىر سان بېرىلگەنلىكىنى، ئەمما مېنىڭ تەييارلىغان شېئىرىم يوقلۇقىنى بىلىپ، دەرھال يېنىدىن ئۆزى يېزىپ تەييارلاپ قويغان بىر پارچە شېئىرنى چىقىرىپ ماڭا بېرىپ، «ئۇكام، ماۋۇ شېئىرنى ئۆزۈڭنىڭ شېئىرى، دەپ دېكلاماتسىيە قىلىۋەتكىن، ھەمدە ئۆز نامىڭدا ئېلان قىلىۋەرگىن. ئۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان ھەدىيەم بولسۇن»، دېدى. ئۇ خانىم شېئىر تەييارلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا دېكلاماتسىيە قىلىش سانى بېرىلمىگەن ئىكەن. ئۇ پەقەت بىر سانىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىك ۋە ماڭا ياردەم قىلىش ئۈچۈنلا ياخشى كۆڭۈللۈك بىلەن بۇ تەكلىپنى قىلغانىدى. ئەمما مېنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىم بويىچە مەن ئۇنداق ئىشنى قەتئىيلا قىلالمايتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىنتايىن تەڭلىكتە قالدىم. ناھايىتى قاتتىق ئازابلاندىم. ھەمدە ئۇ يىغىنغا قاتناشقىنىمغىمۇ ئىنتايىن

پۇشايمان قىلدىم. يېرىم سائەتتەك قاتتىق ئويلىنىپ، ئاخىرى ئۇ خانىمغا: «كەچۈرۈڭ، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن»، دېدىم (ئۇ ھەدىمىز ھازىرمۇ ھايات بولۇپ، ناھايىتى ياشىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ يەردە ئىسمىنى ئاتىمىدىم). بۇ ئىشلار مېنىڭ ئېسىمدە ھازىرمۇ خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەكلا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما ھېلىقى يىغىندا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغان داڭلىق شائىرلارنىڭ چىرايلىرى ئېسىمدە ئانچە قالماپتۇ.

يۇقىرىدىكى ھېكايە بىلەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ئانچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئەمما ماقالىنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇڭا بۇ «كىچىككىنە تەرجىمىھالىم» خاتىرىلىنىپ قالسۇن، دەپ، ئۇنى بۇ يەرگە قىستۇرۇپ قويدۇم.

قىسقىسى، مەن ياپونىدا ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى خېلى ياخشى بىلەتتىم. ئەمما، شۇ چاغدىكى شارائىتتا كېيىنكى كۈنلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغاچقا، ئاشۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىۋېلىش ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئېسىمگە كەلمەپتۇ. مەن ياپونىدىكى ۋاقتىمدا كوبېدىكى بىر ياپونلۇق پروفېسسور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ قولىدا 10 ئايدەك ئۇيغۇر تىلى ئۆگەندى. مەن ياپونىدا ئۇنىڭ ئۆيىگە پات-پات بېرىپ تۇردۇم (ئۇ مۇئەللىمنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئايالى ۋە 3 بالىسى بىر ئۆيدە تۇراتتى). ئۈرۈمچىدە بولسا ئايالىم ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە پات-پات بېرىپ، رەنا ئاپپاينىڭ ھېلىقى ياپونلۇق پروفېسسورنى كۈتۈشىگە ياردەملىشىپ بەردى.

مەن ياپونىدىن قايتىپ، ئامېرىكىغا مېڭىشتىن بۇرۇن، يەنى 1988-يىلى 5-ئايدىن 8-ئايغىچە ئۈرۈمچىدە 3 ئايدەك ۋاقىت تۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى 4 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ باكالاۋۇرلىق ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىگە يېتەكچىلىك قىلدىم. شۇ چاغدا مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە قېتىم ئايرىم مېھمان بولۇپ، مۇئەللىم بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىلىرى توغرىسىدا خېلى كۆپ پاراڭلاشتۇق. بىزنىڭ ئىدىيىمىزدە خېلى كۆپ ئوخشاشلىقلار بار بولۇپ، ھەر قېتىم بىللە بولغاندا بىزنىڭ گېپىمىز تۈگىمەي كېتەتتى. شۇ ۋاقىتتا بىر پارچە ئەدەبىي ئاخبارات يېزىش ئۈچۈن، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇخبىرى مىڭچېبى (موڭغۇل) بىلەن ئۇنىڭ ئايالى لولۇلۇ مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىزنى كۆپ قېتىم ئايرىم-ئايرىم

زىيارەت قىلىپ، بىز بىلەن سۆھبەتلەشتى. بۇ ماقالە مەن ئامېرىكىغا كەتكەندىن كېيىن پۈتۈپ، «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىندى، ھەمدە ئىنتايىن زور تەسىر قوزغىدى. ئۇ ماقالىنى ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارغا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن ئۇ ماقالىنى مەزكۇر يازمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويدۇم. شۇ ۋاقىتلار ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ياپوندىن قايتىپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىتلار بولۇپ، 1986-يىلى ياپونغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇئەللىم يەنە باشقا دۆلەتلەرگىمۇ بېرىپ كەلدىمۇ، مەن ئۇنى بىلمەيدىكەنمەن. ئىشقىلىپ مېنىڭ پەرىزىمچە مۇئەللىمنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدىكى ئىدىيىلىرى يۇقىرىدىكى «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن ماقالىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، مۇئەللىمنىڭ ياپونغا قىلغان ئىلىم زىيارىتىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى باشقا بىرەر پارچە ماقالىسىگە كىرگۈزمەسلىكىدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ مېنىڭ شەخسىي پەرىزىملا بولۇپ، بۇ ئىشنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى بىرلا ئاللاھتۇر.

مەن 2012-يىلى 12-ئايدا ئوغلۇم دىلشاتنى ساياھەت قىلدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ياپونغا باردىم. ئوغلۇم كۆرمەكچى بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى توكيو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا بولغاچقا، مەن ئارىلىقتا 2 كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ، «شىنكانسېن» دەپ ئاتىلىدىغان تېز سۈرئەتلىك پويىزدا ئولتۇرۇپ، كيوتو، ئوساكا ۋە كوبېلارغا بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنى ياپونغا تەكلىپ قىلغان، ھەمدە ماڭا خۇددى ئۆز ئوغلىدەك مۇئامىلە قىلغان كوداما مۇئەللىمنى يوقلاپ كەلدىم. بۇ مۇئەللىم ھازىر بىر ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇپ، ئاساسەن يول ماڭالمايدىكەن. ئەمما مەن ئۆيىگە بارغاندا، ناھايىتى سوغۇق ھاۋاغا ۋە ئاغرىقىغا قارىماي، ھاسىسىغا قاتتىق تايىنىپ، مېنى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۆيىگە كىرىپ، ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن بىلەن بىر-ئىككى سائەت پاراڭلاشتىم. بۇ مۇئەللىمنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئاجايىپ كۆز-قاراشلىرى بار بولۇپ، مەن بۇ قېتىممۇ سۆھبىتىمىزدىن ناھايىتى ھۇزۇرلاندىم. كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بىرلا يېرى، مەن ياپوندىن ئايرىلغىلى 26 يىلدىن ئاشقان بولغاچقا، مەن بۇ قېتىم تارىخ ھەققىدە ياپون تىلىدا بۇرۇنقىدەك سۆزلىشەلمىدىم. شۇڭا ياپونچە گەپلەرنى تاپالمىغاندا ئىنگلىزچە سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرى بولدۇم. كوداما مۇئەللىم بىلەن ئايالى ئىككىيلەن مېنى تاكسى بىلەن بىر رېستورانغا

ئاپىرىپ مېھمان قىلىپ، ئاندىن مەن بىلەن خوشلاشتى. تۆۋەندىكى 4-رەسىم شۇ قېتىم تارتىلغان.



4-رەسىم: 2012-يىلى 12-ئايدا مەن ئوغلۇمنى ساياھەت قىلدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ياپونىيىگە باردىم. شۇ سەپەر جەريانىدا مەن ئۆزۈم مەخسۇس كوبېغا بېرىپ، كوداما شىنجىرو مۇئەللىمنى يوقلاپ كەلدىم. بۇ شۇ چاغدىكى بىر كۆرۈنۈش.

مەن ئۇ كۈنى كوبېدىن كيوتوغا كېلىپ، ھازىر كانسېي گاكۇيىن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قىلىۋاتقان بىر ياپونلۇق كونا دوستۇمنىڭ ئۆيىدە بىر ئاخشام قوندۇم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەتىسى كيوتوغا يېقىن جايدىكى ياپونىنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى نارانى ساياھەت قىلىپ، كەچ تەرەپتە توكيوغا قايتىپ كەلدىم. بۇ قېتىمقى سەپەردە ياپوندەك بىر باي دۆلەتتىكى ئىككى پروفېسسورنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، مەن كۆرگەن ئىنتايىن تەسىرلىك ئەھۋاللار بار. يەنى، ھازىر پۈتۈن ياپون خەلقى دۆلىتىنىڭ توكنى ئىقتىساد قىلىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، توك ئىشلىتىشتە ئىنتايىن ئىقتىسادچىل بولۇپ كېتىپتۇ. كوداما مۇئەللىم بىر داچا ئۆيدە تۇرسىمۇ، پەقەت بىرلا ياتاق ئۆيىنى ئىسسىتىپ، ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن شۇ ئۆيدە تاماق يەيدىكەن، شۇ ئۆيدە پۈتلىرىنى يوتقان بىلەن ئوراپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور

كۆرىدىكەن، ھەمدە شۇ ئۆيىدە ئۇخلايدىكەن. يەنى، ئۇ ئىككىيلەن ئاشۇ بىر ياتاق ئۆيدىلا ياشايدىكەن. تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ساكاگۇرا مۇئەللىممۇ بىر داچا ئۆيدە تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار بولسا پۈتۈن ئۆيدە بىر ۋاقىتتا ئۇزۇنلۇقى ئىككى غېرىچ كېلىدىغان، توملۇقى باش بارماقتەك كېلىدىغان، توك ئىقتىساد قىلىدىغان چىراغدىن پەقەت بىرىنىلا توكقا ئۇلايدىكەن. ھەمدە كۆندۈزى ئاشخانا ئۆيىنى ئىسسىتىپ، ئاخشىمى ياتاق ئۆيىنى ئىسسىتىدىكەن. بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە كىرمەكچى بولسا، بىر چىراغنى ياندۇرۇپ، يەنە بىرىنى ئۆچۈرۈپ ماڭىدىكەن. مەن كېيىنچە بىر ياخشىراق پۇرسەت تېپىپ، بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن.

## 2. مۇئەللىمنىڭ سۆزى: ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان 3 نەرسە

مەن ئابدۇشۇكۈر مۇئەللىم بىلەن بىر كۈنى كەچتە پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئەرلەر ئۈچۈن مۇنداق 3 نەرسە ئەڭ مۇھىم:

(1) بىلىم
(2) پۇل
(3) بىر ياخشى خوتۇن

ئۇ چاغدا بىز قانداق تېما ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقانلىقىمىز ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەمما بۇ سۆزلەر مەن ئۈچۈن شۇ چاغدا بىر مۇھىم ھېكمەتلىك سۆزدەك تۇيۇلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۆزلەرنى ئېسىمدىن زادىلا چىقارمىدىم. ماڭا ياپونىدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ، ياپونىدىن ئايرىلغىلى 26 يىلدىن ئاشتى. ئاشۇ 26 يىللىق ھاياتىمدا مۇئەللىمنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت «بىر ياخشى خوتۇن» دېگەنىگىلا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئەگەر مەندە ئۆزۈمگە ناھايىتى يېقىندىن ماسلىشىپ بېرىدىغان، مېنى يېقىندىن قوللاپ بېرىدىغان، ناھايىتى ياخشى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان بىر خاتىرجەم ئائىلە بولمىغان بولسا، ماڭا ھازىرقىدەك دەم ئېلىش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ، ھەپتىسىگە بىر پارچە ماقالە تەييارلاش قەتئىيلا مۇمكىن بولمايتتى. مەن جاھان ئايلىنىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر ئۇكىلار ۋە ئۇلارنىڭ

ئائىلىسى بىلەن تونۇشتۇم. مېنىڭ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يېنىدا «بىر ياخشى خوتۇن» بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزى ناھايىتى قابىلىيەتلىك بولسىمۇ تېخىچە دېگەندەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغان ئەرلەردە بولسا بىر خاتىرجەم ئائىلە كەم ئىكەن. بىر ئائىلە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن، شۇ ئائىلىدىكى ئەر بىلەن ئايال چوقۇم تەڭ بەدەل تۆلىشى كېرەك. بۇ ئىشتا ئەر بىلەن ئايالنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ئوخشمايدۇ. ئەمما تۆلەيدىغان بەدەلنىڭ دەرىجىسىدە بەك چوڭ پەرق بولمايدۇ. ئەگەر چوڭ پەرق بولىدىكەن، چوقۇم تەگپۇگسىزلىق يۈز بېرىدۇ. شۇڭا مېنىڭ بارلىق سىڭىللارغا دەيدىغىنىم، ئەگەر ئېرىڭىز بىر توغرا يولنى تاللاپ قاتتىق تىرىشۋاتقان بولسا، ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن قوللاڭ، ھەمدە ئۇنىڭغا بارلىقىڭىزنى ئاتاپ ياردەم قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئېرىڭىز سىزنى بارغانسېرى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ ماڭىدۇ، ھەمدە قىلغان ياردىمىڭىزنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈنمۇ بۇرۇنقىدىن بەكرەك تىرىشىدۇ.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن غايە ھەققىدە تېما تەييارلاۋاتقاندا، توساتتىن ئېسىمگە مۇنداق بىر ئىش كېلىپ قالدى: بىز جەمئىي 6 بالا بولۇپ (مەن بالىنىڭ ئىككىنچىسى)، ئاپام ئاكام بىلەن ئىككىمىز تۇغۇلغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئىشچىلىق خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىۋەتكەن ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى يالغۇز دادامنىڭ كىرىمىگە تايىنىپ ياشىغانلىقتىن، مېنىڭ بالىلىق دەۋرىم ناھايىتى جاپالىق ۋە ئاچارچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا ئاچ قورساق يۈرۈشكە مەجبۇرى بولدۇق. يەنى ئۇ چاغدا ئاش نورمىلىق، بىزنىڭ يېزىلاردىن كېلىدىغان تۇغقانلىرىمىز كۆپ بولغاچقا، ئاشلىق نورمىمىز ئۆزىمىزگە زادىلا يېتىشمەيتتى. شۇڭلاشقا مەن ناھايىتى كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپلا قاتتىق تىرىشىدىغان، ۋە كۆپ ئويلىنىدىغان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋالغان ئىدىم. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، پۈتۈن جۇڭگو بويىچە «بىلىمنىڭ كېرىكى يوق» دېگەن بىر سەپسەتە كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىپ يۈرگەندە، مەن «بىلىم چوقۇم ئەسقاتىدۇ» دېگەن ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ يۈرگەن، ھەمدە سىنىپىمىزدىكى بالىلاردىن پۇل يىغىپ، ئۇنىڭغا شۇ چاغدا يىگىدىن چىققان ئۇيغۇرچە كىتابلىرىنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، بالىلارغا تارقىتىپ بېرىپ يۈرگەن ئىدىم. 1972 ـ 1973 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، مەن ئاقسۇ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئۆزۈم ئۈچۈن مۇنداق 3 چوڭ نىشان

تۆزدۇم:

(1) ئەڭ يۇقىرى پەللىگىچە ئوقۇش

(2) ئۆزۈمنىڭ ئىقتىسادىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش

(3) بىر بەختلىك ئائىلە قۇرۇش

ئۇ چاغدا مەن ئوقۇشتىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئەمما مەن ئۇ چاغدا بىلىمنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە پايدىلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم. مېنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىم ۋە مەن بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يازما سۆھبەتنىڭ خاتىرىسىدە بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلار بار [2]. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئويلىسام، مەن ئەينى ۋاقىتتا تۈزگەن يۇقىرىدىكى 3 نىشان ماھىيەت جەھەتتىن ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم ماڭا 1986-يىلى دېگەن «ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان 3 نەرسە» بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. يەنى، مەن ئاشۇ 3 نەرسىگە ئېرىششنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئاساسىي نىشان قىلىپ تىكلىگەن ئىكەنمەن. بۇ باغلىنىشنى بايقىغاندىن كېيىن، مەن ھەم ھەيران بولدۇم، ھەم خۇشال بولدۇم. ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم ياپوندا پاراڭلىشىش جەريانىدا ماڭا دېگەن، ھەمدە مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم سۆز بولۇپ تۇيۇلۇپ، مېنىڭ ئېسىمدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن سۆزلەر مۇشۇ بولغاچقا، مەن ئۇنى بۇ يەرگە قىستۇرۇپ قويدۇم.

ئۇ قېتىمقى پاراڭلار جەريانىدا مۇئەللىم قىزلار ئۈچۈن نېمە ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىدى. شۇڭلاشقا بۇ يەردە ئۇ توغرۇلۇق بىر نەرسە يازالمىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىڭىللار ۋە خانىملاردىن ئەپۇ سورايمەن.

مەن يېقىندا ئىمام ۋە دوكتور ياسىر قازىنىڭ ئامېرىكا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى (Muslim Students Association) نىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىنى ئاڭلىدىم [3]. بۇ قېتىمقى دوكلاتتا ياسىر قازى نۆۋەتتە ئىسلام دىنى دۇچ كەلگەن بىر قىسىم قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، دوكلاتىنىڭ ئەڭ بېشىدا ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان 3 ئاساسلىق نەرسىنى تىلغا ئېلىپ، مۇنداق دېدى: «ئاللاھ بىزنى 3 ئاساسلىق ئېھتىياج بىلەن بىللە ياراتقان. ئۇلار ماددىي (physical) ئېھتىياج، مەنىۋى (spiritual) ئېھتىياج، ۋە بىلىم (intellectual) ئېھتىياجلىرىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى 1-ئېھتىياج ماددىي ئېھتىياج بولۇپ، بىز يېمىسەك بولمايدۇ، ئىچمىسەك بولمايدۇ، ھاۋا بىلەن نەپەس ئالمىساق بولمايدۇ. ئەگەر

بىزدە بۇ نەرسىلەر بولمايدىكەن، بىز ئۆلمىز. ئىككىنچىسى، بىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىمىزمۇ بار. بۇ مەنىۋى ئېھتىياجىمىزمۇ قانائەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك. ئەگەر ئۇ قانائەتلەندۈرەلمەيدىكەن، نېمە بولىدۇ؟ ئەگەر ئۇ قانائەتلەندۈرەلمەيدىكەن، نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئەڭ مۇھىمى، چۈشكۈنلىشىش كېلىپ چىقىدۇ. ئىككىنچىسى ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكى كېلىپ چىقىدۇ. سىز ھاياتىڭىزنىڭ ناھايىتى قۇرۇق ئىكەنلىكىنى، پەقەت كۈن ئۆتكۈزۈپ ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى، ھاياتىڭىزدا بىر يۇقىرى نىشاننىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىسىز. شۇڭلاشقا ئەگەر سىزدە بىر يۇقىرى نىشان بولمايدىكەن، سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر نىشاننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرىدىكى نىشان قىلىپ تىكلەيسىز. كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئاتايدىغان بىر يۇقىرى نىشانغا ئېھتىياجلىق بولىدىغان بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەنە شۇنداق ياراتقان. ئىنسانلارنىڭ 3-ئېھتىياجى بولسا بىلىم جەھەتتىكى ياكى ئەقلىي ئېھتىياجدىن ئىبارەت. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەقلىنى، ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ھەۋىسىنى قانائەتلەندۈرۈشكىمۇ ئېھتىياجلىق بولىسىز. ئىسلام سىزگە مۇشۇ 3 جەھەتتىكى ئېھتىياجلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭ قاندۇرۇش ئۈچۈن قانداق ياشىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ.»

يۇقىرىدا ياسىر قازى تىلغا ئالغان ئىسلام چۈشەنچىسىدىكى ئىنسانلارنىڭ 3 چوڭ ئېھتىياجىنىڭ ئىككىسى ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم «ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم» دەپ قارىغان 3 نەرسىنىڭ ئىككىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

مەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىن باشلاپ مۇھەببەتنىڭ دەردىنى خېلى ئوبدان تارتتىم. شۇنىڭ بىلەن «ئادەمنى ساراڭ قىلىپ قويىدىغان بۇ مۇھەببەت دېگەن نەرسە زادى نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈستىدە يېزىدا قايتا تەربىيە ئالغان ۋاقتىمدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپنىڭ 2- ياكى 3-يىللىقلىرىغا چىققۇچە ئىزدەندىم. نەتىجىدە مۇنداق نەرسىنى، يەنى «تۇرمۇشنىڭ جۇڭگوچە ئېنىقلىمىسى» نى بىلىۋالدىم: كىشىلىك تۇرمۇش 3 قىسمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار ماددىي تۇرمۇش، مەنىۋى تۇرمۇش، ۋە ئىجادىيەت تۇرمۇشى (يەنى خىزمەت). مۇھەببەت مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا ھېچ قانداق بىر نەرسە بىلەن تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنى باشقا بىر نەرسە بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ. مەن ئەسلىدە مۇھەببەتنى باشقا بىر نەرسە بىلەن ئالماشتۇرغىلى

بولسا، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا مەجبۇرى بولغان ۋاقتىم بىلەن زېھنىمنى ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىشى ۋە خىزمىتىگە سەرپ قىلىشنى ئويلىغان ئىدىم. ئىزدىنىشىم نەتىجىسىدە ئۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم (ئېھتىمال بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ مۇمكىنىدۇر، لېكىن ماڭا ئۇنداق بولمىدى).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىنسانلار يارىتىلغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇلغان ئاساسلىق ئېھتىياجلار بىلەن ئىنسانلار، جۈملىدىن ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسىلەر ھەققىدە خېلى تولۇق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇش مۇمكىن.

مەن ئۆزۈمنىڭ «بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق ــ بەدرى ئۇرۇشىدىن ئويلىغانلىرىم» دېگەن ماقالىسىدە، ئۆزۈم ھېس قىلغان، ئاللاھ بۇيرۇغان ياردەمنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان بىر قەۋم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر «قانۇنىيەت» نى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، ئۇ قانۇنىيەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ئەگەر بىر قەۋم ئاللاھ بۇيرۇغان ياردەمگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم تاشتەك ئۇيۇشۇپ، توغرا ئىشلارنى تاللاپ، جاننى تىكىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، قاتتىق تىرىششى كېرەك. ھازىرقى زامانغا ماس كېلىدىغان «توغرا ئىشلار» ئۈچۈن مەن ئامېرىكا مائارىپىدا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق، ۋە ماتېماتىكا پروگراممىسى» نى تەۋسىيە قىلدىم. مەن يەكۈنلەپ چىققان خۇلاسە شۇ بولدىكى، ئەگەر بىر قەۋم يۇقىرىدىكى قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىدىكەن، ئۇ قەۋمنىڭ دىنچى بولۇش-بولماسلىقى، ئەگەر دىنچى بولسا قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ ئۆزى خالىغان ياردەمنى ئاشۇ قەۋمگە يەتكۈزىدۇ. بۇ قانۇنىيەت ھەر بىر ئىندىۋىدۇئالغا ياكى ھەر بىر شەخسكىمۇ ماس كېلىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ «مىكرو-باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى» [1] دېگەن ماقالىسىدە ئۆز ھاياتىمدا يۈز بەرگەن، يۇقىرىدىكى قانۇنىيەتكە ئىسپات بولالايدىغان ئىشلاردىن بىرىنى تەسۋىرلىدىم. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىم ئاشۇنداق ئىشلار بىلەن تولغان بولۇپ، مەن ھازىرغىچە ماڭغان ئەگرى يول تۈز يولدىن خېلىلا كۆپ.

يالغۇز قەۋم دائىرىسىدىلا ئەمەس، شەخسلەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالىشى، ۋە چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلالىشىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم تەبىئىي قانۇنىيەتلەرمۇ بار. ئۇنداق قانۇنىيەتلەرنى

كىشىلەر 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە يەكۈنلەپ چىققان. مەن ھازىرغىچە بۇ جەھەتتە ئىسلام دىنىدا بار بولغان ئىدىيىلەرنى تېخى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئەمما پەننىي جەھەتتىكى بىر قىسىم نەزەرىيىلەر «ناپولېيون خىلىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكى ئۆزگە تارتىشىنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن داڭلىق ئىنگلىزچە كىتابتا بايان قىلىنغان بولۇپ، مەن ئاشۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئىخچاملاپ، ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن تېمىدا بىر ئۇزۇن ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئۇنى 2011-يىلى 15-يانۋار كۈنى تورلارغا چىقىرىپ بولدۇم. بىراق، بۇ ماقالىنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى يۇقىرى، ۋە سەل ئابستراكت بولۇشىدەك بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ ماقالە ئوقۇرمەنلەرنى دېگەندەك ياخشى جەلپ قىلالمىدى. مەن تۆۋەندە ئاشۇ ماقالىنىڭ ئىككى كىچىك قىسمىنى بايان قىلىمەن. مېنىڭ ئوقۇرمەنلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، سىز يۇقىرىدىكى 3-رەسىمدىكى ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ساياھەت جەريانىدا قولىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن خاتىرە دەپتەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ۋە مۇئەللىمنىڭ مەن يۇقىرىدا بايان قىلغان ئادىتىنى ئەسلەپ تۇرۇپ، تۆۋەندىكى مەزمۇننى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىڭ. ئېھتىمال بۇ قېتىم ئۇ مەزمۇندىن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالىشىڭىز مۇمكىن.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى بىر ماقالىسىدە ياپونلار، گېرمانلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئانچە كۆلمەيدىغانلىقىنى، ئانچە ئوينىمايدىغانلىقىنى، ۋە كۆپ ئويلايدىغانلىقىنى تىلغا ئالدىم. ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمدىمۇ ئەنە شۇنداق خاراكتېرلەر بار ئىدى. بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر ئېھتىمال ئاشۇ خاراكتېر يۇقىرىدىكى 3 پارچە رەسىمدىمۇ نامايان بولۇپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنى تەنقىد، ھۇجۇم ۋە ھاقارەتلەرگە دۇچار قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرى، ئۇنىڭ سورۇنلارغا، يەنى توي-نەزىر قاتارلىق يىغىلىشلارغا ئانچە قاتنىشىپ كەتمەسلىكى ئىدى. ئادەم بىر ئالىيجاناب مەقسەت ئۈچۈن ياشىغاندا، ۋاقىتتىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئوبدان پايدىلىنىش ئۈچۈن، ھۇزۇرلىنىش ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا ياتىدىغان نۇرغۇن ئىشلاردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرى بولىدۇ. ئېھتىمال ئەينى ۋاقىتتا مۇئەللىمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ئۆزگە ناھايىتى ئايدىڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ قېلىپ قالغان چەكلىك ۋاقتىدا

مىللەت ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلاپ، سوروۇنلارغا بارمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بەزىلەر مۇئەللىمنى توغرا چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇپ بېقىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئازابلارنى پەيدا قىلىپ بەردى. بۈرۈنقى نۇرغۇن ۋاقىتلاردا مىللەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشتا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەيىبلەنگۈچىلەر ئۆزىنىڭ بىرەر ئىشتىكى كەمتۈكلۈكى ياكى خاتالىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن بولماستىن، بەلكى باشقا بىر قىسىم «زىيالىي» ئاتالغان كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى، كۆرەلمەسلىكى، ۋە ئابرۇي بىلەن ئورۇن تالىشىشى تۈپەيلىدىن ئاشۇنداق ئەيىبلىنىشكە، ئېغىر دەرىجىدىكى ئازابلىنىشقا، ۋە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم قىممەتلىك ۋاقتىنى تاشقى ھۇجۇملارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا مەجبۇرى بولغان ئىدى. بىزنىڭ ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمدىن بەك بالدۇرلا ئايرىلىپ قېلىشىمىزغا سەۋەبچى بولغان ئىشلارنىڭ بىرىمۇ مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. خۇددى نۇرغۇنلىرىمىز كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك، ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم دۇچ كەلگەن، ئەينى ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بىر قىسىم يامان ئىشلار ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ھازىرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە داۋاملىشىۋاتىدۇ. بەزىلەر ھازىرمۇ مۇئەللىم دۇچ كەلگەن، مىللەت ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىش يولىدا ھۇجۇمغا ۋە ھاقارەتلەشلەرگە ئۇچراشتەك تەقدىرلەرگە ئۇچراپ قېلىۋاتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمدە نام-ئابرۇي ۋە پۇل-دۇنيا يېتەرلىك بار ئىدى. ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ نام-ئابرۇيغا ۋە پۇل-دۇنياغا ئېھتىياجى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر ياخشى شارائىتقا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىنمۇ توختاۋسىز ھالدا ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاتلىق بىلمەي قاتتىق تىرىشىشى پەقەت مىللەت ئۈچۈنلا ئىدى. ئەمما بىر قىسىم نادانلار ئۇنى چۈشەنمىدى. مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، زىيالىي قېرىنداشلاردىن بەزىلىرى ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا دۇچ كەلگەن ناچار مۇئامىلىلەر ھەققىدە بۇرۇن ناھايىتى تەپسىلىي ۋە ناھايىتى سۈپەتلىك ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە ئاشۇنداق ئەھۋاللار ئۈستىدە بۇنىڭدىن كۆپ توختالمايمەن.

تۆۋەندە بايان قىلىدىغىنىم مېنىڭ «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن ماقالەمدىكى ئىككى بۆلۈمدىن ئىبارەت [4].

### 3. ئىستەك ياكى ئىنتايىن ئېنىق ئاساسي نىشان

(بۇ قىسمىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار قىسقارتىلدى.)

خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى سىز ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلاپ چىققان ئىنتايىن ئېنىق ئىدىيە بولۇشتىن ئىبارەت. بۇنى ناپولىيون ئۆزىنىڭ 1-كىتابىدا «ئىنتايىن ئېنىق ئاساسىي نىشان» (ئىنگلىزچە «definite chief aim»)، دەپ ئاتاپ، ئىككىنچى كىتابىدا بولسا «ئىستەك» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ناپولىيوننىڭ «مۇۋەپپەقىيەت قانۇنىيىتى» دېگەن كىتابىدىكى 1-پرىنسىپ مانا مۇشۇ ئۇقۇمدىن ئىبارەت بولغان. «ئىستەك» دېگەن سۆز ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن ئىنگلىزچە سۆز «desire» بولۇپ، يۇلغۇن لۇغىتىدە بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئارزۇ، ئۈمىد، ئىستەك، تىلەك» دەپ ئېلىنغان. لېكىن، ئىنگلىزچىدا «ئارزۇ» ئۈچۈن «wish»، «ئۈمىد» ئۈچۈن «hope» ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ناپولىيوننىڭ كىتابىدىكى «desire» دېگەن سۆز پەقەت «ئىستەك» دېگەن مەنىدىلا ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆزنىڭ ئۆزىگە تارتىش قانۇنىيىتىدە ئوينايدىغان رولى بەك مۇھىم بولغاچقا، مەن بۇ يەردە ئازراق ئالاھىدە ئەسكەرتىش بېرىپ قويدۇم.

سىز مەيلى بىر چوڭ نەرسىنى ئارزۇ قىلىڭ، ياكى بىر كىچىك نەرسىنى ئارزۇ قىلىڭ، ئۇنىڭ چوقۇم بىر ئاساسىي مەقسىتى بار بولۇپ، بۇ مەقسەت سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە ئىنتايىن ئېنىق ۋە كونكرېت بولۇشى كېرەك. سىزنىڭ ئىستىكىڭىز ياكى ئىنتايىن ئېنىق ئاساسىي نىشانىڭىز بىر كونكرېت نىشان بولۇشى، بىر چوڭراق ئوبيېكتىپ بولۇشى، ياكى سىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر پەلسەپىۋىلىك ھېكمەتلىك سۆز بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر سىز ئۇنى بىر خىيالدىن رېئاللىققا ئايلاندۇرماقچى بولىدىكەنسىز، ئۇنىڭ نامايەندىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چوقۇم ئىنتايىن ئېنىق بىلىشىڭىز كېرەك.

پسىخولوگىيىلىك پرىنسىپلار مۇنداق دەيدۇ:

بىرىنچى، ئىنسان بەدىنىنىڭ ھەر بىر ئىختىيارى ھەرىكىتىنى ئىنساننىڭ خىيالى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كونترول قىلىدۇ، ۋە يېتەكلەيدۇ. بۇنداق جەريان كۆڭۈلنىڭ رولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

ئىككىنچى، سىزنىڭ ئېڭىڭىزدا مەلۇم بىر خىيال ياكى ئىدىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىر خىل ھېسسىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، سىزنى ئاشۇ ھېسسىياتنى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بەدەن

ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشقا قىستايدۇ. بۇ ھەرىكەت سىزنىڭ خىيالىڭىزغا تەلتۆكۈس ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ.

بۇ پرىنسىپنى باشقىچىرەك بايان قىلساق، سىز بىر ناھايىتى ئېنىق مەقسەتنى تاللاپ، ئاشۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قەتئىي ئىرادە باغلىسىڭىز، ئاشۇ تاللاشنى قىلغان پەيتتىن باشلاپلا، بۇ مەقسەت سىزنىڭ ئېڭىڭىزدىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان خىيالغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئاشۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەقىقىي ئەھۋاللارغا، ئۇچۇرلارغا، ۋە بىلىملەرگە سەزگۈر بولۇپ تۇرىسىز. سىز كۆڭلىڭىزگە بىر ئىنتايىن ئېنىق مەقسەتنى ئورناتقان پەيتتىن باشلاپلا، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا ئاشۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارنى يىغىدۇ، ۋە ئۇلارنى ئۆزىدە ساقلايدۇ.

ئىستەك سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ ئېنىق مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئامىلدۇر. سىزنىڭ ئاساسىي ئىستىكىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى باشقا ھېچ كىم بەلگىلەپ بەرمەيدۇ. ئۇنى سىز ئۆزىڭىز تاللىغان ھامان، ئۇ سىزنىڭ ئىنتايىن ئېنىق ئاساسىي نىشانىڭىزغا ئايلىنىپ، ئۇ بىر رېئاللىققا ئايلىنىپ بولغۇچە سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرىدۇ. باشقا بىر زىددىيەتلىك ئىستەك كۆڭلىڭىزگە كىرمىگۈچە، ئەسلىدىكى ئىستەك ئۆز ئورنىنى بوشاتمايدۇ.

ئەگەر سىز ئۆز ھاياتىڭىز ئۈچۈن بىر ئىنتايىن ئېنىق ئاساسىي نىشاننى تاللىمايدىكەنسىز، سىز ئۆز ئېنېرگىيىڭىز بىلەن ئۆز تەپەككۇرىڭىزنى ئىنتايىن كۆپ ئىشلارغا ۋە ھەر خىل يۆنىلىشلەرگە چېچىۋېتىپ، كۈچىڭىزنى بىر يەرگە يىغالمايسىز، ھەمدە قارارسىز ۋە ئاجىز ھالەتتە ياشايسىز. بۇ خۇددى بىر چوڭايتقۇچى ئەينەك ياكى لېنزىغا ئوخشاش. سىز كۈن نۇرىنى ئاشۇنداق بىر ئەينەك بىلەن بىر نۇقتىغا ئىنتايىن كۈچلۈك ھالدا يىغىش ئارقىلىق، بىر پەننى (ياكى ياغاچ تاختاينى) كۆيدۈرۈپ، ئۇنى تېشىۋېتەلەيسىز. ئىنتايىن ئېنىق مەقسەتنىڭ رولى ئەنە شۇ چوڭايتقۇچى ئەينەكنىڭكى بىلەن ئوخشاش. ئەگەر سىز ئۇ ئەينەكنى ئېلىۋېتىپ، ئوخشاش مىقداردىكى كۈن نۇرىنى ھېلىقى پەنگە بىرەر مىليون يىل چۈشۈرسىڭىزمۇ، ئۇنى ھەرگىز كۆيدۈرەلمەيسىز.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىستىكىنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن تاللىشىڭىز، ھەمدە ئۇنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىپ، ھەر كۈنى كەم دېگەندە بىر قېتىم كۆرۈپ تۇرالايدىغان بىر جايغا چاپلاپ

قويۇشىڭىز كېرەك. بۇنداق قىلىشنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئاساسى بار. يەنى، مۇشۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، بۇ مەقسەتنى ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا ئىنتايىن قاتتىق ئورنىتىپ، ئۇنى يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا بىر ئادەت ياكى بىر لايىھە سۈپىتىدە قوبۇل قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ھاياتىڭىزدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىڭىزگە ئاشۇ مەقسەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، سىزنى ئاشۇ مەقسەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇلغان نەرسىگە قەدەممۇ ـ قەدەم يېتەكلەيدىغان بىر ئەھۋالنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

سىزنىڭ ئۆز ئىستىكىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا ئىنتايىن قاتتىق ئورنىتالىشىڭىزنىڭ پسىخولوگىيىلىك پرىنسىپى «ئاپتوماتىك تەكلىپ» تىن ئىبارەت. ئۇ سىز ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە قايتا ـ قايتا بېرىدىغان تەكلىپتۇر. ئاپتوماتىك تەكلىپ پرىنسىپىنى ئىلىم ـ پەن تولۇق ئىسپاتلىغان بولۇپ، شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ئىنتايىن چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن بىر ئىستەك سىزنىڭ پۈتۈن بەدىنىڭىز بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىزنى ئۆزى بىلەن تويۇندۇرۇپ، كۆڭلىڭىزنى بىر ئىنتايىن كۈچلۈك ماگنىتقا ئايلاندۇرىدۇ. سىزنىڭ ئىستەيدىغىنىڭىز بىر ئەمەلىيەتكە ئۈيغۇن نەرسىلا بولىدىكەن، ماگنىتقا ئوخشاپ قالغان كۆڭلىڭىز سىز ئىستىگەن نەرسىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ كېلىدۇ. توماس ئېدىسون مانا شۇ پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىنتايىن تۆۋەن ئورنىدىن ئامېرىكا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن تارىختىكى ئەڭ داڭلىق كەشپىياتچى بولۇش ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن. بارنېسمۇ ئاشۇ پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ، بىر سەرگەردانىدىن بىر چوڭ بايغا ئايلانغان. ئابراھام لىنكولنمۇ ئاشۇ پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ، بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسىدىن ئامېرىكىنىڭ ئەڭ داڭلىق پرېزىدېنتلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلانغان.

ئىلاۋە: مېنىڭ ھازىرغىچە بولغان پۈتۈن ھاياتىمدا ئاساسىي رول ئوينىغان نەرسىمۇ دەل ئاشۇ ئاپتوماتىك تەكلىپ پرىنسىپىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدىكى ئاپتوماتىك تەكلىپ پرىنسىپىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، سىزگە مۇنداق بىر مىسال كۆرسىتەي. ئەگەر سىزنىڭ ئىستەيدىغىنىڭىز بىر يېڭى ئاپتوموبىل بولسا، سىزنىڭ ئاشۇنداق بىر ئىستىكىڭىزنىڭ بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇ ماشىنا سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالمايدۇ. ئەمما سىزنىڭ ئاشۇ ماشىنىغا بىر كۈيۈپ تۇرغان ئىستىكىڭىز بار بولىدىكەن، بۇ ئىستەك سىزنى ئاشۇ ماشىنىنى ئېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلغا ئېرىشىش يولىدا قوللىنىدىغان توغرا ھەرىكەتلەرگە يېتەكلەيدۇ.

## 4. قىزغىنلىق، ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش، ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش
(بۇ قىسىمدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار قىسقارتىلدى)

**(1) قىزغىنلىق**

قىزغىنلىق بىر خىل كەم بولسا بولمايدىغان كۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى باشقا ھېچ قانداق نەرسىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر سىزنىڭ بىر ئىنتايىن ئېنىق ئاساسىي نىشانىڭىز بار بولىدىكەن، سىزنىڭ ھازىر ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تەييارلىنىپ بولغان-بولمىغانلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىز ئاشۇ ئاساسىي نىشانىڭىزغا نىسبەتەن چوڭقۇر قىزغىنلىق يېتىلدۈرەلەيسىز. سىز ئۆز نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ناھايىتى يىراق بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما سىز قەلبىڭىزدە قىزغىنلىق ئوتىنى تۇتاشتۇرسىڭىز، ھەمدە ئۇنى توختىتىپ قويماي كۆيدۈرۈپ تۇرسىڭىز، ھازىر سىزنىڭ يولىڭىزنى توسۇپ تۇرغان بارلىق توسالغۇلار خۇددى بىر سېھرى كۈچنىڭ تەسىرىدىن بولغاندەكلا غايىب بولۇپ، ئۆزىڭىز بۇرۇن ھېس قىلىپ باقمىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىسىز.

قىزغىنلىقنىڭ قوزغىتىشى بىلەن قەلبىڭىز بىر يۇقىرى تەكرارلىقتا تىترىگەندە، بۇ تىترەشنى سىزنىڭ چۆرىڭىزدىكى بەلگىلىك بىر رادىئۇس ئىچىدە تۇرغان كىشىلەر، بولۇپمۇ سىزگە يېقىن تۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى قوبۇل قىلىدۇ. سىز بىر ئادەم توپىغا سۆزلىسىڭىز، سىزنىڭ قىزغىنلىقىڭىز تىڭشىغۇچىلارنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىمۇ سۆزلىگۈچىنىڭ قەلبىگە ماسلاشقان ھالدا تىترەيدۇ. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم بىلەن سودىلاشقاندا، بەزىدە بىر سودىدا كېلىشىشنىڭ «پىسخولوگىيىلىك پەيتى» يېتىپ كەلدى، دېگەننى ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ چاغدا ساتقۇچىنىڭ قىزغىنلىقى ئالغۇچىنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئالغۇچىنىڭ قەلبىنى ساتقۇچىنىڭكىگە مايىل كەلتۈرىدۇ.

ئاپتوماتىك تەكلىپ پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، ھەمدە ئىنتايىن ئېنىق ئاساسىي نىشانىنىڭ ياردىمى بىلەن، كۆڭلىڭىزگە چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇسىنى ئورنىتىپ باقىدىغان بولسىڭىز، سىزنىڭ بۇرۇنقى كەچۈرمىش-تەسىراتلىرىڭىزغا دەرھاللا جان كىرىپ، سىز ئۈچۈن خىزمەت

قىلىشقا باشلايدۇ. ئەگەر سىز قەلبىڭىزگە بىر ئارزۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئورناتماقچى بولسىڭىز، ئۇنى چوقۇم مەردلەرچە قىزغىنلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈڭ. چۈنكى، قىزغىنلىق ئارزۇنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆسۈشىگە ۋە ئۇنىڭ مەڭگۈ هايات كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئوغۇتتۇر.

### (4) ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش

بۇ سۆزنى ناپولېيون ئىنگلىزچە «self_control» دەپ ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇتتۇر مەنىسى «ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىش» دىن ئىبارەت. لېكىن، مەن ناپولېيوننىڭ كىتابىدىكى مەزمۇنغا ئاساسلىنىپ، بۇ سۆزنى «ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش» ، دەپ ئېلىشنى بەكرەك مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئىنسانلارغا ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئاتا قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىقتىدار باشقا هېچ قانداق جانلىقلارغا ئاتا قىلىنمىغان. يەنى، ئىنسانلارغا هازىرغىچە بايقالغان، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە رەتلەنگەن ئېنېرگىيە—تەپەككۇر ئېنېرگىيىسىنى ئىشلىتىش ئىقتىدارى ئاتا قىلىنغان. شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، تەپەككۇر مۇشۇ ماتېرىيال ۋە فىزىكىلىق نەرسىلەر دۇنياسى بىلەن ئىلاهىي (divinity) دۇنيانى ئۆز-ئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەڭ يېقىن باغلىنىشتۇر.

سىز ئويلاش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن نەچچە مىڭ هەسسە مۇهىم بولغان ئۆزىڭىزنىڭ خىيال-تەپەككۇرىنى ئۆزىڭىز كونترول قىلىش، ۋە ئۇلارنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قابىلىيىتىگىمۇ ئىگە. بۇ ئۇقۇم ئىنتايىن مۇهىم بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنى مۇۋاپىق سەۋىيىدە تۇرۇپ چۈشەندۈرەلەيدىغان كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. سىزنىڭ مېڭىڭىز بىر دىنام ياكى گېنېراتورغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ «تەپەككۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سىرلىق ئېنېرگىيىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، هەمدە ئۇنى ئىشقا سالىدۇ. سىزنىڭ مېڭىڭىزنى ئىشقا سالىدىغان قوزغاتقۇچىدىن مۇنداق ئىككىسى بار. ئۇنىڭ بىرى ئاپتوماتىك تەكلىپ، يەنە بىرى بولسا تەكلىپ. سىز بىر تەپەككۇرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ماتېرىيالنى ئۆزىڭىز تاللىسىڭىز بولۇۋېرىدىغان بولۇپ، بۇ «ئاپتوماتىك تەكلىپ» ياكى «ئۆز-ئۆزىگە بېرىلگەن تەكلىپ» دەپ ئاتىلىدۇ. سىز ئۆزىڭىز بىر تەپەككۇرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كېتىدىغان ماتېرىيالنى باشقىلارنىڭ تاللاپ بېرىشىگە

تاپشۇرسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدىغان بولۇپ، بۇ «تەكلىپ» ، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەمنى ئۇيياتلاندۇرىدىغان بىر ئەمەلىيەت شۇكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەپەككۇرلار باشقىلار تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدىغان تېخىمۇ بەكرەك نومۇسلۇق ئىش شۇكى، كۆپىنچىلىرىمىز ئاشۇنداق باشقىلار تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن تەپەككۇرلارنى ھېچ قانداق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزمەي، ياكى ئۇلارنىڭ توغرا-خاتالىقى ھەققىدە ھېچ قانداق گۇمانلانمايلا ئەينەن قوبۇل قىلىمىز. بىز كۈنلۈك گېزىتنى ئۇنىڭدا سۆزلەنگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتەكلا ئوقۇيمىز. باشقىلارنىڭ غەيۋەتلىرىگە ۋە قۇرۇق گەپدانلىقىغا خۇددى ھەقىقەتكە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمىز. تەپەككۇر بىز مۇتلەق ھالدا كونترول قىلالايدىغان بىردىن-بىر نەرسە تۇرۇقلۇقمۇ، بىز باشقىلارنىڭ ئۆز كۆڭۈل سارىيىمىزغا كىرىپ، «تەكلىپ بېرىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇ يەرگە ئۆزلىرىنىڭ چاتاقلىرىنى، قىيىن ئەھۋاللىرىنى، كېلىشمەسلىكلىرىنى، ۋە يالغان سۆزلىرىنى ئەكىرىپ قويۇشىغا يول قويۇپ، خۇددى بىزنىڭ ئىشكنى تاقاپ ئۇلارنى كىرگۈزمەسلىك قابىلىيىتىمىز يوقتەك بىر ئىشنى قىلىمىز.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلىدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدىغان تەپەككۇرنى تەشكىل قىلىدىغان ماتېرىيالنى ئۆزىڭىز تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئەگەر ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئاشۇ تەپەككۇر ئىجابىي تەپەككۇر بولىدىكەن، ئۇ سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر ئۇ سەلبىي تەپەككۇر بولىدىكەن، ئۇ سىزنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش دېگىنىمىز ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى باشقۇرۇش، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بۇ جۈملىنى ئۇنۇلۇپ ئاۋازدا قايتا-قايتا ئوقۇڭ. چۈنكى، بۇ بىر جۈملە سۆز ماقالىنىڭ مەزكۇر بۆلۈمىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇن.

ئاپتوماتىك تەكلىپ پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، قەلبىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ ئىنتايىن ئېنىق ئاساسىي نىشانىغا ماس كېلىدىغان ئىجابىي، ئاكتىپ ۋە پايدىلىق تەپەككۇرلارنى تۇرغۇزۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئاشۇ تەپەككۇرلارنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى سىزگە بىر پۈتكەن مەھسۇلات تەرىقىسىدە ئەكېلىپ بېرىدۇ. مانا بۇ تەپەككۇرنى باشقۇرۇشتۇر. سىز كۆڭلىڭىزدىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان تەپەككۇرنى مەقسەتلىك ھالدا تاللاپ، تاشقى تەكلىپلەرنى قەتئىي رەت قىلسىڭىز، ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىش ئۇسۇلىدىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلانغان

بولىسىز. ئىنسانلار مانا مۇشۇنداق قىلالايدىغان بىردىن-بىر جانلىقلاردۇر.

**(5) قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش**

سىز ھەر ۋاقىت ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاشقا تېگىشلىك يەنە بىر سۆز «قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت. ھەر بىر نەتىجە بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. ھېچنېمە بەرمەي، پەقەتلا ئېلىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىرەر ئىشنى ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق بىر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش خۇددى تەبىئەت بىلەن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ۋە ئەڭ ئالىيجاناب شەكىلدە سودىلاشقان بىلەن ئوخشاش. تەبىئەتنى گوللىغىلى ۋە ئالدىغىلى بولمايدۇ. سىز پەقەت تەبىئەتكە تېگىشلىك بەدەل تۆلىگەندىلا، ئۇ ئاندىن سىزگە ئۆزىڭىز ئىستىگەن نەرسىنى بېرىدۇ. بۇ يەردىكى بەدەل توختاۋسىز، ئېگىلمەس، ۋە قەتئىي رەۋىشتە داۋاملاشتۇرۇلغان تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت.

قىلىۋاتقان ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ 4 ئاددىي قەدەم-باسقۇچلىرى بار. ئۇلار سىزدىن ناھايىتى كۆپ ئەقىل ۋە ئالاھىدە ئۇنۋان تەلەپ قىلمايدىغان بولۇپ، سىزدىن پەقەت ئازراق ۋاقىت بىلەن ئازراق تىرىشچانلىقلا تەلەپ قىلىدۇ. بۇ قەدەم-باسقۇچلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) بىر ئىنتايىن ئېنىق مەقسەت بىلەن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى بىر كۆيۈپ تۇرغان ئىستەككە ئىگە بولۇش.

2) توختاۋسىز قوللىنىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر ئىنتايىن ئېنىق پىلانى بار بولۇش.

3) تۇغقانلارنىڭ، دوستلارنىڭ ۋە تونۇشلارنىڭ سەلبىي تەكلىپلىرىنى، ۋە باشقا بارلىق سەلبىي ۋە سوغۇق سۇ چېچىش خاراكتېرىدىكى تەسىرلەرنى پۈتۈنلەي چەكلەيدىغان ئىرادىگە ئىگە بولۇش.

4) ئۆز پىلانىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئۆزىگە داۋاملىق مەدەت بېرىپ تۇرىدىغان بىر ياكى بىر قانچە ھەمكارلاشقۇچىلىرى (ياكى ياخشى دوستلىرى) بار بولۇش.

بىر ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالايدىغان كىشىلەردە ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان بىرەر سىرلىق قابىلىيەت بار بولامدۇ؟ بىر ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالايدىغان كىشىلىك سۈپەت سىزنىڭ قەلبىڭىزدە مەلۇم

شەكىلدىكى روھىي، مەنىۋى، ياكى خىمىيىلىك ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق سىزگە بەزى تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچلەرنى ئاتا قىلامدۇ؟ ناپولىيوننىڭ خېنري فورد بىلەن توماس ئېدىسون ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئانالىزىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان نەرسە، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئادىتىدىنلا ئىبارەت. ئەگەر سىز پەيغەمبەرلەر، پەيلاسوپلار ۋە دىنىي لىدېرلار ئۈستىدە ئادىل تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بولسىڭىز، ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرى ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، تىرىشچانلىقنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش، ۋە ئىنتايىن ئېنىق مەقسەتكە ئىگە بولۇش ئالاھىدىلىكلىرى ئىكەن، دېگەن مۇقەررەر خۇلاسىگە كېلىسىز.

## 5. ئاخىرقى سۆز

مەن قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان بەدرى ئۇرۇشى بىلەن ئوھۇد ئۇرۇشىدىكى ئەھۋاللارغا، ھەمدە ياپونلار، گېرمانلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىر قەۋم ئاللاھ ئاتا قىلغان ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. رەھمەتلىك ئۇستازىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇئەللىمنىڭ ھاياتىدىكى بەزى ئىشلارنى تەسۋىرلەپ، ئۆز ھاياتىنى قەدىرلەيدىغان، ئۆز ھاياتىنى ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن تەقدىم قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقى، ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنىكى تۈپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن قايسى شەكىلدە تىرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. بۇ يەردىكى 2ـمەزمۇنغا مەن «ناپولىيون خىلىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكى ئۆزىگە تارتىشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن ئىنگلىزچە كىتابتىكى بىر قىسىم بايانلارنىمۇ قوشۇپ قويدۇم. ئوقۇرمەنلەر قىزىقىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ ياپونغا قىلغان ئىلىم زىيارىتىدىن كېيىنكى تەسىراتلىرى بولۇپ، مەن بۇ جەھەتتە ئوقۇرمەنلەرنى ھېچ قانداق يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىيەلمىدىم. سەۋەبى، ئۇ ئۇچۇرلار مەندە يوق. مېنىڭ پەرىزىمچە، مۇئەللىمنىڭ 1985ـ يىللىرى چەت ئەللەرگە قىلغان زىيارەتلىرىدىن كېيىنكى

تەسراتلىرى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مەسىلىلىرىگە بولغان كۆز-قاراشلىرى مىڭچېبى بىلەن لولۇلۇ 1988-يىلى تەييارلاپ ئېلان قىلغان «ئۇيلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن ماقالىدا بايان قىلىنغان. مەن بۇ ماقالىنى تېخى ئوقۇپ باقمىغان بارلىق قېرىنداشلارغا ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن مەن ئۇ ماقالىنى مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاخىرىسىغا قوشۇپ قويدۇم.

مەن بۇ ماقالىنى ئىمام ۋە دوكتور ياسىر قازى بۇ يىل 5-ئايدا ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر خۇتبىدە قىلغان نۇتقىدىكى بىر قانچە جۈملە سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن [5]: «قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇڭ، ۋە چىداملىق بولۇڭ. شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز ئۆزىڭىز كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۆرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەمما ئاللاھ سىز كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ دىنىمىزدا ئاللاھ سىزنى ئۆزىڭىز قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىلەر ئاساسىدا باھالىمايدۇ، بەلكى ئاللاھ سىزنى سىز ئۆز ھاياتىڭىزدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلار ئاساسىدا باھالايدۇ. بۇ جەھەتتە ئاللاھ باشقا ھېچ قانداق نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. ئوقۇتقۇچىڭىز سىزنى ئىمتىھاندا ئالغان نومۇرغا، ۋە قولغا كەلتۈرگەن باشقا نەتىجىلەرگە ئاساسەن باھالايدۇ. ئەمما ئاللاھ ئۈچۈن سىز قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىڭ سىزنىڭ قانداق باھالىنىشىڭىز بىلەن ھېچ بىر مۇناسىۋىتى يوق. ئۇ سىزنى پەقەتلا سىز كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلارغا ئاساسەن باھالايدۇ.»

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] تۆۋەندىكى ئادرېسنىڭ 23-قەۋىتىدىكى ئىنكاس:

http://bbs.misranim.com/thread-131055-3-1.html

[2] مېنىڭ بۇرۇنقى سەرگۈزەشتىلىرىم بىر پارچە قىسقا «تەرجىمىھال» بىلەن ئىككى قىسىملىق «بىلىۋال تور بېتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يازما سۆھبەت» تە تەسۋىرلەنگەن. ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن تاپالايسىز: http://www.menzil.biz گە كىرىپ، «ئېلكىتاب ئامبىرى» نى چېكىڭ. ئاندىن «ماقالىلەر» غا كىرىپ، «ئەركىن سىدىق» نى تاللاڭ. ئاشۇ

سەھىپىنىڭ 2-بېتىدە «ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» دېگەن بىر ئېلكىتاب بار.

[3] Why are Muslims leaving Islam? Dr. Yasir Qadhi | 29th August 2014
https://www.youtube.com/watch?v=APVCAxF4C8Q

[4] بىلىمخۇمار: « غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى»
http://bbs.misranim.com/thread-90186-1-1.html

[5] Khutbah: The Trials of this Ummah and the Help of Allah. Dr. Yasir Qadhi | 16th May 2014
https://www.youtube.com/watch?v=KGm4mGMB8y4

# 2005 ـ ۋە 2006 ـ يىللىرىدىكى ئىنكاس ۋە ئېلخەتلەردىن تاللانمىلار

ئىلاۋە: ئامېرىكىدىكى قۇربانجان روزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئۇ قۇرغان biliwal.com تور بېتى ئەركىن سىدىق بىلەن 2005 ـ ۋە 2006 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم يازما سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇ سۆھبەت خاتىرىسى ئامېرىكىدىكى biliwal.com، ۋەتەندىكى bilik.com (مەتىمىن ئەليار ئەپەندى قۇرغان)، ۋە orxun.com (تۇرسۇنجان ياۋۇز ئەپەندى قۇرغان) قاتارلىق تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ناھايىتى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۇ سۆھبەتنىڭ bilik.com دىكى چېكىلىش قېتىم سانى 1.3 مىليون قېتىمغا يېقىنلاشتى. تۆۋەندىكىسى ئاشۇ ئىككى يىل ئىچىدە تورلاردىكى سۆھبەتنىڭ ئاستىغا چۈشكەن بىر قىسىم ئىنكاسلار، ۋە ئەركىن سىدىق تاپشۇرۇپ ئالغان بىر قىسىم ئېلخەتلەر.

(1) مەن ئالىممىز ئەركىننىڭ يازمىلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇنىڭدا يېزىلغان نەرسىلەر ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ يۈرەك سۆزلىرىدۇر. ھازىر ۋەتىنىمىزدىكى قېرىنداشلار مۇشۇنداق بىر روھقا ئېھتىياجلىق. مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ يازمىلار ئۇيغۇرلار ئىچىدە چوڭ بىر غۇلغۇلا ھاسىل قىلىدۇ. رەھمەت سىلەرگە. كۆن، بىلىۋال، 2005-3-9.

(2) ئەركىن ئەپەندىمگە:

سىزنىڭ ھەر قەدىمىڭىزنى بىلىۋال تور بېتى ئارقىلىق كۆرگەندەك بولدۇم. ئاجايىپ تىرىشچانلىق بىلەن تولغان ھەر بىر مىنۇتىڭىز چېكىلداپ، سىزنى يەنىمۇ ئالغا بېسىشقا ئۈندەۋاتقان ئاشۇ مىنۇتلار ھازىرمۇ ئېسىڭىزدە باردۇ؟ ئاشۇ جاپالىق كۈنلەر ئىچىدە تۇرغان ۋاقىتلاردا ھازىرقى كۈنلەرگە كەلگەنلىكىڭىزگە ئىشىنەرسىزمۇ؟ ئاشۇ كۈنلەرگە نەزەر سالغىنىڭىزدا ھازىرمۇ كۆزىڭىزگە ياش ئەگىمدىغاندۇ؟ يەنىمۇ تىرىشىڭ. سىزنىڭ تەلەپچان روھىڭىز ھەر بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ قالغۇسى! قارىغاي، بىلىۋال، 2005-3-9.

(3) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! سىزنىڭ يازمىڭىزنى ياشلار بەس-بەستە ئوقۇدى. سىزگە شۇ ياشلار نامىدىن تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرىمەن. بەزى ئاتا-ئانىلار پرىنتېردا بېسىپ چىقىرىپ باللىرىغا ئوقۇتۇپ، باللىرىغا نىشان بەلگىلەپ بەردى. سىز تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش قىلدىڭىز. ئامان بولۇڭ ئەركىن ئەپەندى. ئىشلىرىڭىز ۋە ئائىلىڭىزگە بەخت تىلەيمەن. دىياردىن، بىلىۋال، 2005-3-11.

(4) رەھمەت ئەركىن ئاكا! ئەركىن ئاكا، مەن بىر دوستۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن www.biliwal.com گە كىرىپ تور ساھىبىنىڭ سىزنى زىيارەت قىلغان زىيارەت خاتىرىسىنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم (بۇ ئۆمرۈمدە مېنى ئەڭ ھاياجانغا سالغان بىر ئوقۇشلۇق). مەن زىيارەت خاتىرىسىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى مىللىتىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل، مۇنەۋۋەر پەرزەنتى بارلىقىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. مەن ئويلاپ قالدىم: ئەگەر شۇ زىيارەت خاتىرىسىنى ھەممە كىشى (بولۇپمۇ ياشلار) كۆرەلىگەن بولسا، بەكمۇ ياخشى ئىش بولغان بولاتتى. سىزنىڭ مىللىتىمىزگە كەلتۈرگەن شان-شەرەپلىرىڭىزگە خەلقىمىز كۆپلەپ رەھمەت ئېيتىدۇ! خەلقىمىز سىزدىن پەخىرلىنىدۇ. ئاللاھ تېنىڭىزگە ساغلاملىق ۋە بەك ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي! تەتقىقات ئىشلىرىڭىز بەكمۇ ئۇتۇقلۇق بولسۇن. سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئەركىن ئاكا! ھۆرنگۈل، بىلىۋال، 2005-3-12.

(5) «بىلىۋال» دىن بىلىۋالغانلىرىم

«بىلىۋال» تور بېتى قۇرۇلغاندىن بېرى، ئۇنى زور قىزىقىشلار بىلەن ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. يېقىندا بۇ تور بەتكە بېسىلغان «ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق بىلەن سۆھبەت» نى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ ئالىمنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالدىم. مەن ئالدى بىلەن بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ، بىزنى قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان «بىلىۋال» تور بېتى ۋە بۇ تور بەتنى قۇرغۇچىغا ئالەمچە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. بۇ سۆھبەتنىڭ ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان جايلىرى بولسا ئالىمنىڭ ئائىلە ۋە بالا تەربىيىلەش توغرۇلۇق ئېيتقان ھېكمەتلىرى، ۋە ئامېرىكا مائارىپى بىلەن يۇرتىمىزدىكى مائارىپ سېلىشتۇرمىسى بولۇپ، بۇ بىز ياش ئاتا-ئانىلار ۋە كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ. مۇشۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، مەن دەرس ئۆتۈش جەريانىدا كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەكلا بوشاپ كەتكەنلىكىنى ھېس

قىلدىم. ھەمدە بۇ توغرۇلۇق باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ زارلىنىش ۋە ئېچىنىشلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ھەتتا بىز ئوقۇغان 80-90-يىللاردىكى ئۆگىنىش روھىغا سېلىشتۇرغاندىمۇ خېلىلا كۆپ تۆۋەن. ئەسلى ھەممە شەرت-شارائىت تولۇق بولغان مۇشۇنداق بىر ئەۋزەل مۇھىتتا ئۆسۈپ چوڭ بولغان باللار، تېخىمۇ ياخشى ئوقۇشى كېرەكقۇ؟ باللارنىڭ نېمە ئۈچۈن روھى چۈشكۈن؟ بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى نېمە؟ بۇ سوئاللارغا ئەركىن ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىدىن جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم. بىز ئىشنى ئۆز پەرزەنتلىرىمىزدىن باشلىشىمىز كېرەككەن. بۇنىڭدا ئانىلارنىڭ رولى تېخىمۇ چوڭ ئىكەن. شۇنداق قىلغاندىلا كېيىنكى مۇئەللىملەرگە بولغان بېسىم ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەيدىكەن. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدىغان باللارنى كىم ياخشى كۆرمەيدۇ دەيسىز؟ لېكىن بۇنداق روھنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا بىلىم ئېلىشقا بولغان قىزىقىش شەكىللىنىدۇ؟ مەن بالا تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئالىمنىڭ ئېيتقان ھەر بىر ئۆزۈندىلەرنى ئايرىپ ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە تەتبىقلىماقچى. ئىشىنىمەنكى، بۇ ئىشتىن چوقۇم بىر ياخشى نەتىجە قازىنالايمەن. بىز ياش ئانىلارنىڭ بالىنى ئىلھاملاندۇرۇش، بالىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە بالا بىلەن بىرگە بولۇشقا ئاجراتقان ۋاقتىمىز بەكمۇ ئاز. بىز قانداقتۇر ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئالدىراش. بالىنى بېسىم ئىشلەتمەي، ئەركىن تەربىيىلەشكە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيمىز. بالىنى قانداق قىلىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قىلىش روھنى يېتىلدۈرۈش ئەڭ مۇھىمكەن. بۇ بىزنىڭ ھەقىقەتەن ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ۋە ئىزدىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئالىم بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئامال بار تېزرەك يەرلىك نەشرىيات ئورۇنلىرىغا بېرىشىڭلارنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق قىلغاندا بۇ سۆھبەتنى تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلىرى ئوقۇپ چىققان بولاتتى. گۈلزار، بىلىۋال، 2005-3-12.

(6) سالام ئەركىنكا، سىزنىڭ بۇ چاتما ماقالىڭىزنى ئوقۇپ، ئىنتايىن بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتىمەن. مەن يۇرتىمىزدىكى ھەر بىر ئاتا-ئانا، ھەر بىر بالا ۋە باشقىلار بۇ ماقالىنى ئوقۇپ، ئۇ توغرىسىدا كەسكىن ئويلاپ بېقىشى، ھەمدە ئۆزلىرىدىن ئۆز-ئۆزلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان سوئاللارنى سوراپ بېقىشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن. مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، سىز ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، ھەمدە ئۇ مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا ناھايىتى پايدىلىق ۋە مەنىلىك ئۇسۇللار ئۈستىدىمۇ تەكلىپ بەردىڭىز. مەن كەسكىن ئېيتالايمەنكى، سىزنىڭ يازغانلىرىڭىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن پايدىسى بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. بىلىم، بىلىۋال، 2005-3-12

(7) ئەسسالام ئەلەيكۇم قېرىنداشلىرىم، مەن بىلۋال تور بېكىتىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق بىلەن سۆھبەت خاتىرىسىنى دەسلىپىدىن باشلاپ تاكى ھازىرغا قەدەر ئوقۇپ كەلدىم، ھەم تولىمۇ ھاياجانلاندىم. بۇ سۆھبەت خاتىرىسى ئۇيغۇر تورچىلىق تارىخىدا ئەڭ زور تەسىر قوزغىغان قىزىق نۇقتا، دەپ ئېيتالايمەن . بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ھازىرقى دەۋر ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئۇيغۇر ياشلىرىغا مانا مۇشۇنداق روھىي دۇنيايىمىزنى ئۇرغۇتىدىغان مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئىجتىھات بۇلىقىدىكى ئاۋانگارتلار تولىمۇ زۆرۈر . بىز مانا شۇنداق تىرىشچان، ساپالىق گۆھەرلەرگە موھتاجمىز .

مەن بۇ سۆھبەت خاتىرىسى ۋە دوستلىرىمىزنىڭ ئىنكاسلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق شۇنى ئويلاپ قالدىم: مۇبادا ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ ئۆگىنىش روھى ۋە جاپاغا چىداپ ئىلگىرىلەش ئىش-ئىزلىرىنى دىيارىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى -ئۇستازلارنىڭ ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش بىر سائەتلىك دەرسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا، بۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى قانچىلىك ياخشى بولغان بولاتتى؟ ئەركىن سىدىق روھى – بارلىق ئۆگەنگۈچى ، ئىزدەنگۈچى ، ئۆگىنىش يولىدا ئۆزىنىڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تاپالمىغان، ئۆزىدىكى ھەقىقىي تالانتنى بايقىيالماي تېڭىرقاپ يۈرگەن ياشلىرىمىزغا نۇرلۇق ماياك بولۇپ قالغۇسى! قوشنام، بىلۋال، 20-3-2005

(8) «ئەگەر سىلەر كوچىدىن 100 دوللار پۇل تېپىۋالساڭلار»

كىشلەرگە يوللاردىن پۇل تېپىۋېلىش ئىشلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەن باشقىلارنىڭ بۇنداق ئىشلارنى ئۇچراتقان-ئۇچراتمىغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن ماڭا شۇنداق ئىش ئۇچرىغان ئىدى. سىلەرنىڭمۇ ئېسىڭلاردا بولۇشى مۇمكىن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات كىتابىمىزنىڭ دەسلەپكى بەتلىرىدە رەڭلىك رەسىملەر بولىدىغان. شۇ رەسىملەر ئىچىدە بىر تىيىنلىق تەڭگىنى تېپىۋالغان بىر بالىنىڭ بوتكىدىكى ساقچىغا تېپىۋالغان پۇلنى تاپشۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشى بار ئىدى. بىزدىمۇ تېپىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىسى چىقمىسا دىۋانىلەرگە بېرىۋېتىدىغان ئادەتلىرىمىز بار. ئەركىن ئاكىمىزنىڭ يازمىسىنىڭ 4-بۆلىكىدە تۆۋەندىكىدەك بىر مىسال بار. بۇنى ئوقۇۋېتىپ ماڭا ئۇچرىغان بىر ئىشنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرىشنى لايىق تاپتىم.

**نەقىل:** «ئوغلۇم 1-سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سىنىپتىكى باللاردىن مۇنداق بىر نەرسىنى سوراپتۇ: ‹ئەگەر سىلەر كوچىدىن 100 دوللار پۇل

تېپىۋالساڭلار، ئۇ پۇلنى نېمىگە خەجلەيسىلەر؟› كۆپىنچە ئوغۇللار ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق ئالىمىز، دەپتۇ. قىزلار قورچاق ئالىمىز، دەپتۇ. بەزىلىرى دىسنېي باغچىسىغا بارىمىز، دەپتۇ. دىلشاتقا كەلگەندە، ئۇ ‹مەن پۇلنى دادامغا بېرىمەن. دادام ئۇنىڭغا ئۆي ئالىدۇ›، دەپتۇ.»

مۇئەللىمنىڭ يولدىن پۇل تېپىۋالساڭلار قانداق قىلىسىلەر، دېگەن سوئالىغا ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار، شۇنداقلا ئەركىن ئاكىمىزنىڭ ئوغلى دىلشاتجان تېپىۋالغان پۇلنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز، دېگەن سۆزنى قىلمىدى، ۋە ئوقۇتقۇچىمۇ ئۇنى ساقچىغا ياكى مەكتەپكە تاپشۇرسىلەر، دېگەن سۆزنى قىلمىدى. بۇنىڭغا بەلكىم ئوقۇرمەنلەر مۇئەللىمگە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابلىرىغا ھەيران قېلىشى مۇمكىن. لېكىن چەتئەللەردە ئۇنداق جاۋابلارغا ئېرىشىش نورمال ئىش ئىكەن.

ماڭا تۆۋەندىكىدەك ئىش ئۇچرىغان. مەن بىر كۈنى يولدىن 5 دوللار تېپىۋالدىم. ئۇنى بىرەر دىۋانىغا بېرىۋېتىشنى ئويلاپ ئەتراپىمغا قاراپ باقسام بىرمۇ دىۋانە يوق (ئەلۋەتتە ئۇ رايوندا دىۋانە يوق ئىدى). دىۋانە تېپىش ئۈچۈن downtown (شەھەرگە مەركىزى) غا بېرىشىم كېرەك ئىكەن. ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن مەن چوقۇم كىراغا 10 دوللار خەجلىشىم كېرەك ئىدى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ئاخىرى بالامنىڭ مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىشنى ئويلىدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا بالامنى مەكتەپتىن ئەكېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ 5 دوللارنى مۇئەللىمگە بەردىم، ۋە ئۇنى تېپىۋالغانلىقىمنى ئېيتتىم. مۇئەللىم ماڭا «ئۇنى ئۆزىڭىز ئىشلىتىڭ» دېدى. «ياق ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ» دېسەم، بۇرۇن ئۆزىنىڭ 50 دوللار تېپىۋالغانلىقىنى، ئىگىسى چىقمىغاندىن كېيىن ئۇنى ئىشلىتىۋەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى، ۋە ئىگىسى چىقمىغان پۇلنى ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ھەيران قالدىم، ۋە مېنىڭ ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىمنى سۆزلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم ئۇ 5 دوللارنى مەكتەپنىڭ خەيرى-ساخاۋەتلىك فوندىغا (مەكتەپتە دائىم خەيرى-ساخاۋەتلىك ئىشلارغا پۇل يىغىپ تۇرىدۇ) تاپشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ۋە مېنىڭ نامىمنى يېزىپ قويىدىغانلىقىنى دېدى. مەن ئۇ مۇئەللىمگە «ياق، مېنىڭ نامىمنى يازماڭ» دەپ تاپىلىغان ئىدىم.

كۆرۈشكە بولىدىكى، چەت ئەللەردە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىلىرى ئوخشىمايدىكەن. ئۇلار بەلكىم يوللاردىن پۇل تېپىۋېلىشنى ئامەت دەپ ئويلايدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر ئىگىسى چىقمىسا ئىشلىتىۋېتىدىغان ئىشلىتىۋېتىدىكەن. Xpress، بىلىۋال، 2005-3-24

(9) ئەركىن ئەپەندى، سىزگە كۆپ رەھمەت!

ئەركىن ئەپەندى، سىزنىڭ 4 بۆلۈمگە بۆلۈنگەن سوئال-جاۋابىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم.

ئۇنىڭدا يېزىلغان نەرسىلەر مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئوزۇقلۇق ئىكەن. سىزگە كۆپ رەھمەت. ماقالىڭىزنىڭ داۋامىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتىمەن. لازىم، بىلىۋال، 2005-3-25

(10) بىلىۋال بىر ئايدىن ئاز ۋاقىتتا 40 مىڭدىن كۆپ ئوقۇلغان.

نۇر مۇنداق دەپ يازغان: «چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ULY دىكى تور بەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تور مەدەنىيىتىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولىدۇ. «بىلىۋال» تور بېتىنىڭ ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق بىلەن سۆھبەتنى ئېلان قىلغان بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كۆرگۈچىلەرنىڭ 40 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى بۇ پىكرىمىزگە دەلىل بولالايدۇ.» تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى تور بېكىتىدىن كۆرۈڭ:

http://www.izdiyari.com/modules.php?name=Forums&file=viewtopic&t=919

كۆچۈرگۈچى، بىلىۋال، 2005-3-31

(11) ئەركىن ئاكىمىزغا تەكلىپ ۋە بولۇۋاتقان مۇنازىرىلەر توغرىسىدا

ئەركىنكامنىڭ جاۋابلىرى كىشىلەرگە ناھايىتىمۇ زور ئىلھام بېرىدۇ. ئەركىن ئاكىمىزغا تەۋسىيە قىلىدىغىنىم: ئەركىن ئاكىمىز شۇ سەرگۈزەشتىلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ئەتراپلىق قىلىپ «تەرجىمىھال» (autobiography) شەكلىدە ئەسەر سۈپىتىدە نەشرىياتتا ئېلان قىلىشنى سورايمەن. «مېنىڭ تەرجىمىھالىم»، «مېنىڭ ئىزدىنىشلىرىم»، «مېنىڭ ھاياتىم» ... دەمدۇ، ئىشقىلىپ كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىشنى سورايمەن. «سۆھبەت» دىن كۆرۈشكە بولىدىكى، ئەركىن ئاكىمىزدا شۇنداق كىتابنى يېزىش قەلەم كۈچى بار. شۇنداق كىتاب چىقىرىشقا ئەرزىيدۇ، چۈنكى ئەركىن ئاكىمىزنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە دەۋرلەرنى كەچكەن. ئائىلىۋى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى، يېزىدا چېنىقىش، ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن بىرىنچى قارار ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ھاياتى، ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدە ئوقۇشقا قىزىقىش دەۋرى، چەتتىكى ھايات ... نۇرغۇنلىغان كىشىلەر شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئويلىغانلىرىنى، ھاياتىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ.

مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئەركىن ئاكىمىزنىڭ بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان. مەن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىش توغرۇلۇق مەكتەپلەرنى ئىزدەۋاتقاندا، ئەركىن ئەپەندى ماڭا «Preston Press» ئېلان قىلغان كىتابچىنىڭ

(ئاسپىرانتلىققا ئائىت) كوپىيىسىنى ئەۋەتكەن. ئۇ چاغلاردا بۇنداق ئۇچۇرلار ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، ئاسپىرانتلىق ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك مەنبە ئىدى.

(ئاسپىرانتلىققا ئائىت) كوپىيىسىنى ئەۋەتكەن. ئۇ چاغلاردا بۇنداق ئۇچۇرلار ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان بولغان بىر كىشىگە نىسبەتەن بەك مۇھىم ئىدى، سەۋەب ئۇ چاغ ئىنتېرنېت تېخى ئۈرۈمچىگە كەلمىگەن مەزگىللەر ئىدى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئەركىن ئاكىمىز ئۆزىنىڭ بۇيان تىرىشچان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا قولىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىۋاتىدۇ.

مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ تەسىرلىك ۋە ئەمەلىي سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئاتا-ئانىلارغا ، ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىمۇ «بوشاشماسلىق»، «بىلىمنى قەدىرلەش»، «روھلۇق بولۇش»، «ئۈمىدۋار بولۇش» ... ئىرادىسىنى تىكلىشىگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىر چوڭ تۆھپە، ئەزىزلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش.

مېنىڭچە ئەركىن ئاكىمىزنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىنى باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭمۇ ئۆگىنىشىگە تەۋسىيە قىلىش زۆرۈر. بىرەرى قانچىلىك بىلىم ئالسۇن، قانچىلىك شۆھرەت قازانسۇن، قەيەردە ياشىسۇن (ۋاشىنگتون، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، توكيو، نيۇ يورك، لوس ئانژېلىس، پارىژ، لوندون ...) ئەگەر شۇ كىشى ئۆز مىللىتىگىزگە ئۆمرى بويىچە بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلمىسە، ئۇ بىلىمنىڭ ياكى شۆھرەتنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق دەپ قارايمەن، ۋە ئۇ ھاياتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق دەپ قارايمەن. بىر زىيالىي ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىسىمۇ، بىلىمنى بىللە گۆرگە ئەكەتمەي، ھېچ بولمىسا ئۆزى يازمىسىمۇ كەسپىگە ئائىت بىرەر ئەھمىيەتلىك ماقالىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بىرەر تور بەتتە ئېلان قىلسىمۇ، شۇ كەسپكە ئائىت بىلىملىرىنى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرسىمۇ، بۇ بىر ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا.

بۇ «سۆھبەت» نى ئوقۇش جەريانىدا بولۇۋاتقان مۇنازىرىلەرگىمۇ كۆزۈم چېلىقىپ قالدى. تۆۋەندە ئۆزۈمنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماي.

1. نەشر ھوقۇقى مەسىلىسى:

ھەر قانداق بىر ماقالىنىڭ ئىنتېرنېتتا ئېلان قىلىنىشى، شۇ ماقالىنىڭ كۆپلەپ كىشىلەرگە يېتىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تور بەتتە ئېلان قىلغان ماقالىنى يەنە بىر تور بەت كۆچۈرۈپ شۇ ماقالىنىڭ كەلگەن مەنبەسىنى ئەسكەرتىپ ئېلان قىلىشقا تامامەن بولىدۇ. لېكىن بىلىك تور بېتى دەسلەپدە توغرا ئىش قىلماي، ماقالىنى رۇخسەتسىز كۆچۈرۈپ ۋە ماقالىنىڭ كەلگەن مەنبەسىنى ئەسكەرتمەي ئەكسىچە «ماقالىنى باشقا يەردە ئېلان قىلسا بولمايدۇ» دېگەندەك نەرسىلەرنى يېزىپ قويسا ناھايىتى كۈلكىلىك بىر ئەھۋال بولۇپ قالىدۇ.

Biliwal.com «سۆھبەت» نىڭ ئاخىرىدا «رۇخسەت ئېلىك» ۋە قالايمىقان كۆچۈرمەك ئىشلەتمەك ... دېگەن ئىكەن. بۇنىڭغا باشقا تور بەتلەر شەرتسىز بويسۇنۇشى

كېرەك، چۈنكى نەشر ھوقۇقى Biliwal.com دا. ئەگەر سىز ماقالىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرماقچى بولسىڭىز، كوپىيە قىلىپ E-mail ئارقىلىق ئەۋەتىڭ، ياكى باشقا تور بەتتە ئۇلىنىش قىلىڭ.

قانداقلا بولمىسۇن، ئاخىرى ئىككى تور بەت ئوتتۇرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىش بولۇپتۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى يارىشىش. بۇ ئىش باشقا تور بەتلەرگىمۇ ساۋاق بولدى.

سىز نېمە دەپ باھانە كۆرسىتىڭ، ماقالىنىڭ مەنبەسىنى ئەسكەرتمەي، ماقالىلەرنى كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىش قاملاشمايدىغان ئىش. بۇنداق قىلىققا ھېچكىم رەھىم قىلمايدۇ. ماقالىنىڭ مەنبەسىنى ئېنىق يېزىش بەكمۇ مۇھىم، چۈنكى ماقالىنى كۆچۈرۈش ۋە باشقا بەتلەردە ئېلان قىلىش جەريانىدا ماقالىلەر ھەر خىل خاھىشلار سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا ئەسلى ماقالىنىڭ مەنبەسى بولسا بىر سېلىشتۇرما بولىدۇ. يەنە بىر ئىش ماقالىنى يازغۇچى ۋە ئېلان قىلغۇچى ئىسمى-جىسمى بار كىشىلەر، سىز ۋە بىزگە ئوخشاش نامەلۇم يازغۇچى ئەمەس. ماقالىنى ئۇ تور بەتتىن بۇ تور بەتكە كۆچۈرۈپ، ماقالىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەزى نېگىزلىك جۈملىلەر بۇرمىلىنىپ كېتىپ قالسا، ئىسمى-جىسمى بار كىشىلەرنىڭ نامىغا، شۆھرىتىگە يامان تەسىر بېرىلىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن biliwal.com نىڭ رۇخسەت ئېلىپ ئاندىن ئېلان قىلىڭ، دەپ تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار.

2. يېزىق مەسىلىسى:

بىز مەيلى ئېتىراپ قىلايلۇق ئېتىراپ قىلمايلۇق، لاتىن يېزىقى ئىنتېرنېتتىكى ئەڭ ئاممباب ئۇيغۇر يېزىقى. ئەڭ تېز، ئەڭ قولاي، ھەرقانداق كومپيۇتېردا، ھەر قانداق platform دا، ھەرقانداق پروگراممىدا ئىشلەيدىغان يېزىق، ھەرقانداق زاماندا توسالغۇسىز يېزىق.

نۇرغۇنلىغان كونا يېزىق بەتلەر بار. لېكىن ئۇ يەردىكى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇش بەك تەس. بىر-بىرلەپ ئاختۇرمىسىڭىز ئىگە بولالمايسىز. ئۇلارنى Google دىن ئىزدىگىلى بولمىسا!؟ ھەم كومپيۇتېردىمۇ چىقمايدۇ. مېنىڭ نۇرغۇنلىغان كونا يېزىق بەتلىرىگە بارغۇم كېلىدۇ، لېكىن ھەرپلەرنىڭ چاپاقلىقىدىن، كىچىكلىكىدىن ئىككى مىنۇتتىن كېيىنلا كۆزۈم ئاغرىپ كېتىدۇ. چۈنكى كونا يېزىقتا ھەرپلەر نۇرغۇن ھاللاردا چېكىتلەر ئارىلىقلىقلا پەرقلەنگەچكە، ھەرپلەرنى پەرقلەندۈرۈش كومپيۇتېر monitor دا بەك تەس. ئۇنى كومپيۇتېردا يېزىشمۇ بىر مۈشكۈل ئىش، كومپيۇتېردا خېلى سەۋىيە بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىش بىر قىيىن ئەمگەك. دېمەك، مېنىڭ لاتىن يېزىقنى ئىشلەتمەسلىك ھەققىم يوق. چۈنكى كونا يېزىق بىلەن مۇشۇ ماقالىنى يېزىشىم ئۈچۈن ئالدى بىلەن، نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك (كونا يېزىق سىستېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، كىرگۈزۈش/چىقىرىش)، سۆزلەرنى كىرگۈزۈش، يەنى مۇشۇ ماقالىنى يېزىش ئۈچۈنمۇ 3 ياكى

4 سائەت كېتىشى مۇمكىن، مېنىڭ ئۈنچىلىك زىيادە ۋاقتىم يوق. يەنە كېلىپ خالىغان كومپيۇتېردا كونا يېزىق چىقىرىش سىستېمىسى بولۇشى ناتايىن، ئەڭ مۇھىمى جاپا چېكىپ يازغان نەرسىڭىز قارشى تەرەپنىڭ كومپيۇتېرىدا نورمال چىقىشى ناتايىن، چۈنكى كونا يېزىقنى تا ھازىرغىچە كومپيۇتېر قوللىمايدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىپ، كونا يېزىق بىلەن ھەپىلىشىمەن؟ دېمەك يەنە ئويلاپ باقسام، لاتىن يېزىقنى ئىشلەتمەسلىك سەۋەبىم يوق ئىكەن.

3. سان ۋە سۈپەت

مەلۇم تورداش، ئۇيغۇر ئىنتېرنېت تور بەتلىرىنىڭ بىر ئىككىسىلا بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى سان ئىكەن. مېنىڭچە ھەر قانداق تور بەتتە ئۆزىگە خاسلىق بولىدىكەن، ياخشى نەرسىلەر بولىدىكەن ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ. لېكىن بىز زىيارەت قىلىش سانى بىلەن بىر بەتنىڭ ياخشى يامانلىقىنى ئۆلچەم قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇرۇن ئەڭ داڭلىق «Altavista» دەيدىغان ئىزدەش تور بېتى بولىدىغان، شۇ چاقلاردا كىممۇ Google بىر كۈنلەردە ھەممىنى يېڭىپ چىقىدۇ دېيەلىگەن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلاردا بىر ئىككىلا تور بەت بولسا كۇپايە دېيىش خاتا، ۋە تور بەتنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى زىيارەت سانى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئاز كۆپلۈكىگە قاراپ بەلگىلەش بىر تەرەپلىمىلىك.

Xpress ، بىلىۋال، 18-3-2005

(12) «ئالىم بىلەن سۆھبەت» خاتىرىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئالدى بىلەن www.Biliwal.com نىڭ ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىدىيىسىگە روھىي ئوزۇق ۋە باھار شامىلى ئەكەلگەن مېھنىتىگە رەھمەت. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى www.Biliwal.com بېتىدە ۋە بۇ بەتتىن كۆچۈرۈلۈپ باشقا تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىنى 12-بۆلۈمگىچە پۈتۈنلەي ئوقۇپ چىقتىم ...

بۇ سۆھبەتنى پۈتۈن بىر قېتىم ئوقۇپ بولۇپ، ئۆزۈمنى تولىمۇ يېنىك، ئازادە، پەخىرلىك ھېس قىلدىم. بىراق، بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە ئۆزۈمنى تولىمۇ ئېغىر، مىسكىن، غېرىب ھېس قىلدىم ...

ئاللاھ ئىنساننى ھەر خىل ياراتقان ئىكەن. مەن بۇرۇندىن بەزى ماتېرىياللاردىن «ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، بىر يۆتەلسە پۈتۈن جاھاندىكى بارلىق بانكىلارغا زۇكام تېگىدىغان» يەھۇدىي مىللىتى توغرىسىدا ئانچە-مۇنچە چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىدىم. ھەم شۇ مىللەتنىڭ

جاھاندا ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە ۋەھشىي تۇردە ئېزىلىپ يوقىلىش گىرداۋىغا بارغاندا يەنە ئۆزلىرىنى ئوڭلاپ ئۆز ماكانىنى قايتا قۇرغانلىقىنى، ھەمدە يوقىلىش ئالدىدىكى ئانا تىلىغا قايتا جان ئاتا قىلغانلىقلىرى، ھەمدە ھەر بىر يەھۇدىينىڭ مەيلى قانداقلا شارائىتتا ۋە نەدىلا بولمىسۇن، ياشاش نىشانىنىڭ ئۆز ئانا مىللەت مىقياسىغا قارىتىلغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ئالىملاردىن دۇنياۋى ئالىملار نىسبىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى ... ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان ۋە مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى...

بىز ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئۆز زامانىسىدىكى سەلتەنەتلىك ياشىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىزدىن بەزى ئالىملار دۇنياغا تونۇلغان بولسىمۇ، بىراق ھازىرقى شارائىتىمىزدا دۇنياغا تونۇلىدىغان ئالىملىرىمىز يوق دېيەرلىك ئىدى.

بۇ سۆھبەتنى ئوقۇپ، ئۇيغۇر ئىچىدىن چىققان ئالىم ئەركىن سىدىقنى تونۇغاندىن كېيىن مەندە بىر خىل ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ھاسىل بولغاندەك بولدى. چۈنكى بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۆت ئەمەسلىكىنى، بىزنىڭمۇ تىرىشساق باشقىلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئەقلىمىزنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ... بۇ ئالىمنىڭ سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرىدىن ئۆزىنىڭ كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپ تا ھازىرقى ئالىم ئاتالغىنىچە بولغان كاللىسىدىكى «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، توختىماي ئۆگىنىش» نىڭ داۋاملىق ئۇنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ تۇرغانلىقىنى، ھەرقانداق بىر شارائىتتا تۇرۇپمۇ «ئۆگىنىۋالسام» لا دەيدىغان ئىدىيىسى ئېنىقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ...

ئالىم ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ئاددىي بىر كەپىدىن چىقىپ، جاھاننىڭ چەت ياقىلىرىدا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئېزىلىش ۋە كەمسىتىلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، ھازىرقى دۇنيانى ئىدارە قىلىۋاتقان ئامېرىكىدەك بىر دۆلەتتە ئالىم ئاتىلىپ باشقىلارنى ئۆز ئالدىدا باش ئەگدۈرگەنلىكى، ئۆز مىللىتىنى باشقىلارغا تونۇتقانلىقى... بۇ سۆھبەتنى ئوقۇغان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە ئالىمغا بولغان ھۆرمىتى، پەخىرلىنىشى يۈكسەك ئورۇننى ئىگىلىمەيدۇ، دەپ قارايمەن. بۇ ھېسسىياتلارغا ئەگىشىپ مەندە يەنە ئالىمنىڭ ئايالى ئامانگۈل ھەدەمگە چوڭقۇر ھۆرمىتىم قوزغالدى. چۈنكى ھازىر شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇشۇنداق تىرىشىپ-تىرمىشىپ پەللىگە ئۆرلەۋاتقان ئوغلانلارنىڭ پۇتىغا كەكە چېپىپ ئۇلارنى نابۇت قىلىدىغان ئاياللار ئاز ئەمەس. بىراق، ئەركىن ئاكىمىزدەك ئوغلانلار كۆپلەپ چىقسا، ئۆز بارلىقىنى ئاتا قىلىپ مىللەت ئوغلانى ئۈچۈن كەينىدە تۇرۇپ تىرەك بولۇشقا تەييار قىز-ئاياللارمۇ ئاز ئەمەس. ئامانگۈل ھەدىمىز ئەنە شۇنداق ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن بارلىقىنى ساپ ئاياللىق بۇرچى بىلەن ئادا قىلىۋاتقانلارغا ئۈلگە بولالايدىغان ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزىكەن... سىزگە رەھمەت، ئامانگۈل ھەدە.

مەن بۇ سۆھبەتنى ئوقۇپ كاللامدا يۇقىرىقى خىياللارنى قىلغاندا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇمدىن ئالىم ئارقىلىق شۇنچىلىك يېنىك ، ئازادە ، پەخىرلىك ھېس قىلغانىدىم... ئالىمنىڭ ئۆتمۈشلىرىدىكى تۆۋەنگە چۈشۈپ ئەمگەك قىلىش ۋە ياكى سۇ قىسىلىقىدىن، كۆل سۈيىدىكى قۇمچاقلارنى پۈۋلىۋېتىپ سۇ ئىچىش، جەريانلاردىكى قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ۋە يەنە كېيىنكى تۇرمۇشى ھاللىق ھالەتكە يەتكەندىكى ئەڭ ئاددىيسى تاماق يېيىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز ئىرادىسىنى چىڭىتىش... ئۇسۇللىرى، ماڭا خېلى تەسىر قىلدى... چۈنكى ھازىر مەنلا ئەمەس، كۆپلىگەن ئۇيغۇر قىز -يىگىتلىرى ئۆزىمىزگە بىلىشلىك بولغان ھەر خىل ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە، سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆز نېنىمىزنى تېپىپ يېيەلىگۈدەك دەرىجىگە ئېرىشىپلا (ئەلۋەتتە تېخى ئۆز نېنىنى تېپىپ يېيەلمەيۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس) ئاز-تولا نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا يەنە ئۆرلەشكە تىرىشمايدىغان، بىر كۈن بىرەر ئىشتىن تەسىرلىنىپ كېتىپ ئازراق بىرەر نەرسە ئۆگەنسە، ئەتىسى يەنە يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپ قالىدىغان، يېنىدىكىلەر ماشىنىدا، ئايروپىلانلاردا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتسە، ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىپ، «بىزگە ئامال يوق» دەپ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالىدىغان، كەينىدىن پىيادە، يا بولمىسا ئارانلا ئۇلاشقان ۋېلسىپتى بىلەن كېتىۋاتقانلارلار خېلى كۆپ.

مىللىتىمىزنىڭ 1000 دىن بىرىدىكى ياشلاردا ئالىمنىڭ ئىرادىسىدەك ئىرادىنىڭ يېرىمى بولسىمۇ بولغان بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە؟!... ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىلىرىدە پەقەتلا ئەسلى ۋۇجۇدىدىن ياشلىق ئۇرغۇپ، چىرايىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان جۇشقۇن، ياشلىق چىرايلىرى خۇنۇكلىشىپ، ۋۇجۇدى كۈلگە بوزلىنىپ، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن خەققە ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلىپ قاراپ قېلىشتىن باشقا نەرسە قالمىغاندەك... ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشىنى مەززە قىلىپ تولا يەيدىغان يىگىتلىرىمىز ۋۇجۇدىدا ئەركەكلەرگە نىسبەتەن خاسلىق، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقاندەك.....قىزىل گۈلنىڭ بەرگىدەك نازۇك قىزلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھالىتىنى دېمەيلا قوياي... مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۆزۈمنى خۇددى پاتقاققا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك شۇنچىلىك ئېغىر ۋە شۇنچىلىك غېرىب،مىسكىن ھېس قىلدىم... بۇ سۆھبەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئوقۇپ بەرگۈم كېلىپ كەتتى. ئالىمنىڭ بىز ياشلارغا ئاتاپ ۋاقىت چىقىرىپ قىلغان مېھنىتىگە رەھمەت. بۇ سۆھبەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەشۋىق قىلىنسا، كۆپلىگەن ياشلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىگە باھار باشلىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئاخىرىدا ئالىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى، تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەيمەن!

تۇمارىم، بىلىۋال، 10-5-2005

(13) جاۋابىڭىزغا رەھمەت ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا. ئالدى بىلەن سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىپ ماڭا جاۋاب قايتۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەنزۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوقۇپ، خىزمەت قىلىپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئانا تىلدا سۆزلەش، پىكىر قىلىشىم تازا راۋان ئەمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندى. ئەگەر خېتىمنىڭ لېكسىكىسىدا ياكى گىراماتىكىسىدا خاتالىق بولسا مەسخىرە قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھازىرمۇ ئېسىمدە، بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، مەنمۇ باشقا ستۇدېنتلارغا ئوخشاش ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقىشنى ئارزۇ قىلغانىدىم. لېكىن ئىنگلىز تىلىنى ئانا تىلىم بىلەن ئەمەس، بەلكى خەنزۇ تىلى ئارقىلىق ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۆگىنىش سۈرئىتىم يۇقىرى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 4 يىللىق ئوقۇش ھاياتىمدا، كەسپىمنى ئۆگىنىشنى بىرىنچى ئورۇندا، چەتئەل تىلى ئۆگىنىشنى ئىككىنچى ئورۇندا؛ تىل ئۆگىنىش جەھەتتە خەنزۇ تىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشنى بىرىنچى ئورۇندا، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى ئىككىنچى ئورۇندا قويغانلىقىم ئۈچۈن؛ ئىنگلىز تىلىنى كەسپىمگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈن 4 يىللىق تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگۈچىلىك تازا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم.

مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خىزمەت تېپىپ ئىشلەش بىرىنچى ئورۇندا بولدى، لېكىن خىزمەت ئارىلىقى ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمدا تىل ئۆگىنىشنى پەقەت ئۈزۈلدۈرمەي كەلدىم.

بەلكىم مېنىڭ مەيلى خەنزۇ تىلى ياكى ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئايىم -- ياكى بېيجىڭدا ئىشلەش، ياكى ئامېرىكىدا ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەيلى قانداق يەردە بولسۇن، ئۆز كەسپىمنى قىينالماستىن كۆڭۈللۈك، بىمالال ئىشلەش ئۈچۈن ۋاستە قىلىش بولسا كېرەك ...

مەن بىر زىيالىي ئائىلىسىدە چوڭ بولغان، ئاتا-ئانام ئىككىلىسى ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەن (گەرچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ھەقىقىي ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىدىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز دەۋرىدىكى ياشلارغا سېلىشتۇرغاندا ئوقۇش ھاياتىنى بىكارغا ئۆتكۈزمىگەن). شۇڭا تاكى ھازىرغىچە مېنى ئوقۇش ۋە خىزمەت جەھەتتىن كۆپ قوللاپ كەلدى. ئۇلار تاكى ھازىرغىچىلىك مېنىڭ داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇشۇمنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن، مېنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشقا تۇتقان كۆز-قارىشىم ئۇلارنىڭكى بىلەن ئانچە ئوخشاش ئەمەس. مەن خىزمەت ئورنۇمدىمۇ داۋاملىق بىلىم

ئاشۇرۇۋاتىمەن، دەپ قارايمەن. چۈنكى، بۈگۈنكى جۇڭگو ھەقىقەتەنمۇ تارىختىن بىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈرئەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتىدۇ. گەرچە سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي سىياسەت، ئىقتىسادىي قۇرۇلما، ئىقتىسادىي مۇھىت جەھەتتە غايەت زور بۇرۇلۇشلار پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، مەن كارخانىدا ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ مەملىكەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى، يېڭىلىقلارنى، كۈندە دېگۈدەك كۆرۈلۈۋاتقان تەرەققىياتلارنى، يېڭىدىن-يېڭى پۇرسەتلەرنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ھېس قىلىپ كېلىۋاتىمەن...

جۇڭگو جەمئىيىتى خەنزۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «گۈللىنىۋاتقان بۈيۈك دەۋر» گە قەدەم قويۇۋاتىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەت، بولۇپمۇ شىنجاڭدىن سىرت يەرلەر پاراقلاپ قايناۋاتقان قازانغا ئوخشايدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتى «مەن ئېقمىنى يارىتىمەن، مەن ئېقمىنى كونترول قىلىمەن» دەيدىغان ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيىگىمۇ دەم ئالغۇدەك پۇرسەت بەرمەيۋاتىدۇ دېسەم مۇبالىغە بولماس. بۇ بىر ياخشى ئىش. بازار ئىگىلىكىنىڭ قۇدرىتى ھەقىقەتەن زور ئىكەن.

مەن ئەينى يىللىرى ئالىي مەكتەپكە بېرىشتىن بۇرۇن ئۆز-ئۆزۈمگە «چوقۇم مۇستەقىل ياشىيالايدىغان ئادەم بولىمەن» دەپ ئىرادە باغلىغان ئىدىم. بۈگۈن مېنىڭ بۇ ئىرادەمنىڭ بىر قىسمى ئەمەلگە ئاشتى، لېكىن پەقەت ئۆزۈم ئۈچۈن ياشاش مېنىڭ دۇنيا قارىشىمغا توغرا كەلمەيدۇ. مەن تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ مەنپەئەتى، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلىرىدىن ھېچقانداق بەھر ئالالمايۋاتقان كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تىرىششنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭ بۇ ئويلىرىم سىز ۋە سىزگە ئوخشاش نۇرغۇن ھەقىقىي بىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن ئورتاق ئىستەك دەپ ئويلايمەن. لېكىن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە نۇقسانلىرى تولۇق نامايان بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش نىشانى خۇددى فورمۇلىغا ئوخشاش، ياخشى خىزمەت -- ياخشى كىرىم --ياخشى ئۆي -- ياخشى ماشىنا -- راھەت تۇرمۇش -- ئابرۇي... ئۆز مەنپەئەتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتى بولمىغان كىشىلەرنىڭ غېمىنى قىلىش، ئۆز مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلار ئۈچۈن ۋاقتىنى سەرپ قىلىش نۇرغۇن كىشى ئۈچۈن تەسكە توختىشى مۇمكىن....

كىشىلىك ھاياتنى ھەقىقىي مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۆزى بىر ئىلىم ئىكەن. ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدىن قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قانداق تىرىشىش -- ھازىرقى باسقۇچتا مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە بولۇۋاتىدۇ.

سىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە سەممىي سالام يوللاپ،

مېھمان، بىلىۋال، 2005-5-6

(15) «سۆھبەت»تىن تەسىرات

مەن ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ چەت يىراق بىر سەھراسىدا تۇغۇلدۇم. مەن گەرچە بىر نامرات دېھقاننىڭ پەرزەنتى بولساممۇ، لېكىن بىلىمگە بولغان بىر كۈچلۈك ئىشتىياقنىڭ تۈرتكىسىدە ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىغا قەدەم قويدۇم. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتىمەن. تورغا چىقىشقا ئامراقلىقىمدىن بولسا كېرەك، بىر كۈنى توردىن «ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق بىلەن سۆھبەت» دېگەن تېمىنى كۆرۈپ قالدىم. نەتىجىدە بۇ سۆھبەتنى ئاساسەن تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. بۇ سۆھبەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ھاياجانلىنىش ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى چىرمىۋالدى. چۈنكى مېنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان بوگۈنكىدەك رىقابەتلىك دۇنيادا بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ئامېرىكىدەك يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان دۆلەتنىڭ ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىشى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەنىدى. ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ھەقىقەتەنمۇ ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆگىنىشىگە، ھەربىر ئىشىدا ئۈلگە قىلىشىغا ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ شەخس. بىراق، ئۇيغۇرلاردا ۋاقىت قارىشى تولىمۇ پاسسىپ. لېكىن ئەركىن سىدىق ۋاقىتنى مىنۇت-سېكۇنتقىچە بۆلۈپ ئىشلىتىدۇ. ھەربىر ئىشنى ئەتە ئەمەس بۈگۈن، ھېلى ئەمەس ھازىردىن باشلاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇ ۋاقىتنى بىلىمگە، بىلىمنى ئۆز ئەقلىنى نامايان قىلىشنىڭ سەرمايىسىگە ئايلاندۇرالىغان. ناۋادا ئەركىن سىدىق توغرىسىدىكى بۇ كىتاب نەشىردىن چىقسا مەن چوقۇم سېتىۋالىمەن، ھەم ئەتراپىمدىكىلەرگە ئامېرىكىدەك بىر دۆلەتتە بىر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ بارلىقىنى تونۇشتۇرىمەن. چۈنكى بىزنىڭ پەخرىمىز، ئۇيغۇرنىڭ پەخرى. تارىختا يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان ئۇلۇغ بىر مىللەتنىڭ پەخرى. ۋاقتىم قىس بولغاچقا بوگۈن مۇشۇنچىلىك يازماقچىمەن .

ئوت يۈرەك، بىلىۋال، 2005-6-5

(16) سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇپ...

مەن ئەركىن سىدىق بىلەن سۆھبەت دېگەن سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى قايتا تونۇغاندەك بولدۇم. ئۇ ئالىمنىڭ تىرىشچانلىقى، چىدامچانلىقى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئاشۇنداق رىقابەت كەسكىن ئامېرىكىدا باشقا ئەل خەلقلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئۇيغۇرلۇقىنى نامايان قىلغانلىقى مېنى ئىنتايىن ھاياجانغا سالدى، ھەمدە بىزنىڭ تېخىمۇ تىرىشىشىمىز ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

--- ياقۇپ ئەمەت (شەھرىزات تور بېتىدىن ئېلىندى)
مېھمان، بىلىۋال، 2005-6-11

(17) ئالىممىز ئەركىن سىدىقىقا رەھمەت

مەن ئالىممىز ئەركىن سىدىقنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇپ، ئالىممىزنىڭ نېمە دېگەن تىرىشچان بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئالىممىزنىڭ سۆھبەتتە دېگەن ھەر-بىر گەپلىرى بىزنىڭ يۈرەك سۆزلىرىمىزدىن ئىبارەت. ئىلىم پەنگە ھەقىقىي كۆڭۈل قويغان ئادەمنىڭ چوقۇم ئۇنىڭ پەللىسىگە چىقىدىغانلىقىنى بىلدىم. مەن ۋاقتىمنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز كەسپىمنى ياخشى ئىگەللەيمەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ سۆھبەتنى ئورۇنلاشتۇرغان Biliwal.com غا ھەم ئالىممىز ئەركىن سىدىقىقا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئىنتىلىپ، بىلىۋال، 2005-6-11

(18) مېنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگەم

ھۆرمەتلىك «بىلىۋال» تور باشقۇرغۇچىسى ۋە ئەركىن ئاكىمىزغا:

سىلەرنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى تور ئۈستىدە ئېلان قىلغىنىڭلارنى قۇتلۇقلايمەن ۋە چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن!

تورىڭىزلارنىڭ دائىملىق ئوقۇرمىنى بولۇش سۈپىتىدە، بىزنىڭ ھۆرمەتكە ئىگە، كامالەتكە يەتكەن ئالىممىز ئەركىن سىدىق بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ بۇ يازمىلىرىنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشى ھاياجانلانماي تۇرالمايدۇ. بۇ ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن چوڭ تەربىيە ۋە ئۈلگە بولۇشى مۇمكىن، بىزنىڭ كېلەچىكى، غايىلىرى ئۈچۈن زور تۈرتكە بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

مەن بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇپ كېلىۋېتىپ، ئەينى ۋاقىتلاردىكى ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى ئەسلەپ قالدىم. مەن ھەپتە ئاخىرلىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئاكامنىڭ يېنىغا بارغىنىمدا ئەركىنكامنى ئۇچرىتاتتىم (چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئاكام بىلەن ياخشى دوستلار ئىدى). شەنبە كۈنىدىكى ئاقسۇلۇق يۇرتلۇقلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا بەزىدە قاتنىشىپ قالغانلىرىمدا ئەركىنكام بىلەن سۆھبەتتە بولاتتىم. ئۇ ماڭا ئىنگلىزچىنى چوقۇم ئۆگىنىشىمنى قايتا-قايتا جېكىلەيتتى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىل سۆزلەپ بېرەتتى. مېنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا ئىنگلىزچىنى ئۆگىنىشنى باشلىشىمغا ئەركىنكام زور تۈرتكە بولدى دەپ قارايمەن. ئۇ مېنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگەمدۇر.

شۇغىنىسى، مەن گەرچە خېلى بۇرۇنلا ئىنگلىزچىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان بولساممۇ تا ھازىرغىچە سەۋىيەمنىڭ ئانچە ئاشالمىغىنىدىن زور ئۆكۈنىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى بەلكىم مەن ئەركىنكامغا ئوخشاش ۋاقىت-سائەتنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرالمىغانلىقىم، بەزى شاراب سورۇنلىرىدىن ئۆزۈمنى تارتالمىغانلىقىمدىن بولدى دەپ قارايمەن. مەن ھەقىقەتەنمۇ ۋاقىت كۆز قارىشىغا كەلگەندە، قايسى ئىشنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، بىر مۇھىم نىشان ئۈچۈن بەزى ئىشلاردا قۇربان بېرىشكە چىدىمىغانلىقىمدىن، ۋە شۇ ۋاقىتلارنىڭ سۇدەك ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئەمدىلەتىن تولىمۇ پۇشايمان قىلىمەن. شۇنداقتىمۇ مەن تىرىشىمىدىم دېيەلمەيمەن. بەلكىم شۇ تىرىشقانلىقىمنىڭ نەتىجىسىدىن ھازىرقىدەك ئورۇنغا ئېرىشەلىگەن بولسام كېرەك.

مەن ھازىر ياپونىيەنىڭ دۆلەتلىك تەتقىقات ئورنى RIKEN نىڭ مېڭە تەتقىقات مەركىزىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. بۇ جايغا كىرمەكنىڭ ئانچە ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى سۆزلەپ كېتىشىمنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. بۇ ئورۇندا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تەتقىقاتچىلار يىغىلغان بولۇپ، بارلىق يىغىن، سۆھبەتلىرىمىزدە پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەن بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ ئىنگلىزچە سەۋىيەمنىڭ ئاجىزلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلىۋاتقانلىقىمدۇر. گەرچە ئۆز تەتقىقات دائىرەمدىكى مەزمۇنلارنى خېلى ياخشى سۆزلىيەلىگەن بولساممۇ، تۇيۇقسىز سورالغان سوئاللارنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا جاۋاب بېرىش، ياكى چەتئەللىك داڭلىق پروفېسسورلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ، بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار ئۈستىدە ئۇلاردىن سوئال سوراشقا توغرا كەلگەندە ئاجىزلىق ھېس قىلىمەن. مەن شۇ ياشلىق دەۋرىمدىكى ۋاقىتلارنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى، شۇ ۋاقىتلاردا تېخىمۇ كۆپرەك ئۆگەنمىگەنلىكىمدىن ناھايىتى ئۆكۈنىمەن. ئىسىت، شۇ ئالتۇندەك ۋاقىتلار!... مەن ھازىر ھېلىمۇ ھەم تەتقىقات ۋاقىتلىرىمدىن سىرت ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن. ئىنگلىزچە NOVA كەچلىك كۇرسلىرىغا ھەپتىدە ئىككى قېتىم بېرىۋاتىمەن. بىراق تىل ئۆگىنىش يەنىلا ياشلىق دەۋردىكىگە يەتمەيدىكەن.

مېنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىغا دېمەكچى بولغان تەۋسىيەم، ۋاقىتىڭلارنى چىڭ تۇتۇڭلار. «ۋاقىت دېگەن ئالتۇن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ياشلىق دەۋرىڭلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن چۈشەنگەن بىلەن بىكاركەن. ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى قايتۇرۇۋالغىلى، تولۇقلىۋالغىلى بولمايدىكەن. يەنە بىرى، ئەركىنكام تەكىتلىگەندەك، ھەرگىزمۇ «يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل يوق.» غايە-نىشانىمىز ئېنىق بولۇپ تىرىشىپلا ماڭىدىكەنمىز، راستىنلا ھەر قانداق پەللىگە يېتەلەيمىز. ئۇيغۇر ھەر قانداق مىللەت، خەلقتىن قېلىشمايدۇ. ھەتتا ئۇلاردىن

ئېشىپ چۈشۈشكە تامامەن قادىردۇر!
دىلشات ئابلا، بىلىۋال، 2005-12-12

(19) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
ماڭا بۇ تور بەت بەك ياقتى. بولۇپمۇ بۇگۈن ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىققا ئائىت سۆھبەتنى كۆرۈپ ناھايىتى خوش بولدۇم. بىزگە ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان مىللىتىمىزنىڭ پەخىرلىك ئالىملىرى، زىيالىيلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش پۇرستى يارىتىپ بەرگىنىڭلارغا مىڭ رەھمەت. تور بېتىڭلار كۈندىن كۈنگە روناق تېپىپ، تېخىمۇ زور تەسىرگە ئىگە بولغۇسى! ئاللا سىلەرگە تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى ئاتا قىلغۇسى! ئەركىن سىدىقتەك پەخىرلىك ئۇيغۇر ئالىملىرىمىزنىڭ ئىش-ئىزلىرى بىزدەك ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدىغان ياشلارغا ياخشى ئۈلگە بولغۇسى ۋە زور ئىلھام ئېلىپ كەلگۈسى!!! بىزگە ئاشۇنداق ئالىملىرىمىزنى يەنە داۋاملىق تونۇشتۇرۇپ تۇرۇشۇڭلارنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.
مەلۇم بىر تور بېتى. 2005-2-14.

(20) ئەسسالام ئەركىن ئاكا : Biliwal.com دىكى يۇرەك سۆزلىرىڭىزنى ۋە باشتىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتى ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىش تارىخىڭىزنى كۆرۈپ بەك ھەيران قالدىم، ھەم خوش بولدۇم. سىزدەك بىر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر تونۇدۇم. راستىنى ئېيتسام ھاياجاندىن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم... ئەركىن ئاكا مۇمكىن بولسا بارلىق تەجرىبە-ساۋاقلىرىڭىزنى قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ يازغان بولسىڭىز. سىزنىڭ ئاشۇ ماقالىڭىز بىز ۋە بىزگە ئوخشاش ئوقۇشنى خالاپ ۋەتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ئۇيغۇر باللىرىغا بىر كاتالىزاتور بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس... ئەمما ئەركىن ئاكا سىزگە بىر تەكلىپىم توردا ئانچە كۆپ ئۇيغۇرلار يوق، بەلكىم بولسىمۇ بەك ئاز. ئەگەر سىزگە مۇمكىن بولسا ئاشۇ ماقالىڭىزنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان بولسىڭىز، بەلكىم نۇرغۇن چاڭقىغان قەلبلەرگە ئۇسسۇزلۇق بولغان بولاتتى. ئاخىرىدا سىزنىڭ مەندەك بىر ئاددىي ئىنىڭىزنى كىچىك كۆرمەي جاۋاب خەت يازغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئەگەر مۇمكىن بولسا داۋاملىق خەت ئالاقە قىلىپ سىزدىن كۆپرەك نەرسە ئۆگەنسەم دەيمەن. بەلكىم سىز ئارقىلىق دۇنيا قارىشىم ئۆزگىرىپ قېلىشى مۇمكىن. خوش، ئاللا غا ئامانەت. ئائىلىڭىزگە بەخت تىلەيمەن. دەپ ئىنىڭىز 14-2-2005 .xxx. E-mail.

(21) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، يېقىندا تور بېتى كۆرۈۋېتىپ، سىزنى تونۇشتۇرغان ماقالىنى ئوقۇدۇم. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ماڭا بەكمۇ تەسىر قىلدى. سىزگە كۆپ رەھمەت. ئىرادەم تېخىمۇ كۈچەيدى. مەن ئۇيغۇرلار ئىچىدىن سىزدەك بىلىملىك كىشىنىڭ چىققانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلەندىم. مەن بىر قانچە يىللاردىن بېرى مالايسىيادىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا Computer Programmer كەسپىدا بىلىم ئاشۇرۇشنى ئويلاپ، ئۆزۈمگە ئىشىنەلمەي يۈرگەن، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىز ئىكەنلىكىمنى بىلگەندەك بولدۇم. مەن چوقۇم پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ ياخشى ئوقۇيمەن. سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنىڭ ئىنتايىن قىس ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويغىنىمنى كەچۈرۈڭ، يۈرەك سۆزلىرىمنى بىر دېيىشنى ئويلاپ سىزگە بۇ E-mail نى يازدىم. ئاخىرىدا ئۇلۇغ ئاللاھتىن سىزگە سالامەتلىك، جاسارەت، ئۇتۇق تىلەيمەن. E-mail، 18-2-2005

(22) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئەپەندى،

ياخشىمۇ سىز؟ سالامەتلىكىڭىز ۋە ئائىلىڭىز تىنچ-ئامانمۇ؟ سىزگە ناتونۇش بولساممۇ، مەن سىزنىڭ تور بېتىڭىزگە كىرىپ تۇرىمەن. يېقىندا تولىمۇ ياخشى سوئال-جاۋاب بولۇپتۇ. سىزدىن مەن بەك سۆيۈندۈم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىدارىمىزدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر نامىدىن سىزگە تەشەككۈرىمىزنى سۇنىمىز. جەمئىيىتىمىزدە ماددىي مەئىشەتنىڭ ئاۋاتلىقى بىلەن 10-30 يۈەنگە كىتاب سېتىۋالماي، بىز ھەتتا كىتاب قويۇپ قويساقمۇ ئوقۇش قىزغىنلىقى بەكمۇ تۆۋەن بولماقتا. كىتاب ئوقۇماسلىق، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق يەنىلا بىزدىكى مۇھىم خوجىلار ۋە گومىنداڭ زامانىدىن قالغان ئىللەتلەر بولۇپ، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن نەچچە ئەۋلاد تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. سىزنىڭ بىلىم ئىگىلەشكە بولغان غەيرىتىڭىز مېنىڭچە ياشلاردا تولىمۇ ياخشى تەسىر قىلغۇسى. ھازىر ئوقۇپ كەلگەن باللىرىمۇ ھۆكۈمەت بۆلمەيدۇ. ئۇلار ئوقۇشتىن ۋاقىتلىق سوۋۇش ھادىسىسى كۆرۈلمەكتە. سىزنىڭ يازمىڭىز ئۇلارغا زور ئىلھام بولغۇسى. E-mail، 20-2-2005.

(23) ئەركىن سىدىققا،

سىز توغرۇلۇق نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، سىز ھەم كىچىك باللارغا، ھەم ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، ھەم ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ئۆز كەسپىدە ئىجادىيەت يارىتىۋاتقان ئۇيغۇر ياش ئوغلانلىرىغا، ھەمدە ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارغا، بولۇپمۇ چەتئەللەردىكى دادىلارغا ئۈلگە بولىدىغان كىشى

ئىكەنسىز. سىزنى ئۇيغۇرلار ئۆچۈن ھەقىقىي «Role Model» دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزدىن سىزنىڭ ھەقىقىي مىللەتسۆيەر بىر ئەرباب ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىككى بالىڭىز (بىر قىز بىر ئوغۇل) بار ئىكەن. ئۇلار ئامېرىكىدا چوڭ بولۇپتۇ. يازغانلىرىڭىزدىن بىلىشكە بولىدىكى، سىز ئۇلارنى ئىنتايىن ياخشى تەربىيىلەپسىز. مەن ئىشىنىمەنكى سىزنىڭ باللىرىڭىز ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ياخشى سۆزلەيدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، ئامېرىكا ۋە باشقا چەتئەل دۆلەتلىرىدىكى كۆپىنچە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ چەتئەللەردە چوڭ بولۇۋاتقان باللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىل سەۋىيىسىگە كاپالەتلىك قىلالمايۋاتىدۇ. مېنىڭچە باللارغا ئۆز ئانا تىلىنى ئۆگىتىش ھەربىر ئۇيغۇر ئاتا-ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى. لېكىن ھازىر ئامېرىكىدىكى كۆپ ئاتا-ئانىلار بۇنىڭغا ئېتىۋار بەرمەيۋاتىدۇ. ھەتتا ئارىمىزدىكى بەزى خېلى يۈز-ئابرۇيى بار مىللەتپەرۋەر كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەربىيىسى، بولۇپمۇ ئانا تىل تەربىيىسىگە شۇ قەدەر سەل قاراۋاتىدۇ. بەزىلەر دەيدۇ، ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ياكى كىچىك كەلگەن باللارنىڭ ئۇيغۇر تىلى بولمايدىكەن دەپ. لېكىن، ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئىسپان (Spanish) باللارنىڭ ھەم ئىنگلىزچە ۋە ئىسپانچىنى تولۇق سۆزلەپ، قوش تىللىق بولۇپ چوڭ بولغىنىنى دائىم كۆرەلەيمىز. مەن ئۆز ئانا تىلىنى سۆزلىمەيدىغان ياكى سۆزلىيەلمەيدىغان ئىسپان باللارنى كۆرۈپ باقمىدىم. مېنىڭچە ئۇيغۇر باللارنىڭ ئىسپان باللار بىلەن تىل ئۆگىنىش قابىلىيىتى ئوخشاش، پەقەت ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ تىل ئۆگىتىش ئۇسۇلى ئاشۇ ئىسپان ئاتا-ئانىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كەتمىسە كېرەك دەپ ئويلايمەن. مېنىڭچە سىزنىڭ چوقۇم بىر تىل ئۆگىتىش ئۇسۇلىڭىز بولۇشى مۇمكىن. بولسا بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىڭىزنى دېسىڭىز، باشقا ئاتا-ئانىلارغا، ھەمدە بىزدەك كەلگۈسىدە ئاتا-ئانا بولىدىغان ياشلارغا بىر بىلىم بولۇپ قالاتتى.

بىر مىللەت ئۆچۈن تىلىنى يوقىتىش دىنىنى يوقىتىشتىنمۇ خەتەرلىك دەپتىكەن. چەت ئەلدىكى بىر تور بېتى، 2005-2-28.

**جاۋاب: مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ يازغان سەممىي خېتىڭىز ئۆچۈن سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت.**

**سىز ئوتتۇرىغا قويغان، ھازىر تۇغۇلۇپ ئۆسۈۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىلىنى قانداق قىلىپ يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار دۇچ كېلىۋاتقان بىر جىددىي مەسىلە. ئۇ يالغۇز چەت ئەلدىكى ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن شۇنداق بولۇپلا قالماي، بۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەندىكى ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈنمۇ بىر چوڭ مەسىلە بولىدۇ. مەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا ۋەتەندىكىلەر ئۈچۈن «سۆھبەت» نىڭ كېيىنكى**

سوئالىنىڭ جاۋابىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئەمدى چەت ئەللىكلەرگە كەلسەك، بۇ ئىش بالا تەربىيىلەشتىكى ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرسىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكىدا تۇغۇلغان ۋە ئامېرىكىغا ناھايىتى كىچىك يېشىدا كەلگەن پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلىنى ئىزچىل تۈردە ئۆگىتىپ، ئىنگلىز تىلى بىلەن رىقابەتلىشىپ كېلىۋاتقانلار خېلى بار. بىزنىڭ ئىككى بالىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىسىدە بىز قوللانغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئۇلارنى ھەر 2 ـ 3 يىلدا بىر قېتىم ۋەتەنگە ماڭدۇرۇش بولدى. لېكىن، بۇ يول ھەممە ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن ئوچۇق ئەمەس. مېنىڭ ئوغلۇم ئۇيغۇرچە يېزىشنى ئۆگىنىپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلىۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى. ئىمكان بولسا، بۇ يىل يازدا لوس ئانژېلىس شەھىرىدىكى ئۇيغۇر بالىلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇيغۇرچە ئۆگىتىش ئىشىنى باشلاشنىمۇ ئويلىشىۋاتىمەن. يالغۇز ئۆگەتكەنگە قارىغاندا، بىر گۇرۇپپا بالىلارغا ئۆگەتسە، ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆپ ياخشى بولىدۇ. شەنبە كۈنى بىر يەرگە يىغىلىپ، بالىلارغا بىر سائەت تىل ئۆگىتىپ، ئاندىن ئۇلارنى بىر سائەت ئويناشقا قويۇپ بېرىپ، بۇ جەرياندا ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشسا، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىر كىچىك «ئۇيغۇر مەدەنىيەت يۇرتى» شەكىللىنىدۇ. بۇ جەھەتتە شۆھرەت سەيدەخمەتنىڭ خېلى كۆپ تەجرىبىسى بار. ئۇنىڭ تەجرىبىسىنى ئاڭلاپ باقسىمۇ بولىدۇ. ھۆرمەت بىلەن، ئەركىن سىدىق. 2005 ـ 2 ـ 28.

(24) قايسى بىر ئۇلۇغ ئەدىب مۇنداق دېگەنىكەن: «شەخسىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىدا تۇرغانلىقى بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ. ھەر قانداق بىر مىللەت ھەقداسى ئۆز مىللىتىگە پەقەت توختاۋسىز ھالدا مىننەتسىز تۆھپە قوشالىسىلا ئاندىن ئۆز خەلقىگە، ئۆز ۋەتىنىگە يۈز كېلەلەيدۇ.» شۇنىسى ئېنىقكى بۇنداق ئوت يۈرەك كىشلەرنىڭ ۋەتەن كۆز-قارىشى بىزگە ئوخشمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارغا بۇ مىللەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە باش بولالىغۇدەك زور بىر تۈركۈم زىيالىيلار جىددىي كېرەك. بۇ ساھەدە ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە ئوخشاش كىشلەر كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. ئاخىرقى ئۈمىد يەنىلا بىزدە! بىلىك تور بېتىدىن، 2005-3-3.

(25) ئەركىن ئاكا، مەن بىر دوستۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن www.biliwal.com گە كىرىپ تور ساھىبىنىڭ سىزنى زىيارەت قىلغان زىيارەت خاتىرىسىنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر

بولدۇم (بۇ ئۆمرۈمدە مېنى ئاڭ ھاياجانغا سالغان بىر ئوقۇشلۇق). مەن زىيارەت خاتىرىسىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر مىللىتىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل مۇنەۋۋەر پەرزەنتى بارلىقىنى بىلمىگەنىكەنمەن. مەن ئويلاپ قالدىم: ئەگەر شۇ زىيارەت خاتىرىسىنى ھەممە ئۇيغۇرلار (بولۇپمۇ ياشلار) كۆرەلىگەن بولسا، ئۆزى ۋە مىللىتى ئۈچۈن بەكمۇ ياخشى ئىش بولغان بولاتتى. (بۇنى ۋەتەندىكى كىتابلاردا بېسىپ چىقىرىش بەك تەس، سىز بۇنى بىلىسىز.) سىزنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرگەن شان-شەرەپلىرىڭىزگە مىللىتىمىز چوقۇم كۆپلەپ رەھمەت ئېيتىدۇ! ۋەتەنداشلار سىزدىن پەخىرلىنىدۇ. ئاللا تېنىڭىزگە ساغلاملىق ۋە بەك ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن!!! تەتقىقات ئىشلىرىڭىز بەكمۇ ئۇتۇقلۇق بولسۇن. سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئەركىن ئاكا! (خەتنى كونا يېزىقتا يازاي دېسەم كومپيۇتېردا بۇ ئىقتىدار يوق. خەنزۇ يېزىقىدا يېزىشقا كۆڭلۈم بارمىدى. كومپيۇتېر يېڭى يېزىقنى تولۇق بىلمەيمەن. تۈزىتىپ ئوقۇپ كېتەرسىز. مالال قىلدىم) مەلۇم ئىدارىدە ئىشلەپ تۇرغۇچى ئۇيغۇر ئىنىڭىزدىن. E-mail، 2005-3-11.

(26) ئاللاھ ئۇلۇغ ئارزۇلارنى پۈككەنلەرنى بىر مەھەل ئاللىقانداق كىشىلەرنىڭ تەمتىرىتىشىگە يولۇقتۇرسىمۇ، يەنە ئەقىل كىشىلىرى ئارقىلىق توغرا يولغا يېتەكلەتكۈزىدىكەن. ئەركىن سىدىق ئەپەندىم بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى تولۇق چۈشىنىپ، ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ خەت يېزىپتۇ، مىڭلارچە تەشەككۈر. ئەليار ئەپەندىمنىڭمۇ ئەل ئۈچۈن شۇنچە جاپالار بىلەن سىڭدۈرگەن ئەجرى يەنە ئاشۇ ئوت يۈرەك ئالىمىمىز ئارقىلىق قايتىدىن يورۇققا چىقتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالىمغا يەنە بىر نۆۋەت رەھمەت. بىلىك تور بېتىدىن، 14-3-2005.

(27) ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنىڭ سىرتتىكى قېرىنداشلارنىڭ ئاۋازىنى، ئىنكاسىنى بەك ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن سىزنىڭ يازمىلىرىڭىز ۋەتەندە ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىدى. بۇ توغرۇلۇق ھاياجانلىق تىلەكلەر ۋە ئىنكاسلارنى مەن بىرمۇ بىر دەپ بولالمايمەن. سىز بىز ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ئۆزىڭىزنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىڭىزنى تولۇق قوشتىڭىز. بۇ قېتىملىق سۆھبىتىڭىز بىزنىڭ مۇزلاپ قالغان قەلبىمىزنى ئىللىتسا، تەۋسىيەلىرىڭىز يۈرەكلەرنى تىترەتتى. سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزدىكى چىنلىق بەك ياخشى ئەكس ئېتىپتۇ، شۇڭىمۇ بۇ سۆھبەت بەك تەسىرلىك چىقىپتۇ. مەن XXX كۇلۇبىدىكى 900 گە يېقىن قېرىندىشىمىز نامىدىن سىزگە ئوتلۇق سالام يوللايمەن، ۋە جاۋاب يازغانلىقىڭىزغا

رەھمەت ئېيتىمەن. E-mail، 15-3-2005.

(28) ناھايىتى ياخشى مەزمۇن ئىكەن. مەن ئىشخانامدىكى خەنزۇ يولداشلارغا مۇۋاپىق تەرجىمە قىلىپ بەردىم ۋە باشقا ئۇيغۇرلارغىمۇ كۆرسىتىپ قويغان ئىدىم، قايىل بولمىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى. بىلىك تور بېكىتىدىن، 16-3-2005.

(29) ئەسسالام ئەركىن ئاكا ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ تېنىڭىز سالامەت، ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق تۇرۇۋاتامدۇ؟ بەلكىم سىز ھازىر بۇ E-mail نى كىم قىلغاندۇ، نېمە ئۈچۈن قىلغاندۇ دەپ ئەجەبلىنىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. مەن سىزنىڭ تور بېتىڭىزنى ۋە ئائىلە ئەھۋالىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن سىز بىلەن خەت ئالاقە قىلىشنى ئويلاپ قالدىم ، ۋە E-mail يېزىۋاتىمەن. سىز ھەقىقەتەن بەك جۈرئەتلىك ۋە تىرىشچان ئىكەنسىز. سىزنىڭ بۇرۇنقى ھايات ئەسلىمىڭىزنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى دۇنيادا خۇددى كېرەكسىز ئادەمدەك ھېس قىلىپ قالدىم. ئويلاپ باقسام مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر ئىش قىلىپ باقماپتىمەن. سىزدىن خىجىل بولۇۋاتىمەن... سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزنى كۆرۈپ مېنىڭ ھايات نىشانىمدا بىر بۇرۇلۇش پەيدا بولدى. مەن سىز بىلەن داۋاملىق سىردىشىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. بىزنىڭ تۇنجى قېتىملىق خەت ئالاقىمىز بولغاچقا مەن خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي. سىزگە مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت تىلەيمەن. E-mail، 19-3-2005.

(30) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەركىن ئاكا. ياخشى تۇردىلىمۇ؟ مەن يازغان خېتىمنى سىلىگە تېگەرمۇ-تەگمەسمۇ دەپ بىر ئەندىشە ئىچىدە يازغان ئىدىم. سىلىدىن خەت كەلگىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. سىلىنىڭ سۆھبەت خاتىرىلىرى ئارقىلىق مەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىمنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. مېنىڭچە سىلىنىڭ ھەر بىر سۆزلىرى ئۇيغۇر ياشلىرىمىزنى يېڭىچە بىر يولغا باشلايدۇ. بولدى كۆپ سۆزلەپ سىلىنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئالماي. ئائىلىڭىزگە بەخت، تەنلىرىگە سالامەتلىك تىلەيمەن. E-mail، 20-3-2005.

(31) يېقىندا مەن سىزنىڭ بىلىۋالدىكى سۆھبىتىڭىزنى ئوقۇدۇم، ھەمدە سىزنىڭ

ھاياتىڭىز توغرىسىدا بىر ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ئۇ بەك كەڭرى دائىرىلىك ئىكەن. مەن ئويلايمەنكى، بۇ يازغىنىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بىزنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرىمىزغىمۇ زور ئىلھام بېغىشلايدۇ. ماقالە ئىنتايىن تەرتىپلىك يېزىلىپتۇ. سىزنىڭ يەھۇدىي دوستىڭىز ئالېكس تەكلىپ قىلغاندەك، مەن سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىزنى بىر پۈتۈن كىتاب شەكلىدە ئوقۇشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ئاشۇنداق ئۈمىدتە تۇرۇۋاتقانلار ئىنتايىن كۆپ. E-mail، 2005-3-20.

(32) مەن راستىمنى ئېيتسام، بۇ زىيارەت خاتىرىسى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرمىدى دەپ ئېيتالمايمەن... ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە ھەققەتەن بارىكاللا دېيىشكە ئەرزىيدىغان تىرىشچان كىشىكەن. ھەمدە ئۆزىنىڭ شۇ تىرىشچانلىقىنىڭ بەدىلىگە چۈشلۈق بىلىممۇ ئالالاپتۇ. مېنى ئۇنىڭ ھارماي-تالماي ئۆگىنىش روھى ھەققەتەن تەسىرلەندۈردى. مەن خۇدا خالىسا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمدا ئۆزۈمگە ئۇنى ئازراق بولسىمۇ ئۆرنەك قىلايمىكىن دەيمەن... ئاللاھ بۇ كىشىگە تېخىمۇ زور كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلسۇن! ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ئاتا قىلسۇن! بىلىك تور بېكىتىدىن، 2005-3-20.

(33) ئالدى بىلەن سىزگە ھەم ئائىلىڭىزگە سالامەتلىك ۋە خۇشاللىق تىلەيمەن. بەلكىم مېنىڭ بۇ خېتىمنى ئوقۇپ ھەيران قالغانسىز، ۋە ياكى ئۇنداق ئەمەستۇ. مەن بۈگۈن تورغا چىقىپ تۇيۇقسىز سىزنىڭ تور بېتىڭىزنى كۆرۈپ، سىز بىلەن پىكىرلىشىپ بېقىش يۈزىسىدىن سىزگە بۇ خەتنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. مېنىڭمۇ شۇنچە چەتكە چىقىپ بىلىم ئاشۇرغۇم، ئۆزۈمنىڭ بىلىمى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغۇم بار ئىدى، بىراق بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىشقا ئاشماي كېتىۋاتىدۇ، ياكى مەن يولنى توغرا تاللىيالمىدىممۇ بىلمىدىم. بۈگۈن كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم... نېمىشقىدۇر يېقىندىن بېرى نېمىلا ئىش قىلسام ئوڭۇشلۇق ئەمەس. شۇڭا ئېقىم بىر ئاز سىقىلىپ قالدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ۋە ياكى مېنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان يولۇم، كۆز-قارىشىم توغرا ئەمەسمۇ؟ ھېچ بىلمىدىم... بىراق بۈگۈن سىزنىڭ بىز ياشلارغا يازغان خېتىڭىزنى، سۆھبەت خاتىرىڭىزنى كۆرۈپ ئۆز نىشانىم كاللامدا ئازراق بولسىمۇ نامايان بولدى. سۆھبەت خاتىرىڭىزنى كۆرۈپ شۇنچە روھلاندىم، ھەم ئىشەنچ تېپىۋالدىم. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەن چوقۇم ئۆز نىشانىمغا يېتىمەن. بۈگۈن مەن شۇنچە ئويلاندىم. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدىغىنى ئويلاندىم. ئاخىرى ئويلىنىپ ئۆزۈمنىڭ

تۇتقان يولۇمنىڭ توغرا بولسىمۇ، بىراق ئۆزۈمگە مۇناسىپ، ئۆزۈمنى ھەقىقىي يېتىشتۈرىدىغان، ئۆزۈمگە لايىق يولنى تاپالمىغانلىقىمنى، قىسقىسى قايسى يولدا مېڭىشنى بىلمىگەنلىكىمدىن، بۈگۈنكىدەك كۈنگە قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. گەرچە سىزنىڭ بۇ خەتنى ئوقۇيدىغان ياكى ئوقۇمايدىغىنىڭىزنى، ياكى ئوقۇغاندىن كېيىن جاۋاب خەت يازىدىغان ۋە ياكى يازمايدىغانلىقىڭىزنى بىلمىسەممۇ، بىراق سىزگە يەنىلا يازدىم. سىزنىڭ چوقۇم جاۋاب خەت يازىدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن. مەن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن زادى ئىشلىرىمنى نەدىن باشلاي؟ سىز مۇشۇ ھەقتە ماڭا مەسلىھەت بېرەلەمسىز؟ ئەگەر مىللىتىمىزدە، كۈندىلا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشنى بەخت بىلىدىغان، بىر-بىرىنى كۆرەلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈپ يىغلايدىغان، يىغىسىنى كۆرۈپ كۈلىدىغان، كۆرەلمەسلىكنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك جورا قىلىۋالغان، يەتتە ئەزايى ساق، بىراق ئىچكى روھىي دۇنياسى ئاللىقاچان تۈگەشكەن ئادەملەرنىڭ ئورنىغا، سىزدەك ئويلىنىدىغان، سىزدەك تىرىشىدىغان، سىزدەك ئىزدىنىدىغان كىشىلىرىمىز كۆپەيگەن بولسا ، ئۇ ۋاقىتتا بۇ دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل بولغان بولاتتى. E-mail، 2005-3-21.

(34) خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم ھەم ئالەمچە خوش بولدۇم. سىزگە كۆپ رەھمەت! بۈگۈن بىر كۈن بولدى «بىلىۋال» دىكى سۆھبەت خاتىرىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم. كىشىلىرىمىزنىڭ دائىم ئۇيغۇر مىللىتى ئۇنداق-مۇنداق دەپ قاقشاپ يۈرگىنىنى ئاڭلايتتىم. بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنياغا ئۇيغۇر بولۇپ كۆز ئاچقىنىمدىن يەنە بىر قېتىم تاتلىق سۆيۈندۈم، ھەم ئۆزۈمنى تونۇپ يەتتىم. E-mail، 2005-3-28.

(35) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ھۆرمەتلىك ئەركىن مۇئەللىم ياخشىمۇ سىز. ئائىلىڭىز ئامانگۈل ھەدىمىز، پەرزەنتلىرىڭىزدىن سىڭلىمىز دىلنارە ۋە ئىنىمىز دىلشاتلار ئوبدان تۇرۇۋاتقاندۇ؟ مەن سىزنىڭ ئائىلىڭىزنىڭ خاتىرجەم، تۇرمۇشىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك، خىزمەتلىرىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن. ئەمدى ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. مەن بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولىمەن. بۈگۈن تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە سىزنىڭ www.biliwal.com تور بېتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ بەرگەن جاۋاب خاتىرىڭىز قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. ھەدەپ دەرس ئۆتۈۋاتسام بىر ئوقۇغۇچى بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇرۇپ بىر نەرسىنى كۆرگىلى تۇرۇپتىكەن. بېرىپ تارتىۋېلىپ قارىسام ئىنتېرنېت ئۇيغۇرچىسىدا يېزىلىپ پرىنتېردا بېسىپ چىقىلغان بىر ماتېرىيالىكەن. ئەسلىدە بۇ

باشقا ماتېرىيال بولسا «مۇشۇنداق چاغدىمۇ دەرستىن باشقا ماتېرىيال كۆرەمسەن؟» دەپ كاللىسىغا شۇ دەپتەر بىلەن بىرنەچچىنى قويماقچى ئىدىم. چۈنكى تولۇق 3-يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا يەنە 70 نەچچە كۈنلا قالغان. ئېلىپ قارىسام 1-بەتتىلا سىزنىڭ ئىسمىڭىز تۇرىدۇ. مەنمۇ سىزنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىڭىزنىڭ بىرى بولغاچقا، ئارتۇق گەپ قىلماي تارتىۋېلىپ، ئىشخانىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. گەرچە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھتىن باشقىغا چوقۇنۇش ھارام بولسىمۇ، مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا مۇئەللىملىرىمىزدىن سىز توغرىسىدا رىۋايەت خاراكتېرلىك گەپلەرنى بەك كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. بىزگە دەرسكە كىرگەن ئوقۇتقۇچىلا بولسا سىزنى ماختاپ سۆزلەپ بېرەتتى. شۇڭا گەرچە سىز بىلەن بىرەر قېتىم كۆرۈشمىگەن بولساممۇ، سىزگە غايىۋانە چوقۇنۇپ، سىزنى ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىۋالغان ئىدىم. ئەركىن مۇئەللىم، خۇددى خىزمەت دوكلاتىغا ئوخشاش بۇ ئۇزۇن خەتنى يېزىپ ۋاقتىڭىزنى ئالغانلىقىم ئۈچۈن سىزدىن ئالاھىدە ئەپۇ سورايمەن. ئاخىرىدا سىزنىڭ ۋاقتىڭىز چىققان ئەھۋال ئاستىدا ئېغىر كۆرمەي خېتىمدىكى ئەرزىمەس سوئاللىرىمغا جاۋاب قايتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. تېنىڭىزگە سالامەتلىك، ئائىلىڭىزگە خاتىرجەملىك، خىزمىتىڭىزدە تېخىمۇ زور ئۇتۇق قازىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا تېخىمۇ تونۇتۇشىڭىزغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. E-mail، 29-3-2005.

(36) ھازىرچە مەن سورايدىغان باشقا ئىشلار قالمىغان ئوخشايدۇ. چۈنكى مەن سورىماقچى بولغان مۇھىم سوئاللار سورىلىپ، ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى تورلارغىمۇ چىقىپ بولۇپتۇ. مەن ئۇلارنى قەغەزگە بېسىپ چىقىرىپ، ئۆزۈمنىڭ ئەڭ مۇھىم كىتابى قىلىۋالدىم. مەن ۋاقتىم بولسىلا بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇيمەن. ئېلخەت، 1-4-2005.

(37) Biliwal.com دىكى سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. سىزنىڭ تارتقان جاپايىڭىز ۋە تىرىشقانلىقىڭىزغا ھازىرقى نەتىجىلىرىڭىز لايىق ئىكەن ئاكا. بىز ھەممىمىزدە سىزدىكىدەك تىرىشچانلىق ۋە جاپاغا چىداش روھى بولسىچۇ؟ شەخسەن مەندىمۇ يوق. بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلۇممۇ بەكلا خاتا ئىكەن. بۇ خېتىممۇ بارارمۇ؟ ... سىز ھەقىقەتەن ئىرادىلىك ھەم قەيسەر ئىكەنسىز. سىزدەك ئۆگىنىش روھى ھەممە ئۇيغۇرىمىزدا بولسىچۇ دەپ ئويلاپ كەتتىم. ئاددىيسى ئۆزۈمدىمۇ يوق ئىكەن. ئاللاھ تارتقان جاپايىڭىزنىڭ

مېۋىسىنى بېرىپتۇ. ئوغلىڭىز دىلشاتنىڭ ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرۈپلا مەنمۇ يىغلاپ تاشلىدىم. ئۇ ئىنىممۇ بەكلا ئەقىللىق چوڭ بوپتۇ. بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلۇممۇ ياخشى ئەمەس ئىكەن مېنىڭ، چوقۇم سىز سۆھبەتتە يازغاندەك تەربىيىلەشكە تىرىشىمەن. رەھمەت سىز گە ئەركىن ئاكا. مەن يەنە سىزنىڭ ئايالىڭىز ئامانگۈل ھەدەمگىمۇ بەك قايىل بولدۇم. سىز ئۈچۈن كۆپ جاپالارنى چېكىپتۇ. مەن ئۇ ھەدەمگىمۇ كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىمەن. ئۇ ھەدىمىز بىز ئۇيغۇر ۋاپادار، مېھرىبان ئاياللارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇشقا ئەڭ لايىق ئىكەن. مەن سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇپ كۆپ يەرلەردە كۆز يېشى قىلدىم. E-mail، 1-4-2005.

(38) ياخشىمۇ سىز. مەن بىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى بولىمەن. بۈگۈن توردىن سىز بىلەن بولغان سۆھبەتنى كۆرگەندىن كېيىن سىزدەك بىر ئۇيغۇرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەندىم، ھەمدە سىز بىلەن ئالاقىلىشىپ بېقىش مەقسىتىگە كەلدىم. راستىنى دېسەم چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا قىزىقىمەن. سىزنىڭ شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىڭىزدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. خالىسىڭىز ئالاقىلىشىپ تۇرساق، سىزدەك بىلىم ئەھلىدىن تەلىم ئالغۇم بار. سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن . E-mail، 2-4-2005.

(39) ھەپتە ئاخىرى بىر سائەتلىك پىلان بىلەن ئىنتېرنېتتىكى يېڭى خەۋەرلەرنى كۆرۈش مەقسىتىدە، www.biliwal.com گە كىرىپ كەلدىم. ئۇ يەردە سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ يازغان سۆھبەت خاتىرىڭىزنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى توختىتىپ قالالماي، ئاخىرىغىچە ئوقۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئاخشامدىن بېرى دانا ھەم ئەملى تەجرىبىلىرىڭىز بىلەن يۇغۇرۇلغان پىكىرلىرىڭىزنى ئۆزۈمنىڭ 7 يىللىق چەت ئەلدىكى ھاياتىم بىلەن تەتبىقلاپ قايتا-قايتا ئويلىدىم. ھەم بۈگۈن بۇ ئاددىي E-mail نى ئارقىلىق سىزگە ۋە سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولغان ئايالىڭىز ئامانگۈل ھەدىمىزگە سالام بېرەي دەپ بۇ خەتنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

سىزنى بىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتلىرىمىزدىلا ياخشى بىلەتتۇق. لېكىن ياش پەرقىمىز تۈپەيلى، ئۇ ۋاقىتتا بىۋاستە تونۇشۇش شەرىپىگە نائىل بولالمىغان ئىدۇق. چەتئەلدە كۆرگەن بىلگىنىم، تۇرمۇش جەھەتتىكى كەچۈرمىشلىرىم، كۆپ جەھەتلەردە سىزنىڭكىگە ياكى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، سۆھبەت خاتىرىڭىزنى ناھايىتى قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. سىزنىڭ

يەتكۈچە ئالدىراشلىقىڭىز ماڭا ئايان. شۇنداقتىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ، بۇ قىممەتلىك سۆھبەت خاتىرىسىنى ۋەتەنداشلارغا سۇنغىنىڭىزدىن كۆپ سۆيۈندۈم، خوش بولدۇم. بىر قىسمىنى ئاللىقاچان ۋەتەندىكى بىر يازغۇچى بۇرادىرىمگە ئەۋەتىپ بەردىم. مەقسىتىم بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى بىر ئامال قىلىپ ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش.

--ئۇيغۇر خەلقى سىزدىن، بىزدىن كۆپ ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ. ساناقلىق قېلىپ قالغان ئازغىنا ئىمكانىيەتلىرىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارغا ئازدۇر-كۆپتۇر مەنىۋى ئوزۇق بېرەلىسەك، ئۇلار سىز-بىزدىن مىڭ مەرتىۋە خۇشال بولىدۇ.

--قىسقىسى، سۆھبەت خاتىرىڭىزدىن ھېس قىلغان «ئوچۇق-يورۇق، ئەستايىدىل، كەمتەر، راستچىل» پەزىلىتىڭىز، مېنى سىزگە بۇ خېتىم ئارقىلىق تونۇشلۇق بېرىشكە ئۈندىدى. بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئالاقە قىلىپ تۇرۇشقا ئىنتىزارمەن.

ئاخىرىدا خىزمىتىڭىزگە تېخىمۇ كۆپ نەتىجە، ئائىلىڭىزگە بەخت-سائادەت تىلەيمەن. ئامانگۈل ھەدەمگە مېنىڭ ئالاھىدە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويارسىز. E-mail، 3-4-2005.

(40) ئەسسالام ئەركىن ئاكا، ياخشىمۇ سىز؟ ئايالىڭىز ۋە باللىرىڭىزمۇ ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ سىزگە ئەزىز ۋەتىنىم، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ سىزگە بولغان ئېيتىخارغا تولغان سېغىنىشلىق سالىمىنى يەتكۈزۈۋاتىمەن. ۋەتىنىم ۋە خەلقىم سىزدەك ئوغلىدىن پەخىرلىنىدۇ.

مەن ئاددىي بىر ياش ئوقۇتقۇچى.ئىلىم-پەنگە ئاجايىپ مۇھەببىتىم ۋە قىزىقىشىم بار. كېيىنچە ئامېرىكىدا يادرو فىزىكىسى كەسپىدە دوكتورلۇق ئوقۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن. biliwal.com دىن سىز بىلەن سۆھبەتنى ئوقۇپ رەسىمىڭىز ۋە سۆھبەت خاتىرىسىنى بېسىپ چىقىرىپ، باللارغا «بىزنىڭ مۇشۇنداق ئالىملىرىمىز بار، ياخشى ئۆگىنىڭلار» دەپ تەربىيە بەردىم. سىزگە مۇشۇ خېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك تەگسە، ئېغىر كۆرمەي ماڭا قىممەتلىك ۋاقتىڭىزدىن بىر ئاز چىقىرىپ خەت يېزىۋېتىڭ، مەن نائۈمىد قالماي. كەچۈرۈڭ، ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم. ئاخىرىدا بىز سىزنىڭ نوبېل مۇكاپاتى ئېلىشىڭىزغا تىلەكداشمىز. خۇدا سىزنى ئامان قىلسۇن. E-mail، 5-4-2005.

(41) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا، سالامەتمۇ سىز؟ مەن ۋەتەندە ئەمدىلا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىر ئورۇندا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر يىگىت. مۇندىن بىر نەچچە يىللار بۇرۇن دوكتور نەبىجان تۇرسۇن ئۆزىنىڭ «موسكۋا خىياللىرى» ناملىق يازمىسى ئارقىلىق ۋەتەن سىرتىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئالىملىرى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەندە،

ۋەتەن ئىچىدە بىر زىلزىلە پەيدا قىلغان ئىدى. چۈنكى، تەكرار-تەكرار ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى كۆپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئەمدى سىز ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئىگە بولدۇق. بۇمۇ بىر ھاياجانلىق كەيپىياتنى پەيدا قىلدى. نەبىجان تۇرسۇن ئامېرىكىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تور بېتىدە «ئاقساراي خىياللىرى» ناملىق بىر يازمىنى ئېلان قىلدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ تور بېتىنى ۋەتەن ئىچىدە كۆرگىلى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەن ئىچىدە نەبىجان تۇرسۇن ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ يوقالدى. ھېلىقىدەك ئېسىل يازمىلارمۇ يوقالدى. نەق گەپنى قىلسام، سىز ئامېرىكا پۇقراسى، ئوخشىمىغان كۆز-قاراش تۈپەيلى ئاۋارىچىلىككە ئۇچراشتىن يىراق. لېكىن بىز ئۇنداق ئەمەس، بۇنى سىز ئوبدان بىلىسىز. سىزنىڭ نېمە ئىشنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقىڭىزنى دەپ بېرىشكە ھەددىم ئەمەس، لېكىن مەن سىز ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ ۋەتەن ئىچىدە ئۈن-تىنسىز يوقاپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلىمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شۇنداق بولسا، سىزمۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قىلىۋاتقان خاسىيەتلىك ئىشلارنى نورمال داۋاملاشتۇرالماي كۆڭلىڭىز يېرىم بولىدۇ. ئەلۋەتتە، مەن سىزنىڭ تور بېتىڭىز ياكى سۆھبىتىڭىزدىن دائىرىلەر نارازى بولىدىغان مەزمۇنلارنى ئۇچراتمىدىم. مېنىڭ ئۈمىدىم: ئىشلار مۇشۇنداق بولىسكەن. مەلۇم بىر سەۋەبلەر (سىزنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ) تۈپەيلى بىزنىڭ سىز بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالىدىغان كۈنلەر كېلىپ قالسا، بۇ بىزگە نىسبەتەن بىر يوقىتىش بولۇپ قالىدۇ. سىزمۇ بۇنىڭدىن پەرىشان بولىسىز. مەن گەرچە كىچىك بولساممۇ، لېكىن تالاي ئىلمىي ئەمگەكلىرىم ئىلمىي نۇقتىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، باشقا نۇقتىدىن رەت قىلىنغاچقا، بىھۇدە ئاۋارىچىلىكنى كۆپ تارتقان ئادەممەن. مۇشۇ نۇقتىدىن سىزگە خەت يېزىشنى ئويلاپ كېلىۋاتقان بولساممۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمىغان ئىدىم. لېكىن سىزنىڭ «ھەممىڭلار مېنىڭ ئىنىم، سىڭلىم...» دېگەن يۈرەكنى تىترىتىدىغان سۆزلىرىڭىز ئېسىمگە كېلىپ بۇ خەتنى يازدىم. سىز ئىش ئۇقىدىغان ئادەم. مېنىڭ بۇ خېتىمنى توغرا چۈشىنىدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن. مەن سىز بىلەن ئالاقىنى ساقلاش ۋە بىر مۇنچە مەسىلىلەر ئۈستىدە ئورتاقلىشىش ئۈمىدىدە. سىز ۋە ئائىلىڭىزگە ئېسەنلىك تىلەپ: ئىنىڭىزدىن . E-mail، 6-4-2005.

(42) ھۆرمەتلىك ئەركىن! سىزگە، سىز ئارقىلىق ئامانگۈل، قىزىڭىز، ئوغلىڭىزغا مەندىن ۋە پۈتۈن ئائىلەمدىن سېغىنىپ سالام. بىلىك تور بېتىدە تورداشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىڭىزنى، كۆرۈپ سىزنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئوقۇش، تۇرمۇش ، خىزمەت ئەھۋالىڭىزنى ئوقۇپ، ناھايىتى ھاياجانلاندىم، ۋە سىزدەك ساۋاقدىشىمىزنىڭ ھەر ۋاقىت ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ شان-شۆھرىتى، غۇرۇرى ئۈستىدە

ئىزدىنىشۋاتقانلىقىڭىزدىن پەخىرلەندۇق، ئىپتىخارلاندۇق...

ئەركىن سىز ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ ئىشلارنى قىلىپسىز. مەن بۇ ئەھۋاللارنى دوست-بۇرادەرلەرگە سۆزلەپ بەردىم. مېنىڭ ئايالىممۇ سىزنىڭ سۆھبىتىڭىزنى ئوقۇپ ناھايىتى تەسىرلىنىپ، سەن ئاشۇنداق ياخشى، بىلىم ئىگىسى بىلەن راست بىر سىنىپتا ئوقۇغانمۇ، دەپ قايتا-قايتا مەندىن ئىشەنمىگەندەك سورىدى. پۈتۈن سۆھبەتنى ناھايىتى ياخشى، تەسىرلىك، ھەقىقىي يېزىپسىز. سىز بىلەن 5 يىل بىر سىنىپتا ئوقۇپ، سىزنى تولۇق چۈشىنىمەن، دەپ ئويلايتتىم. بۇ سۆھبەتنى ئوقۇپ، سىزنى ئاندىن تولۇق چۈشەندىم. سىزنىڭ ئۇلۇغ ئادەم بولۇشىڭىزنى، دۇنيادا باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىپ، بىزلەر ئۈچۈن شان-شەرەپ، شان-شۆھرەت قازىنىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمىز... E-mail، 2005-4-14.

(43) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەركىنجان ئاكا قانداق ئەھۋالىڭىز؟ تېنىڭىز سالامەت، ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق كېتىپ بارامدۇ؟ تۇرمۇشىڭىز بەختلىكمۇ؟ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تىنچلىقمۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ تەتقىقات تېمىڭىز ئۈستىدە بىر يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شەرەپ قۇچالىدىڭىزمۇ؟ مەن سىزگە ئىشىنىمەن! ... مەن سىزنىڭ نامىڭىزنى ئاڭلىدىم. بىزنىڭ بىر خانىمىمىز توردا سىز بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئوقۇپتىكەن. بىزگە شۇ سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا باستۇرۇپ بىزگە تارقىتىپ بارغان ئىدى. مەن شۇلارنى ئوقۇپ، سىز بىلەن بىر پاراڭلىشىش نىيىتىگە كېلىپ قالدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويىدىغان بولدۇم. مەن سىزنىڭ ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان مىللەتنى دۇنياغا تونۇتقانلىقىڭىزنى، ھەم بۇندىن كېيىن يەنە شۇ يولدا ھارماي ئىزدىنىشۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلىغىنىمدا سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار بولىمەن. لېكىن بىز سىزدەك بىر ئالىمىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ، ھېچنېمە قىلماي ئولتۇرساق قاملاشمايدۇ. سىزنىڭچە توغرىمۇ؟ مەنمۇ سىزگە ئوخشاش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتتىن كەم ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ، پۈتۈن دۇنياغا شۇنى جاكارلاش نىشانىم بار. لېكىن مەن ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن. سىز بۇ ھەقتە چوقۇم نۇرغۇن تەجرىبە ساۋاقلارغا ئىگە دەپ ئويلايمەن. سىز ماڭا چوقۇم توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيسىز. شۇنداقمۇ؟ ... E-mail، 2005-4-15.

(44) مەن بىر كۈنى دوستلار بىلەن ئىختىيارى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئالىم ئەركىن

سىدىق ئەپەندى ھەققىدە پاراڭغا ئارىلىشىپ قالدىم. دەسلەپتە راستىنى دېسەم چىن پۈتەلمىدىم. چۈنكى، بۇ دۇنيادا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى چوڭ بولغانسېرى ھېس قىلغان ئىدىم. بىراق، بارا-بارا ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. يەر شارىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، بىزنىڭ قېرىنداشىمىز، پۈتكۈل دۇنيانى قارام قىلغان ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادى، ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ساھەسىدە زور ھەجىملىك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ، ھاياجىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئويلاپ باقسام بىز ئۇيغۇرلار جاھان سەھنىسىدە ھېلىھەم مەۋجۇتلۇقىمىزنى يوقىتىپ قويماپتىمىز. پەخىرلىنىمىز. ئۇزۇن ئۆمۈر سىزگە يار بولغاي. بىز ئۇيغۇر. ياشا ئۇيغۇر ئەۋلادى. بىلىك، 16-4-2005.

(45) مەن سىزنىڭ سۆھبەت خاتىرىڭىزنى كۆرگەندە، شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى، سىزگە بولغان ھۆرمىتىمنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئەمما، بۇ تور بەتكە يېڭى ئەزا بولۇپ كىرىپ، مېنىڭ كۆزۈمگە چېلىققىنى سىزنىڭ سۆھبەت خاتىرىڭىز بوپتۇ. رەھمەت مۇزلىغان قەلبلەرگە ئىللىقلىق ئاتا قىلدىڭىز. بەلكىم مۇشۇ تور بەتتىكى ئەزا دوستلارمۇ شۇنداق ھېسسىياتقا كەلدى، دەپ ئويلايمەن. ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل. بىكار ۋاقتىڭىز بولسىلا بۇ قەلبلەرگە ئىللىقلىق ئاتا قىلغايسىز. بىلىك، 19-4-2005.

(46) ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا. قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ئاللاھ سىزدەك ئەزىز بەندىسىنى ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ئورۇندا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ۋە ئىشلىرىڭىزنى ئوڭۇشلۇق قىلغاي. سىزنىڭ ماڭا قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەرگىنىڭىزگە چىن قەلبىمدىن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. سىزدەك دۇنياغا تونۇلغان بىر ئالىمنىڭ بىزدەك بىر ئادەمگە سەمىمىي مەسلىھەت بەرگەنلىكىڭىز مېنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلدى ۋە تەسىرلەندۈردى. مەن ھەقىقەتەن دۇنيادا ئاللاھنىڭ سىزدەك سەمىمىي بەندىسىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنەتتىم. ھامان ئويلىغىنىمدەك بولدى. سىز ھەقىقەتەن چوڭ غەلبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپسىز. سىزگە ھەر دائىم غەلىبە، بەخت ۋە خۇشاللىق يار بولسۇن [ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنداقلا بىزنىڭ پەخرىمىز]. مېنىڭ ئىشىمغا كەلسەك، مەن سىز دېگەندەك مۇشۇ تەرەپلەردە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇپ ئاندىن سىلەر تەرەپكە بېرىش قارارىغا

كەلدىم. قىممەتلىك پىكىر بەرگىنىڭىزگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت. ئاللاھ سىزگە چەكسىز ئەجىر ئاتا قىلغاي . E-mail، 22-4-2005.

(47) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا ! تېنىڭىز سالامەت ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ ئائىلىڭىز تىنچلىقمۇ؟ مەن تور بەتلىرىنى زىيارەت قىلىۋېتىپ تاسادىپىي ھالدا سىزنىڭ ماتېرىياللىرىڭىزنى كۆرۈپ قېلىپ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ چىقتىم، ھەمدە چەكسىز ئىپتىخارلاندىم. مەن بولسام بىر ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولىمەن. يۇقىرى پەن-تېخنىكىغا تولىمۇ قىزىقىمەن. باللىرىمىزغا دائىم ئىلىم-پەن ئۆگىنىش، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ تۇراتتىم. سىز بىزنىڭ پەخرىمىز، ئىنتىلىش نىشانىمىز بولۇشقا تولىمۇ مۇۋاپىقكەنسىز. بۈگۈنچە مۇشۇنچىلىك ۋاقتىڭىزنى ئالاي. كېيىن داۋاملىق خەت يېزىپ تۇرىمەن. E-mail، 23-4-2005.

(48) سۆھبەت خاتىرىڭىزنى ئوقۇشقا كېلىپ دوست-بۇرادەر ، قۇرداش ۋە خىزمەتداشلارغا تارقىتىپ بەرگەن ئىدىم (54 بەت كېلىدىكەن). ئۇلار تولىمۇ سۆيۈندى ۋە قولدىن قولغا ئۆتۈپ ۋە نۇسخىلاپ ئوقۇپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ۋاقتىڭىز شۇنچە قىس تۇرۇپ شۇنچە ئۇزۇن جاۋاب يازغىنىڭىزغا ئىنتايىن قايىل ئىكەن، ۋە ئامېرىكا مائارىپى ھەققىدە نۇرغۇن چۈشەنچىگە ئىگە بوپتۇ. مەن شۇ دوستلارنىڭ سەممىي تىلىكىنى سىزگە يەتكۈزۈپ قويۇش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ ھېسابلىدىم. خەير، سىزگە ئاراملىق ۋە تىنچلىق تىلەپ قېرىنداشىڭىزدىن. E-mail، 1-5-2005.

(49) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەركىن ئەپەندى! مەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن، ئۈرۈمچىگە بىر مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان چەت ناھىيىدىن سىزگە ئۇشبۇ مەكتۇپنى يېزىۋاتىمەن. مەن سىزنىڭ بىلىۋال تور بېكىتىدىكىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىڭىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلاندىم ۋە سىزدىن چەكسىز پەخرلەندىم. سىزنىڭ ئىلىم-پەنىنىڭ يۈكسەك چوققىسىدا تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان روھىڭىزدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن. ياشاپ كېتىڭ! ئۇيغۇر ئۈچۈن سوققان يۈرىكىڭىز مەڭگۈ توختاپ قالمىسۇن! E-mail، 14-5-2005.

(50) ئەركىن ئاكا ياخشىمۇ سىز! مەن ھازىر بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يىراقتىن سېزىش كەسپىدە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتىمەن. كېلەر يىلى 3-ئايلاردا پۈتتۈرمەكچى. سىزنىڭ ئىش-ئىزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم ۋە پەخىرلەندىم. ئەڭ مۇھىمى مەندە تېخىمۇ ئۇلۇغۋار غايە پەيدا بولدى. گەرچە NASA دېگەن بۇ ئىسىم ماڭا تولىمۇ تونۇش بولسىمۇ، مەن بۇ ئورۇندا بىر ئۇيغۇر ئالىمنىڭ ئىشلەيدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەن. تېخى يېقىندا JPL دىن بەزى ماتېرىياللارنى كەلتۈرگەنتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي سىزنىڭ بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھاياجانلاندىم. سىزنىڭ كەسپ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىڭىزلا ئەمەس، تۇرمۇش كۆز-قاراشلىرىڭىزمۇ بىز ياشلار ئۈچۈن پايدىلىق كۆرسەتمە بولدى. سىزگە رەھمەت. E-mail، 15-5-2005.

(51) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز، ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق كېتىپ بارامدۇ؟ ئاللا تېنىڭىزنى سالامەت، ئىشلىرىڭىزنى ئوڭۇشلۇق قىلغاي. مەن سىزنىڭ بەزى ئىش-ئىزلىرىڭىزنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان. مېنىڭ ئۆيۈم xxx ناھىيىسىدە. مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئاقسۇ بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. مەكتەپ مۇدىرى ئەھەت ئامان سىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بارغان ئىدى. مەن يېقىندا سىزنىڭ ماقالىڭىزنى ئوقۇپ تەسىرلىنىپ كۆزۈمگە ياش قالدى. چۈنكى مەنمۇ بىر دېھقاننىڭ بالىسى. مەن يۇرتۇمدىكى ئاشۇ نامرات قېرىنداشلىرىمنى ئويلىسام بەك ئازابلىنىپ كېتىمەن. سىزنىڭ چىدامچانلىق روھىڭىز مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، شۇنداقلا ئىرادەمنى چىڭىتتى. مىللىتىمىزدىن سىزدەك تالانت ئىگىسى كۆپرەك چىققان بولسا كەلگۈسىدە تەقدىرىمىز باشقىچە بولغان بولاتتى... E-mail، 16-5-2005.

(52) سالام ئەركىن سىدىق ئاكا، ئاۋۋال ئۇلۇغ ئاللاھ تائالادىن ئائىلىڭىزنىڭ تىنچ-ئامان، پاراۋان بولۇشىنى، ئىلمىڭىزنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشىنى تىلەيمەن. ئىلگىرى مەن تەرىپىڭىزنى ئاڭلىغان، ئەمما تەسىراتىم غۇۋا ئىدى. بۇ قېتىم ئىزدىنىش تور بېتىدىن پىكىر-سۆھبەتلىرىڭىزنى كۆرۈپ بۆلەكچە تەسىرلەندىم. ئىنسان ئىجتىھات ئىچىدە ئۆز قىممىتىنى ۋە بەختىنى يارىتىشقا تىرىشسا ئاللاھ ئۇنىڭغا بېرىدۇ. مانا بۇ دەلىل سىزدە گەۋدىلىنىپتۇ...

ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئامېرىكىغا بېرىش نېسىپ بولسا ئۆيىڭىزگە بېرىپ تەمبۇرىڭىزنى بىر چېلىپ بېرىش ئارزۇيۇم بار. مەنمۇ سىزدەك ئەدەبىيات-سەنئەت خۇمارى.

ئەگەر دىيارىڭىزنى، قېرىنداشلىرىڭىزنى كۆرگۈڭىز كېلىپ بۇ ياقلارغا ئۆتۈپ قالسىڭىز ۋاقىت چىقىرىپ بىز بىلەن ئەسرا بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سۆزلىرىڭىزدىن كەمتەرلىكىڭىز، ئوچۇق مىجەزىڭىز كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ يېقىنلىق سەزدىم. ئىسلام دىنىمىز بىركىمدىن زىيادە پەخىرلىنىپ كېتىشنى چەكلەيدۇ، ھەر ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتىنى قوغدايدۇ. بۇنى سىز ئاللىبۇرۇن ھېس قىلىپ يەتكەن، شۇڭا ھېچكىمنى كىچىك كۆرمەيسىز. يەنىلا شۇ ئاقسۇدىن چىققان ئاددىي بىر ئەركىن سىدىقسىز.... ئاللاھ تائالا سىزنى، ئائىلىڭىزنى تىنچ-ئامان، شادىمان قىلغاي. ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇق، شەرەپ يار بولغاي. E-mail، 2005-5-19.

(53) سالام ئەركىنكا، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ سىزنىڭ biliwal.com دا ئېلان قىلىنىۋاتقان سۆھبىتىڭىزنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىلھام ھەم تۈرتكىسى چوڭ بولدى دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇ سۆھبەتنى يىغىپ كومپيۇتېرىمدا ساقلاپ قويغان ئىدىم. بۇ يىل يازلىق تەتىلدە يۇرتقا قايتماقچى بولۇۋاتىمەن، «سۆھبەت»نى بېسىپ چىقىرىپ يۇرتتىكى دوستلىرىمغا بىر نۇسخىدىن تارقىتىپ بېرىشنى ئويلىغانتىم. شۇڭا بۇنى سىزگە ئېيتىپ قويۇشنى توغرا تاپتىم. ئەگەر بۇ ئىشنى توغرا تاپمىسىڭىز ماڭا 6-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن بۇرۇن خەت يېزىۋېتەرسىز. E-mail، 19-5-2005.

(54) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي ئولتۇرىمەن. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن قۇرۇق گەپ قىلىپ سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئالسام قەتئىي بولمايدۇ... نەچچە كۈن بولدى مېنىڭ كەيپىياتىم ئالاھىدە ياخشى، روھۇم تولىمۇ ئۈستۈن، نېمىلا ئىش قىلسام ئىشلىرىم شۇنچىلىك يۈرۈشۈۋاتقاندەك. دۇنيا تولىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندەك بىر خىل ھېسسىياتتىمەن... ئالدىمغا كىملا ئۇچرىسا، قايسىلا دوستۇمنى كۆرسەم ئۇلارغا بىلىۋال تور بېتىدىكى سىز بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىپ، سىز ھەققىڭىزدە بىلگەنلىرىمنى دەپلا يۈردۈم. بىلەمسىز، مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال... مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ يارىتىلغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ باقمىغان. ئەمدى بولسا تېخىمۇ پۇشايمان قىلمىغۇدەك ئېنېرگىيىگە ئىگە بولدۇم ... ئۇ ئېنېرگىيە سىزدىن كەلدى. مەنلا ئەمەس، نەچچە مىڭ ئۇيغۇر مانا مۇشۇنداق ئېنېرگىيە ئالغاندۇ دەيمەن. مەن «غۇرۇر» دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئەمدى تېخىمۇ چۈشەندىم. ئۇنى سىز ئىسپاتلاپ بەردىڭىز ئەركىن

ئاكا! ئېلخەت، 2005-6-9.

(55) ھۆرمەتلىك ئەركىن ئەپەندىم ياخشىمۇسىز؟ سىزنىڭ www.biliwal.com دىكى ماقالىڭىزنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. ماقالىڭىز ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى، ھەمدە biliwal.com غا چاپلانغان بارلىق رەسىملەرنى پۈتۈنلەي كۆرۈپ چىقتىم. ماڭا تەسىر قىلغان جايلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەردىم. بەزىلەر سىزنى «ئىنسانىيەتكە ياراتقان تۆھپىسى كۆپ، لېكىن ئۆز مىللىتىگە ھېچ قانداق تۆھپە قوشمىدى» دېيىشىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ ئېلخەت، 2005-6-9.

**جاۋاب: ماڭا يازغان سەممىي خېتىڭىزگە رەھمەت. دۇنيادا كىشىلەر ئېغىز ياكى يازما شەكىلدە باشقىلارغا ئېيتىدىغان نەرسىلەر ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: 1) پىكىر (ياكى كۆز قاراش)، 2) پاكىت. مەن پەقەت ئۆزۈم توغرىسىدىكى پاكىتلارنى بەرپا قىلالايمەن. لېكىن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا شەكىللەندۇرگەن كۆز-قاراشلىرىنى ياكى پىكىرلىرىنى مەن كونترول قىلالمايمەن. شۇڭا مەن توغرىسىدىكى پاكىتلارغا قارىتا كىشىلەر ھەر خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن. ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىش قىلغاندا، بەزىلەر «ئۆز مىللىتىگە ھېچ قانداق تۆھپە قوشمىدى» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۇلار قوللانغان ئۆلچەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك ئىدى. «تۆھپە قوشۇش» نىڭ ئۆلچىمى بولماي تۇرۇپ، ئۇ توغرىسىدا مۇنازىرە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. مەن مىللىتىمىزگە تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تىرىشتىم. قىلغىنىم يېتەرلىك ئەمەس، ئەمما، بۇ يولدا ھەممە ئىقتىدارىمنى ئىشقا سالدىم. ھۆرمەت بىلەن، ئەركىن سىدىق**

(56) مەن سىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىڭىزنى ئوقۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئىچىدىن سىزدەك بىر تالانتلىق ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ چىققانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇۋاتىمەن. سۆھبىتىڭىز مېنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىلھامىغا كەلدىم... بۇ خەتنىڭ سىزگە تېگىش تەگمەسلىكىنى ھازىر ئېنىق ئۇقمايمەن. شۇڭا كۆڭۈل ئارزۇلىرىمنى سىزگە دېيەلمىدىم. سىزنىڭ ۋاقتىڭىز ئىنتايىن زىچ. شۇنداق بولسىمۇ مۇشۇ ئادرېسقا خەت تەگكەن ھامان ماڭا ئېنىق قىلىپ خەت يېزىۋەتسىڭىز. سىزدەك بىر ئۇيغۇر ئالىمىدىن تولىمۇ رازى بولغان بولاتتىم. بولسا تېلېفون نومۇرىڭىزغا يېزىۋەتسىڭىز. خەيرى خوش. ئۇلۇغ ئاللا ئىگىمىز تېنىڭىزنى سالامەت قىلىپ، ئائىلىڭىزنى خۇشاللىققا چۆمدۈرسۇن. جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن. ئېلخەت، 2005-11-30

(57) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەركىن ئاكا (مەن سىزنى مۇشۇنداق ئاتاۋەردىم، توغرا چۈشىنەرسىز) تېنىچىز سالامەتمۇ؟ ئۆي ئىچىڭىز تىنچمۇ؟ مېنىڭچە ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز، ھەم ئاللانىڭ شاپائىتىدە ھەممە ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق كېتىپ بېرىۋاتقاندۇ. مەن ۋە ۋەتەندىكى ھەممە قېرىنداشلار شۇنداق بولۇشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن تىلەيمىز. سىزگە ئوخشاش پەخىرلىك ئوغلانلارنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ۋە تىرىشىمىز. سىز بىزنىڭ جانلىق ئۈلگىمىز، بولۇپمۇ مېنىڭ ئۈلگەم. مەن سىزنى ھەر ۋاقىت ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىمەن. مەن ھەر قېتىم سىزنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىڭىزنى بىر ئوقۇسام، تېنىم شۈرۈرىدە قىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى سىز ۋە بىز نۇرغۇنلىغان جاپالارنى تارتتۇق ۋە تارتىۋاتىمىز. بىزگە ئەزەلدىن نۇرغۇن يوللار ئېتىككەن. پەقەت بىردىنبىر ئوچۇق ھەم توغرا يول، سىز ئېيتقاندەك بىلىم ئېلىش يولى ئىكەن. بىز ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنىڭ دېگىنىگە ئەمەل قىلماي (مەن دېمەكچى مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ...)، ئۇلار باسقان يولنى باسماي، ئاز بولمىغان جاپالارنى تارتىمىدۇق. ھەم ھازىر بەكرەك تارتىۋاتىمىز. شۇڭا بىز سىزگە ئوخشاش كۆپنى كۆرگەن بىلىملىك كىشىلەرنىڭ يېتەكلىشىگە بەكمۇ موھتاج. سىز بىلىۋال تور بېكىتىدە نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپسىز. مەن بۇلتۇر ئۇنى كۆرگەندىن بۇيان تۇرمۇشۇمدا، ئۆگىنىشىمدە خېلى ئۆزگىرىش ياسىدىم. بۇ جەھەتتە سىزگە رەھمەت...

ئەركىن ئاكا، مېنىڭ خېلى بۇرۇنلا سىز بىلەن سىرداشقۇم، سىزنىڭ ئىلغار پىكىرلىرىڭىزنى ئۆزۈمگە قىبلىنەما قىلغۇم بار ئىدى. مالال كۆرمەي قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىپ، ماڭا ۋە ماڭا ئوخشاش قېرىنداشلارغا سەممىي مەسلىھەت بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەركىن ئاكا، مەن بىر دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. بىزنىڭ ئائىلىدە يەتتە پەرزەنت بار. مەن بالىنىڭ ئىككىنچىسى. ئۆزۈم ھازىر سىز ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن. بۇ يىل 3-يىللىقتا، كەسپىم xxx. مەن 2002-يىلى مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش تەربىيىلەش ئوبيېكتى بولۇپ سايلىنىپ، ھەر يىلى دۆلەتتىن 5000 يۈەن ئوقۇش ياردەم پۇلى ئالىمەن، ۋە ئوقۇش پۇلىنى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈۋەتكەن. مېنىڭ كەسپى پەنلەردىكى نەتىجەم ھەرھالدا يامان ئەمەس. لېكىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىم تازا دېگەندەك ئەمەس. ئەمدىكى مەسىلە مەن قانداق قىلغاندا مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئىنگلىز تىلىدىن ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىنىڭ تەلىپىگە يەتكۈدەك بولۇش. بۇنداق دېسەم بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دەيدىغىنى ئۆگىنىش. ئۆگەنگەندە قانداق ئۆگىنىش كېرەك، قانداق قىلغاندا تېز ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ مۇشۇ ھەقتە سەممىي مەسلىھەت بەرگەن بولسىڭىز. ئېلخەت، 2006-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى.

(58) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا، ياخشىمۇسىز! مەن بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن. سىزنىڭ تور بېكىتىڭىزنى زىيارەت قىلغان ئىدىم. سىزنىڭ بىزگە ئاتاپ يازغان خەتلىرىڭىزنى كۆردۈم. سىزگە بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. مەن سىز بىلەن بىلىۋال تور بېتى ئوتتۇرىسىدىكى زىيارەت خاتىرىسىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چىقىرىپ، ئۇنى مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىرنى قويماي ئوقۇپ بەردىم. زىيارەتتە قىلغان ھەربىر سۆزىڭىز بىزنى ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز سۆزلەركەن. ئۇنى ئاڭلىغان ھەربىر ئادەم تېزدىن ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ئۆگىنىشكە ئاتلىنىدىكەن. ھەقىقەتەنمۇ بىر ئېسىل ئەزىمەتكەنسىز. رەھمەت سىزگە ئەركىن ئاكا. سىز بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ شەپقەتچىسى. بىز سىزنى مەڭگۈ قوللايمىز. بۈگۈنچە مۇشۇنچىلىك يېزىپ تۇراي. ئاخىرىغىچە سىزگە بەخت، خاتىرجەملىك، ئىناقلىق، ئۇتۇق ھەم شاد-خۇراملىق تىلەيمەن. ئۆيىڭىزدىكى بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ئوتلۇق سالام! ئېلخەت، 2006-4-14

(59) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا. قانداق ئەھۋالىڭىز؟ مەن سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم، ھەمدە ئۇنى نۇسخىلاپ ساۋاقداشلىرىمغا تارقىتىپ بەردىم. سىز بىزدەك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا زور ئىلھام ئىلىپ كەلدىڭىز! مەن بىرسىنى ماختاشنى ئانچە ياقتۇرمايمەن، لېكىن سىز ھەقىقەتەن بىزگە پەخىر ئىلىپ كەلدىڭىز. خۇشاللىق ياشلىرىمنى توختىتالماي قالدىم. مۆھتەرەم ئاكا، سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئىلىپ قويغىنىمدىن خجىلمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگىمىز سىزنى پاناھىدىن ئايرىمىسۇن. ئېلخەت، 2006-6-16.

(60) دۇنيادىكى مەن ئۇچرىغان ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىك بولغان ئەركىن ئاكا، سىزگە ۋە ئامانگۈل ھەدەمگە شۇنداقلا پەرزەنتىڭىزگە سالام. سالامەت بولغايسىزلەر.

1. مەن سىز يازغان جاۋابنى كۆرۈپ ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇدۇم. سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز مېنىڭ ئاتا-ئانامنىڭ كەچۈرمىشىگە ئوخشايدىكەن. مەن ئۇلارنى تولا مەسخىرە قىلاتتىم. يالغان ئىشلار دەپ. ھازىر تولىمۇ ئۆكۈندۇم. سىز مېنى ئۆكۈندۈردىڭىز. رەھمەت. ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ كەچۈرۈم سورىدىم. ئۇلارمۇ ئەسىرىڭىزنى يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇپتۇ.

2.سىزنىڭ ئەسىرىڭىزگە «قۇت بەرگۇ ئوغۇت» دەپ نام بىلەن نەشر قىلدۇرسا، دەپ

ئويلىدىم. چۈنكى مەن «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇغان. سىزنىڭ يازمىڭىز ھازىرقى «قۇتادغۇبىلىك» بولغۇدەك. سىز قانچىلىغان ئادەمگە، جۈملىدىن ماڭا، جان ۋە روھ بەرگەنلىكىڭىزنى ھېس قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن! شۇڭا سىزنىڭ بۈيۈكلىكىڭىزنى ئەنە شۇ بوۋام يۈسۈپ خاس ھاجىپتىنمۇ يۇقىرى قويغۇم كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن نادىر ئەسەر ئوقۇغان. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە. شۇڭا سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنى پەقەت خاس ھاجىپ بوۋامنىڭ ئەسىرى بىلەنلا سېلىشتۇردۇم. سىز رىقابەت دەۋرىدە ئۆزىنى خورلاۋاتقان ياشلارغا كۆپ نۇرى تەقدىم قىلدىڭىز.

3. تەكلىپىم xxx بىلەن مەن ئالاقىلىشىپ باقسام. سىزچە قانداق بولار؟ ئۈرۈمچىدە ئالاقىلىشىش ئىشى قانداق بولۇۋاتىدۇ بىلمىدىم.

4. سىزنىڭ «مەرىپەت» ئالىي مەكتىپكە كېچىكىپ كىرگەنلىكىمدىن كۆپ ئۆكۈندۈم. بۇ تور بېتىڭىز ھاياتىمدىكى مەن سۆيۈنگەن ۋە قۇرماقچى بولغان ئالىي مەكتەپ ئىكەن. شۇڭا مەن يەنە سۆزسىز قالدىم. مەن چوقۇم سىزنىڭ ئىزباسارىڭىز بولۇشقا تىرىشىمەن. ماڭا جاۋاب يازماڭ. جاپالىق ئەمگەك سىزنى چارچىتىپ قويمىسۇن. سىز پەقەت بىرلا. ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ. ئېلخەت. 2006-2-22

(61) ئالىم ئەركىن سىدىقنىڭ سۆھبىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ھازىرقى چىقىش يولىنى تاپالمايۋاتقان ياشلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنداقلا ھازىرقى ئىش ئورنىدىن قالغانلار ئۈچۈنمۇ قايتا قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەدەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. سىزنىڭ بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قۇچقان تۆھپىڭىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت. بىزنىڭ كەلگۈسى ئىز-باسارلىرىمىزغا كۆپلەپ ئىلھامى پىكىرلەرنى بېرىپ ئۇلارنىڭ كىم ئۈچۈن ياشاش ئېڭىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزنىڭ تەسىرىڭىز بىلەن مەنمۇ بارلىق ئىقتىسادىمنى يىغىپ باللىرىمنىڭ تالانتلىق ئىختىساس ئىگىسى بولۇشى ئۈچۈن قۇربىتىمنىڭ يېتىشىچە داۋاملاشتۇرىمەن. بىلۋال. 2006-4-10.

(62) ئەسسالام، ھەممىمىزنىڭ پەخرى بولغان ئۇلگىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىم! سىزنىڭ كۆلۈبىمىزغا باسقان مۇبارەك قەدەملىرىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، ھەم ناھايىتى مۇبارەك! بۇ مىنۇتلاردا قۇربان ھېيتىڭىزغا قۇتلۇق ۋە يېڭى يىلىڭىزغا ئۇتۇق تىلەيمىز! مانا مۇشۇ مىنۇتلار ئويلاپ باقسام 30 يىلدا بىر كېلىدىكەن ( ھېيت 30 يىلدا بىر ئايلانسا، ھېيت بىلەن يېڭى يىلنىڭ بىر كېلىشى يەنە 30 يىلدىن كېيىن بولىدىكەن). مۇشۇ كۈن يەنە

بىر كەلگۈچە سىزنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن ھەمىشە ئۈمىد چىرىغى ياققۇچى مەشئەل بولۇپ داۋام قىلغۇدەك سالامەتلىككە ئىگە بولۇشىڭىزنى، تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ خەلقىڭىزگە يېڭى يول، ئىنسانىيەتكە ئاسانچىلىق يارىتىشىڭىزنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز. راستىنى ئېيتسام سىز بىلەن مۇشۇ نەق مەيداندا تۇرۇپ پىكىرلىشۋاتقىنىمدىن ھاياجانلىنىۋاتىمەن. چۈنكى، ھەممە سىزگە ئايان بولغىنىدەك، بۈگۈنكى بۇ كۈنلەردە دۇنيانىڭ ھېچيېرىدە خەلقىمىز ئۈچۈن، ياشلىرىمىز ئۈچۈن سىزگە ئوخشاش ئۈمىد چىرىغى يانغىنى يوق... ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن دۇنياغا تۇتاشقان كەمسىتىلىش يۈرەكلەرنى بېھېساب ئەزگەن ھەربىر مىنۇتلاردا سىزنى ئەسلىگەندە يۈرەكلەرگە جان كىرىپ قايتىدىن ئۈمىدكە تولغاندەك بولىمىز... سىزدەك بولۇش ئۈچۈن قەلبىمىزگە ئارزۇلارنى تولدۇرۇپ قايتىدىن غايە ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىمىز. ئۆرلەڭ، ئۆرلەڭ! تېخىمۇ ئېگىزگە ئۆرلەڭ!!! ئالىي تىلەكلىرىمىز، ئۈمىدلىرىمىز سىز بىلەن بىللە! سىز قانچە ئۆرلىسىڭىز بىز شۇنچە خۇش بولىمىز... سىز قانچە ئۆرلىسىڭىز بىزمۇ شۇنچە ئۆرلەشكە تىرىشىمىز. يېڭى-يېڭى يوللار ئېچىڭ! بىزگە ھەمىشە مۇشۇنداق نەسىھەتلەرنى، چۈشەنچىلەرنى بېرىپ تۇرۇڭ... پىكىردە پەقەت كىچىك بالىدەكلا ياشاۋاتقان بىزگە نىسبەتەن سىزنىڭ نەسىھەتلىرىڭىز ئىچكى دۇنياسى ئىلمۇ-ھېكمەتلەرگە تولغان بوۋىلىرىمىزنىڭ يەكۈن، دۇردانىلىرىدەك نۇرلۇق، شۇ قەدەر يارقىن بولۇپ قەلبىمىزدە قۇياش پارلىتىدۇ! زۇلمەتكە تولغان ئىچكى ئالىمىمىزنى تاڭغا ئۇلايدۇ.

مىسكىنلىك، غېرىبلىققا تولغان بولسىمۇ ئەڭ سەممىي دۇئالىرىمىز، چىن تىلەكلىرىمىز ھامان سىز بىلەن بىللە. سالامەت بولۇڭ. سۆھبەتلىرىڭىز داۋامى توختاپ قالمىغاي... بىز سۆھبەتلىرىڭىزنىڭ داۋام پەرۋانىلىرىدۇرمىز! ئاللاھ سىزنى سالامەت قىلغاي!

بوستان، كوسان، 2007-1-1.

(63) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئەپەندى! ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ biliwal.com تور بېتىنىڭ سىز بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەندىم، سىزنىڭ نەتىجىلىرىڭىزدىن، تىرىشچانلىقىڭىزدىن سۆيۈندۈم. مىللىتىمىزنىڭ گۈللىنىش يولى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىڭىز ۋە تەۋسىيەلىرىڭىز مېنى يېڭى تونۇشقا ئىگە قىلسا، سەممىي ۋىجدانلىق بولۇش، جاپادىن قورقماي داۋاملىق تىرىشىش روھىڭىز مېنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆلچىمىم بولدى. سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ مىللىتىم ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش، ئۆزۈمنىڭ قابىلىيىتىمنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز كەسپىمدە پىششىق بولمىغان تەرەپلەرنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە باشلىدىم. كۈنىگە كەم دېگەندە 2

سائەت ئۆگىنىش قىلىۋاتىمەن. سىزنىڭ ئامېرىكىدا خىزمەت ئىزدىگەندە ئادەم قوبۇل قىلغۇچى ئورۇننىڭ قوبۇل قىلىنغۇچى ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك 3-4 گۇۋاھچىدىن ئەھۋال ئىگەللەيدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن، دوختۇرخانىمىزدا خادىم قوبۇل قىلغاندا شۇ بويىچە قىلىدىغان بولدۇق. سىزنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ تېخىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزنى، يۇقىرىقىدەك ماقالە، سۆھبەت خاتىرىلىرىنى داۋاملىق ئېلان قىلىپ تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئېلخەت، 2007-يىلى 2-ئاينىڭ 4-كۈنى.

(64) باتۇرانە روھىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمىدىم، ھاياجاندىن كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدىم، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلە ئۇيغۇر ئوغلانى!... تېما ئىگىسىگە كۆپ رەھمەت! بۇ ماقالىنى بىزنىڭ ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزمۇ تازا ئوبدان كۆرۈپ چىقسا بوپتىكەن، ئۇلارغا بىر دەرسلىك بولغۇدەك. مەن بۈگۈن كىتابتىنمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ياخشى بىلىمگە ئېرىشكەنلىكىمدىن بەكمۇ خۇشالمەن. تەمىنلىگەنلىكىڭلارغا رەھمەت، كۆپ جاپا چېكىپسىلەر. بىزنىڭ بۇنداق ئېسىل كىشىلىرىمىز بارلىقىنى پەقەتلا بىلمەيدىكەنمەن. بۇ كىشىنىڭ ئىنىسىمۇ شۇنداق تىرىشچان يىگىت. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يېڭى خىزمەتكە چىققاندا بىزنىڭ مەكتىپىمىزدە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۆزى تىرىشچان بولغاچقا، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن (1992-يىللىرى). مانا ھازىر ئامېرىكىدىكەن. بەلكىم ئۇمۇ مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندۇر. بىزنىڭ 1000 ئادىمىمىز ئىچىدە مۇشۇنداق ئىلىم-پەن ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىيالايدىغان، قەيسەر ئىرادىلىك ئوغلاندىن 50 ى بولسا تەرەققىياتىمىزغا قانچىلىك پايدىلىق ئىدى-ھە! ناھايىتى ياخشى يوللاپسىز يۇلغۇنجان. مەن ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز، ئاكىمىز ئەركىن سىدىقنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى باشقا تور بەتلەردىن ئىزدەپ كۆرۈپ يۈرۈۋاتىمەن. تېخى يېقىندا مۇشۇ مۇنبەرگىمۇ بىر يوللاشنى ئويلاپ تۇراتتىم. سىز دېگەندەكلا يىغىپ يوللاپسىز، رەھمەت . ئاكىمىز ئەركىن سىدىق زادى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئادەم. ئۇستاز ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق خىزمەت، تەجرىبە، ئۆگىنىشلىرىدىن سىرت يەنە بىز ئۇيغۇرلار (دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى) ئۈچۈن خېلى كۆپ مەسىلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ۋەتەندىكى تورداشلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىلھام بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇتۇق قازىنىش يولىدىكى تەجرىبىلىرىنى ھارماي يېزىپ ۋەتەنداشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇۋاتىدۇ. ئالىمنىڭ بۇ ئەمگىكىگە خەلق ئەڭ توغرا باھا بەرگۈچىدۇر. تارىخ ھامان نوچىلارنى تونۇتىدۇ. ئاجىزلارنى يۇتىدۇ. ئېشىنىمەن، بىز ئۇيغۇر خەلقى

مۇشۇنداق بىر نەچچە ھەتتا بىر نەچچە مىڭ ستۇدېنت ئوغلانلىرىمىزنىڭ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە 10-ئەسىردىكىدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆزنەك مىللەتلەردىن، ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بولالايمىز. يولغۇنجان ئەپەندىم سىز بۇنى يوللاپ بىلەن قىپسىز، بىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئەركىنجان تاغىمىزغا ئوخشاش داڭلىق ئالىملارنىڭ بارلىقىنى بىلمەي ئۆتكەن بولاتتۇقكەن. مەن ۋە پۈتۈن ئۇيغۇرلار نامىدىن تېنىنىڭ ساغلام، ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىشىنى تىلەيمەن ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
Intil.cn، 2006-12-22

http://www.intil.cn/bbs/ShowPost.asp?ThreadID=16104

(65) ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا، ياخشىمۇ سىز؟ چەكسىز ئىپتىخارلىق ۋە ھاياجان تۇيغۇسى ئىچىدە بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. ئاخشام بىلىۋال تور بېتىنىڭ زىيارەتگە يازغان جاۋابىڭىزنى تەپسىلىي كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندىم. مېنىڭدە ئۇزۇندىن بۇيان ساقلانغان ئارزۇنىڭ تېزلا ئەمەلگە ئېشىشى ۋە يۆنىلىشى بەلگىلەندى. قەلبىمدىكى ئوت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ... ئېلخەت. 2007-3-3.

(66) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پەخرىلىك ئالىمىمىز ئەركىن ئاكا، ياخشىمۇسىز؟ ئەزىز تېنىڭىز سالامەت، خىزمەت ۋە تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈك كېتىپ بارامدۇ؟ ھەممە ئىشلىرىڭىزنىڭ راۋان ھەم ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى چىن يۈرىكىمدىن ئۈمىد قىلىمەن، ھەم ئۇلۇغ ئاللادىن تىلەيمەن.
ئالدىنقى ھەپتە مەن بىلىك تور بېتىدىكى سىز بىلەن ئېلىپ بېرىلگەن سۆھبەت خاتىرىلىرىنى كۆرۈپ (گەرچە نامىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان بولساممۇ توغرا چىقىشقا كېرەكلىكىم تۈپەيلى بۇ خاتىرىلەرنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن) ناھايىتىمۇ ھاياجانلاندىم، ھەمدە ئۆزۈمگە بىر ماياك تېپىلغاندەك قەۋەتلا خۇش بوپ كەتتىم، ئىچ-ئىچىمدىن سىزگە قايىل بوپ كەتتىم. مېنىڭمۇ گەرچە سىزدەك بولالمىساممۇ ئەمما بىر تىرىشىپ بېقىش ئارزۇيۇم بار. ئۈچ ئايدىن بېرى ئوقۇشۇمنى تاماملىغاندىن كېيىن ياپونىيەگە بېرىپ ئۆرلەپ ئوقۇش خىيالى مېنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالدى. لېكىن ياخشىراق بىر پىلان تۈزەلمەي تولىمۇ گاڭگىرىدىم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سىزدەك بىر ئاتىمىزنىڭ خەۋىرىنى كۆردۈم (ئاللاھقا كۆپ رەھمەت)، ھەمدە ھەممە ئىشىم پۈتكەندەك بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. سىزنىڭ ماڭا بىر يول كۆرسىتىشىڭىزنى چىن يۈرىكىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. ئېلخەت. 2007-5-24.

(67) قەدىرلىك ئەركىن ئاكا،

سىزنىڭ تور بېتىڭىزنى كۆرۈپ ھاياجانلانغىنىمدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. سىزنىڭ بۇ خىل مىللەت ئۈچۈن بارلىقىڭىزنى ئاتايدىغان پىداكارانە ھەرىكىتىڭىز، قەيسەرانە ئالغا ئىلگىرىلەش روھىڭىز، ھەر قانداق ئۇيغۇر بالىسىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، قايىل قىلىدۇ، شۇنداقلا ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈندۈرىدۇ. خەلقىمىز شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، سىزنىڭ بۇ خىل دۇنيا قارىشىڭىز ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىڭىز زور كۆپ ساندىكى خەلقىمىزگە تەسىر كۆرسىتىپ نۇرغۇنلىغان ئەركىن سىدىقلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ! ئۇيغۇر خەلقى سىزنى ۋە سىزگە ئوخشاش مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەنلەرنى مەڭگۈ بېشىدا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ، نامىڭىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد خەلق قەلبىدە ياشنايدۇ. ئاخىرىدا ئالدى بىلەن سىز ۋە ئائىلىڭىزگە بەخت سالامەتلىك، ئاندىن ئۇلۇغ ئەركىن ئامېرىكا دۆلىتىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزگە ئۇلۇغ ئاللادىن ئۈتۈنۈپ تىلەيمەن. خەلقىمىزنىڭ سىزدىن كۈتكەن ئۈمىدى تولىمۇ چوڭ، نوبېل مۇكاپاتى سىز ئۈچۈن يىراق ئەمەس! قەدىرلىك ئەركىن ئاكا قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئەپ قويدۇم. كەچۈرگەيسىز! جاسارىتىڭىزگە ئاپىرىن! ئېلخەت. 2007-5-27

(68) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئەركىن ئاكا:

سىزگە ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرگە ئائىت خەۋەرلەرنى سىز باشقۇرۇۋاتقان www.meripet.com تور بېتىدىن كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلەندىم. سىز ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانىدا نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەھشەتلىك بوران-چاپقۇنلىرىنى ۋە نۇرغۇنلىغان جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىڭىزمۇ، يېڭىلمەس ئىرادىڭىز، قەيسەر روھىڭىز، ئېسىل پەزىلىتىڭىز ۋە تىنىمسىز تىرىشچانلىقىڭىز بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، خەلقىمىزگە مىسلىسىز شان-شەرەپ كەلتۈرۈپسىز. مەن بۇ روھىڭىزدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ روھ بىلەن تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. مىللىتىمىز ئارىسىدا دۆلەت ئىچىدە ۋە چەت ئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارمۇ خېلى بار، لېكىن ئۆز خەلقى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرىۋاتقانلار بىر قەدەر ئاز. كونىلار «ئالىم بولماقتىن ئادەم بولماق تەس» دېگەن ئىكەن. سىز بىر مەشھۇر ئالىم بولۇش بىلەنلا قالماي، كۆيۈمچان ئەر، ياخشى ئاتا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن يۇرتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۈلگە بولدىڭىز. ئامانگۈل ھەدىمىزمۇ مۇنەۋۋەر كەسىپ

ئېگىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، ۋاپادار رەپىقە، كۆيۈمچان ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان خوتۇن-قىزلىرىمىزنىڭ ئۈلگىسى بولۇشقا پۈتۈنلەي مۇناسىپ. مەن سىزگە ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرگە چوڭقۇر سالام يوللايمەن، شۇنداقلا تېنىڭلارنىڭ سالامەت بولۇشىغا، تۇرمۇشۇڭلارنىڭ بەختلىك ۋە خاتىرجەم بولۇشىغا، خىزمىتىڭلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىڭلارنىڭ تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا چوڭقۇر تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. ئېلخەت، 2007-6-14.

(69) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا. ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ ئامانگۈل ھەدىمىز، دىلنارە، دىلشاتجانلار ئوبدان تۇردىمۇ؟ خۇدادىن سىلەرگە بەخت ۋە ئامانلىق تىلەيمەن. ياخشى كۈنلەر سىلەرگە مەڭگۈ ھەمراھ بولغاي! تىلىگەن ئارزۇيۇڭلارغا يەتكەيسىلەر!

مەن سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن، سىزدىن پەخىرلەندىم ھەم سۆيۈندۈم، قايىل بولدۇم. سىز راستىنلا قەيسەر ئادەم ئىكەنسىز. سىزدىكى ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادە، قەيسەر روھ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزنى كۆرۈپ ئۆزۈمگە شۇنداق سوئاللارنى قويدۇم -- مەن نېمە ئۈچۈن تىرىشمايمەن؟ مەن بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەمەنمۇ؟ مېنىڭ بۇ ئۆمرۈم نېمىدىن دېرەك بېرىشى كېرەك ؟... مەن بۇ سوئالنىڭ تۈرتكىسىدە تىرىشىش ئارقىلىق ئۆز كەسپىمدە چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارقىلىق ھاياتىمنى مەنىگە ئىگە قىلماقچى بولدۇم. سىزنىڭ ماڭا يول كۆرسىتىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئېلخەت، 2007-7-6.

(70) ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ تەرجىمىھالىنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم، ھەم نۇرغۇن بىلىملەرنى بىلىۋالدىم. مەن مۇشۇ تېمىنى يوللىغان ياۋۇز ئەپەندىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ياۋۇز ئەپەندى ھەقىقەتەن قالتىس ئىشتىن بىرنى قىلدى. مەن بوستان مۇنبىرىدىكى بارلىق دوستلارنى، ھەتتا ئىنتېرنېت تورىغا چىقىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر دوستلارنى مۇشۇ تەرجىمىھالنى ئوقۇپ چىقىشقا تەكلىپ قىلىمەن. ياۋۇز ئەپەندىگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت! تېنىڭىزنىڭ سالامەت، ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن. بوستان. Altekin، 5-3-2007.

(71) مەن ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ تەرجىمىھالىنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. ئۆزۈمگە نۇرغۇنلىغان سوئاللارنى قويۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بوستان مۇنازىرىسىگە، ھارماس دوستىمىز ياۋۇز ئەپەندىگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت. مەن بۇ تەرجىمىھالنى پرىنتېردا چىقىرىۋېلىپ بالامغا ئوقۇپ بەردىم. دوستلىرىمغا تونۇشتۇردۇم. سۆھبەتداشلىرىمغا ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلدىم. كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقلا ئەركىن سىدىق ئاكىغا، ياۋۇز ئەپەندىگە، بوستانغا بەخت-ئىقبال تىلەيمەن. بوستان. باتۇر، 2007-7-9.

(72) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى ھەم ئۈلگىسى بولغان ئەركىن سىدىق ئەپەندىم (ئەسلى ئاكا دەي دېگەن)، سىز ۋە ئائىلىدىكىلىرىڭىزنىڭ سالامەتلىكى ياخشى، تۇرمۇشۇڭلار كۆڭۈللۈك كېتىپ بارامدۇ؟ ئۇلۇغ ئاللادىن شۇنداق بولۇشنى تىلەيمەن .

سىزنىڭ بارلىق قول يازمىلىرىڭىزنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. سىزگە بولغان قايىللىقىم ھەم قىزىقىشىمنى ھەسسىلەپ ئاشتى. سىزگە چىن دىلىمدىن قول قويدۇم. ھازىرقىدەك پىكرىم چېچىلاڭغۇ، قايمۇقۇپ تۇرغان ۋاقتىمدا سىز ماڭا قانداق ياشىشىم كېرەكلىكىنى، نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى، مىللىتىمىزنىڭ قانداق كىشىلەرگە موھتاج ئىكەنلىكىنى قايتىدىن بىلدۈردىڭىز ... ئۇلۇغ ئاللا ئەجرىڭىزنى يەردە قويمىغاي ...

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا سىنىپىنىڭ ئالدى بولغان بىر نەچچەيلەن شۇنداق ئۇلۇغۋار غايىلەرنى دىلىمىزغا پۈكۈشۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمما ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن كاللىسى شۇنداق ئوچۇق ئوغۇللىرىمىز خىزمەت ئىزدەپ ھەر ياقلارغا كېتىپ قالدى. شۇنداق تالانتلىق قىزلىرىمىز بىر يىل بولماستا توي قىلىپ بىردىن بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ، تۇرمۇش، ئائىلە، بالىنىڭ غېمىدىن ئېشىنالماس بولۇپ، قەتئىي بۇرۇنقىدەك بىر يەرگە يىغىلىپ، ئاشۇ كەلگۈسىدە قىلماقچى بولغان ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىز ھەققىدە بەس-بەستە تالىشىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرىمىز (توۋا، قىز بالا بولغىنىمىز بىلەن كىيىم-كېچەك، يەنە غەيۋەت دېگەنلەرگە يولىمايتتۇق) كەلمەسكە كەتكەندەك ... ھەممەيلەن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ...

يېقىندىن بېرى تولا ئويلايدىغان بوپ كەلدىم. بىز ئېرىشمەكچى بولغان تۇرمۇش مۇشۇ بولغىيمىدى؟ قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆزىمىزدىن باشقىغا ئېشىنالماي ئولتۇرىمىز؟ چوڭلار دەيدۇ: ھەممە ئادەم كۆنگەن تۇرمۇشقا سەن نېمىشقا كۆنمەيتتىڭ؟ ئاشۇلارنىڭ كۆنىمۇ بىر ئوبدان كېتىپ بارامدۇ؟ ھەم خىياللىرىڭنى بالدۇرراق تاشلاپ، رېئال تۇرمۇشقا قايتىپ كەل. قارىغىنا دوستلىرىڭنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ بولدى، سەنلا يۈرەمسەن؟ ئادەم

مۇشۇنداق مۇھىتتا كېتىۋەرسە بارغانسېرى ئەتراپىدىكىلەرگە ئوخشاپ ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن قاقشايدىغان بېكىنمە، چۈشكۈن بىر خىل روھىي ھالەت شەكىللىنىپ، ئادەمنى ھەتتا ئۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدىغان قىلىپ قويىدىكەن. تاكى ئۆزىدىكى ئاشۇ چېكىنىشلەرنى سېزەلمەيدىغان، روھىيىتىدىكى قۇرۇقلۇق، قاششاقلىقنى ھېس قىلالمايدىغان ھالەتكە يەتكەندە ئاندىن ئادەم بۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتىن، روھىي ئازابتىن قۇتۇلىدىكەن. ئاشۇ دوستلىرىمغا ئوخشاش... بۇلارنى ھەر ئويلىسام يۈرىكىم ئۆرتىنىپ كېتىدۇ. ھېچنېمىنى ئويلىمىغاندىمۇ، ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنى بولسىمۇ ئويلاش، ئۇلارغا مەسئۇل بولۇش، ئۇلارغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كېرەكقۇ ئاخىر ... بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللامۇ ئۇ مىللەتنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتمەيدىكەن. بالا-قازامۇ ئالدى بىلەن ئاشۇ بىلگەنلەر، بىلىپ تۇرۇپ بىلمىگەنلەرنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتمىگەنلەرگە كېلىدىكەن ...

مۇشۇنچىلىك سەزگۈمنىڭ بارىدا بولسىمۇ بەل قويۇۋەتكۈم يوق. ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ تۇرمۇش يولۇمنى خاتا تاللىغان، ئىشلارغا خاتا ھۆكۈم قىلغان ۋاقىتلىرىم بولغان. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن بىراقلا بەل قويۇۋەتسەم، تارتقان زىيىنىم تېخىمۇ چوڭ بوپ كەتكۈدەك. بىر ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن، دېگەن ئادەم سىزدەك بولۇشى، سىزدەك قەتئىي تەۋرەنمەي ئالدىغا قاراپ مېڭىشى، ئەتراپتىكى غىدىقلاشلارغا، چىرىتىشلارغا پەرۋا قىلماي، مۇكەممەل ئېتىقاد، تەۋرەنمەس ئىرادە تۇرغۇزۇشى كېرەككەن.

ئالدى بىلەن ئەتراپلىق ئويلىنىپ تاللاش، بىر يولنى تاللىغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلماي، ئىككىلەنمەيلا قاراپ مېڭىش كېرەككەن. مانا بۇ مېنىڭ سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىزنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى يەكۈنۈم. رەھمەت سىزگە، ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن ياشلارغا چىراغ يېقىپ بەردىڭىز.

كەچۈرۈڭ، بۇ خېتىم ئۇزىراپ كېتىدىغان بولدى. كۆپ ۋاقتىڭىزنى ئالغانلىقىمدىن خىجىللىق ھېس قىلىۋاتىمەن ... خېتىمنى نەچچە ھەپتىگە بۆلۈپ ئوقۇسىڭىزمۇ مەيلى...

ئېلخەت، 2007-8-21.

(73) شۇ تاپ خەت يېسىۋاتقان قولۇم سۇس تىرەۋاتىدۇ. مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمنى مەۋھۇم تور دۇنياسىدىكى كىشىلەرگە بىلدۈرۈشكە ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن. ئالدى بىلەن ياۋۇز ئەپەندىگە كۆپ رەھمەت. بۇ سۆھبەتلەرنى كونا يېزىق شەكلىگە ئەكەلگەن ۋە ھارماي خەت ئۇرۇۋاتقان بارماقلىرىغا دەرد بەرمىسۇن . ئاندىن مەن ئۇزۇندىن بېرى ئوقۇپ كېلىۋاتقان بۇ سۆھبەتلەرنىڭ ئىگىسى، ئالىيجاناب، كىشىلەرگە خالىس ياردەم قىلىۋاتقان يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاكىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە رەھمەت.

مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئەركىن ئاكا تولىمۇ كىچىك پېئىل، كەمتەر، ئاز گەپ قىلىدىغان ئەمما جىددىي ۋە كەسكىن ئادەم بولۇشى مۇمكىن. تۇرۇپلا قەلبىم تۆرىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ كىشىنىڭ مىجەزىنى تەھلىل قىلىپ باقتىم، مېنىڭچە تەھلىلىم 95% توغرا بولۇشى مۇمكىن. مەن سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇپ چەكسىز روھىي ئوزۇققا ئىگە بولدۇم. كۆز ئالدىم يورۇغاندەك بولدى. ئائىلىڭىز، پەرزەنتلىرىڭىز ۋە بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىز ئامان بولغاي. ئەگەر پەرىزىم توغرا بولسا، مۇشۇ بوستاندا توغرا دەپ خەت يېزىپ قويارسىز.

بايا ئازراق ئىشىم چىقىپ قېلىپ يۇقىرىقى يازمامنىڭ داۋامىنى يازالماي يۇقىرىقىدەك ئاياغلاشتۇرغان ئىدىم، مېنىڭ يەنە ئازراق يازغۇم كېلىۋاتىدۇ ، دوستلار خاپا بولماڭلار.

بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن ئىجادكار كىشىلىرىمىز بار، نۇرغۇن زىيالىي ئاتلىق كىشىلىرىمىز بار، ۋە شۇنداقلا نۇرغۇن شەخسىيەتچى زىيالىيلىرىمىز بولۇش بىلەن بىللە، يەنە كۆپ ساندىكى ئاقكۆڭۈل ، كۆكسى-قارنى كەڭ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، كۆپ ۋاقىتلاردا بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرۈشنى خالايدىغان، خۇددى چىڭقى چۈشتىكى سايە تاشلاپ تۇرىدىغان، يىللارنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا، قار-يامغۇرلىرىدا سۇغۇرۇلغان سايىسى كەڭرى يەرلەرگە چۈشىدىغان قېرى دەرەخلەردەك باشقىلارغا مەنپەئەت بېرىشنى ئۆز بۇرچى، ياردەم قولىنى سوزۇشنى مەجبۇرىيىتى دەپ بىلىدىغان سۆيۈملۈك زىيالىيلىرىمىز، توپىلىق يولدا كەتمىنىنى دولىسىغا ئارتىپ يالاڭ ئاياغلىرىنىڭ ئىزنى قالدۇرۇپ مېڭىۋاتقان ھارغىن دېھقاندەك، ئىغاڭشىپ يېڭى ئەسىر يولىغا خۇددى 6 ياشلىق بالىنىڭ روھى بىلەن كىرگەن ئۇيغۇر روھى، ئۇيغۇر كىملىكىنى ئۆزىگە تونۇتۇش ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ، بۇلار داۋراڭ سېلىشنى خالىمايدۇ، ئاۋازى يوغان چىقىۋاتقان، ئۆز بىلىملىرىنى كۆز -كۆز قىلىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراۋاتقان كىشىلەر بولسا مەيلى قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىغا يامىشىپ بۇ جەرياندا پۇتلاشقان كىشىلەرنى، ياش بوغۇنلارنى خۇددى پىيادىلەر يولى بىلەن ماشىنا ماڭىدىغان يول ئارىسىدىكى چىملىقنى دەسسىگەندەك رەھىمسىزلىك بىلەن دەسسەپ كېتىۋاتىدۇ . مەن مۇنداق قارايمەن ، بىر ئالىم، زىيالىي ياكى بىر ئىختىساس ئىگىسى چوقۇم ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا مىللىي روھ، مىللىي ئۆزلۈك، ئۆز يۇرتى ۋەتىنىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت، ئەقىدە بولۇشى لازىم. ئۇنىڭ روھى پاك بولسا ئۇنىڭ پەزىلىتى نۇر چاچىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇ خۇددى بىر بۇلبۇلدەك يېقىملىق ئاۋازى بىلەن سايرايدۇ. كىشىلەرنى ئۆز ناخشىسى (ئۆز ئەقىدە نۇرى) بىلەن تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ناخشىسى يىراق-يىراقلارغا ئاڭلىنىدۇ.

زىيالىيلار، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ بىلىمدىن كۆپرەك ئۇلارنىڭ پەزىلىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەركىن ئاكىنىڭ يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە، سەممىي، ئاقكۆڭۈل قەلبى ماڭا

ئوخشاش ئوقۇرمەنلەرنى يامغۇر سۈيىدەك سۇغۇرۇۋاتىدۇ. مەن سىزنىڭ بارلىق يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇدۇم ۋە ئۈزلۈكسىز ئوقۇۋاتىمەن. نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب تاپتىم، تەكرار - تەكرار ئوقۇدۇم.

ئاخىرىدا مۇمكىن بولسا، بۇ سۆھبەتلەر كىتاب بولۇپ نەشىردىن چىقسا... جەزم قىلالايمەن، كۆپ تىراژدا بېسىلسىمۇ ئىتتىك سېتىلىدۇ، ۋە يەنە تەكرار نەشر قىلىنىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ستۇدېنتلاردىن تارتىپ ئاتا-ئانا ۋە ئوقۇتقۇچى ئۇستازلارغىچە ھەر ساھە كىشىلىرى ئوقۇيالايتتى. كومپيۇتېر تېخى ئۇيغۇرلارغا ئومۇملاشمىدى. يەنە نۇرغۇن مەرىپەتسۆيەر دېھقانلىرىمىز تورغا چىقالمىغىنى بىلەن كىتابخانىدىن كىتاب سېتىپ ئوقۇيالايدۇ ...

ئەركىن ئاكا، بىر ئايلار ئالدىدا مەن سىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسىڭىزغا ئىنگلىزچە خەت يازغان ئىدىم. TOEFL ئىمتىھانى بېرەي دېگەن. ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتسەم ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇيالامدىم دەپ 3 سوئال سورىغان. سىز ماڭا تەپسىلىي يېزىپ جاۋاب قايتۇرۇپسىزكەن، ۋە ئىككى مەكتەپنى تەۋسىيە قىلىپسىزكەن. مەن ئۇلارنى تەپسىلىي كۆردۇم، ۋە شۇ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ بەك خوش بولدۇم . شۇنىڭدىن كېيىن جاۋاب خەت يازالمىغانتىم. مانا بۈگۈن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈپ جاۋاب خەت يازدىم. بۇ يازمىلىرىمنى كۆرىدۇ، دەپ ئويلايمەن . ھەم خوش بولۇۋاتىمەن. ( ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم). بوستان، Oyster، 6-9-2007.

(74) ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا، ياخشىمۇ سىز؟ مەن بولسام ئىلگىرى سىزگە نەچچە قېتىم خەت يازغان. بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا كەسپىدە ئوقۇپ، بۇ يىلدىن باشلاپ ئانا مەكتىپىمدە ماتېماتىكا دەرسى ئۆتۈۋاتىمەن. مەن ھازىردىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلىرىمنى سىزنىڭ يازغان كەچۈرمىشىڭىزنى ئۆرنەك قىلىپ تەربىيىلەۋاتىمەن (مەن بۇرۇن سىزنىڭ بىلىۋالدا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىڭىزنىڭ ھەممىسىنى كۆپەيتىپ، ھازىرغىچە ئۇنى ئۈلگە قىلىپ ساقلاۋاتىمەن). مەن ھازىر ۋاقىت تاپسام ئاشۇ بالىلىرىمغا توختىماي دەرس ئۆتۈۋاتىمەن. كەچتە، ئەتىگەندە، شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ مۇشۇ باللىرىمغا توختىماي دەرس تەكرار قىلىپ بېرىمەن. چۈنكى مەن مۇشۇلارنىڭ كاللىسىنى تولۇق ئوتتۇرىدىن باشلاپ ئېچىشنى، ئادىيسى ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىسە، ئىقتىسادىنى ياخشىلىغىلى بولىدىغانلىقىنى، تىرىشىپ دوكتور بولغۇچە ئوقۇسا ئادەتتىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە مائاشنى ئارتۇق ئالىدىغان ھېسابىنى ئىشلەپ بەردىم. بىزنىڭ ئۇيغۇر دوكتورلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى، يەھۇدىيلارنىڭ ھەر

ئۈچ ئادەمنىڭ بىرىنىڭ ئىنژېنېر ئىكەنلىكىدىن تارتىپ نۇرغۇن تەربىيىلەرنى قىلىۋاتىمەن. قىسقىسى ئۇلارغا، ئۆگىنىمەن دەيدىكەن، مەن مائاش ئالمىسامۇ، ئۇلارغا ھەقسىز تەكرار قىلىپ بېرىشكە، 24 سائەتنىڭ قاندىقىدا سوئال سورىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. قىسقىسى، مەندە ئۇلارغا نىسبەتەن بىر ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئويغىتىش، ئۇلاردا ئىلىم-پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقىشقا ئىلھاملاندۇرۇش بەك كۈچلۈك بولماقتا. ئۆزۈمنى شۇنداق بەختلىك، ئۆز مىللىتىمنى تەربىيىلەۋاتقانلىقىمدىن شۇنچىلىك مەمنۇن، شۇنچىلىك خوش بولىمەن. ئۇلارغا دەرس ئۆتسەم بەك سۆيۈنىمەن. ئېلخەت، 2007-10-6.

(75) ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئەپەندى،

مەن بۈگۈن بىر تونۇغقىنىمدىن بىلىۋال توربدا ئېلان قىلىنغان، سىز بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت خاتىرىسىنى كومپيۇتېرىمغا كۆچۈرۈۋېلىپ ئوقۇغان ئىدىم. ئوقۇپ بولۇپ ناھايىتى ھاياجانلاندىم، ۋە قاتتىق تەسىرلەندىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىزنىڭ (www.meripet.com) توربېتىڭىز بىلەن تونۇشۇپ، كىرىپ كۆردۈم. ناھايىتى پايدىلىق ئۇچۇرلار بار ئىكەن. بىزنىڭ ئىچىمىزدىن سىزدەك ئالىملارنىڭ چىقىشى كىشىنى ھەقىقەتەن خۇشاللاندۇرىدىغان ئىش. مەن بىر ئوقۇتقۇچى، بۇ يىل 27 ياش، ئائىلەم، بىر بالام بار، 3 ياشلىق. سۆھبەت خاتىرىسىنى كۆرۈپ نۇرغۇن بۇرۇن بىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىشلارنى بىلىۋالدىم. سىزگە كۆپ رەھمەت. گەپلىرىم تازا قولاشماي قالدى، كەچۈرۈڭ. ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم. ئەگەر خالىسىڭىز QQ نومۇرىڭىزنى ئېيتىپ بەرسىڭىز. مېنىڭ ئۆيۈمدە كومپيۇتېر بار، توغرا ئۇلاقلىق. ULY يېزىقىنى ئۆگىنىپ تېخى بولالمىغان، ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز. ئېلخەت، 2007-10-21.

# ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965 ـ 1971: ئاقسۇ شەھەرلىك 4 ـ باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1971 ـ 1976: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1976 ـ 1978: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1978 ـ 1983: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1983 ـ 1984: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1984 ـ 1985: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1985 ـ 1988: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1988 ـ 1990: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1990 ـ 1995: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1995 ـ 1997: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور ـ ئاشتى بولغان
- 1997 ـ 2004: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004 ـ ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ

Araf

ERKİN SİDİQ YAZILARI
KİŞİSEL GELİŞİM YAZILARI 3. KİTAP

**ERKİN SİDİQ (AMERİKA)**
erkinsidiq@gmail.com

**Editör**: Abdulaziz BEŞTOĞRAK
**Kapak & Mizanpaj:** Kemal Yoldash & Pidakar
**irtibat:** Tedbir Ltd. www.tedbirltd.com

**Baskı ve Mücellit:** Tunçel Ofset Matbaacılık Yay. San. Tic. Ltd. Şti.
Davutpaşa Cad. Güven Sanayi Sitesi B.blok 369-370
Topkapı / İstanbul Tel:(0212) 501 95 85 - (0212) 565 37 00

**ISBN:** 978-605-9078-73-3

**1 Baskı:** Şubat, 2016

AĞAÇ KİTABEVİ YAY. İNŞ. TAAH.
GIDA VE MEDİKAL ARAÇLAR. SAN. TİC. LTD. ŞTİ
Fevzi Paşa Cad. Şehit Kubilay Sk. No:6 Fatih/İstanbul

"Araf Yayınları" bir "Ağaç Kitabevi" markasıdır.
Kaynak gösterilerek alıntı yapılabilir.
İzinsiz çoğaltılamaz, basılamaz.



مەن بۇ كىتابنى مىللەتنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن-تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

ئەركىن سىدىق
ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلېس شەھىرى

Qraf

ISBN 978-605-9078-73-3

9 786059 078733

tedbir
www.tedbirltd.com